

# بۇلاق

AltunOq



مىڭ ئۆي رەسىملىرىدىن بىر كۆرۈنۈش

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 10 - سان)



AltunOq

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1983 - يىل ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرى ..........
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قاھار بارات 1
بەھرام ـ دىلئارام .......... ئابدۇرېھىم نىزارى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا 36
ھەدىيەئى خىسلەت .......... خىسلەت
نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان 114
دىۋان نىيازى .......... مولla نىيازى
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر 138


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر .......... 247
مەلىكە زىبا چېھرە .......... 287




**نەشرگە تەييارلىغۇچى: قاھار بارات**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئىدىقۇت پادىشالىقى دەۋرىدە (13 - 9 - ئەسىرلەر) تۇرپان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولدى. جۇغراپىيىلىك شارائىتى تۈپەيلىدىن، تۇرپان خەنزۇ، ھىند، پارس، گرېك ۋە باشقا خەلقلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ باراتتى. شۇڭا بۇ يەردە ھەرخىل تىل - يېزىقلار، سەنئەت ئەسەرلىرى، مەدەنىي بۇيۇملار ۋە دىنلار ئۆز ئىزىنى قالدۇرماي قالمىدى. جۈملىدىن ئورخون ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى بولغان مانى دىنىمۇ بۇ خىل تارىخىي شارائىتتا يېڭى تەرەققىيات يولىنى تاپتى. مېنىڭ بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلىغىنىم ھازىرغىچە تېپىلغان ئۇيغۇر مانى يازمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى شېئىرلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرى ئەينى ۋاقىتتا يەنە بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ قەدىمقى شېئىر پاكىتلىرى بولالايدۇ. ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرى بارلىققا كەلگەن زېمىننى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مانى دىنى مانىخەي دىنى ياكى مانىخەيىزىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دىن مىلادى 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىلىك مانى دېگەن ئادەم تەرىپىدىن يارىتىلغان. مانى مىلادىنىڭ 216 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جەنۇبىي بابىلون (ھازىرقى ئىراق)دا تىگرىس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ماردىنۇ دېگەن يەردە تۇغۇلغان (ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 215 -، 224 -، 241 -، 239 -، 240 - يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار). ئۇنىڭ دادىسى پاتىگ (ئەسلى شىمالىي ئىرانلىق بولۇپ، كېيىن جەنۇبىي بابىلونغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە ماندائىيان دىنىغا كىرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مانىنىڭ ئاپىسى مارىيان پارفىيا تورىلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن). مانى ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئاسترونومىيە، نەققاشچىلىق، سېھىرگەرلىك قاتارلىق بىلىملەرنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ ناھايىتى تالانتلىق بولغان. مانى توت يېشىدىن تارتىپ دادىسى قاتناشقان دىنىي مەزھەپنىڭ تەسىرىگە بېرىلگەن. ئۇ ئون ئىككى يېشىدا تۇنجى ئىسىملىك بىر روھانىدىن يېڭى دىن يارىتىش توغرىلىق تەلىم

www.uyghurkitap.com

ئالدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر-خىيالى شۇ مەقسەتكە بۇرۇلدۇ. 240-يىلى، مانى يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەندە تۈن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم مەدەت بېرىدۇ. مانى شۇ يىلى ئۆزىنىڭ دىنىي قاراشلىرىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى يەكۈنلەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېلان قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ كېمىگە چۈشۈپ ھىندىستان ۋە چىنغا بېرىپ ئۇ جايلاردا بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. بىرونىنىڭ كىتاۋىدا تىلغا ئېلىنغان "چىن"نى تارىخچىلار ئوتتۇرا ئاسىيا دەپ ئېنىقلىماقتا. ئەگەر ئېنىقلىما توغرا بولسا، مانى ياش ۋاقىتلىرىدا بۇ ئۇيغۇر يۇرتلىرىغىمۇ كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ. مانى ھىندىستان ۋە چىندىن بابىلونغا قايتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشكەندە، شاپۇر I پارس ساسانىلارنىڭ پادىشاسى بولغان ئىدى. 242-يىلى، مانى پىرسىيىگە بېرىپ دىن تارقىتىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن شاپۇرنىڭ ئىنىسى پېروزىننى ئۆزىگە مايىل قىلىپ ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق شاپۇر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. مانى ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى بايان قىلىپ، ئوتتۇرا پارس تىلى بىلەن «سابوخراگان» ناملىق بىر كىتاب يازىدۇ ۋە ئۇنى شاپۇر I غا تەقدىم قىلىدۇ. مانىنىڭ دىنى تەلىماتى شاپۇرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. مانى 243-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى چوڭ مۇراسىمدا خالايىق ئالدىدا ئۆزىنىڭ "ئىككىلىك (ئىككى يىلتىز)، ئۈچ زامان" تەلىماتىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇندىن باشلاپ، مانى دىنى رەسمىي ئېتىراپلىق دىن سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. مانى ئىمتىيازلىق ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئوردىغا ئەركىن كىرىپ-چىقىپ يۈرىدۇ. مانى شاپۇر بىلەن بىرلىكتە ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ رىملىقلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى يېڭى دىننى پۈتۈن پىرسىيىگە تارقىتىدۇ. بىراق 273-يىلى شاپۇر ئۆلگەندىن كېيىن، مانى دىنى پىرسىيىدە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. مانى ئۆز يۇرتىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 277-يىلى پادىشا بەھرام I مانىنى چاقىرتىدۇ ۋە ئۇنى قاماققا ئالىدۇ. ئارىدىن يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 277-يىلى 2-ئاينىڭ 26-كۈنى بەھرام مانىغا ھەر خىل بەتناملارنى چاپلاپ، ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇيدۇ. بەھرامنىڭ ئادەملىرى ئۇنى كىرىستقا باغلاپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، ئىچىگە سامان تىقىپ، ئۇنى گوندىساپۇر شەھىرىنىڭ (ھازىرقى ئىراننىڭ كازىرۇن ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدۇ (مانىنىڭ ئۆلگەن يىلىنى 273-، 274-، 275-، 276-يىلى دېگۈچىلەرمۇ بار). شۇندىن تارتىپ، مانى دىنىنىڭ تەقدىرى ئاساسەن چەكلىمە ئىچىدە قالىدۇ. مانى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا باشلايدۇ. بۇ مۇخلىسلاردىن غەرپكە قاچقانلىرى 280-يىللىرى ئەتراپىدا مېسوپوتامىيە، سۈرىيە، رىم، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىلارغا بارىدۇ ۋە ئۇ جايلاردا دىن تارقىتىشقا باشلايدۇ. لېكىن، ئۇلار ھەممىلا يەردە چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئانچە راۋاج تېپىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ مۇخلىسلاردىن شەرققە قاچقانلىرى ئىراننىڭ شەرقىي-شىمالى، ئامۇ دەريا بويلىرى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دىن تارقىتىدۇ.

مانى دىنىنىڭ ئاساسى — يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ دۇئالىزمىدىن ئىبارەت. "ئىككىلىك، ئۈچ زامان" تەلىماتىدا، ئىككىلىك — يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق؛ ئۈچ زامان — ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كەلگۈسى زامان ياكى دەسلەپكى زامان، ئوتتۇرا زامان،

كېيىنكى زامان دىگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. مانىنىڭ قارىشىچە، دۇنيانىڭ ماھىيىتى بولغان يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زاماندىكى جەريان ۋە ھالىتىدىن ئىبارەت. مانىنىڭ قارىشىچە، ئۆتكەن زاماندىكى دۇنيا ئەسلىدە يورۇقلۇق دولىتى بىلەن قاراڭغۇلۇق دولىتىدىن ئىبارەت ئىككى خوشنا دولەتتىن تەركىپ تاپقان ئىدى. يورۇقلۇق دولىتى دۇنيانىڭ شىمالى، شەرقى ۋە غەربىي قىسىملىرىنى ئىگەللەيتتى، قاراڭغۇلۇق دولىتى بولسا دۇنيانىڭ جەنۇبىدا ئىدى. يورۇقلۇق دولىتى يورۇق، گۈزەل، تىنچ، پەزىلەتلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇپ، بۇ دولەتنىڭ ئەڭ ئالى ھوكۇمرانىنىڭ ئىسمى زاۋان ئىدى. زاۋان دىگەن سوز ئوتتۇرا پارس تىلىدا مەڭگۇ دىگەن مەنىنى بىرىدۇ. بۇ ئەڭ ئالى ھوكۇمران زاۋان بىلەن يورۇقلۇق، قۇدرەت ۋە پاراسەت — بۇ توتى بىر گەۋدە بولۇپ تۇراتتى.

مانىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، قاراڭغۇلۇق دولىتىدە ئىس-تۇمان، تۈنجۇقۇش، قارا بوران، مەينەت لاي ۋە زەھەرلىك سۇدىن ئىبارەت بەش خىل شەيتان ھوكۇم سۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى پۇتلۇق، بەزىلىرى توت پۇتلۇق، بەزىلىرى قاناتلىق، بەزىلىرى ئۈزمەلەيدىغان، بەزىلىرى ئومىلەيدىغان ھالەتلەردە بولۇپ، ھەممىسىنىڭلا ئەركەك-چىشىسى بار ئىدى. ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە ئوز ئارا چېتىشىش ۋە جىدەل-ماجرا بىلەن ئوتەتتى. بۇ دولەتتە زوراۋانلىق، جاھىللىق ۋە قالايمىقانچىلىق ھوكۇم سۈرگەن بولۇپ، بۇ دولەتنىڭ ئەڭ ئالى ھوكۇمرانىدا بەش خىل شەيتاننىڭ ھەممە يامان ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئىدى.

مانى يورۇقلۇقنى پادىشاغا، قاراڭغۇلۇقنى بولسا چوشقىغا ئوخشىتىدۇ. ئۇ: "يورۇقلۇق ئوزىنىڭ پەزىلىتىگە لايىق ھالدا شاھ ئوردىسىدا ئولتۇرىدۇ. قاراڭغۇلۇق بولسا چوشقىدەك لايدا ئېغىناپ، مەينەت نەرسىلەرنى يەپ يۈرىدۇ" دەيدۇ. مانى يەنە يورۇقلۇقنى كوكلەپ تۇرغان دەرەخقە، قاراڭغۇلۇقنى قۇرۇپ، قاخشال بولۇپ قالغان دەرەخقىمۇ ئوخشىتىدۇ.

مانىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يۇقۇرقىلار يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆتكەن زاماندىكى ھالىتى بولۇپ، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيا تېخى تورەلمىگەن ئىدى.

كېيىنچە، قاراڭغۇلۇق ئوز دولىتىنىڭ يېنىدىن "'شاتلىق' نىڭ ئازراق ھىدىنى ئېلىپ يورۇقلۇقنى بىلىپ قېلىپ، يورۇقلۇق دولىتىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئۇ چاغدا، يورۇقلۇق دولىتىدە پەقەت يورۇقلۇق ۋە ئەركىنلىكلا بولۇپ، يامانلارنى يارىلاندۇرالايدىغان ئوت، كېسەلەيدىغان تومۇر ياكى تۇنجۇقتۇرالايدىغان" سۇ قاتارلىقلار يوق ئىدى". يورۇقلۇق، دولىتى قاراڭغۇلۇق دولىتىنىڭ تۇيۇقسىز تاجاۋۇزى بىلەن قالايمىقانچىلىققا قالىدۇ. زاۋان "ھاياتلىق ئانىسى" ئىلاھىنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. "ھاياتلىق ئانىسى"، "ئادىمى ئەۋۋەل" نى چاقىرىپ، ئۇنى ئوزىگە ئوغۇل قىلىپ جەڭگە سالىدۇ. "ئادىمى ئەۋۋەل" بەش نۇرنى ئوزىگە ئوغۇللۇققا چاقىرىپ، ئۇلارنى ساۋۇت ۋە قالقان قىلىدۇ. كېيىنكى ئالىملارنىڭ ئىزاھلىشىچە، بۇ بەش نۇر: ھاۋا، شامال، تاڭ، ئوت ۋە سۇدىن ئىبارەت.

"ئادىمى ئەۋۋەل" دەسلەپ جەڭدە يېڭىلىدۇ. جەڭ مەيدانىدا ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالىدۇ. قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرى ئۇنىڭدىكى بەش تۈرلۈك نۇرنى يۇتۇپ كېتىدۇ. "ئادىمى ئەۋۋەل" ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن، "ھاياتلىق ئانىسى" دىن ياردەم تىلەيدۇ. "ھاياتلىق ئانىسى" بولسا زاۋاندىن ياردەم سورايدۇ. زاۋان ئىككىنچى قېتىم چاقىرىق ئېلان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قىلىدۇ. ئۇنىڭ دۆلىتىدىن "يورۇقلۇق ھەمراسى"، "بىناكار"، "قۇتقۇزغۇچى" ۋە بەش بالا جەڭگە چىقىدۇ. "يورۇقلۇق ھەمراسى" كۈن بىلەن ئاينى بىنا قىلىدۇ. "بىناكار" يېڭى ماكانلارنى سېلىپ، يورۇقلۇقلارنى جايلاشتۇرىدۇ ھەمدە سېپىل سېلىپ قاراڭغۇلۇقتىن مۇداپىئە كۆرىدۇ. "ئادىمى ئەۋۋەل" قاراڭغۇلۇق دۆلىتىنىڭ دوزىخىغا تاشلانغان ئىدى. "قۇتقۇزغۇچى" بۇ دوزاقنىڭ يېنىغا بېرىپ، "ئادىمى ئەۋۋەل"نى چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ چاقىرىشى ۋە بىرسىنىڭ جاۋاپ بېرىشى بىلەن يېڭىدىن ئىككى ئىلاھ دۇنياغا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى چاقىرغۇچى ئىلاھ—"خروشتاگ يازد"، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى جاۋاپ بەرگۈچى ئىلاھ—"پادۋاختاگ يازد" ئىدى. "قۇتقۇزغۇچى"، "ئادىمى ئەۋۋەل"نىڭ جاۋاپ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دوزاققا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ قولىنى سۇنۇپ، "ئادىمى ئەۋۋەل"نى تارتىپ، ئۇنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بەش ئوغلى بىلەن دوزاق چوڭقۇرلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قاخشال دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىنى چېپىپ تاشلايدۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ، جەڭ مەيدانىغا بېرىپ، شەيتانلارنى يوقىتىپ، يورۇقلۇق دۆلىتىنى قاراڭغۇلۇق دۆلىتىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئازات قىلىدۇ.

بىراق، بەش تۈرلۈك نۇر يەنىلا ئۇلارنى يۇتۇۋالغان بەش شەيتاننىڭ تېنىدە قالغان ئىدى. قانداق قىلغاندا بۇ نۇرلارنى ئۇلارنىڭ تېنىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، قاراڭغۇلۇقنى ئۆز چېگرىسىدىن مەڭگۈ چىقالمايدىغان قىلىپ قويغىلى بولىدۇ؟ مانىنىڭ قارىشىچە، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا مانا شۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. زاۋان جەڭدە ئۇتۇلگەن قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرىنىڭ تېنىدىن بىر قىسىم نۇرلارنى چىقىرىۋېلىپ، ئۇلاردىن كۈن بىلەن ئاينى، قاراڭغۇلۇقنىڭ بۇلغىنىشىغا ئۇچرىغان نۇرلاردىن يۇلتۇزلارنى، شەيتانلارنىڭ تېرىسىدىن "ئون ئاسمان"نى، ئۇلارنىڭ گەندىسىدىن "سەككىز يەر"نى، سۆڭەكلىرىدىن بولسا تاغلارنى ياساپ چىققان. مانىنىڭ ئېيتىشىچە، شامالنىڭ يالىشى ۋە يامغۇرنىڭ يۇيۇشى بىلەن قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرىنىڭ جەسەتلىرىدىن بەزى ساپ نەرسىلەرنى يەنە داۋاملىق چىقىرىۋالغىلى بولىدىكەن.

مانى ماددىي دۇنيانى قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرىنىڭ گەۋدىسى، بۇ دۇنيانى باشقۇرغۇچى بولسا قۇتقۇزغۇچىنىڭ بەش ئوغلى دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ بەش ئوغۇلنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىلىرى بولۇپ، بىرسى قولى بىلەن دۇنيانى كونتۇرۇل قىلىپ تۇرسا، بىرسى يورۇقلۇقنىڭ قالدۇقلىرىنى يىغىدىكەن؛ بىرسى قاراڭغۇلۇقنىڭ شەيتانلىرىنى قوغلىسا، بىرسى ئالەمنى ئايلاندۇرىدىكەن، يەنە بىرسى بولسا مۈرىسى بىلەن يەرنى كۆتىرىپ تۇرىدىكەن.

زاۋان ئالەمنى يارىتقاندىن كېيىن، يەنە "ئۈچىنچى قېتىم چاقىرىق" قىلىپ ئۈچىنچى "ئەلچى"نى چىللايدۇ. ئۈچىنچى ئەلچى "نۇر قىزى"نى چاقىرىدۇ. بۇ ئىككى ئىلاھ "قۇتقۇزغۇچى" تىرىك تۇتۇۋالغان شەيتانلارنى بوشلۇققا بەنت قىلىپ قويىدۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چىشى شەيتانلارنى قىپ-يالىڭاچ ھالەتتىكى گۈزەل قىزلار تۇسىگە كىرگۈزۈپ، ئەركەك شەيتانلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەركەك شەيتانلارنىڭ تېنىدىكى يورۇقلۇقنى چىقىرىۋالىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئۇزلىرىنى دېڭىزغا تاشلاپ، ئاجايىپ مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. تەنلىرىدىن يورۇقلۇقنى ئايرىۋالالمىغان شەيتانلارنى بولسا ھەر خىل دەرەخلەرگە ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن چىشى شەيتانلار ئاچ-

چىغىدا قوسىغىدىكى بالىلىرىنى تاشلىۋېتىدۇ. بۇ بالىلار بەش خىل شەيتان قىياپىتىدىكى
هايۋانلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مانى شۇڭلاشقا ئوسۇملۇكلەرنىڭ ئىچىدىكى يورۇقلۇق هايۋان-
لارغا قارىغاندا كوپ بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مانى يەنە قاراڭغۇلۇق دولىتىنىڭ ئىلاھى
نۇرلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئىككى شەيتاننى زېمىندىكى تاشلاندۇق شەيتان بالىلىرىنى يە-
يىشكە قويۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئىككى شەيتاننى چاتقۇزىدۇ. چىشى شەيتان
يورۇقلۇق ئەلچىلىرىنىڭ قىياپىتىدە ئىككى بالا تۇغىدۇ، بۇلار هازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئەجدا-
دى بولۇپ، بىرسى ئادام، يەنە بىرسى شاۋا دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ. ئادام بىلەن شاۋا
قاراڭغۇلۇقتىن تۆرەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تېنىدە كوپلەپ يورۇقلۇق نۇرلىرى بار
ئىكەن. مانى بۇ نۇرلارنى ئۇلارنىڭ روھى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

قاراڭغۇلۇق ئىلاھى يەنە يورۇقلۇقنىڭ يىغىۋېلىنىشىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. زاۋان
تېخىمۇ كوپ يورۇقلۇق ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ چو-
ڭى ئەيسا ئىدى. مانىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئەيسا زېمىنغا چۈشكەندە، ئادام ئۇخلاۋاتقان
بولۇپ، ئەيسا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەيتانلارنى قوغلاۋېتىپ ئۇنى ئويغاتقان ۋە ئۇنىڭغا نە-
سەبىنى، يورۇقلۇقنىڭ ئەزىزلىكى ۋە بۇ يورۇقلۇقنىڭ خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇر-
غان. ئادام ئوزىنىڭ شەيتاندىن تۆرەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ قاتتىق ئوكۇنگەن. ئۇ شۇندىن كې-
يىن شاۋانى تاشلاپ كەتكەن. بىراق كېيىن ئۇ يەنە ئوزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە قايتىپ،
شاۋانى قايتىدىن ئىزلەپ تېپىپ، شىتىل، شىت دېگەن بالىلارنى تاپقان. بۇنىڭ بىلەن
يورۇقلۇق يەنە ئادەم بەدىنىگە بەنت بولۇپ قالغان-دە، زېمىندا ئادەملەر كوپىيىپ
كەتكەن.

مانى ئوزىنى زاۋان ئەۋەتكەن ئاخىرقى ئەلچى دەيدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىچە ئادەم قا-
راڭغۇلۇقنىڭ نەسلى، بىراق ئادەمنىڭ روھى يورۇقلۇقتىن بىنا بولغان، بۇ روھلارنى قاراڭ-
غۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مانى بىر قاتار پەرھىزلەر بەلگىلىگەن. ئۇ مۇخلىسلىرىدىن
گوش يېمەسلىك، هاراق ئىچمەسلىك، توي قىلماسلىق ۋە مال دۇنيا يىغماسلىقنى تەلەپ
قىلىدۇ. مۇخلىسلار هەر كۈنى ئوزلىرىنىڭ ئون خىل ناچار ئىللىتىدىن تۆۋە قىلىپ تۇرۇش-
لىرى كېرەك، بۇ ئىللەتلەر: ساختىلىق، ۋاپاسىزلىق، يالغانچى كىشىلەرنى گۇۋاچىلىققا تار-
تىش، زىيانكەشلىك، هەق-ناهەقنى ئايرىماسلىق، سۇيىقەستچىلىك، جانلىق مەخلۇقاتلارنى
ئولتۇرۇش، ئالدامچىلىق، ئىشەنچسىزلىك ۋە كۈننى، ئاينى رەنجىتىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن
ئىبارەت. ئۇ مۇخلىسلىرىدىن ئون تۈرلۈك پەرھىزنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار: هەي-
كەل ياسىماسلىق، يالغان ئېيتماسلىق، ئاچكوزلۇك قىلماسلىق، جاندارلارنى ئولتۇرمەسلىك،
زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، سۇيىقەست ئىشلەتمەسلىك، گۇمانخور بولماسلىق،
هورۇنلۇق قىلماسلىق ۋە هەر كۈنى توت (ياكى يەتتە قېتىم) ئىبادەت قىلىش.

مانى كەلگۈسى زاماندىكى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ تەسۋىرىنى مۇنداق بېرىدۇ:
يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان چوڭ ئۇرۇش ئاخىر زاماندىن دې-
رەك بېرىدۇ. ئۇ چاغدا هەممىلا جاي توقۇنۇش ۋە ئازاپ ئىچىدە قالىدۇ. ئېتىقات سۇسلايدۇ.
ئەيسا يەرگە چۈشۈپ، سوت قۇرۇپ ئادەملەرنىڭ ياخشىلىرىنى ۋە يامانلىرىنى ئايرىپ چىقى-
دۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانى تىرەپ تۇرغان ئىلاھ كېتىدۇ، ئالەم گومۇرۇلۇپ ئوت ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

قالىدۇ. يورۇقلۇق نۇرلىرى ئاخىر تولۇق ئازات بولۇپ جەننەتكە چىقىپ كېتىدۇ. قاراڭغۇلۇق زىندانغا بەنت قىلىنىدۇ. زىنداننىڭ ئىشىگىنى يوغان تاش توسىۋالىدۇ. ئازات بولغان روھلار ئاۋال ئايغا، ئاندىن كۈنگە، كېيىن كۈندىن يورۇقلۇق تۈۋرۈكىگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردە يېڭى ئوردىغا ئورۇنلىشىدۇ. يېڭى ئوردىنىڭ باشلىقى يەنىلا "ئادىمى ئەۋۋەل" بولىدۇ. يەر 1468 يىل كۆيۈپ، ئاندىن تامامەن گۇمران بولىدۇ.

مانى دىنىنىڭ "ئىككىلىك، ئۈچ زامان" ئەقىدىسى بىر مۇكەممەل دىنىي ئەپسانە سىستېمىسى بولالايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى باشقا دىنلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىران ئېلى ئەينى زاماندا يەرلىك زورو ئاستېرىيان دىنىدىن باشقا يەنە خرىستىيان دىنى ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. مانى دىنىدىكى ئىككىلىك ئەمەلىيەتتە زورو ئاستېرىيان دىنىدىكى ياخشىلىق ۋە ياماڭلىقنىڭ دۇئالىزمىدىن ئىبارەت. زورو ئاستېرىيان دىنى قەدىمقى پېرسىيىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىرلەردىلا پەيدا بولغان بولۇپ، پارسلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مانى دىنىدىكى ئادام، ئەيسا، قىز تۇسى دېگەنلەر خرىستىيان دىنىدىكى ۋە گنوستىك مەزھىبىدىكى ماتېرىياللاردۇر. بۇ دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلاردا توپ بولۇپ ياشىشى، توپ تاماق يېيىشى، تۆۋە قىلىشلىرى، شاڭ كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كاتولىك مۇناستىرلىرىنىڭ ئادىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، مانى دىنىدا بۇددا دىنىنىڭ مەزمۇن تەركىبلىرىمۇ بار ئىكەن.

مانى دىنى دەۋر جەھەتتە قەدىمقى ۋە كېيىنكى دەپ ئايرىلىدۇ. بىز بۇ دىنىنىڭ غەرپكە تارالغان قىسمىدا خرىستىيان تەركىبلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى، شەرققە تارالغان قىسمىدا بولسا بۇددا دىنى تەركىبلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرىمىز.

مانى دىنىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق ئەسەرلىرى يەتتە كىتاب (يەتتى ئاغىلىق نوم) دىن ئىبارەت، بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئاق كىيىم كىيىدۇ. بۆكلىرى ئاق، قارا ۋە بىنەپشە رەڭلەردە بولىدۇ. باش مۇخلىسنىڭ بۆكى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئاغرىسا دورا يېمەيدۇ. مانى دىنىدا ئادەم ئۆلسە، جەسەت يالىڭاچ ھالەتتە كۆمۈلىدۇ. مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ھەپتىلىك ئىبادىتى "مىر" كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. "مىر" سوغد تىلىدا يەكشەنبە دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

مانى دىنى شاپۇر I دەۋرىدىن كېيىن، ئارىدا ئۆز بېشىدىن ئۇزۇن ئەسىرلىك چۈشكۈنلۈك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مىلادى 8 - ئەسىرگە كېلىپ، شەرقتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭىدىن گۈللىنىش زېمىنى تاپتى. 763 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىدا مانى دىنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەندى.

3 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مانى دىنى ئىراندا چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئامۇ دەريا ۋادىلىرىغا قاچقان مانى مۇخلىسلىرى ئۇ يەرلەردە بۇ دىننى داۋاملىق تارقىتىپ يەنە يىلتىز تارتقۇزدى. بۇ دىن شۇ يەرلىك سوغد خەلقلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ئىبن نادىم ئۇلار توغرىسىدا: "ئۇلار قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، بەلخ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاغاننىڭ زېمىنىغا كەلگەندە توختىغان" دەپ يازىدۇ. "قاغاننىڭ زېمىنى غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ زېمىنى يەنى ماۋەرائۇننەھىر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قاتارلىق جايلار ئىدى.

سوغدلار تۈرك خاقانلىغى ۋە ئۇندىن كېيىنكى ئۇيغۇر خاقانلىغىنىڭ غەرپ ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىدە ۋاستىچى بولغان ئىدى. مانى دىنىنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا شۇلار تاراتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائى شامان دىنىدىن كېيىن، مانى دىنىغا ئېتىقات قىلىشى، ئىدىولوگىيە تارىخىدىكى زور بىر تەرەققىيات ئىدى. ئۇيغۇر ئورخون خاقانلىغى دەۋرىگە كەلگەندە، ئورخون جەمىيىتىدە، دېخانچىلىق، قاتناش، سودا ۋە مەدەنىچىلىك ئىشلىرى كورۈنەرلىك ھالدا تەرەققى قىلدى. كىشىلەرنىڭ روھى تېخىمۇ كوپ يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. بۇ پەيتكە كەلگەندە، جەنۇپ ۋە غەربى جەنۇبىي تەرەپلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغىنى ھالدا، شىمالىي ئۇيغۇرلاردا مانى دىنى كەڭ تارقالدى.

مىلادى 3 - 4 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، سوغد ۋە سوقاق (پارس)لارنىڭ ئورخون تەۋەسى بىلەن بولغان بېرىش- كېلىشلىرى كوپەيگەن ئىدى. تۈركى خەلقلەرنىڭ بەزى قەبىلىلىرى يايلاق قوغلىشىپ تا ۋولگا دەرياسى ۋادىلىرىغا قەدەر كېڭەيدى. خەلقارا تۈركولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە سوغدلارنىڭ تىلى ۋە يېزىغى تۈركى خەلقلەر تەرىپىدىن دىپلوماتىيە ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن چاغلارمۇ بولغان. بۇنى يېڭىدىن تېپىلغان سوغد تىلىدا ئويۇلغان "بۇگۇت مەڭگۇ تېشى" بىلەن ھازىرقى قاراشەھەرنىڭ يۇلتۇز دىگەن يېرىدە بارگاھ قۇرۇپ تۇرغان غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ خاقانى ئىستەمىنىڭ كونستانتىنپولغا سوغد ئەلچىسى مانياخنى ئەۋەتكەنلىگى دولەت خېتىنى سوغد يېزىغىدا يازغانلىغىغا ئائىت يادىكارلىقلاردىن ئېنىق كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

مانى دىنىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق سوغدلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئورخون ئۇيغۇر خاقانلىغىنىڭ غەرپ ئەللىرىگە بارىدىغان يايلاق سودا يولى يەنى "سوقاق يولى"نى ئېچىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىقتىسادىي ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان ئىدى.

ئارخولوگلار شىنجاڭدىن 24 خىل يېزىق، 17 خىل تىلغا تەۋە ئاجايىپ كوپ يازما يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تۈرى ۋە ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا، يازما مەنبەلەر بويىچە رايونىمىز دۇنيادىكى باشقا مۇھىم ئورۇنلاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مانى يازمىلىرى دۇنيادا ناھايىتى كوپ بولغان. ئەمما تۇرپاندىن باشقا جايلاردا بۇ يازمىلارنىڭ يادىكارلىقلىرى ئانچە كوپ تېپىلمىدى. تۇرپاندىن تېپىلغان مانى يازمىلىرى غەرپ ئالىملىرىنىڭ مانى دىنى ھەققىدىكى دىققىتىنى قايتا قوزغىدى. بۇ جايدىن مانى ئەسەرلىرىنىڭ سوغد يېزىغى ۋە سوغد تىلىدا يېزىلغانلىرىنىڭمۇ تېپىلىشى بۇ يازمىلارنىڭ تارىخىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

ئۇيغۇرلار تۇرپان رايونىدا زور مانى ئىبادەتخانىلىرىنى سالغان ئىدى. بۇ ئىبادەتخانىلاردىن ئۇيغۇرچە مانى يازمىلىرى كوپلەپ تېپىلدى. بۇ يازمىلاردىن ھازىرچە ئېلان قىلىنغانلىرى «ئىككى يىلتىز نوم»، «خۇ ئاستۋانىفت» (مانى مۇخلىسلىرىنىڭ توۋە دۇئاسى) ۋە تۇرلۇك ئىبادەتخانا ھوججەتلىرى مانى دىنىنىڭ مەدھىيە شېئىرلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەردىن بەزىلىرى مانى دىنىنىڭ دىنى كىتاپلىرىنى تولۇقلايدىغان قىممەتلىك بايلىقلاردۇر. لې كوك تۇرپاندىكى تويۇق خارابىلىرىدىن تاپقان بىر پارچە قەغەز فىراگمېنتتا ئورخون ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئون توققۇز ھەرپى يېزىلغان بولۇپ، ئاستىغا ئۇلارنىڭ مانى

www.uyghurkitap.com

يېزىغىدا ئوقۇلۇشى بېرىلگەن. بۇ قەغەز ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى سوغدلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قارىغاندا، مەدھىيە شېئىرلىرى ئۇيغۇر مانى يازمىلىرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دىنىي ئەنئەنىدىن كەلگەنمۇ ياكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئىشى بولۇپ، ئارخېئولوگىيىدىكى تاسادىپىلىقمۇ؟ ھازىرچە بىر نىمە دېمەك تەس.

مەن بۇ قېتىم تۈركىيىلىك رىشىت رەخمەتى ئارات 1965 - يىلى ئەنقەرەدە ئېلان قىلغان ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرىدىن 93 كۇپلېتنى نەشرگە تەييارلىدىم. رىشىت رەخمەتى ئاراتنىڭ ئېلان قىلغىنى 149 كۇپلېت بولۇپ، قالغانلىرىنى گىلڭشىمىڭ، تۇرسۇن ئايۇپ يولداشلار «بۇلاق» نىڭ 1981 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلدى.

بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى 1914 — 1902 - يىللاردا پىروسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى تەرىپىدىن تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان. بۇلار دەسلەپ 1919 - يىلى لى كوك تەرىپىدىن، كېيىن، بانگ تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. تۇرپان ئىدىقۇت خارابىسىدىكى كونا سىپىل دەرۋازىسىنىڭ كۈزەتچى ئۆيى ئىزىدىن تېپىلغان: «بۈيۈك ئىلاھ» شېئىرى 1922 - يىلى لى كوك تەرىپىدىن، 1930 - يىلى بانگ بىلەن گابائىن تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.

بۇ شېئىرلارنىڭ بىرگە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىۋاتقىنى ئالدى بىلەن دىن ئەمەس، بەلكى قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدۇر. بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا ئانا تىلىمىزنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى ساپ دەۋرى ۋە ئەدەبىي ھالىتى نامايەن بولىدۇ. بۇ شېئىرلاردا ئىشلىتىلگەن نۇرغۇن سۆزلەر ھازىرقى تىلىمىزدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. بىز بۇ سۆزلەردە قىزىقارلىق تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرىمىز.

## ئىلاھى

.1 تاڭ تەڭرى كەلتى
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى
تاڭ تەڭرى كەلتى
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى

(1) تاڭ تەڭرىسى كەلدى،
تاڭ تەڭرىسى ئۆزى كەلدى؛
تاڭ تەڭرىسى كەلدى،
تاڭ تەڭرىسى ئۆزى كەلدى.

.2 تۇرۇڭلار قاماغ بەگلەر قاداشلار
تاڭ تەڭرىگ ئوگەلىم

(2) تۇرۇڭلار، بارلىق بەگلەر، قىرىنداشلار.
تاڭ تەڭرىسىنى مەدھىيىلەيلى!

3. كورۇگمە كۆن تەڭرى
سىز بىزنى كۆزەدىڭ
كورۇنۇگمە ئاي تەڭرى
سىز بىزنى قۇرتغارىڭ

(3) ئايان بولغان كۆن تەڭرىسى،
سىز بىزنى قوغداڭ!
بالقىپ چىققان ئاي تەڭرىسى
سىز بىزنى قۇتقۇزۇڭ!

4. تاڭ تەڭرى
يىدلىغ يىپارلىغ
يارۇقلۇغ ياشۇقاۇغ
تاڭ تەڭرى
تاڭ تەڭرى

(4) تاڭ تەڭرىسى،
خۇش پۇراقلىق، ئىپارلىق.
پارلاق، نۇرلۇق
تاڭ تەڭرىسى!
تاڭ تەڭرىسى!

5. تاڭ تەڭرى
يىدلىغ يىپارلىغ
يارۇقلۇغ ياشۇقلۇغ
تاڭ تەڭرى
تاڭ تەڭرى

(5) تاڭ تەڭرىسى
خۇش پۇراقلىق، ئىپارلىق،
پارلاق، نۇرلۇق
تاڭ تەڭرىسى،
تاڭ تەڭرىسى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6. تەڭرى يارۇق كۈچلۈگ بىلگەكە يالۋارار بىز
ئوتۇنۇر بىز كۈن ئاي تەڭرىكە
ياشىن تەڭرى نوم قۇتى
مار مانى فىرىشتىلارقا

(6) تەڭرى، سىزدەك يورۇق ۋە كۈچلۈك دانىشمەنگە يالۋۇرىمىز،
كۈن، ئاي تەڭرىلىرىگە ئىلتىجا قىلىمىز،
ئىلتىجا قىلىمىز نۇرلۇق تەڭرى، نوم بەختى،
مار مانى ۋە پەرىشتىلەرگە.

7. قۇت قولۇر بىز تەڭرىمە
ئەتئۈزۈمۈزنى كۈزەدىلىك
ئۈزۈتۈمۈزنى بوشۇك

(7) ئەي تەڭرى سىزدىن بەخت تىلەيمىز،
قوغداڭ جىسمىمىزنى،
هور قىلىڭ روھىمىزنى!

8. قۇ قولۇر بىز يارۇق تەڭرىلەركە
ئاداسىزىن تۇرالىم
ئوگرۈنچلىگىن ئەرەلىم

(8) يورۇق تەڭرىلەردىن سائادەت تىلەيمىز،
بىزنى بالا - قازادىن ساقلىسۇن،
خوشال - خورام بولايلى!

## مەدھىيە

## (ئاپىرىنچۇر تىگىن)

9. بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەدگۈسى رەدنى تىيۇر
بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەدگۈسى رەدنى تىيۇر
رەدنىدە يىگ مەنىڭ ئەدگۈ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم
رەدنىدە يىگ مەنىڭ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم

(9) تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىغىنى گوھەردەك ① دەيدۇ،
تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىغىنى گوھەردەك دەيدۇ؛
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم — باتۇرۇم، قۇدرەتلىگىم، گوھەردىنمۇ ئېسىل،
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم — باتۇرۇم، قۇدرەتلىگىم، گوھەردىنمۇ ئېسىل.

·10 بىلەگۇسۇز يىتى ۋاجىر تىيۇر
بىلەگۇسۇز يىتى ۋاجىر تىيۇر
ۋاجىردا ئۇتۇۋى بىلىگلىگىم تۇزۇنۇم يارۇقۇم
ۋاجىردا ئۇتۇۋى بىلىگلىگىم بىلگەم ياڭام

(10) بىلمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى ② كېسەر دەيدۇ،
بىلمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى كېسەر دەيدۇ.
سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۈر بىلىملىگىم، پەزىلەتلىگىم، نۇرلۇغۇم،
سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۈر بىلىملىگىم، دانىشمىنىم، پىلىم.

·11 كۆن تەڭرى يارۇقىن تەگ كوكۈزلۈگۈم بىلگەم
كۆن تەڭرى يارۇقىن تەگ كوكۈزلۈگۈم بىلگەم
كورتلە تۇزۇن تەڭرىم كۆلۈگۈم كۈزۈنچۈم
كورتلە تۇزۇن تەڭرىم بۇرقانىم بۇلۇنچسۇزۇم

(11) كوڭلى كۆن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم،
كوڭلى كۆن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم؛
گۈزەل پەزىلەتلىك، شوھرەتلىك، قوغدىغۇچى تەڭرىم،
گۈزەل، پەزىلەتلىك، تەڭداشسىز بۇرھانىم، تەڭرىم.

## ئولۇم تەسۋىرى

·12 تۇزۇن بىلگە كىشىلەر تىرىلەلىم
تەڭرىنىڭ بىتىگىن بىر ئىشىدەلىم
تورت ئىلىگ تەڭرىلەركە تاپىنالىم
تورت ئۇلۇغ ئەمگەكدە قۇرتۇلالىم

(12) ئەي، پەزىلەتلىكلەر، دانىشمەنلەر توپلىنايلى،
تەڭرىنىڭ كىتاۋىنى ئاڭلايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇت ئىلىك تەڭرىگە تېۋىنايلى،
تۇت چوڭ ئازاپتىن قۇتۇلايلى.

13. تۇرت ئىلىگ تەڭرىلەردە تانىغمالار
تەڭرى نومىن تۇداغمالار
تۇنەرىگ يەكلەركە تاپۇنۇغمالار
تۇمەنلىگ ئىرىنچۇ قىلىغمالار

(13) تۇت ئىلىك تەڭرىدىن تانغانلار،
تەڭرىنىڭ كىتاۋىنى نەزەرگە ئىلمىغانلار،
قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرىغا تېۋىنغانلار،
تۇمەنلەپ گۇنا ئۇتكۇزگەن بولىدۇ.

14. تۇپىنتە ئولئۇقما ئولمەكى بار
تۇنەرىگ تامۇقا تۇشمەكى بار
تۇمەنلىگ يەكلەر كەلىر تىيۇر
تۇمانلىغ يەكلەر ئايار تىيۇر

(14) ئۇلار ئاخىرى ئولمەي قالمايدۇ،
قاراڭغۇ دوزاققا چۇشمەي قالمايدۇ.
تۇمەنلەپ جىن ـ ئالۋاستىلار كېلىدۇ،
قارا تۇمانلىق جىنلار خالىغىنىنى قىلىدۇ.

15. تۇنەرىگ تۇنچۇلە باسار تىيۇر
تۇنۇملۇغ تەگىر تىيۇر
توش ئوزە ئولۇرۇپ تۇلتۇرۇر تىيۇر
تانىمىش ئۇزۇتلەر تاشقار تىيۇر

(15) قاراڭغۇلۇق تۇندەك بېسىپ كېلىدۇ،
(ئۇلارنى) تۇنجۇقتۇرىدۇ.
مەيدىلىرىگە ئولتۇرۇۋېلىپ كوكرەكلىرىنى ئوتمە ـ توشۇك قىلىدۇ،
(شۇندا) تانغان روھلار تاشقىرى چىقىدۇ.

16. تاردىچ تەگ ئەتئۇزىن قودۇر تىيۇر
تاۋارى تۇرغۇرۇ قالىر تىيۇر
تەترۇ ساچلىغ قۇرتغا يەك كەلىر تىيۇر
توللىغ بۇلت تەگ تونقى قاشلىغ تىيۇر

(16) (ئۇلارنى) تاردىچ تەك يەرگە ئېتىپ تاشلايدۇ،
(ئۇلارنىڭ) مال - دۇنياسى قالىدۇ؛
تەتۇر تۇكلۇك، چىشى شەيتانلار يېتىپ كېلىدۇ،
(بۇ شەيتانلار) قويۇق بۇلۇتتەك تۇم قارا قاشلىقتۇر.

17. قانلىغ بۇ قاچ تەگ قاراقى تېيۇر
قاشغۇق تەگ قارا بوي ئەمكى تېيۇر
بۇرنىنتا بوز بۇلىت ئونۇر تېيۇر
تامغاقىنتا قارا تۇتۇن تاشىقار تېيور

(17) (بۇ شەيتانلارنىڭ) كوز قارىچۇغى قانلىق كومزەككە،
قارا ئەمچەكلىرى قوزۇقتا ئوخشايدۇ؛
بۇرۇنلىرىدىن كۇلرەڭ بۇلۇتلار چىقىدۇ،
ئېغىزلىرىدىن قارا تۇتۇن بۇخسۇپ تۇرىدۇ.

18. توشى ئول قاموغ تۇمەن يىلان تېيۇر
يىنەرى ئول يىنگەن يىلان تېيۇر
ئەرگەكى ئول قاموغ......تېيۇر
..........................................

(18) كوكرەكلىرىدە تۇمەنلەپ يىلان بولىدۇ،
يىنەرى يىنگەن يىلان تېيۇر (؟)
بارماقلىرى پۇتۇنلەي............................
.........................................................

## دوزاق تەسۋىرى

19. ..........................................................
...............................ئايتۇر تېيۇر
...كەنتۇ قىلمىش قىلىنچى كوزۇنۇر تېيۇر.
يىر سۇپ قۇتى ئىرىنۇر تېيۇر
ئوت سۇب قۇتى ئىغلايۇر تېيۇر
ئى ئىغاچ قۇتى ئۇلىيۇر تېيۇر
كونى بۇيىرۇق كوزۇنگۇچە كوزۇنۇپەن
تانمىش ئۇزۇتوگ تۇتۇپان
تارازۇق ئىچىنتە ئولغۇرتۇر تېيۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تارازۇق ئاغسار قىلىنچى ئايتىغ بولۇر
ئىرىنچۇ قىلمىش قىلىنچى ئىشتىگ بولۇر
تەترۇ ساچلىغ قۇرتغا يەك كەلىپەنىن
تانىمىش ئۇزۇتلەرىگ تۇتۇپانىن
تونەرىگ تاموقا تارتار تىيۇر
توپۇسىن توكتارۇ تىقار تىيۇر
تامۇداقى يەكلەر تۇتار تىيۇر
مۇنترۇمۇنتۇز يەكلەر كەلىر تىيۇر
مىنـ...ك...بەرگەن ئۇرۇپان بىرگە سەيۇر تىيۇر
ئوكۇش...................................
ئۇزۇت ئانتا كورۇر تىيۇر
ئۇلۇم قۇت قولۇپان بۇلماز تىيۇر

(19) .............................................
........................................سورايدۇ،
...ئوزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئايان بولدۇ.
يەرۋە سۇنىڭ بەختى بۇزۇلدۇ،
ئوت ۋە سۇنىڭ بەختى يىغلايدۇ،
ئوت ـ چوپ ۋە دەل ـ دەرەخلەر بەختى ئىڭرايدۇ.
ھەقنىڭ ھوكمى ئەينەكتەك ئايان بولۇپ،
تانغان روھنى تۇتۇپ،
(ئۇنى) تارازىغا سالدۇ؛
تارازا كوتىرىلسە قىلمىشلىرى ئايان بولۇپ، سوراققا تارتىلدۇ،
يامانلىقلىرى ئەلگە مەلۇم بولدۇ.
تەتۈر تۇكلۇك، قىرى چىشى شەيتان كېلىپ،
تانغان روھلارنى تۇتۇپ،
قاراڭغۇ دوزاققا سورەيدۇ،
ئۇلارنى دوزاققا بىشىچە تاشلايدۇ.
دوزاقتىكى شەيتانلار ئۇلارنى تۇتىدۇ،
قىينىغۇچى شەيتانلار يېتىپ كېلىدۇ،
........قامچا بىلەن ئۇرۇپ ساۋايدۇ.
تۇرغۇن.....................(لارنى)
روھ ئۇندا كورىدۇ.
ئولۇم بەختى ئىستەيدىيۇ، تاپالمايدۇ.
.......................................

20. يۇكۇنۇر بىز سىزىڭە
يۇز يۇزەگۇتىن بەرۇ كىرتگۇنچىن

يۇكۇنمش سايۇ ئاربزۇن
يۇگەرۇ...................

(20) تازىم قلىپ كەلدۇق سزگە،
ئون ملك يىلدىن بېرى هورمەت ۋە ئېتىقات بىلەن؛
تازىم بىلەن پاكلانسۇن،
ئىنتىلىپ.................

21. ئا...............بىز سىزنگە
ئا............................
ئاجۇنۇغ قۇتقۇرغالى.........
ئا............................

(21) ئا ...............بىز سىزگە،
ئا..................................
ئالەمنى قۇتقۇزغىلى.............
ئا.................................

22. ئالقۇ ئايىخ قلىنچلارىمىز.
ئا..................................
ئا......قلىنچ تۇشىن ئۇقتتىڭىز
ئا..............................

(22) بارلىق يامان قىلمىشلىرىمىز.
ئا..............................
ئا.........هەركەتلەرنىڭ يولىنى ئۇختۇردىڭىز،
ئا...............................

23. ئۇ........................
ئۇ.........ئىنچگۇلۇگ ئورۇنقا
ئۇ..............نوملاتىڭىز
ئۇموغ......................

(23) ئۇ..............................
ئۇ............هوزۇرلۇق ئورۇنغا،
ئۇ...................بىلدۇردىڭىز،
ئۇمىت..........................

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

24. تامۇ يولى تۇتۇڭۇز
ت.........................
ت.........................
ت.........................

(24) دوزاقنىڭ يولىنى توسدىڭىز،
ت....................................
ت....................................
ت....................................

25. ئۈمۈغسۈز بىزنى تەگ تىنلىغلارقا
ئۈمۈغى.................... كە
ئۈتلى سەۋىنچ ئۇت...ك...
ئوغرىن يىقىن................

(25) بىزدەك ئۈمىتسىز جانلىقلارغا،
ئۈمىدى...............................
مىننەتدارلىق ۋە سۆيۈنۈش.....
پۈرستىنى يېقىن (؟)...........

26. ئادىنچىغ ئىدۇق قاڭىمىز
ئاغىنچىسىز كوڭۈل........
ئالقۇ تىنلىغ ئوغلانىنىڭ
ئالىپ ئەرتى سانسارتىن...

(26) تاڭ قالغۇدەك مۇقەددەس ئاتىمىز،
ئاغماس كوڭۈل.........................
بارلىق ئىنسان ئوغلانلىرىنىڭ
سانسارىدىن③ (قۇتۇلۇشى) تەس ئىدى.

27. ئۇ...ئىدۇق قاڭىمىز
ئۈستۈرتى قودى ئىنمەسەر
ئۈچ............................
ئوكۈش تەلىم تىنلىغلار بولتى ئەرتى

(27) سىز... مۇقەددەس ئاتىمىز،
كوكتىن زېمىنغا چۈشمىگەن بولسىڭىز،

بۇ سانسىز مەخلۇقلار
ئۈچ يامان يولغا كىرگەن بولار ئىدى.

28. ي... گۈللۈك ق...... ز ئورۇقۇڭۇزنى
يالڭۇقلار ئارا ...
ي ... ئاجۇنتاقى تىنلىغلارىغ
يارىسمالاش.................

(28) ...........................يولىڭىزنى
ئىنسانلار ئارىسىدا...............
..............ئالەمدىكى مەخلۇقلارنى
ئۈيغۇنلاشتۇرۇش.........................

29. ئۇ........چى تىنلىغلار ئىلكىدە
ئورۇقۇڭۇز ئۈچى..............
ئۇ ......... نك...ق...قۇترۇلتى
ئۇمۇغسۇز ئىرىنز مونقۇلى قال ئاغۇلۇغ يىلقىتا

(29) .................. مەخلۇقلار ئەۋۋەل،
يولىڭىزنىڭ بېشىنى.................،
ئۇمىتسىزلىك، خاراپلىق، ئاكىسزلىق، ئەقىلسىزلىق ۋە
زەھەرلىك هايۋانلار دۇنياسىدىن قۇتۇلدى.

30. قاچان ئىدۇق قاكىمىز
قالىقتىن قودى ئىنتىڭىز
قامىغ تىنلىغ ئوغۇشى نىنب .........
ق ..............................

(30) پەقەت سىز، مۇقەددەس ئاتىمىز،
كوكتىن توۋەنگە چۈشتىڭىز،
بارلىق مەخلۇقلار جەمەتلىرىنى......
..............................................

31. ت.................................
ت......سىز ئەدگۈ نوملارىغ نوملايۇ
تورت توغۇم...............................
ت..................گ قۇتقارتىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىغىنى www.uyghurkitap.com

(31) ت...............................

ت...... ياخشى نوم تەپسىر قىلىپ

تۇت تۇغۇلۇش④......................

.............................قۇتقازدىڭىز

32. سەكىز تۇرلۇگ ئەمگەك.............

س .................................

سەدرەكىسىز يىگى قىلىنچلارىن

سەپەن ...............................

(32) سەككىز تۇرلۇك جاپا.............

س .......................................

قويۇق - زىچ ھەركەتلەرنى،

سەپەن (؟)...................

33. ي ........................... ئوزە

يىنتەم تۇتچى يىنتىسكۇ

يىرتىنچۇدەكى ................

ي ................ ئوقمادىن

(33) ي .................... بىلەن

ھەر دائىم باغلىنىشلىق يىنتىسكۇ (؟)

دۇنيادىكى ........ ........

ي ................ ئۇقماي

34. ئىلىشلىگ تارتىشلىغ ..........

ئ ..........................

ئىلكىتە بەرۇ ئاتقانىپ

ئ ................... تىنلىغلار

(34) باغلىنىشلىق بولۇپ ..................

ئ .......................................

ئەزەلدىن بويان باغلىنىپ،

ئ .................. جانلىقلار

35. بىلىگسىز بىلىگ ...............

ب ................................ ......

ب ........................................
ب ........................................

(35) بىلىمسىزلىك ........................
ب ........................................
ب ........................................
ب ........................................

36. ئۇ ........................................
ئۇ .............. تىنىلغىلار
ئورۇقۇڭۇز ئۇچىن بولمادىن
ئۇلىنچىغ سانسارتا قالتىمىز

(36) ئۇ ........................................
ئۇ .................... جانلىقلار
يولىڭىزنىڭ بېشىنى تاپالماي،
دەۋر قىلىۋاتقان سانساردا قالدۇق.

37. بىلگە بىلىگلىگ شاتۇ تىكتىڭىز
بىش ئاجۇنۇغ ئىركلەتىپ ئوزغۇرتۇڭۇز
بىزنى تەگ ئىرىنچ تىنىلغلار
بىلىنمەدىن ...... كەلتىمىز

(37) سىز بىلىم شوتىسى قويدىڭىز،
ئۇنىڭ بىلەن بۇ بەش ئالەمنى قۇتقۇزدىڭىز
بىزدەك بەدبەخت مەخلۇقلار
نىمە بولغىنىمىزنى بىلمەي كەلدۇق.

38. بۇ ...... بىز سىزنى تەگ
بۇرقانلىغ كۇن تەڭرىگ كورگەلى
بۇ قاغۇ تاقىلار ئەمگەكلىگ
بۇ سانسارتا قالتىمىز

(38) بۇ ...... بىز سىزدەك
بۇرھانلىق كۇن تەڭرىنى كورگىلى،
بىز كىشەنلەنگەنلەر ئازاپ ئىچىدە،
بۇ سانساردا قالدۇق.

www.uyghurkitap.com



39. ئەرتىملىگ مەڭىكە ئىلىنمىشكە
ئەشىسىز كونى نومۇغ نوملاتىڭىز
ئەمگەكلىگ تالۇيتىن كەچۈرتۈڭۈز
ئەدگۈ نىرۋانقا ياقىن ئىلتتىڭىز

(39) ۋاقىتلىق راھەتكە ئۆزىنى ئاتا قىلغانلارغا،
تەڭداشسىز، ھەقىقى يولنى كورسەتتىڭىز؛
ئازاپ دېڭىزىدىن چىقاردىڭىز،
ياخشى نىرۋانغا⑤ يېقىن قىلدىڭىز.

40. بوتۇلماقلىغ ئىلگۈ تۇپكە سىرىلمىشلارقا
بۇرقانلار ئۇلۇشىڭا بارغۇ يولۇغ كوركىتتىڭىز
بۇيانلىغ سۇمىر تاغىغ تۇرغۇرتۇڭۇز
بۇ ...... ۋۇڭ ئۇرلۇك بۇلتۇرتۇڭۇز

(40) ناپاكلىق ۋە يامانلىق گىرداۋىغا قاراپ يۈزلەنگەنلەرگە،
بۇرھانلار ماكانىغا بارىدىغان يولنى كورسەتتىڭىز.
ساۋاپلىق سۇمىر تېغىنى⑥ تۇرغۇزدىڭىز،
بۇ ... مەڭگۈگە يەتكۈزدىڭىز ...

41. كۈۋەنچلىگ سۆۋ كۆزنەكىڭە سوقلۇنمىشلارقا
كونى نوملۇغ كوپرۈگۈگ كوركىتتىڭىز
كوڭۇلىنتەكى يىگ نومۇغ ئۇقىتتىڭىز
ك ... ئىدۇق ئانچمانقا تۇتۇزتۇڭۇز

(41) مەغرۇرلۇق سۆيىنىڭ ئەكسىدىن كوزى كور بولغانلارغا،
توغرا يول كوۋرۈگىنى كورسەتتىڭىز،
كوڭلىڭىزدىكى ياخشى يولنى ئۆگەتتىڭىز،
ئۇلارنى ئەزىز جامائەتكە⑦ تۇتقۇزدىڭىز.

42. ت ... كوڭۇللۇگلەرىگ قۇتقارتىڭىز
تەگىلمىش كوزلەر ... ۋۇك ... تىڭىز
تەگىملىگچە ئىشلەرىگ ئىشلەتتىڭىز
تەڭرى يەرىڭە بارغۇ كونى يول كوركىتتىڭىز

(42) ت ... غەرىزىدە بولغانلارنى قۇتقۇزدىڭىز،
كور بولغان كوزلەرنى ... ئاچتىڭىز؛

تېگىشلىك ئىشلارنى ئىشلەيتتىڭىز.
تەگرى يېرىگە بارىدىغان توغرا يولنى كورسەتتىڭىز.

43. يىرتىنچىكە ئۇمۇغ ئىناغ تورۇتتۇڭۇز
يىتى ئاغىلىغ نوملارىغ نوملاتىڭىز
يىنتەم ئايىغتا ياراتىنتاچىلارىغ تىدتىڭىز
يىمگ ئۇستۇنكى ئورلار تۇرغۇرتۇڭۇز

(43) دۇنيادا مېھرىۋانلىق ۋە ئىناقلىقنى بەرپا قىلدىڭىز،
يەتتە بىباھا كىتاپنى يەتكۈزۈپ بەردىڭىز،
يامانلىقتا يارىتىلىشنى توساپ قالدىڭىز،
ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ئېسىل ئورۇنلارنى بىنا قىلدىڭىز.

44. ئاياغلارىغ بارچا سىزىڭە ئەمتەرتىڭىز
ئا ... ماقىغ ... ئانلانماقىغ ق ...
ئا ... ماقىغ ئىرىشمەكىگ سەركۇرتۇڭۇز
ئامۋاردىشىنىغ چ ......

(44) ھورمەت ۋە ئىززەتكە سازاۋەر بولدىڭىز،
ئا ..........................................
ئا ...... ئېرىشىشتىن خاتىرجەم قىلدىڭىز،
توپلامنى چ ................................

45. تولپ سانسارىغ سىزىڭە ئاكىتتىرتىڭىز
تودۇنچسۇز يەكلەرىگ تۇتۇلتۇرتۇڭۇز
توغۇمىن ئاجۇنىن .........
تۇرۇغ ئەدگۇ قىلىنچلىغ ئىشلارىغ ئىشلەتتىڭىز

(45) پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىڭىزگە باش قويدۇردىڭىز،
تويماس شەيتانلارنى ئەسىر قىلدىڭىز
تۇغۇلۇشنى، ئالەمنى ..................
پاك ۋە ياخشى ئىشلارنى ئىشلەتتىڭىز.

46. كوز قاراق ............
كورۇ قانىنچسىز كوركلە كوركۇڭۇزنى
كو ..............................
كورۇرلەر ئەرتى سىزىڭە تىترۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(46) كوز قارچۇغى ......
كورۈپ قانىماس گۈزەل جامالىڭىز،
كۆ ...... ـ ...........
سىزدىن كوزنى ئۈزمەيتتى،

47. كور .........
ك ...... ئىچكەرۈ
كۆزەت ............
ك .................

(47) كور ..............
ك ...........ئىچىگە
كۆزەت ............
ك .................

48. ئا ...... ئىگلىگلەر
ئادا .........
ئا ............
ئا ...... كەلەر

(48) ئا ...... ئاغرىقلار
بالا ـ قازا .........
ئا .................
ئا ...... كەلەر

49. كوڭۈلى ئاۋياكرت ...
ك ...... ز كورمەزلەر.
كۆچسۈز تورۇق كىشلەر
ك ...... پىنپۈڭلار

(49) كوڭلى ئاۋيا كرت⑧...
ك ......ز كورمەس
كۆچسز، ئورۇق كىشلەر
ك ...... پىنپۈڭلار (؟)

50. قاتىغى بەدۇمىش پاد ......
قا ...... تەگلۈكلەرى

قارارمىش كوكۇللۇگ مونقۇل ...
قا ...... قىۋىرقاق سارانلار

(50) تېخىمۇ قاتتىقلاشقان ياد (؟) ...
قا ...... قارغۇلىرى
قارا كوكۇللۇك، ئەقىلسىز ...
قا ...... چاكىنا ۋە پىخسىقلار.

51. تالۇي ئوگۇزتەكى بالىقلار
ت ... ئۇكۇرىنتەكى يەك ئوكجىنلار
ت ... مىز.ك.ىن تەگ ...
تاقى ئامارى تىنلىغلار

(51) دېڭىز ۋە دەريالاردىكى بېلىقلار،
ت ...... توشۇكلىرىدىكى جىن - شەيتانلار
ت. مىز ... كىن تەگ ......
باشقا بارلىق جانلىقلار.

52. تەڭرىم سىزىڭە ......
ت ... ئەرسەر ئولار يەگۇ قوكۇزتىن
تەگىرمىلەيۇك ...... مىشتە ئوك
تەركىن تارىقۇر ئەرتى ئانچماندىن

(52) تەڭرىدىم سىزگە ......
ت ...... بولسا، ئۇلار يەيدىغان قوكغۇزدىن،
يوگەپ ...... مىشتە ئوك،
دەرھال جامائەتتىن يىراقلىشاتتى.

53. كو...... سىزنىڭ كوركوكۇزنى
كورمىش سايۇ م..........
كۇسە يۇرلەر ئەرتى بىركەرۇ
كۇنتەمەك تى سىزنىڭ كوركۇ ئۇچۇن

(53) كو......سىزنىڭ جامالىڭىزنى،
كورگەنچە م..........
ئارزۇلار ئىدى ھەممەيلەن،
ھەر كۈنى سىزنى كورمەكنى.

www.uyghurkitap.com

.54 ئاداقىن يورىپ سىزنى ئاتايۇ
ئاغزىنتا سىزنى ئوگە ئالقايۇ
ئانچۇلايۇ ئامرار ئەرتى سىزنى توزۇگۇ
ئاناسىن باباسىن ئوغلانى سەۋەرچە

(54) ماڭالايدىغانلا جانلىق نامىڭىزنى تىلغا ئالدۇ،
سىزنى ماختاپ ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ.
بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئامراق بولغاندەك،
(ئۇلارمۇ) سىزگە شۇ قەدەر ئامراق.

.55 ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى كوڭۇلۇڭ ئوزە
ئۇلارنى بارچا سىغۇرۇپ
ئۇلۇغ ئاسىغ تۇسۇ قىلىتىڭىز
ئو........ تاسى قىلىپ

(55) يۈكسەك، مېھرىۋان كوڭلىڭىزگە،
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىغدۇرۇپ،
نۇرغۇن غەمخورلۇق قىلدىڭىز،
ئو.........قىلدىڭىز.

.56 ئوزۇگ ياتىغ ئادىرتمادىن
ئۇزىركەنتىڭىز يۇمقىنى
ئۇز ئوتۇكۇز بىرتىڭىز
ئۇلگۇسۇز سانسىز تىنلىغلارقا

(56) ئوز بىلەن ياتنى ئايرىماستىن،
ئوز كوردىڭىز ھەممىسىنى؛
ئوز تەلىملىرىڭىزنى بەردىڭىز
ھەددى ـ ھىساپسىز جانلىقلارغا.

.57 قىد......غ كوڭۇلۇڭۇز ئوزە
قىلتىڭىز ئەدگۇ تۇزۇكە
قىلمىش ئەدگۇكۇزنۇڭ تۇشىنتە
قىزىغ ئورۇنتاقلار بارچا ئونتىلەر

(57) قىن......غ كوڭلىڭىز بىلەن،
ھەممىسگە ياخشىلىق قىلدىڭىز.

قىلغان ياخشىلىغىڭىز سەۋەبىدىن،
مۇشكۇلاتتا قالغانلارنىڭ ھەممىسى قۇتۇلدى.

58. ئۇزاتى ئۇزۇكسۇز مۇنى تەگ
ئۇلۇغ ئاسىغ تۇسۇ قىلتىڭىز
ئول بۇ يانىڭىز تۇشىنتە
ئوتغۇراق بۇرقان قۇتىن بۇلتۇڭۇز

(58) ھەر دائىم، ئۇزۇلدۇرمەي مۇشۇنداق،
يۇكسەك غەمخورلۇق قىلدىڭىز.
بۇ خىل ساۋاپلىقلىرىڭىز بىلەن،
بۇرھان بەختىگە تولۇق ئېرىشتىڭىز.

59. ت......لار بىرلە قارشىسىز
تىلتاغىن قىلۇ كەلتىڭىز
ت......ڭىز تۇشىدىنتە
تىدىغسىز بۇرقان قۇتىن بۇلتۇڭۇز

(59) ت...لار بىلەن قارشىلاشماي،
تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ كەلدىڭىز.
ت........... سايىسىدا،
بۇرھان بەختىگە توسالغۇسىز ئېرىشتىڭىز.

60. ئەشىسىز ئىدۇق تىلىڭىز ئوزە
ئەدگۇ تىتيۇك نوملۇغ رەتنىگ
ئەسىركەنچىسىزىن ئۇلەيۇ يارلىقاتىڭىز
ئەمگەكلىگ تولغاقلىغ تىنلىغلارقا

(60) تەڭداشسىز، مۇبارەك تىلىڭىز بىلەن،
ياخشىلىق پۈتۈلگەن گوھەر نومنى،
ئايىماي ئۇلەشتۈرۈپ بەردىڭىز،
ئازاپ ۋە زۇلۇم چېكىۋاتقان جانلىقلارغا.

61. تىنغۇلۇغ ئورۇنتا ئورۇگىن
ت. تۇرقارۇ مەڭىلىگىن
تە...... ئەمگەكىن كورۇپ
تىدىنۇ ئۇماتىن...... ئۇڭۇزنى

(61) سۇكۇتتە ئولتۇرۇپ تەكرى تەختىدە،
ت... داۋاملىق راھەت ئىچىدە،
تە... ئازاپنى كورۇپ،
چىدىماي ...... ئوكۇزنى (؟)

62. سۇدمش يارچا تىتتىڭىز
س... ئايىغ قىلىنچلىغلارىغ
سۇيۇرقايۇ ئىرىنچكەيۇ يارلىقاتىڭىز
س...... كوركىنچە

(62) تۇكۇرگەندەك يوق قىلدىڭىز،
س...... يامان قىلىقلارنى.
مەرھەمەت ۋە شەپقەت بىلەن ئەپۇ قىلدىڭىز
س... كورگەندە.

63. قامىغ تىنلىغ ئوغۇشى
قارارىغ نىزۋانلارى ئوزە
قال تىلۋە تەگ ئەرتىلەر
قاس ئىچىنتە تورۇمىش

(63) پۈتۈن جانلىقلار نەسلى،
قاراڭغۇلۇق خۇمارى بىلەن.
ئەقىلسىز تەلۋىلەردەك ئىدى،
قاسراق ئىچىدە تورەلگەندەك.

64. يا........
يا........
يا........ كۆزەتىپ
يانىنچىسىز ئاجۇنقا تەگدىلەر

(64) يا........
يا........
يا........ كۆزىتىپ،
كەتمەس دۇنياغا كەلدى.

65. ئىلكىتە بەرۇ كىرىك........
ئ........ ئۇۋشاق قىلىنچلىغ

ئىكىرچگۇ كوكۇللۇگ يالگۇقلارقا
ئ...... ئادىرتىن ئوقتتىگىز

(65) ئەزەلدىن بۇيان پاسكىنا ...
ئ......... ئۇششاق ھەركەتلىك،
دىلۇغلدى كوكۇللۇك ئىنسانلارغا،
ئ...... يەرقنى بىلدۇردىگىز.

66. ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى كوكۇل ئوزە
ئولارنى بارچا سىغۇرۇپ
ئۇلىنچىغ ئاجۇنلارىنتىن قۇتقارىپ
ئوزغۇرتۇكۇز سانسارتىن

(66) ئۇلۇغ مېھرىۋان كوكلىگىزگە،
ئۇلارنى پۇتۇنلەي سىغدۇرۇپ،
مۇرەككەپ قالايمقان دۇنيادىن قۇتقۇزۇپ،
سانساردىن خالاس قىلدىگىز.

67. ئارىمىش كوكۇللۇگ قۇتلۇغلار
ئايى تەركىيە تۇيۇنۇپ
ئايىغلارىن باستىلار
ئارخانت قۇتىن بۇلتىلار

(67) پاك كوكۇللۇك بەختلىكلەر،
بۇنى دەرھال تۇيۇپ
يامانلىقلىرىنى تىزگىنلەپ،
ئارخانت⑨ بەختكە ئېرىشتى.

68. ئاتقاغلىغ ۋىشايلىغ مەگىلەر
ئال ئالتاغ ئۇزانماقلارىغ ئونتۇرۇپ
ئاگا يىر ......
ئاسىغ تۇسۇ قىلتىگىز

(68) دۇنيانىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى،
ھىلە ـ مىكىر ۋە يالغانچىلىقلارنى يوق قىلىپ،
ئۇنىڭغا مېھرىۋانلىق بىلەن ......
غەمخورلۇق قىلدىگىز.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

·69 كۆسەنچىگ مەڭىلەر …
كۆنى توزىن ئۆنتمەشلارقا
كورك تەگشۇرۇپ ئوڭى
كو…… ئولارقا

(69) ئارزۇ - ھەۋەسلەردە ……
ئەسلى تەكتىنى ئۇنتۇغانلارغا،
كورۇنۇشنى ئوزگەرتىپ،
ئۇلارغا ……

·70 ئۇلار بارچا قامىغۇن
ئول كوركۆكۈزنى كورمىشتە
ئودۇن سانسار ئەمگەكىنتىن
ئوزغالى كوكۇل تۇرغۇرتى

(70) ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە،
سىزنىڭ چىرايىڭىزنى كورۇپ.
ئېغىر سانسار ئازاۋىدىن،
قۇتۇلۇش نىيىتىنى تىكلىدى.

·71 يالاڭۇقلارنىڭ ئوغلانىڭا
ياراشى كورك كوركىتىپ
يانتۇرتۇڭۇز ئايىغ قىلىنچتىن
ياپشۇرمىش ئىلىنمىش ئاتقاغتىن

(71) ئىنسان باللىرىغا،
يېقىملىق چىرايىڭىزنى كورسىتىپ،
ياندۇردىڭىز ئۇلارنى يامان قىلىقتىن.
قۇتقۇزدىڭىز دۇنيانىڭ توزاقلىرىدىن.

·72 بارغۇ يولۇغ بىلمەدىن
با…… ئەرتى يالڭۇقنوك
بار ئىلىگ كوك قالىق يوزىنتە
باقشىلىغ بورقان تەگرى توغتۇڭۇز

(72) بارار يولنى بىلمەستىن،
با…… ئىدى ئىنساننىڭ،

ئالەم ئاسمىنى ئۈستىدە،
ئۆگەتكۈچى بۇرھان بولۇپ تۇغۇلدىڭىز.

73. سىزنى كورۇپ تىنلىغلار ......
سىزىك كوڭۈللەرىن تارىقارتى
سىز يارلىقامىش يارلىقىغ
سىمتاغسىز كوڭۈلۈن كۈزەتدى

(73) جانلىقلار سىزنى كورۇپ ......
كوڭلىدىكى گۇمانلارنى تارقىتىۋەتتى؛
سىزنىڭ يارلىقلىرىڭىزنى،
دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

74. كۈزەتمىشچە ...... چا . مپ
كوڭۈلتەكى ئەدگۈلەرى
كۈن كۈنىڭە ئۈنتى
كۈن تەڭرى تەگ يارۇتتى

(74) ئاڭلىغانسىرى ...... چا . مپ (؟)
كوڭۈللىرىدىكى ياخشىلىقلار
كۈندىن - كۈنگە كوپەيدى
ۋە كۈن تەڭرىدەك نۇر چاچتى.

75. يارۇق بىلىگلەرى يالتىرىيۇ
يارلىقانچۇچى كوڭۈللەرى ئۇكلىيۇ
يازىنچسىزىن ئەرمەك چاقشاپىتىغ كۈزەتۈ
يالىنايۇ تۇرۇر تامۇتىن ئۇزتىلار

(75) نۇرلۇق بىلىملىرى يالتىراپ،
مېھرىۋان كوڭۈللىرى يۈكسىلىپ،
گۇناسىز بولۇشنىڭ توغرا يولىنى چۈشىنىپ،
يىلىنجاپ تۇرغان دوزاقتىن قۇتۇلدى.

76. كىرتگۈنچ كوڭۈللەرى ...
كىرتۈ تورۇلەرتە قاتىغلانۇ
كىرلىگ ئايىغ قىلىنچىغ قىلماماق
كىرتۈ چاقشاپىتىغ كۈزەتدى

(76) ئىتقادلىق كوۋۇللىرى بىلەن ...
توغرا يوللاردا چىڭ تۇرۇپ،
ناپاك گۇنا ئىشلارنى قىلماي
توغرا يولغا مېڭىشنى بىلدى.

77. ئەتۇز ئەرتىملىگىن ساقىنىپ
ئەۋتىن بارقتىن ئونتىلەر
ئەدگۇ نوملارتا بىشرۇنۇ
ئەتۇز ئارىغىن ئەرمەك چاقشاپىتىغ بۇتۇرتى

(77) ئۆمۈرنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ،
ئۆي ـ ماكانلىرىنى تەرك ئېتىپ،
ياخشىلىق نوملىرىدىن تەلىم ئېلىپ،
تەڭرىنىڭ، جىسمىنى پاكلاش يارلىغىنى بىجا كەلتۈردى.

78. ئادالىغ ئورۇنلارتىن ئوزغۇلۇغ
ئارىغ نوملارتا قاتىغلانۇ
ئانۇشاگان⑩ ئوردۇتا توغىۇ ئۈچۈن
ئاغىز ئارىغىن ئەرمەك چاقشاپىتىغ كۈزەتتى

(78) بالا ـ قازالىق يەرلەردىن خالى بولۇپ،
پاك نوملاردا چىڭ تۇرۇپ،
ئۆلمەيدىغانلار ئوردىسىدا تۇغۇلۇش ئۈچۈن،
تەڭرىنىڭ تىلىنى پاكلاش يارلىغىغا قۇلاق سالدى.

79. قۇت قولۇنتىلار تۇزۇگۇ
قۇتلۇغ ...... يولىنچا يورىغالى
قورقىنچىغ سانسارتىن ئوزغۇ ئوزە
قۇتلۇغ چىغايىن ئەرمەك چاقشاپىتىغ بۇتۇرتى

(79) بەخت تىلەشتى ھەممىسى
قۇتلۇق ...... يولى بىلەن يۈرۈشكە.
قورقۇنچلۇق سانساردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
تەڭرىنىڭ قۇتلۇق كەمبەغەل بولۇش يارلىغىنى بىجا كەلتۈردى.

80. ئۈرلۈكسۈز نوملارىغ بۈكۈنۈپ
ئۈچ ياۋلاق يولقا قورقىنچىن

ئۇستۇنكى يىڭ ئورۇنتا توغغالى
ئۇچ تامغالارىغ بۇتۇرتى

(80) ۋاقتلىق نوملارنى تەرك ئېتىپ،
ئۇچ يامان يولنىڭ قورقۇنچىسى بىلەن،
يۇكسەك ئالى ماكانلاردا تۇغۇلۇش ئۇچۇن،
ئۇچ شەرتنى ئادا قىلدى.

81. تەڭرىم سىزنى كورمىشتە ئوك
تەلىم ئوكۇش تىنلىغلار
ت...ق...ق...ت...ئوزغالى
ت........

(81) تەڭرىم، سىزنى كورگەن زامان
سانسىز جانلىقلار
ت...ق...ت...قۇتۇلۇش ئۇچۇن،
ت.................

82 ...........
......ك.......مىنتە.
......ەكى يىتى يۇكۇنچۇگ ت.....
سىمتاغسىز كوڭۇل.... ۇق... ار

(82) .......................
......ك.......مىنتە.
......يەتتە تازىمنى ت...
دىققەت - ئېتىۋارى...... ۇق......ار

83. كوزۇنۇرتەكى......كەنىپ.
كىنىتە ئۇچ ياۋلاق يولتا...
ك.....ئولۇمىندە
......

(83) كورۇنگەندىكى......كەنىپ
كەيىندە ئۇچ يامان يولدا...
ك.....ئولۇمىدە
................

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

84. ك......تاۋرانتى.
كۆسەسەرلەر تىنلىغلار...
كوزۈگ يۇمۇپ ئاچغىنچا
كوزۈنتۈكۈز......

(84) ك......تەۋرەندى،
ئارزۇ قىلسا جانلىقلار......
كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە
كورۈندىكىز......

85. ت. ....لارىڭا ياراشى
توزكەرىنچىسىز......
ت......لىغ تىنلىغلارىغ
توزۈنى بىرتەم......

(85) ت......لارغا ياراشقان،
يېتىپ بولماس......
ت......لىق جانلىقلارنى
ھەممىسىنى تامامەن.....

86. .........ئاقتى...
.................
.................
نىزۋانىلارقا

(86) ......ئاقتى
..............
..............
.........ئەشتىياقلارغا.

87. ئىيمىن ي......
ئىكى قورۇغ توزىن بىلمەدىن...
......ىگ ئۇۋ ئوزە ئۇدىيۇ
بىرىملىگ ئايىغ.........

(87) ...يېنى...سەۋىۋدىن،
ئىككى بوشلۇق ئاساسىنى بىلمەي...

.........ئۇستىدە ئۇخلاپ،
تولەملىك يامان...

.88 ............
............
........ ......رتى
ئە.........كوڭۇللەرى

(88) ...................
...................
رتى..............
ئە.........كوڭۇللىرى.

.89 ئوگە يۇكۇنمش بۇيانىمىز تۇشنتە
ئۇستۇنكى ئالتىنقى تەڭرىلەرنىڭ
ئوڭى ئوڭى قۇت ۋاكشىكلەرنىڭ⑪
ئۇستەلزۇن تەڭرىدەم كۇچلەرى

(89) مەدىھىلىرىمىز، ئىبادىتىمىز ساۋاۋى بىلەن،
كوكتىكى ۋە زىمىندىكى تەڭرىلەرنىڭ،
خىلمۇ-خىل سائادەت روھلىرىنىڭ
ئىلاھى قۇدرىتى يۇكسەلسۇن.

.90 ئوز.........
ئو..........
ئو......لەردىتە كۇزەتزۇن
ئو............

(90) ئوز............
ئو............
ئو......ئىخلاس قىلسۇن،
ئو..............

.91 قۇت قولۇر بىز سىزىڭە
ق................
ق......توزۇ تەگزۇن
ق.............

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

(91) سىزدىن بەخت تىلەيمىز،
ق..............
ق......ھەممەيلەنگە بەخش بولسۇن.
ق..............

92. يىنچۇرۇ يۇكۇنۇ تەگىنۇر بىز
ي..............
ي......كىرمىسۇخن بىرۇ يارلىقازۇن
ي......لار بىرلە

(92) سىزگە ئىبادەت قىلىمىز
ي..............
ي...كىرمىسۇخىن (؟)نى ئىنئام قىلسۇن،
ي.........لار بىلەن.

93. توزۇ..........
توزكەرىنچىسىز يىگ......
ت..............
ت..............

(93) ھەممەيلەن.........
چەكسىز ئىسىل.........
ت................
ت................

**ئىزاھات:**

① رەدنى ــ سانسكرىت تىلىدا "گوھەر" دىگەن مەنىنى بىرىدۇ. بۇ سوز بەزى قەدىمقى ئۇيغۇر يازمىلىرىدا "ئەردەنى" دەپمۇ يېزىلىدۇ.

② ۋاجرا ــ سانسكرىتچە "ئالماس" دىگەن مەنىنى بىرىدۇ.

③ سانسار ــ سانسكرىتچە "باقى ئالەم" مەنىسىدە ئۇنىڭدا ھاياتلىق دەۋر قىلىدۇ، باقى ئالەم بىر ئازاپلىق دېڭىزدىن ئىبارەت، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

④ تورت توغۇم ــ توت تۇغۇلۇش شەكلى، يەنى 1 ـ ئانىسىدىن تۇغۇلۇش (سۇت

ئەمگۈچى هاياتلىقلار)؛ 2 - تۇخۇمدىن تۇغۇلۇش (قۇشلار)؛ 3 - ھولچىلىكتىن تۇغۇلۇش (بېلىقلار)؛ 4 - ئايلىنىش يولى بىلەن تۇغۇلۇش (پىلە قۇرۇتلىرى).

⑤ نىرۋان — سانسكرىتچە "غايىۋى مەنزىل" مەنىسىدە.

⑥ سۇمىر تاغ — سانسكرىتچە سۆز، دىنىي چۈشەنچىدە "كائىناتنىڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلغان تاغ".

⑦ ئانچمان — سوغدچە "جامائەت" مەنىسىدە.

⑧ ئاۋياكرت — سانسكرىتچە "قارارسىز" مەنىسىدە.

⑨ ئارخانت — سانسكرىتچە بۇددا ھىنايا مەزھىپىنىڭ بۇرھانى.

⑩ ئانۇشاگان — ئورتا پارسچە "ئۆلمەيدىغانلار" مەنىسىدە.

⑪ ۋاكشىك — ئورتا پارسچىدىكى "ۋاھىش" دىگەن سۆزدىن كەلگەن، "روھ" مەنىسىدە.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بەھرام ـ دىلئارام



(داستان)

## ئابدۇرېھىم نىزارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇقەييۇم خوجا**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«بەھرام ـ دىلئارام» داستانى — نىزارى داستانلىرى ئىچىدىكى نادىر ئەسەرلەردىن بىرى. داستاندا فېئوداللىق جەمىيەت تۈزۈلمىسىگە، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر سىستېمىسىنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە، نىكاھ ئىشلىرىدىكى قاتمۇ ـ قات ئىسكەنجىسىگە قارشى ئىلغار ئىدىيىلەر ئالغا سۈرۈلگەن.

بەھرام ـ دىلئارام ھېكايىلىرى ئەسلىدە خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان قىسسە بولۇپ (بۇ خەلق قىسسىسىمۇ مەجمۇئەيىمىزنىڭ مۇشۇ سانىغا بېرىلدى — تەھرىردىن) ئابدۇرېھىم نىزارى داستانىغا بۇ قىسسىنى ماتېرىيال ئاساسى قىلغان. بەھرام ـ دىلئارام قىسسىسىدىن ئابدۇرېھىم نىزارىدىن بۇرۇن كىلاسسىكلىرىمىزدىن ئەلشىر ناۋائىيمۇ پايدىلانغان ئىدى. ناۋائىينىڭ «سەبئەئى سەييار» ناملىق داستانىنىڭ ۋەقەلىكى بەھرام ـ دىلئارام قىسسىسىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ناۋائىيشۇناسلار «سەبئەئى سەييار»نى «ھەپتە مەنزەرى بەھرام» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدا بولسا بۇ قىسسە «بەھرام ھەپتە مەنزەر» دىگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز داستانىدا بەھرام ـ دىلئارام قىسسىسىنىڭ سيۇژىتىدىن پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەقەلىكنى شېرىي يول بىلەن ئادددىلا تەكرارلاپ قويۇشتىن ساقلانغان. ئۇ، ناۋائىينىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپ، ناۋائىيغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز ئەمگىگى بولغان ئۆز ئەسىرىنى دۇنياغا كەلتۈرگەن.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ داستانلىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ تولىمۇ ياخشى ئىش بولدى. لېكىن، بۇ داستانلارنىڭ ئومۇمى ئىسمى قانداق ئاتىلىشى كېرەك؟ بۇ مەسىلىدە بەزى مۈجمەللىكلەرمۇ يۈز بەردى. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» ناملىق داستانىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى نىزارى

داستانلىرنى «مۇھەببەت داستانلىرى» دىگەن ئومۇمى نام بىلەن ئاتىغان. بۇ نام 60-يىللارنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېينىڭ يازما يادىكارلىقلارنى تىزىملىغۇچى خادىملىرى تەرىپىدىن تىزىملاش-رەتلەش ئىشىدا ۋاقىتلىق قوللىنىلىپ تۇرۇلغان نام بولۇپ، ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز داستانلىرىنى مۇنداق نام بىلەن ئاتىغان ئەمەس. ئومۇمەن بۇ كىتاپنىڭ باش تەرىپىگە ھىچقانداق ئومۇمى نام قويۇلمىغان. لېكىن قولىيازمىنىڭ 15-، 16- بەتلىرىدە:

چۇ ئۇششاقلاردىن فەسانە دىبان،
رىۋايىتنى ئاشىقانە دىبان.
..........................................
..........................................
چۇ ئەمىر ئەيلەگەچ دىماكىم فەرز ئولۇپ،
دىگەن سوزلەردىم توھفە تىل ئولۇپ.
..........................................

دىگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، كىتاپنىڭ نامى: «فەسانەئى ئۇششاق» (ئاشىقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر) ياكى «رىۋايەتى ئاشىقانە» (ئاشىقلار توغرىسىدا ھىكايەتلەر) بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇناملارنىڭ قايسىسى باپراق ھەم ئاپتورنىڭ ئەسلى خاھىشىغا ئۇيغۇنراق بولىدۇ؟ بۇ مەسلىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ كورۇشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ بۇ داستانىنى ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىدىم. قولىيازمىنىڭ بەزى بەتلىرى كەم، يەنى، تونىنچى ئىقلىمدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ رىۋايىتىدە:

سىنىڭ مۇلكۇڭ ئىچرە ئېرۇر مۇتتەسىل،
خەرەجىن بىرۇرلەر سەڭا توشسا يىل،

دىگەن مىسرالاردىن كېيىن تولۇق ئىككى ۋاراق (تەخمىنەن 272 مىسرا) يوق. يەنە قولىيازمىنىڭ بەزى جايلىرىدا ھەر خىل تەسىرلەر سەۋەبىدىن ئوچۇپ كەتكەن، زادى ئوقۇغىلى بولمايدىغان جايلارمۇ بار. مەن مۇنداق جايلارغا كوپ چېكىت قويۇپ ئوتۇپ كەتتىم.

داستان تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەشتە بەزى خاتالارغا يول قويغان بولۇشۇمۇ مۇمكىن. ئالاقىدار كەسپىي خادىملار ۋە كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تەنقىت-تەكلىپ بېرىشلىرىنى قارشى ئالىمەن.

**شاھ بەھرام شىكارغە چىقىپ، بىر پۈشتە ئۆزرە ئولتۇرغانىدا بىر مۇسا-
پىرغە نەزەرى تۈشكەنى ۋە ئانى چىرلاتىپ، ھال ئەھۋالىن سوراپ،
ئانىڭ كەلامىدىن دىلئارامىدىن خەبەر تاپىغانى ۋە ئانىڭ زىبا
سۈرەتىن كۆرۈپ، شاھ ئانىڭ ۋىسالىغە سەيئى ئەتكەنى.**

سوزۇنكىم بۇ يەڭلىغ چېكىپدۇر رەقەم،
نى نەۋئ ئۆتتىلەركىم مولۇكى ئەجەم.

ئەگەر سەيد سارى كىم① ئاتار بولسەئوق،
تىگىپ جانۋەرغە يىراقۇ-ياۋۇت.

چۇ بەھرام شەھدىن قىلىپ ئېپتىدا،
ساھايىپ يۈزىگە ئەلەل ئىنتىھا.

نەيەر بولسە پىشە ئاراخۇش ھەۋا،
تۇشۇپ ئاندا ئەيلەپ مۇغەننى نەۋا.

ھەشەم ئىچرە ئانداغكى گەردۇن نەما،
ساچىپ دۇررى دەۋلەت باشىغە سەما.

كۆڭۈنكىم بۇ يەڭلىغ شىكار ئەيلەبان،
بەيەك پۈشتى ئۆزرە گۆزەر ئەيلەبان.

ئاڭا رۇمۇ-چىن شەھرى مۇنقاد ئولۇپ،
داغى ئەدلى بىرلە جاھان شاد ئولۇپ.

تىكىپ بارگاھىن تۈزۈپ ئېردى بەزم،
ئىچىپ بادە ئەيلەپ ئويۇن بىرلە رەزم.

بولۇپ يەتتە ئىقلىم ئانىڭ بەندەسى،
ئۇلۇغ تاجۋەرلەر سەر ئەفكەندەسى.

بىناگاھ قىلدى بىراۋگە نەزەر،
قىلۇر ئېردى يولدا پىيادە گۆزەر.

ئاتا قىلدى تەڭرى بۇ نەۋئ تەختۇ-تاج،
بېرىپ شاھ خەيلى خىراج ئىلە باج.

مولازىمغە ھوكۇم ئەتتى يەتكۈر ئانى،
ھايال ئەيلەمە تىز كەلتۇر ئانى.

قويۇپ جانغە مىننەت ھەمە شاھلەر،
ئانىڭ خىزمەتىن ئالى دەرگاھلەر.

قوپۇپ چىستە قاسىد بارىپ شولزامان،
شەھىنشەھ قاشىغە كىتۇردى راۋان.

بولۇپ ئەيشى-ئىشرەت بىلە شەھ مۇدام،
مۇغەننى سورۇدى ئاڭا ئېردى كام.

تەلەتتۇفلەر ئەيلەپ سوئال ئەيلەدى،
بايابان قەددىنى دال ئەيلەدى.

نە يەردە مۇغەننى ئېرۇر خوش نەپەس،
ئانى شول زامان كەلتۇرۇر ئېردى بەس.

بولۇپ ئول مۇساپىر فەسۇنسازلىق،
چۇ شەھ ئالدىدا ھىچ ئاغازلىق.

ھەمىشە قىلۇر ئېردى سەيبادلىق،
ئۆتۈپ ئۆمرى ئىچرە بۇ مۇئتادلىق.

بويۇردى يانىمدا كېلىپ ئولتۇرۇڭ،
مېنىڭ بىرلە سائەت مەجالىس قۇرۇڭ.

① بۇ مىسراغا ۋەزن ۋە مەنە ئېتىبارى بىلەن كىم سوزى قوشۇپ قويۇلدى.

چۇ ئۇلتۇردى ئول ھەم تەۋازۇئ بىلە،
كى بەھرام بىرلە تۇزۇپ سىلسىلە.

مۇساپىر دىدى بۇيرۇغىل مەي ماڭا،
نەچە سوزلەرىمنى دەيىن مەن ساڭا.

دىدى ساقى مەي تۇت ئاڭا دەمبەدەم،
سوزىن پاش ئەتسۇن ماڭا لاجۇرەم.

ئالىپ كەلدى ساقى مەيى لەئلىگۇن،
ئانى ئەيلەدى نەشئەسىدىن جۇنۇن.

يەنە سوردى بەھرام ئانىڭدىن كەلام،
دىگىل سوزلەرىڭنى ئاڭا قىل تەمام.

مىنى سەن بۇ يەردە ھەم ئەسرار بىل،
نىھان سىررىڭ ئىچرە داغى يار بىل.

دىدى ئەي شەھىنشاھى ئالى جاناپ،
ئىرۇرمەنكى ئاجىز دىمەكدە جاۋاپ.

ۋەلىكىن نىھانى رەۋايەت ماڭا،
كى باردۇر غارايىپ ھىكايەت ماڭا.

دىمەپ ئىردىم ھەرگىز بۇ رازىمنى مەن،
كىشىگە بۇ سوزۇگۇ دازىمنى مەن.

غەرەز بۇ ئىدىكىم كىزىپ دەشتىنى،
تاپاي شاھى بەھرام گۇلگەشتىنى.

بۇ سىررىمنى قىلسام ئاڭا مەن بايان،
مىنىڭ ھالىم ئول شەھفە بولسە ئايان.

بۇ سوزلەرنى سوردۇڭ ئاڭا يەتمەيىن،
ئانى تاپمايىن **مەن** نەچۇك سوز دەيىن.

دىسەم ھەم بۇ سوزدىن زەرەردۇر ماڭا،
سۇكۇت ئەتسەم ئاندىن بەتەردۇر ماڭا.

نىدىن كىم مىنى ئەيلەدىڭ سەرفەراز،
بەسى لۇتفلەر بىرلە ئەي خۇشتەراز.

ئاچىلدۇردى شەھنى بۇ سوز مىسلى باغ،
چىكىپ تىلنى ئانداغكى شوئلە چىراغ.

كى ئەي دەشتى ئىچرە، شىتا بەندەئى،
بىلىڭ كەلدى چۇ يەندەيا بەندەئى.

مۇرادىڭنى تاپتىڭ سەن ئەي بول ھەۋەس،
تاپىپ سەن نەچە ئىستەگەن سوزنى بەس.

سوزۇڭنى بايان ئەيلەگىل بىھىجاپ،
كى باردۇر بۇ يەردە سوئالۇ-جاۋاپ.

سوز ئەيتۇرغە تۇردى ئەدەپ بىرلە ئول،
بايان ئەتتى بىر-بىر تەرەپ بىرلە ئول.

ئىشتىڭ سوزۇمنى شەھا سەر-بەسەر،
جاھان خەيلى ئىچرە مەنى مانى دەر.

چۇ نەققاشلىق بىرلە مەئمۇر ئىدىم،
مۇسەۋۋەر دىبان ئەلگە مەشھۇر ئىدىم.

مۇساپىردىن ئولدەم يەنە سوردى شاھ،
كى قالغان سوزۇڭنى دىگىل نىكىخۋاھ.

مۇساپىر دىدى نەچچە سوزلەر بايان،
يەتتى ئىقلىم ئىچرە يۇرۇپمەن راۋان.

جاھان ئىچرە كوردۇم ھەمە بارىنى،
تاماشالەر ئەتتىم يەمەن سارىنى.

بەسى تاجىر ئەھلى قىلىپ جۇستىجۇ،
كىلىپ بولدى بىر-بىر ماڭا رۇبە-رۇ.

www.uyghurkitap.com



بۇلارنىڭ ئاراسىدە بىر تاجىرى،
غەنالىقدا مانەندى يوق نادىرى.

ئانىڭ مالى ئېردى ئەدەددىن فۇزۇن،
نە كىم ئىستەسە باردۇر ھەددىن فۇزۇن.

ۋە لېكىن بار ئېردى ئاڭا بىر پەرى،
دىلئارام ئاتلىغ پەرى پەيكەرى.

ئانىڭ ۋەسفىنى قىلمادىم مەن گادا،
ناۋايى كىتابىدا قىلمىش ئادا.

ۋە لېكىن جامالدىن ئارتۇق ناۋا،
قىلۇر ئېردى ھەر لەھزەدە مىڭ سادا.

ئىشتىسە كىشى ئول نەۋا سازنى،
ئۇلۇر ئېردى بىشەك قويۇپ رازنى.

كەنىزەكنى خۋاجە بەھا قىلدىلەر،
غەنا ئەھلىنى مۇپتىلا قىلدىلەر.

ئاڭا گەنج گەۋھەر باھا بولمادى،
خەرىدار كامى راۋا بولمادى.

ھەمە خەلق ئانداغ ئاڭا ئېھتىياج،
بولۇپ ئاجىز ئالماق ئۈچۈن ئەھلى تاج.

چۇ بەھرام ئىشتتى خەمۇش ئەيلەدى،
خەمۇش يوقكى بىل تەركى ھۇش ئەيلەدى.

دىدى شاھ ئاندىن كېلىپ ئەقلغە،
ئانىڭ جانىمدىن تۇرۇپ نەقلغە.

دىگىل بارمۇ ئاندىن نىشانە ماڭا،
ئول ئەيدىكى باردۇر نىشانە ساڭا.

ئالىپ قوينىدىن دەرمەھەل سۇرەتىن،
تۇتۇپ بەردى فىلھال ئانىڭ ھەيئەتىن.

كورۇپ شاھ ئانى بولۇپ ئەقلى لال،
بولۇپ مەست قالماي تەندە مەجال.

بۇ سۇرەت كى بولدى بەلا جانىغە،
كى دىۋانىلارنىڭ كىرىپ سانىغە.

ئەيىتكىم بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى نىمە،
ۋىسالىغە يەتمەك خىراجى نىمە.

دىدى مانى چاپتۇر ئاڭا نىك راي،
كېلۇر سەئىي بىرلە قولۇڭغە ئول ئاي.

يەمەن خانى قىلسۇن باھاسىن ئانىڭ،
مۇنىڭ بىرلە ھاسىل مۇرادىڭ سېنىڭ.

پۈتۈلدىكى خاقانغە بىرنامەئى،
باھاسىنى قىلماقغە ھەنگامەئى.

ئالىپ ئەلچىلەر يولغە بولدى راۋان،
تەگو پوي ئۇرۇپ دەشتى تاغۇ ـ داۋان.

**شاھ بەھرام دىلئارامنى ئالىپ كەلمەك ئۈچۈن يەمەن خانىغا نامە پۈتۈپ ئەلچى ئىبەرگەنى ۋە خاقان نامە مەزمۇنىنى ئىشىتىپ، بىجاندىل قەبۇل ئەيلەپ دىلئارامنى ئەلچىگە قوشۇپ بەرگەنى ۋە شاھى بەھرام ئانىڭ ۋىسالىدىن كام تاپقانى**

چۇ ئەلچى يەمەنگە خىرام ئەيلەدى،
نە يەڭلىغ كى بەھرام كەلام ئەيلەدى.

كىرىپ يولغە ئانداغكى بادى سەبا،
شەھىنشەھ سوزىنى كەتۇرگەي بەجا.

بۆلەر داخىل ئولدى يەمەن شەھرىگە،
تۆشۆردى يەمەن شاھى ئوز قەسرىگە.

تۆتۆپ بەردى خاقانغە ئول نامەنى،
چېكىپ ئېردى بەھرام ئاڭا خامەنى.

ئاچىپ كوردى نامە سوزىن ئاڭلاغاي،
نە نەۋئ ھوكۆم ئەتمىش ئانى تىڭلاغاي.

ئوقۆپ رەقسەسىدىن خەبەر تاپتى ئول،
قويۆپ جانغە مىننەتلەر ئەتتى قەبۆل.

كىشى بۆيىرۆدى خۋاجەنى يەتكۆرۆڭ،
ھايال ئەيلەمەڭ تىز ھوكمۆم سۆرۆڭ.

يېتىپ كەلسۆن ئەلھال كەنىزى بىلە،
دىلئارام گۆلگۆن مەڭىزى بىلە.

ئالىپ كەلدى تاجىر ئوشۆل ماھنى،
كى سۆرئەت بىلەن ماھى دىلخاھنى.

يەمەن شاھى سوردى باھاسىن ئانىڭ،
بېرۆر مۆژد ئىلە ئىقتىزاسىن ئانىڭ.

چۆ ئەلقىسسە تىندى ئانىڭ قىممىتى،
نەكىم چىن خىراجى ئىدى تىنتى.

تامام ئولدى بەيئى شەرايى ئانىڭ،
كى يانماقغە ھەم ماجراسى ئانىڭ.

ئالىپ يۆردى قاسىد پەرىۋەشنى تىز،
قىلىپ ئېھتىرام ئانى جاندىن ئەزىز.

چۆ بەھرام قالىپ ئېردى ھىجران بىلە،
پەرى ئىشقىدا نالە گىريان بىلە.

ئوي ئىچرە كى سائەت تۆرا ئالمايىن،
نە باغ ئىچرە ھەم ئولتۆرا ئالمايىن.

بۆ ئىشلارغا مانى بولۆپ ھەم مولۆل،
دەر ئېردىكى پاتراق ئول ئولسە ۋۆسۆل.

بىناگاھ قاسىد يېتىپ كەلدى پات،
ئاڭا خۆشخەبەرنى دىدى بى سەبات.

شەھەنشەھ ئىشىتتى بۆ گوپتارىنى،
يېتىپ كەلدى دەپ ماھى رۆخسارىنى.

كېلىپ تۆشتى ئوردا ئارا ئول گۆرۆھ،
تۆشۆپ شەھرى ئىلغە ئالالا شۆكۆھ.

دىدى راست ئەيلەپ ھەرەمخانەنى،
ئالىپ كىر ئىچىگە بۆ جانانەنى.

نۆزۆل ئەتتى رەۋزە ئارا ھورى زاد،
داغى شاھ بەھرام ئالى نىژاد.

كىرىپ كوردى مەھۋەشنى ئول بىقەرار،
كېتىپ ھۆشىدىن شاھ بى ئىختىيار.

يولەپ ھورى فىلھال ئانىڭ باشىنى،
كوزىن ئاچتى توكتى ۋە قان ياشىنى.

دىدى شاھ مېھرى دۆرەخشانىمۆسەن،
كوڭۆل ئەۋجىدە ماھى تابانىمۆسەن.

ساچىڭ جان قوشىغە كەمەندەمۆدۆر،
جۆنۆن ئەھلىغە پايى بەندىمۆدۆر.

ئېرۆر كىرپىگىڭ ئوق، قاشىڭمۆ يادۆر،
كوڭۆل زەخمى ئىتەرگە مۆھەييامۆدۆر.

كوزۆڭ ئىشق ئىلىگە بەلايى مۆدۆر،
لەبىڭ جان بېرۆرگە داۋايى مۆدۆر.

بۆ يەڭلىغ دىدى نەچچە شېرىن سۆخەن،
ئىشىتتى بۆ سوزلەرنى سىمىن بەدەن.

www.uyghurkitap.com



نى دەي ئۇزگە ئىشنى كى پىنھان ئېرۇر،
خرەد مەند ئەھلىغە ئەيىيان ئېرۇر.

چىنان جەننەت ئىچرە چىكەر ئېردى جام،
بۇ ئادەتتە ئېردى ئىشى سۇبھى شام.

شەھىنشاھ تاپتىكى ئۇزگە مەنى،
يەنە ئۇزگە مەنى بىل دىلئارامنى.

مۇغەننى سورۇدى بولۇپ مەجلىسى،
دىلئارام ئىلە قىلدى ئىشرەت بەسى.

كوزىن لەھزە ئالماي جامالىدىن ئول،
قۇلاغىنى نەغمە نەۋاسىدىن ئول.

نەۋا چەكسە گەر ئول بۇ تارتىپ پىغان،
يۈزىن كورسە ئەۋۋەل تالاشىپ بۇ جان.

بۇ يەرگە يېتىشتى شەھىنشەھ ئىشى،
ئۇلۇس بىرلە قالماي ئىشى ياز ـ قىشى.

ئۇتۇپ توت ـ بەش يىل بۇ ھالەت بىلە،
جاھان ئەھلى بولدى مالالەت بىلە.

قىلۇر ئېردى شۇكۇھ شىكايەتنى كوپ،
كى شەھ بائىسىدىن ھىكايەتنى كوپ.

بۇ نەۋئ ئاتا ئىشق ئەتتى شەھنى ئەسىر،
چىنان ئىشق ياسى ئاتا ئۇردى تىر.

بولۇپ پىكرى ئانىڭ ھەمۇل ئاي بىلە،
داغى زىكرى ۋردى ئىدى ۋاي بىلە.

ئەگەر قىلسا ناگاھ شەھىنشەھ شىكار،
دىبان دىلبەرىنى مىنىڭ بىرلە بار.

**شاھ بەھرام شىكارغە چىقىپ دىلئارام بىرلە بىر پىشەدە ئەيشى ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولغانى ۋە ئول يەردە بىر كىيىكنى دىلئارامنىڭ مۇددىئا ـ سىدەك سەيد ئېتىپ، دىلئارام ئىستىغنادىن تەئسىن قىلماغانىدا، شاھ بەھرەم غەزەپىدىن ئانى بىر پىشەگە تاشلاغانى، يەنە پۇشايمان بولۇپ، ئۇزى ئىستەپ تاپالماي ئانىڭ ئىشقىدا بىقارار بولغانى**

چۇ بەھرام بولدى سەياھەت شىئار،
چىقىپ مەھۋەشى بىرلە قىلدى شىكار.

كىرىپ تاغۇ ـ دەشتى بايابانەنى،
ئالىپ چىقتى ھەمرەھ خۇش ئەلھاننى.

يۇرۇر ئېردى ئانداغكى سۇرئەت بىلە،
بەسى لەشكەرۇ ئەھلى جۇرئەت بىلە.

بار ئېردى بۇ پىشە ئارا خۇش ھاۋا،
ماكانىكى گويا گۇلىستان نەما.

بۇ مەنزىل ئارا تىكتىلەر بارگاھ،
مەجالىس قۇرۇپ ئول پەرى بىرلە شاھ.

ئىكۇۋلەن قىلىپ ئەيشى ـ ئىشرەتنى تەي،
شەھىنشەھغە دىلبەر تۇتار ئېردى مەي.

بولۇپ مەست مەي زوردىن پادشاھ،
نەۋازىشلەر ئەيلەپ تۇرار ئېردى ماھ.

بىناگاھ غەزالى بارۇر ئېردى تىز،
كى سۇرئەتدە بادى سابادەك سەتىز.

ئۇق ئاتماقغە شەھ ئانچە قادىر ئىدى،
مۇرادىچە ئۇق ئاندا زاھىر ئىدى.

دىدى شاھ: چۇن ئەي پەرى تەلئەتى،
غەزالنى كوردۇك قىلۇر سۇرئەتى.

دىگىل قايسى ئەزۇيغە تەگسۇن باشاق،
مىنىڭ ۋەرزىشىمنىڭ كامالىغە باق.

دىدى شاھى بەھرام نازۇك نىھال،
ئاتىپ ئوق بىلە سال قولغە شىكال.

يەنە سۇگرە ئاتغىل جەرىھ ئەت ئانى،
يىراقدىن كى ئانداغ زەبىھ ئەت ئانى.

چۇ شەھ بىلدى ئانىڭ تەمەننىاسىنى،
تەپەككۇرلەر ئىلە مۇئەممىاسىنى.

سىمىنبەر سوزىن شاھ قىلدى پەزىر،
ئالىپ ساغدا قىدىن ئاگا ئاتتى تىر.

تېگىپ ئوق غەزالنى بەند ئەيلەدى،
ئىككى قولغە ئوقنى كەمەند ئەيلەدى.

يەنە سۇگرە ئاتتى كىيىككە بىر ئوق،
ئوتۇپ بوغزىدىن مەرك بولدى يوق.

نە سوزنى دەپ ئېردىكى ئول دىلرەبا،
ھەمىن سائەت ئىچرە كەتۇردى بەجا.

بەجا كەلتۇرۇپ شەھ سوزىن ھەر بىرىن،
ئاگا دىلرابا قىلمادى ئافەرىن.

دوئاسىغە شەھنىڭ تىلىن چەكمەدى،
قىلىپ ناز ئوليان كوزىن تىكمەدى.

دىدىكىم بۇ ئىشلارنى ھەركىم قىلۇر،
بۇ ۋەرزىش ئېرۇر كىمسە كوزگە ئىلۇر.

دىدى شوخ بۇ نۇكتەلەرنى رەۋان،
بۇ سوز كەلدى شەھنىڭ دىلىغە گەران.

غەزەپ بىرلە سالدى قاشى ئوزرە چىن،
بولۇپ خەشىم تۇتتى سىمىنبەرگە كىن.

ئانى سەلتەنەت غەيرىتى زور ئېتىپ،
ئول ئايغە تەلەتتۇف كوزىن كور ئېتىپ.

چۇ قەتل ئەيلەمەككە خىيال ئەيلەدى،
پەرىۋەشنى ئازەردە ھال ئەيلەدى.

دىدى بەئزەلەر بۇ سوزۇڭ خوپ ئەمەس،
قىلىچىڭ زىنانلەرغە مەرغۇپ ئەمەس.

دىدى شەھ قىلىڭلار كوزۇمدىن يىراق،
كى ھەر نەچچە بولسە مالاھەتتە تاق.

سىپەھلەر بەيابان سارى قىلدى ئەزم،
پەرىۋەشنى قىلدى سوئۇبەتكە جەزم.

ئالىپ باردى مەھۋەشنى ۋادى ئارا،
بۇ ۋادى ئىدى ئانچە مىھنەت سەرا.

نەسۇ بولغاي ئانداكى نە سەبزە نار،
نە ۋەھشۇ نە تەيرۇ نە جان ئاندا بار.

ئىكى كىسۇيىدىن كەمەند ئەيلەدى،
باشىدىن ئاياغىچە بەند ئەيلەدى.

ئولۇس كوڭلىنى كاكۇلى قىلدى سەيد،
ئوزىن بوينىغە ئاقىبەت قىلدى قەيد.

پەلەك چۇن سەنەمگە جەپا باشلادى،
ئەۋانلار جەزىرە ئارا تاشلادى.

قىلىپ جەۋرىلەر ماھى رۇخسارىغە،
تەگۇپۇ ئۇرۇپ كەلدى شەھ سارىغە.

شەھىنشاھ ئېرۇر غەزەپ بىرلە مەست،
مەيى خەشمىدىن بولماغان كوڭلى پەست.

www.uyghurkitap.com



مۇڭلۇك دەقىقىغە ئىچەر ئىردى مەي،
غەزەپ ئارتار ئىردى ئاگا پەي بە پەي.

كى مەي زورى بىرلە خاراپ ئىردى شاھ،
يىقىلدى ئۇ يەردە تاپىپ خۋاجگاھ.

سەھەر ۋاقتى قوپتىكى شەھ ئويغانىپ،
خۇمار ئىچرە جىسمى ئانىڭ تولغانىپ.

كورەركىم ياندا دىلئارامى يوق،
دىمەيكىم دىلئارامى يوق كامى يوق.

دىدى قايدا يار مىنىڭ مەھۋەشىم،
قانى مۇنىسىم دىلرابا دىلكەشىم.

بايان ئەتتى قىلغان ئىشنى ئەۋان،
ئاگا تير بولدى مۇنەۋۋەر جەھان.

قويە سالدى باشىن تەپەككۇر بىلە،
كېلىپ خاتىرىغە ئىشى پۇرگىلە.

كېسىپ ئوز قولى بىرلە ئوزنىڭ باشىن،
پۇشايمان بىلە توكتى كوزدىن ياشىن.

نادامەتلەر ئەيلەپ بەسى چەكتى ئاھ،
دىدى مەھۋەشىمغە بولاي ئوزرى خۋاھ.

ئانى ئىزدەمەككە ئوزى ئوغرادى،
كى ھەسرەت تىشتىدىن قولىن توغرادى.

تاپاي قايدا بولسا نىگارىمنى مەن،
قىلاي سەدقەسى جانۇ — زارىمنى مەن.

تىرىك بولسا ئەيلەي ئوزۇمنى پىدا،
ئېرىپ جانى جانانى ئەيلەي رىزا.

ئولۇك بولسىمۇ ھەم ئانى بىر كورەي،
ئوزۇمنى قىساسى ئۇچۇن ئولتۇرەي.

يېتىپ فۇرقەتىدىن كى ئاغزىغە جان،
قوپۇپ بولدى ۋادى يولىغە راۋان.

كېزىپ تۇنۇ - كۇن كىرپىگىن ياپمادى،
يۈرۈپ پىشە ئىچرە ئانى تاپمادى.

ۋىسالىدىن ئولغان ئۇچۇن نائۇمىد،
پۇشايمان بىلە چەكتى ئاھى شەدىد.

دىدىكىم نە قىلدىم بۇ جانىمغە ۋاي،
جاھان تىرە بولدى قايان باردى ئاي.

يۈرۈپ دەشتى ئىچىدە بۇ ئاشۇپ ئىلە،
بولۇپ جانى ئانداغ لەكەد كوپ ئىلە.

كېتىپ تەختۇ - بەختى ئانىڭ يادىدىن،
بولۇپ بىخەبەر مۇلۇك ئابادىدىن.

قىغان ئەيلەر ئىردى بايابان ئارا،
بولۇپ بىر شەھەر خەيلى ۋەيران ئارا.

سۈرۈپ تەگرەسىدىن خەلايىقنى ئول،
ياتار ئىردى خىمە ئىچىدە مۇلۇل.

ئۇزەر ئىردى ھەر شەپ تەنىن تىشلەبان،
ئىتى تۇئمە قىلماقغە باغىشلابان.

دىدى ئەل بولۇپتۇر پەرىدىن ئەسەر،
ۋەيا دىۋەلەردىن يېتىپدۇر زەرەر.

مۇلازىملىق ئەيلەر ئىدى شاھلەر،
ئانىڭ قوللۇغىدا دىل ئاگاھلەر.

يەنە بەگلەرىكىم كىچىگۇ - ئۇلۇغ،
بارىسى يالاڭباش ساقالى يۇلۇغ.

ئانىڭ قايغۇسىدا بولۇپ بىقارار،
كى ھاتەم ئىلىدەك بولۇپ سوگۋار.

بىلىندىكى ئەفغان ئاتا سود ئەمەس،
نادامەت بىلە چارە مەۋجۇد ئەمەس.

مۇلازىملارى ئەتتى كوپ مەسلىھەت،
قىلۇر ئېردى ھەر تەۋرى ئىلە مەشۋەرەت.

تاپىپ رايى ئاخىر بۇ يەرگە قارار،
داۋا ئەيلەسەك پەست بولۇر بۇ شەرار.

بۇ ۋادىدا لايىق ئەمەستۇر داۋا،
ھەكىم ھەم بۇ ئىشلارنى كورمەس راۋا.

مەھاپە ئارا سالدى بەكرامنى،
شەھەر سارىغە قويدىلەر كامنى.

## شاھ بەھرام دىلئارامنىڭ پىراقىدا دىۋانە بولۇپ، ھوكۇمالەر ئانىڭ ئاشىپتە دىماغىغە ئىلاج قىلغانى، سەۋدانىڭ دەفئى ئۇچۇن يەتتە ئىقلىم پادىشاھلەرى يەتتە قەسرى بىنا قىلغانى

سەرىر ئوزرە بەھرام تۇتتى قەرار،
بولۇپ كوڭلىدىن ئەقلى ھۇشى پەرار.

ئولۇك يەڭلىغ ئولدى ئاتا جىسمى رەخت،
بولۇپ تەختىدەك يانى ئاستىدا تەخت.

بىراۋ تەخت ئوزرە ئېرۇر مەئمەنى،
بولۇر تەختى ئاخىر ئانىڭ مەسكەنى.

يەنە شام خەيلى يېتىپ كەلدى تىز،
جەھان سەفھەسىگە بولۇپ مۇشكى پىز.

يېتىپ مۇشكىدىن شاھ مەغزىغە ھۇش،
كوزىن ئاچتى ـ يۇ بىردەم ئولدى خەمۇش.

يەنە خاتىرىغە يېتىپ مەھۋەشى،
چۇ گەردۇنغە يەتتى ئانىڭ سوزىشى.

بولۇپ بورناغىدىن يۇز ئانچە خەراپ،
قىلىپ ئىشق ئوتى باغرىن ئانىڭ كەباپ.

بولۇپ تاڭغە تەگرۇ بۇ ئەھۋالدا،
قىلىپ تاڭ يەلى ئەسرۇ بەدھالدا.

نەچە كۈنلەر ئوتتى بۇ ئەتۋار ئىلە،
بولۇپ ھىجرىدىن جىسمى بىمار ئىلە.

كورۇپ يىغلار ئېردى سىپاھى ھەمە،
قىلۇرلار ئانىڭ ھالىدىن ۋاھىمە.

دىدىلەر كى شەھغە قىلالى ئىلاج،
بولۇبدۇر نەھىب ساھىب تەختۇ ـ تاج.

تەبىب ئېيتتىكىم ئانچە ماھىر ئىدى،
بۇ شەھ مەسكەنى ئىچرە ھازىر ئىدى.

ئەتىبا گورۇھىن ئالىپ كىردى پات،
دىدى شەھغە بەرگىل كېسەلدىن نىجات.

كى تا سەھەت ئولغاي داۋا بىرلە ئول،
تەبىب ئەھلى قىلدى بۇ سوزنى قوبۇل.

بولۇپ ھوكمەت ئەھلى تەپەككۇر بىلە،
جوۋاپ ئەيدى ئانداغ تەسەۋۋۇر بىلە.

كى بۇ سوزلەرىڭنىڭ بارى چىن دۇرۇر،
ئىلاج ئەيلەمەك بىزگە كوپ قىيىندۇرۇر.

زەئىپ ئولسا گەر ھىجرى ئوتىدىن كىشى،
دەۋا بولالماس ھەرگىز ئەتىبا ئىشى.

سالۇر بولسە فۇرقەت كوڭۇل ئىچرە تاب،
كېرەك ۋەسلى دەرياسىدىن قەترە ئاب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىگە ئېرۇر خەلتەدىن ئىللەتى،
ۋە يا بەلغەمدىن يېتەر زەخمەتى.

ئېرۇر بىزگە ئاسان ئىلاج ئەيلەمەك،
داۋا بىرلە سىھھەت مەزاج ئەيلەمەك.

ۋەلى شەھ كى بولمىش زەئىپى پىراق،
تەبىبلەر ئىلاج ئەيلەمەكدىن يىراق.

بۇ نەۋئ بولسە ھەم شەھغە سەئيى ئەتكەمىز،
ئىلاج ئەيلەبان جەھد كورسەتكەمىز.

تەبىب ئەھلى بۇ نەۋئ سۇرئەت بىلە،
شەھەنشەھ ئىلاجىغە جۇرئەت بىلە.

ئاگا چارە تاپماقغە جەزم بولۇپ،
ھەممىشە قاشىدا مۇلازىم بولۇپ.

يەنە يۈز كىشىكىم ئىبادەت قىلىپ،
تىلەر شەھنى ھەقدىن رىيازەت قىلىپ.

ئىلاج ئەيلەر ئېردى قىلىپ جوستىجۇ،
نىياز ئەھلى ئەيلەر ئىدى كوپ غۇلۇ.

بۇلەر قىلدى ئانچە داۋا ۋە تەلەپ،
سەھەتلىككە بولدى دۇئا ۋە سەبەپ.

غىزادىن يېتىشتى تەنىغە مەدەد،
دىماغى ئارا كىردى نۇرى خىرەد.

بۇ مىقدار رەنجۇرى تاپتى شىپا،
كوڭۇل كوزگۇسى تاپتى ئەندەك زىيا.

ھەكىم ئەھلى قىلدى بۇ نەۋئ مەسلەھەت،
ئىشنى قىلغىكىم تاپار شەھ سەھەد.

بۇ ئىشنىڭ بىر سەبەبى ئىمارەت ئېرۇر،
تەماشاسى ئانىڭ نەتىنجە بىرۇر.

ئانىڭ تەرھىنى قىلسۇن ئۇستادىلەر،
مۇھەندىس خىرەد مەند ھۇنەر زادىلەر.

چۇ ئەركانى دەۋلەت بۇ ئىشغە شىتاب،
قىلىپ سەئىلەر نەچە ئالى جىناب.

كېلىپ يەتتە ئىقلىم شەھەنشاھلارى،
كى بەھرامدىن كوڭلى ئاگاھلارى.

چۇ بەھرامنىڭ ھالىنى كوردىلەر،
ئاياغىغە ئانىڭ كوزىن سۇردىلەر.

بۇلەر شەھغە گويا ئىنى يا ئوغۇل،
كى خىزمەت قىلۇرغە ئىدى مىسلى قۇل.

بارى جاندىن ئىستەپ دەۋاسىن ئانىڭ،
تىلەپ كېچە ـ كۈندۈز شىپاسىن ئانىڭ.

ئاگا ھەر بىرى ئىستەبان خىزمەتى،
شەھەنشاھ تاپسە دىبان سىھھەتى.

ئىمارەت ھەدىسى بەسى تاپتى تۇل،
زەمىن ئۆپتىيۇ قىلدى شەھلەر قەبۇل.

بېلىن باغلادى يەتتە ئىقلىم شەھى،
ئىمارەت قىلۇرغە بولۇپ ئاگەھى.

كېچە ـ كۈندۈز ئەتكەي بۇلار ئىھتىمام،
ئىمارەت ئىشىن تاكى قىلغاي تەمام.

بار ئېرىكى شەھ قەسرىگە يەتتە يول،
مۇئەييەن ئىدى يەتتە ئىقلىمغە ئۇل،

ئۇل ئىشكە قىلىپ ئەزم شەھلەر بارى،
يول ئۆزرە بارۇر ئۆز دىيارى سارى.

قىلىپ قەسرىلەر چەرخى ئاسا بەنا،
كى مۇنداغ بىنا يوق جەھاندا يەنا.

جاھان ئەھلى ئىچرە نەۋالەر تۇشۇپ،
مۇلكى خەيلىغە ھەم سەدالەر تۇشۇپ.

فەلەك ئايى كۇندىن تۇشۇپ بەردى خىشت،
ياسالغاي دىبان يەر يۇزىدە بىھىشت.

نەزەر قىلسە ھەركىم ئانىڭ تاقىغە،
مىسالى ئەيلەبان چەرخنىڭ ساقىغە.

ئاڭا شەكلى پەيدا بولۇپ ھەر زەمان،
تاماشاھ ئۇچۇن شاھ بولدى رەۋان.

**يەتتە پەلەكدەك يەتتە قەسىرنىڭ بىنا تاپقانى ۋە مانى مۇسەۋۋەر ھەر قەسىرنى ئۇزگە رەڭ بىلە نەقىشبەندىلىك قىلغانى، داغى يەتتە ئىقلىمپادىشاھى قىزى بىلە ئەقىد قىلغانلارى، ھەپتەنىڭ ھەر كۇنى بىر قەسىردە بىر پادىشانىڭ قىزى بىلە بەزمە ئارالىغ قىلغانى**

چۇ يەتتە ئەقالىم شەھىنشاھلارى،
تەمام ئەتتىلەر قەسرلەرنى بارى.

يەنە سەھھەتىغە سەبەپ بولغىل سەن،
كى تەبئىغە دەفئى تەئەب بولغا سەن.

ۋەلى قەسىرلەرنى تەمام ئەتكۇچە،
تاپىپ شەھ سەھەت قەسرلەر پۇتكۇچە.

قىلىپ قەسىر ئارا يىشىن بى دەرەڭ،
يەتتە قەسىرنى ئەيلەگىل يەتتە رەڭ.

قىلىپ قەسرلەرغە نەزەر ھەر زامان،
كى سەۋداسىدىن تاپىپ لەھزە ئامان.

ئىشىتتى بۇ سوزلەرنى مانى يۇ ـ فەرد،
قەبول ئەيلەدى بۇيرۇغىن نىك مەرد.

تامام ئەتتى بونياد تەئمىرنى،
كورەردىن يىراق ئولدى تەسۋىرنى.

سەرەنجامىغە مانى ئەزم ئەيلەدى،
كى نەقىش نىگارىغە جەزم ئەيلەدى.

بولۇپ ھىكمەت ئەھلى ئىشى بىر تەرەپ،
دىدى نەقىش بىرلە يىتىشىپ شەرەپ.

قىلىپ نەقشۇ مۇسەۋۋەرنى جەمئ،
دىدى بۇيرۇغۇمنى تۇتۇڭ بارچە سەمئ.

كى نەققاشلار ئەيلەبان ئىھتىمام،
قىلىپ نەقشلەر قەسرىن ئەتسۇن تامام.

بۇ نەققاشلەرغە ئىشىن بۇيرۇبان،
تۇگەتتى ئىمارەت ئىشىن بىگۇمان.

تەلەپ ئەيلەدى مانىنى ئول زامان،
كى ئەي نەقىش ئىشىدا بالايى جاھان.

كېلىپ قەسرىغە شاھ ھەر سۇبئى ـ شام،
نەزەر ئەيلەر ئىردى ئىچىگە تامام.

قىلىڭ نەقىش بىرلە مۇزەييەن بۇ قەسىر،
تەرەپ ئەيلەسۇن قەسرىدە شاھ ئەسىر.

بۇ نەيرەڭغە بەھرام مايىل بولۇپ،
ئانىڭ بىرلە سەۋداسى زايىل بولۇپ.

چۇ سەن بولغان ئىردىڭ بۇ ئىشغە سەبەپ،
كى شەھغە يىتىپ ئىردى سەندىن تەرەپ.

ۋەلېكىن قالىپ ئىردى ئەندەك غۇبار،
كوڭىل كوزگۇسى ئىچرە تاپقان قارار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەببلەر يەنە ئەتتى تەدبىر ئاڭا،
نى كىم قالماغاي ئەسلى تەغيىر ئاڭا.

ھەكىم ئەھلى چۈن كورگۈزۈپ ئىشتەقال،
كى شەھ زەئىغىغە يەتسە قۇۋۋەت مەجال.

بۇلار ئەيدى پۈتتى بۇ يەتتە قەسۇر،
يەتتى قەسىر ئىچرە كىرەك يەتتە ھـور.

بۇ شەھلەرگە ئىقلىم ئوزە سەرۋەرى،
پەرى يەڭلىغ ھەر بىرىگە بىر دۇختەرى.

بولۇپ بارچە قىز ھوسنى جان ئاپەتى،
دىمەي ئاپەتى جان، جاھان ئاپەتى.

بايان ئەيلەمەكدە خەرەد ئەھلى لال،
قەلەم نۇكتە سۈرمەكدە يوقتۇر مەجال.

ئۇلار ھۇسنى ئەھلىغە فايىق ئىدى،
كى بەھرام ئەقدىغە لايىق ئىدى.

يىتىپ يەتتە قىزنىڭ ئاتاسىغە سوز،
ئىشتىگەن زامان شەھ سارى قويدى يۈز.

بۇلار كەلدى شەھ ئالىغە يەر ئۆپۈپ،
بىرىنىڭ مالىمىز سەدقىگىمىز ئاز كوپ.

دىدى بىرگە بولسە مۇيەسسەر بۇ ئىش،
ئۇلۇغ مەرتەبە بىزگە مۇنداغ رەۋىش.

بۇ سوز تويى ئىشىغە قەرار ئەيلەدى،
كى راھەت يىتىپ غەم فەرار ئەيلەدى.

ئالىپ كەلدى قىزلارنى قىلدى نىكاھ،
كى ھەرقايىسىنى بىر قەسىر ئارا ئىچتى راھ.

كەل ئەي ساقىيا تۇت مەيى شىشەدىن،
ئۇنۇتتـۇر كوڭىل ئىچرە ئەندىشەدىن.

ئاياغىم جاھان تەختىدىن ياشۇراي،
باشىم شاھلىق تاجىدىن قاچۇراي.

جاھان شوغلىنىڭ بارچەسىن تەرك ئېتەي،
فەنا دەشتىدە مەقسەدىمغە يىتەي.

يىگىتلىكتە ئەزم ئەيلەگۇم بى ھەيال،
كى شايد يولۇقغاي ماڭا ئول جەمال.

**شەنبە كۈنى شاھ بەھرام مۇشكىغام لىباسى كىيىپ، گۇنبەزى مۇشكىنىغە خىرام قىلىپ، مۇشكىبۇي مەھۋەشى بىلە بادەئى مۇشكىبۇي نۇش ئەتكەنى**

كىرىپ روز شەنبە چۇ بەھرام شاھ،
قىلىپ قەسىر مۇشكىننى ئارامى گاھ.

چۇ تەخت ئوزرە ئولتۇردى جەمشىددەك،
تۇرۇپ مەھۋەشى ئالدىدا خۇرشىددەك.

ئىچۇر ئىبردىلەر بادەئى مۇشكىبۇ،
سىمىنبەر ئاڭا قىلدى كوپ گۇفتگۇ.

ھەكىم ئەھلى ئەمىرئەتتى بۇسۇ كەنار،
ۋەلى ئوزگە ئىشدىن قىلىگىمىز قەرار.

چۇ شام ئولدى، كۈندۈز كۈنىن ياشۇرۇپ،
قۇياش يەڭلىغ ئول مەھ ئوزىن ياشۇرۇپ.

كىرىپ پەردە كەينىگە خورشىدىۋار،
قالىپ شەھ بۇ تەخت ئۈستىدە بىقارار.

بۇ يەڭلىغ بويۇردى ئىككى خادەمى،
كېتۈرگىل بۇ يول ئۈستىدىن ئادەمى.

كىشى ئۇچراسە كەلتۈر ئايۋانىمە،
كېلىپ تەخت ئۇزە ئولتۇرۇپ يانىمە.

ئىشتكەن سوزنى بايان ئەيلەسۇن،
كى شوردە كوڭلۇم ئامان ئەيلەسۇن.

بارىپ خادەم ئوليان تاپىپ بىركىشى،
جاھانگەردلىغ قىلماق ئېردى ئىشى.

مۇساپىر كېلىپ ئولتۇرۇپ قەسر ئارا،
دىبان پەردە كەينىدە بۇ ماجرا.

## ئەۋۋەلقى ئىقلىمدىن كەلتۈرگەن مۇساپىرنىڭ نۇكتە پەردازلىقى

بار ئېردى شەھىنشاھى ھىندۇ ئارا،
ئەدەدسىز ئىدى خەيلى ھەر سۇ ئارا.

ئاتى ھەسرەت ئېردى لەقەب ئاڭا شاھ،
بار ئېردى بىر ئوغلى نەسەب ئاڭا ماھ.

يىگانە كېلىپ ئەقلۇ دانىش ئارا،
سالىپ ھوسنى ئىشق ئەھلىغە ماجەرا.

ئاتاسى سۇرۇپ قىرىق يىل شاھلىق،
ئولۇس خەيلىغە قىلدى ئاگاھلىق.

ئانىڭ سالى يەتمىشكە يەتمىش ئىدى،
ئاڭا زىندەلىك زوقى كەتمىش ئىدى.

كوڭلىدە ئۇمىد ئېردى بۇ شاھغە،
كى بەزلى ئەيلەسەم تەختىم ئول ماھغە.

بېرىپ ئوغلىغە تەخت ئىلە بەختنى،
قەبۇل ئەتمەي ئول تەخت ئىلە بەختنى.

كېچە قوپتى بىدار ئولۇپ ئول ئوغول،
تاپىپ پەردە ئىچرە ئىبادەتغە يول.

تاڭ ئاتقۇنچە زارئىلە قىلدى نىياز،
كوزى سارىغە مەيىل ئېتىپ ئۇيقۇ باز.

كوزى ئۇيقۇغە مايىل ئولغان زامان،
كورۇندى ئاجايىپ سۇر ناگەھان.

ئوزىنى كورۇپ بىر بايابان ئارا،
ئەدەددىن فۇزۇن ئەل قىلىپ ماجرا.

كورۇندى بۇ خەيلى ئىچرە بىر مەھمەلى،
بۇ مەھمەلكى پەردە مەتائى سەرى.

تەھەررۇكدىن ئولدى نەسىمى سابا،
مەھاپە ئىشىكدە پەردە رەۋا.

شامال ئەيلەدى ھەر تەرەپ پەردەنى،
كورۇندى بۇ شاھزادەغە بىر پەرى.

كوز ئاچىپ كورەر كىم پەرى چېھرە يوق،
ئانىڭ ھىجرىدىن كوكسىگە تەگدى ئوق.

سەپەر ئەزم قىلماقنى قىلدى خىيال،
دىبان مەككە دەشتىدە كورگۇم جامال.

سۇپۇردى قاراڭغۇ خەسنى قۇياش،
كى فەررۇخ دىلىدا غەمۇ كوزدە ياش.

ئاتاسى قاشىغە كىرىپ زار ئىلە،
دىبان مۇددىئاسىنى ئىزھار ئىلە.

بىراۋ ئىشقى سەۋداسىدىن زارىمەن،
ئەگەر رۇخسەت ئولسا سەزاۋارىمەن.

ئۇمىدىم بۇدۇركىم سەپەر ئەزم ئېتەي،
تاپىپ يار ۋەسلى بىلە بەزم ئېتەي.

www.uyghurkitap.com

شەھىنشەھ بۇ سوزنى ئىشىتكەن زامان،
سىر شكىن ئاقىزدى قىلىپ كوپ پىغان.

دىدى ئوغلىغە ئەي كوزۇم روشەنى،
پىراقىڭدا ئولتۇرمە مەن خەستەنى.

يىتىپدۇر بۇ كۇن ئومرۇم ئاخىرغە ۋاي،
ساڭا مۇلكى تەقسىم بىرىپ كوز يۇماي.

نەسىھەتغە كوپ چەكتى تىلنى ئەمىر،
بۇ سوزلەر ئوغۇل كوشغە بولدى تىير.

پىغان ئەيلەدى بۇ ئوغۇل ئانچە تىز،
بولۇپ ھەر زامان ئاھدىن ئەشك رىز.

ئانىڭ سوز شىنى ئاتاسى بىلىپ،
ئوغۇلنىڭ پىراقىن... بىلىپ.

دىدى ئەيلەسەڭ نەچچە مەنئىغە سوز،
كى سود ئەتمەس ئەمدى ياراغىنى تۇز.

چىرىك نەسىپىن ئايرىپ بىرىپ پادشاھ،
خەزانە مەتائىن قىلىپ زاد راھ.

بىرىپ رۇخسەت ئوغلىنى شاد ئەيلەدى،
كى جان بىرلە تەن خەيىر باد ئەيلەدى.

كىرىپ يولغە شاھزادەئى بىقارار،
بارۇر يىغلاماق بىرلە دىۋانەۋار.

بۇ يول ئىچرە ھەمراھىدۇر نەچچە مەرد،
ۋەلى مۇنىسى ئاھ ھەمرازى دەرد.

نامايان بولۇپ دەشتى قۇددۇس ئالىدا،
گورۇھىگە كورگەن ئىدى خۋابىدا.

كوزى تۇشتى مەھەلىغە كىم ناگىھان،
تۇشىدە كورۇپ ئىردى ئانى ئەيان.

ئانىڭ پەردەسىن تۇندە بادى ياتىپ،
كوتەردى ئىچىدىن پەرى كورسەتىپ.

يەنە بولدى گۇلچىھرەغە پەردە پۇش،
بۇ دىۋانەنىڭ مەغزىدىن كەتتى ھۇش.

كىچە قايغۇدىن ئەسرۇ بىدىل ئىدى،
تۇشى كوردى پىرى بۇ نۇكتە دىدى.

كى مەقسۇدىڭ ئولسە ۋسالى تەلەپ،
قىلىپ جۇستجۇ ئەيلە ئەزم ھەلەپ.

كوزىنى ئاچىپ كوردى ئول ناتەۋان،
سەپەر ئەھلى بولمىش بۇ يەردىن رەۋان.

شەھەرگە ھۇنەر خەيلى ئەزم ئەيلەدى،
بۇ ھەم ئاندا بارماقنى جەزم ئەيلەدى.

مۇڭا بار ئىدى نەچچە ھەمراھلەر،
يۇرۇر ئىردى بىرلە كىزىپ راھلەر.

قارا پەردەسىن ياقتى ئالەمگە تۇن،
قارا يەر ئىچىگە نىھان بولدى كۇن.

قالىپ ئىردى شەھزادە كوپ قايغۇغە،
كىتىپ تابىئىنىڭ كوزى ئۇيقۇغە.

كورۇپ خەيلىن ئۇيقۇ ئارا مەستى خۋاپ،
ئالىپ خامە يازدى بولەرغە جەۋاپ.

بۇ نۇكتە يازىلدىكى ئالەم ئارا،
ۋەپا تاپماغۇڭ جىنسى ئادەم ئارا.

مىنىڭ ھالىمە تۇشتى دىشۋارلىغ،
ئەزەلدە مۇقەددەر ئاڭا خۋارلىغ.

يانىڭلار بۇ غۇربەت ئارا تۇرماڭىز،
مىنى ئىزدىمەككە قەدەم ئۇرماڭىز.

يازىپ نامەنى قويدى ئورنىدا ئول،
كى شەھلىق لىباسنى سالىپ تۇتتى يول.

لىباس ئورنىغە كىيدى ئەسكى فەلاس،
دىمەي ئەسكى دىن بەلكى زەررىن لىباس.

قوپۇپ كەتتى مەنزىلدىن ئەيلەپ خىرام،
ھەلەب شەھرىگە ئەيلاپان ئىزدىھام.

مۇلازىملارى زەرۇ سىما ئارا،
ئۇيۇقلاپ قالىپ ئېردى سەھرا ئارا.

كوزىن ئاچتى شەھزادەسىن تاپمادى،
يۈرۈپ ئىزدەپ ئازادەسىن تاپمادى.

ۋە لېكىن كورەر كىم تۇرار نامەئى،
ئوقۇپ كوردى زەممىدە ھەنگامەئى.

بۇلار بولدى ئول نامەغە تۇكتەران،
دىيارىغە يۈز قويدى ئەزم ئەيلاپان.

بۇ سوزنىڭ تەۋىلىنى قىلساڭ ھەۋەس،
ئاچىپ كور نەۋايى كىتابىنى بەس.

كېتىپ ئېردى شەھزادە سۇرئەت بىلە،
كېلىپ كىردى شەھەر ئىچرە فورقەت بىلە.

بۇ فەرخى بۇزۇغ كوسەسىنى تاپىپ،
ياتىپ باشىغە ئەسكى شالىن ياپىپ.

تاپىپ گۇلخەنى كۇنجىن ئەتتى مەقام،
پالاسىن باشىغە ياپىپ سۇبھى شام.

ھەلەب شەھرىدە بار ئىدى بىر سەخى،
ساخاۋەتدە باردۇر شوئارۇ فەنى.

كىبىرىپ كوچەلەر مېھمان ئىستەبان،
**بۇزۇغ** ئىچرە بىخانەمان ئىستەبان.

كۇنى سەيىر ئېتىپ خۇاجە ئول تەۋرى ئىلە،
يېتىپ كام ۋەيرانەغە دەۋر ئىلە.

بىناگاھ كوزى تۇشتى ئول زارىغە،
پىراق ئىچرە بولغان دىل ئەپكارىغە.

كېلىپ ئالدىغە دىدىكىم ئەي غېرىپ،
بەيان ئەيلە ئەھۋالىڭنى بى شكىپ.

قوپۇپ نەتەۋان ئاگا ئەيلەپ سالام،
تەۋازئىلەر ئەيلەپ قىلىپ ئېھتىرام.

دىدى ئەي ئۇلۇغ سۇرما مەندىن سوئال،
دىسەم خەستە ھالىم بولۇرسەن مەلال.

بۇ سوزدىن يېتىپ خۇاجەغە ئىزتىراپ،
مۇھەببەت ئوتى سالدى كوڭلىگە تاپ.

بۇ ئاشىقنى مەركەب ئوزە مىندۇرۇپ،
جىملۇدار ئولۇپ ئويىگە يەتكۇرۇپ.

ئالىپ كەلدى ئالىغە ھەر كۇن تائام،
تەناۋۇل قىلىپ ئاقىبەت بولدى شام.

بۇ مەھزۇنغە تەئيىن قىلىپ بىر ماكان،
كىرىپ غەمدىن ئول ئويىگە تاپتى ئامان.

بۇ ھوجرە مۇساپىرغە خىلۋەت بولۇپ،
كېچە ئاندا ئەندۇ غۇربەت بولۇپ.

قىلىپ ھىجرى ئىچرە ھەزىن نالەئى،
توكوپ ئەشكىدىن يۈزىگە ژالەئى.

ئاگا خىزمەت ئەيلەرگە خادەملەرى،
كىرىپ خىلۋەت ئىچرە مۇلەزىملەرى.

كېچە كوردى خادەم غەرىپ ھالىنى،
قاراڭغۇ كېچە يىغلاغان زارىنى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بۇ خادىم چىقىپ خۇاجەغە ئەرز ئېيتىپ،
غەرىپ ھالىغا خۇاجە تەپتىش ئېتىپ.

نىھانى كېلىپ كۆردى ئول بۇ غېرىپ،
چېكەر ئاندا ئاھۇ-پىغانى چېكىپ.

ۋەلى خۇاجە كورگەن ئېردى نەچچە غەم،
بىراۋ ئىشقىدىن كورگەن ئېردى ستەم.

بىراۋ ئىشقىدىن پەھەم ئېتىپ زارىنى،
سوراي دەپ تەفەھھوس بىلە يارىنى.

كىرىپ خۇاجە ئولتۇردى مېھمان ئىلە،
سوراپ ئىشق سوزىنى تالان ئىلە.

مۇساپىر دەپ ئەسرارىنى ئاشكار،
باشى ئۇزرە كەلگەن ئىشىن ھەرنى بار.

يەنە خۇاجە سوردىكى ئەي باتەئەب،
ھەلەب شەھرىگە كەلمەكىڭ نى سەبەب.

بايان ئەتتى غەمكىن ئۆزىن يارىنى،
ھەلەب شەھرىدە يارىنىڭ بارىنى.

ئانىڭ تۇشتە كورگەن نىشانىنى ھەم،
ۋەلى بىخود ئەتكەن جەمالىنى ھەم.

بۇ سوزدىن تۇشۇپ خۇاجەغە پىچتاب،
سالىپ قوزغالان كوڭلىگە ئىزتىراب.

مۇساپىر بۇ يەڭلىغ نىشانە دېدى،
ھەرەم ئىچرە جوپتىغە سادىق ئىدى.

مۇساپىر سوزىن پەھەم ئېتىپ قىلدى جەزم،
دۇئاسىغە ئۇز مەھرەمىن بىلدى جەزم.

ئېتىپ خۇاجە كوڭلدە كوپ شۇكرىلەر،
جەھاندا تاپىلغاي دېبان بەكرىلەر.

بېرەي مەھرەمىم بۇ دىل ئەفكارىغە،
مۇرادىن بېرەي دەپ بۇ بىمارىغە.

تەلەتتۇق بىلە دېدىكىم ئەي غەرىپ،
ھەمە غەمگە مەتلۇبۇڭ ئولدى نەسىپ.

ساڭا بۇ ئالەم ئاپەتى جان ئېرۇر،
ئىلاج ئەيلەمەك بىزگە ئاسان ئېرۇر.

ئەگەر جانگە ھوسنى ئاپەتدۇرۇر،
پەرى چېھرە بىزگە قارابەتدۇرۇر.

بۇ ئىشدىن سېنى كامىگە يەتكۈرەي،
پەرى چېھرەنى ئەقدى بىرلەن بېرەي.

مۇساپىر توكۇپ شادلىغ ياشىنى،
ئاياغىغە ئانىڭ قويۇپ باشىنى.

دېدى ۋەسلى بىرلەگەر ئەتسەڭ دەۋا،
ئانىڭ ھوسنىدىن بولسە كامىم رەۋا.

ئاياغىڭ ئىزىغە پىدا خەستە جان،
دېمەي خەستە جان بەلكى جانۇ-جەھان.

بۇ مىقدار ئىكوۋ گۇفتەگۇ قىلدى كوپ،
كى كۇن كەچ بولۇپ ئېردى ياتتى ئولۇپ.

سەھەر ھەر تەرەپ خۇتبە چەكتى خۇرۇس،
قۇياش جىلۋە قىلدى نەچۇككىم ئەرۇس.

قوپۇپ ئۇيقۇدىن زۇلمەت ئەھلى بەرى،
بۇ شەھزادەغە يۈز قويدى خۇاجە سەرى.

دېدى ۋەئدەڭ ئىچرە ۋاپا ئەيلەگىل،
مېنى ئىنتىزار ئىچرە ئولتۇرمەگىل.

دېدى خۇاجە ھەممام ئارا ئەي غەرىپ،
كىرىپ ئۆزنى پاك ئەيلەگىل بى شەكىپ.

بۇ مەھزۇن كىرىپ چىقتى كەرما بەدىن،
كېتىپ چىركى ھىجران بۇ ئازادەدىن.

بۇ غەمكىنگە كىيدۇردى زەررىن لىباس،
ئالىپ ئەگنىدىن سالدۇرۇپ كىم فەلاس.

بۇ خۋاجە ئاڭا ھازىر ئەيلەپ تائام،
كىرىپ مەھۋەش ئالغە ئەيلەپ خرام.

بۇ گۈلچېھرە قوپتى نىياز ئەيلەبان،
قىلىپ ئىشۋەلەر قوپتى ناز ئەيلەبان.

دىدى خۋاجە ئى مەھرەمىم بىل ئەنى،
كى بىزگە جۇدالىق يېتىشتى ھەلى.

ماڭا بولغاي ئىردىڭ ھەمىشە ئىنس،
باشىم ئوزە ھەم خابو ۋە ھەم جىلس.

بۇ كۆن باشىمە سەندىن ئولماق يىراق،
پەلەكدىن يېتىپ سەنى قىلدىم تەلاق.

چېكىپ خۋاجە بۇ تەۋر ئىلە كوپ مەقال،
پەرى چېھرە ھەيرەت ئارا بولدى لال.

بۇ گۈلرۇخ ھەزىن ئىلە پەرياد ئېتىپ،
دىدى نىگە بولدۇڭ مەڭا بى نەسىپ.

فەسۇن ئىلە خۋاجە ئاڭا سۈردى دەم،
بىراۋگە سېنى قىلغۇم ئەھلى ھەرەم.

دىبان كىردى مەخزەن ئارا ئول كەرىم،
ئالىپ چىقتى لەئىلى دورری زەررۇسىم.

مۇھەييا قىلىپ ئەيلەمەككە ۋىدائ،
قىلىپ سەرۇ دىۋانەنى ئىجتىمائ.

بىر ئىككى سەلاھ ئەھلىنى يەتكۇزۇپ،
ئوزىن تەۋرى بىرلە نىكاھىن تۇزۇپ.

مۇھەييا قىلىپ نەچە ھەمراھنى،
قوشۇپ كىم يەنە نەچە دىلخۋاھنى.

بۇ مەھزۇنغە كىيدۇردى زەررىن لىباس،
ئالىپ قالدى غەمكىندىن ئەسكى فەلاس.

قىلىپ ھەشىمىدىن قان ياشىنى كۆشاد،
كى بىر - بىر بىلە قىلدىلەر خەير باد.

يانىپ بىر تەرەپ يىغلابان خۋاجە ۋەش،
كىرىپ يولغە بۇ تەۋرى ئىلە دەردىكەش.

يۈرۈر ئىردى يول ئەزم ئېتىپ سۇبەسۇ،
كوڭۇل ئىچرە ۋەسلىن تىلەپ ئارزۇ.

بۇ شەھزادە گۈلرۇخ سارى قىلدى مەيل،
كىرىپ كوردى قان ياشىدىن يۈزدە سەل.

كۆلۈپ دىدى: ئەي مەھۋەشى دىلرەبا،
دىلىڭ ئىچرە نى كەلدى غەمدىن يەنا.

كىشىگە نىكاھ بىرلە قىلماقدا سۈر،
يېتىشۇر ئانىڭ كوڭلىگە يۈز سۇرۇر.

دىدى فەررۇخ ئەيغىل سوزۇڭ ئەي پەرى،
نەچۈكدىن رەۋان بولدى چەشمىڭ تەرى.

رەۋان بولدى گۈلچېھرەغە كوزدە ياش،
بارى سەرگۈزەشتىن ئاڭا قىلدى پاش.

بۇ مەھۋەش سوزىگە ئوغۇل سالدى كۆش،
توكۇپ ئەشكىنى مەغزىدىن كەتتى ھۇش.

يەنە ھۇشغە كەلدى شەھزادە ۋەش،
سوئال ئەتتى ئاندىن كى ئەي ھورىۋەش.

كى ئىشقىن بىلە باشىمە كەلگەنىن،
بەيان ئەيلەرەم ئاڭلا بىر - بىر بارىن.

www.uyghurkitap.com

دىبان سەرگۈزەشتىن بۇ ھەم زار ئىلە،
تەمام ئەيلەدى ئۆلتۈرۈپ يار ئىلە.

يەنە يارى تەسكىنىغە چەكتى تىل،
كى ئەي مەھۋەشىم ماڭا بولغىل سىڭىل.

بۇ سوز بىرلە مەھۋەش دىلىن شاد ئېتىپ،
سىڭىل ئەزم ئىلە مەھمىل ئاباد ئېتىپ.

قىلۇر ئېردىلەر كېچە-كۈندۈز خىرام،
كى ھىندۇستان شەھرىن ئەتكەي مەقام.

ئاتاسى جاھان تەركىن ئەتكەن ئىدى،
جاھاندىن بۇ ھالەتدە كەتكەن ئىدى.

ۋەسىيەت قىلىپ ئېردى ئەي خاسۇ ئام،
بۇ تەخت ئۈستىدە ئوغلۇم ئەتسۇن مەقام.

ئىشىتىپ ئوغۇل كەلگەنىن خاسۇ ئام،
چىقىپ ئالغە ئەيلەبان ئېھتىرام.

ئالىپ كىردى شەھەر ئىچرە شەھزادەنى،
ئاتاسى مەقامىغە ئازادەنى.

چۇ تەخت ئۈستىدە شەھ مەقام ئەيلەدى،
رەئىيەت ئىشىن سۇبھى شام ئەيلەدى.

چۇ سەئيي ئەيلەدىكىم شەھى كامران،
مۇلۇل ئولمىغاي مەھۋەشى مېھمان.

بۇيۇردىكى ئۈز قەسرىدەك مەئمەنى،
ھەلەب شەھرىدە كورمىش ئېردى ئانى.

مۇھەندىس كېلىپ تەرھىن ئەتتى تەمام،
پەرىۋەش بۇ قەسر ئىچرە تۇتتى مەقام.

بولۇپ شەھغە مەھۋەش سىڭىلۇ ئەزىز،
بۇ قەسر ئىچرە ئەمرىن تۇتۇپ يۈزكەنىز.

بايان ئەيلەي ئەمدى ھەلەب شەھر ئارا،
ئىشىت خۋاجە ئەھۋالىدىن ماجىرا.

كوڭۈلنى ئۈزۈپ ياندى گۈلرۇخدىن ئول،
توكۇپ ئەشكىن ئايرىلدى فەررۇخدىن ئول.

ئىكى سەئد ئەختەر كېتىپ بۇرجىدىن،
سەدەف قالدى گوۋھەر كېتىپ دۇرجىدىن.

يېتىپ تالئى كوۋكەبىغە رەۋەر،
كېتىپ ئىلكىدىن دەۋلەتۇ-كەررەفەر.

بۇ ئىشدىن ۋەقوپ ئولدى ئەئدالەرى،
بارىپ شەھغە يەتكۈزدى ئەۋبالەرى.

دىدىكىم بۇ شەھەر ئىچرە بىر خۋاجەۋەش،
بولەك شاھغە بولمىش ئەسبابى كەش.

بۇ ئىشدە ۋە قۇفۇك ئايا بارمىكىن،
سىنىڭ دەۋلەتىڭ تەختىغە قىلدى گىن.

بۇ سوز ئاڭلابان شاھدىن كەتتى ھۇش،
غەزەب بىرلە ئولتۇردى بىردەم خەمۇش.

بۇيۇردى ئانى بەند ئەغلال ئېتىڭ،
ئالىپ مالىنى ئۈزنى بەدھال ئېتىڭ.

چۇ شەھ ھوكۇم بىرلە ئانى بەند ئېتىپ،
ئانى ئەھلى زىندانغە پەيۋەند ئېتىپ.

نەچە كۈن بۇ زىنداندا تۇتتى قەرار،
چىقىپ بىر كۈن ئاندىن قىلىپ كىم فەرار.

قاچىپ خۋاجە ئەزم ئەتتى ھىندۇ ئارا،
كىرىپ سەيىر ئېتىپ كوردى ھەر سۇ ئارا.

كورەر گۈلخەنى كىم نەچەبى نەۋا،
ياتۇر ئاندە بىھۇش ئولۇپ بى دەۋا.

کىرىپ باشقە قويدى بىر پارە خىشت،
فەلاسىن يايىپ باشقە غەم سەرىشت.

باشقە تۇشۇپ خۋاجەنىڭ ئۇشبۇ ھال،
كۆنى سەيىر ئېتىپ ئېردى فەررۇخ جامال.

بۇ ۋەيرانەغە شاھ سالدى نەزەر،
ئۇز ئەھۋالى كوڭلىگە قىلدى گۇزەر.

كورەركىم ياتۇر ناتەۋان خەستەھال،
باشى ئۇززە يۇرتۇغ دۇرۇر ئەسكى شال.

دىدىكىم كوتەر باشىڭ ئەي غەم نەسىپ،
بەيان ئەيلە ھالىڭ ماڭا بى شەكىپ.

بۇ ۋەيرانە باشىن ئاچىپ دىدى ئاھ،
تونۇپ ئاتىدىن ئالدىغە تۇشتى شاھ.

قۇچۇپ شاھ گەدانى گەدا شاھنى،
سۇرۇپ مۇڭداشىپ تارتىبان ئاھنى.

بەجا كەلتۈرۇپ ئىككىسى شۇكرىلەر،
قەلەندەرنى قەسىر ئىچرە كەلتۈردىلەر.

مۇنى ھەم بۇيۇردىكى كەرمايەغە،
يەنە نەچە خىلئەت بۇ ئەۋارەگە.

ئەۋانلەر بەجا كەلتۈرۇپ ئەمرىنى،
ئالىپ كىردى شەھنىڭ قاشىغە ئانى.

بىغاغەت قىلىپ خۋاجەنى ئېھتىرام،
تىلەپ سۇڭرە شەھ شەھرىدىن خاس ئام.

تىلەپ ئالدىغە دولەت ئەركانىنى،
قىلىپ خۋاجەنىڭ بارچە دەستانىنى.

دىدى شەھ بارىن خۋاجەنىڭ ئىشلارىن،
ئەۋانلار قىلىپ خۋاجەغە ئاپىرىن.

دىدى شەھ ماڭا باردۇرۇر بىر سىڭىل،
بىرۇرمەن ئاڭا توي ئىشىن راست قىل.

ئەۋانلار بۇ ھوكۇم ئىچرە ئەيلەپ خىرام،
قىلىپ بارچە توي جابدۇقىن تەمام.

سۇرۇد ئەيلەبان قەسىر ئارا نەغمە-ساز،
قىلىپ ناز ئىلە مۇغبەچە جىلۋە ساز.

ئوقۇپ خۇتبە كىم نەچچە ئەھلى سەلاھ،
قىلىپ سىڭىلنى مېھمانغە نىكاھ.

ئالىپ كىردى مېھمانىنى خىلۋەت ئارا،
كى بار ئېردى مەھۋەشىغە دىلكەش سەرا.

كورۇپ بىر-بىرىن بىخۇد ئولدى ئىكۇۋ،
كيۇسىز خاتۇنىكىم، خاتۇنسىز كيۇۋ.

كېلىپ ھوشىغە ئەشكىدىن توكتى قان،
يىقىلدى داغى ئاھدىن شولزامان.

زاماندا تەسكىن تاپىپ ئىزتىراپ،
ئانىڭدىن سوئالۇ مۇنىڭدىن جەۋاپ.

دىدى خۋاجە مەھۋەشىغە ئەيغىل بەيان،
دىدى مەھۋەشى ئالدىدا بىر-بىر ئەيان.

بۇ سوزلەر بىلە تاپتى تەسكىن دىلى،
كى شوكرى ئەيلەمەكدۇر ھەمىشە تىلى.

كېيىپ نەچچە زەر بەفتىدىن خىلئەتى،
تۇتار ئېردى شەھ ياندا خىلۋەتى.

ئۇزۇن كېچەلەردە ئىبادەت قۇرۇپ،
تاڭ ئاتقۇنچە بىدار ئولۇپ ئولتۇرۇپ.

رۇدادەك فەلاسىن باشىغە يايىپ
دىلى قۇپلىن ئاچماقغە فەيزى تاپىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇساپىر تەمام ئەتتى ئەپسانەنى،
شەھنشەھ سۇرۇپكىم بۇ فەرزانەنى.

دىلى شاد ئولۇپ بۇ ھىكايەت بىلە،
كوزىن يۇمدى شەھ خۇش پەراغەت بىلە.

دىدى ئەيتغىلكىم دىيارىڭ قايان،
ماڭا قىل كى خىشۇ تەبارىڭ بايان.

كەل ئەي ساقىيا جامدىن ئەيلە شاد،
دىلىمنى جاھان قەيدىدىن قىل كۇشاد.

دىدى ھىندۇ شەھرى دىيارىم مېنىڭ،
سەخا پىشە ئول خۋاجە يارىم مېنىڭ.

مېنى قىل دىيانەت ئەرا مۇستەقىم،
بولاي شاھ بەزمىغە خاسۇ نەدىم.

## يەكشەنبە كۈنى شاھ بەھرامنىڭ زەربەفت لىباس بىلە قەسرى زەنگارغە كىرىپ، سارىغ ھەللەلىغ ھور پەرىۋەش بىلە ئالتۇن ساغەردە مەي ئىچكەنى

فەلاس ئەگىندىن سالدى شەبگۇن فەلاس،
چۇ يەكشەنبە كۈن كەيدى زەرىن لىباس.

قىلىپ شاھ ئۇيقۇغە بارماق ھەۋەس،
ياپىلماي كوزى تۇشسە ئانداغكى خەس.

داغى بولدى شەھ بىلە ئالتۇنغە غەرق،
كىرىپ قەسرى دەير ئىچرە ئانداغكى بەرق.

يەنە ھوكۇم قىلدىكى كەلتۇرگەسەن،
تاپىپ بىر مۇساپىر بۇيان سۇرگەسەن.

تۇتۇپ بادەنى شاھغە مەھۋەشى،
قىلىپ كەرىم ئول بادەئى سەرخۇشى.

سىپاھى بارىپ تاپتى بىر رەھنە ۋەرد،
كى يول سەيرىدە ھەست ئانداغكى گەرد.

بولۇپ ئول كۈنى شاھغە تەڭرۇ مەست،
قۇياش تەۋسەنى چەرخدىن بولدى پەست.

تۇتۇپ ئانى كەلتۇردى شەھ قاشىغە،
ھىكايەت قىلىپ كەلگەندىن باشىغە.

كىرىپ پەردە كەينىغە ئول ماھۋەش،
قالىپ شاھ ئول تەخت ئۇزە دەردىكەش.

قىلىپ ئىزتىراپ ئەيلەمەي سوز بايان،
دىدى شاھ جەمشىد ئىكەندە زامان.

## ئىككىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۇرگەن مۇساپىرنىڭ داستانى

ئىشتىكىل بۇرادەر رەۋايەت قىلاي،
بۇرۇنقى زاماندىن ھىكايەت قىلاي.

قاشىدا مۇقەررەپ نەدىم ئىردى ئول،
تىبابەت ئىشىدا ھەكىم ئىردى ئول.

ئوتۇپدۇر بۇرۇن بىر ئۇلۇغ پادىشاھ،
قاشىدا نەدىم زەرگەرى نىڭ خاھ.

كى ئول زەرگەرنىڭ ئاتى زەيددۇر،
ھەمىشە رەفاقەت بىلە قەيددۇر.

كى ئول زەرگەرى ھۇشمەند سۇبھى شام،
چۇ شەھنىڭ جانابىدا قايىم مەقام.

بىلۇر ئىردى شەھنىڭ مىزاجىنى ھەم،
كېسەل بولسە قىلغاي ئىلاجىنى ھەم.

زىراپەت ئارا ئانچە كامىل ئىدى،
نەچچە تەرزى سەنئەتكە مايىل ئىدى.

كى ئۇستادغە تۇشتى تۇرپە خىيال،
تۇرۇپ ئەيلەدى شاھغە ئەرز ھال.

ئايا ھوكمىران دەۋرى نىك بەخت،
كى قىلسام جانابىڭدا بىر تۇرپە تەخت.

كى ئول تەخت بولسۇنكى تەختى راۋان،
خىيال ئەتسە بۇلغاي راۋان ھەر قايان.

ئەگەر بولسە شەھدىن ماڭا يارلىغ،
كى ئول ئىشغە قىلسام نى كۇھدارلىغ.

چۇ ھوكۇم ئەيلەدى ئول شەھى ھوكۇمران،
خىيالىڭدەكى ئىشنى قىلغىل ئايان.

دىگىل بىزگە لازىملىغىنى بىرەي،
كى ئول تەختنى پۇتكەرىلىڭ مەن كورەي.

دىدى بىزگە مىلڭ پاتمان ئالتۇن كىرەك،
ئاڭا ھىچكىم بولمىغاي مۇشتەرەك.

ئىنايەت قىلىپ ئەيلەگىل ئىلتىپات،
مۇھەييا قىلاي جەھد ئېتىپ ئىشنى پات.

كى ئول شاھ ئالتۇنغە پەرمان قىلىپ،
بويۇردى ئانى ھوكمى سۇلتان قىلىپ.

ئالىپ زەرنى بولدى ئىشغە راۋان،
كى ئۇز جايىدا ئىشلەدى ئول نىھان.

ھۇنەر بىرلە ھىكمەتگە قىلدى خىيال،
دەقىق ئىلمگە كۇرگۇزۇپ ئىشتىغال.

ياساپ تەختنى زىب ئايىن بىلە،
كى ئۇستاد ئول ئىشىدا خائىن بىلە.

چۇمىسىدىن ياساپ شاھ ئەۋرەڭگىنى،
بەدەل قىلدى ئالتۇن بىلە رەڭگىنى.

ئەجەپ تەخت زىبا مۇھەييا قىلىپ،
ھۇنەرلەرنى ھىكمەتدە پەيدا قىلىپ.

كى ئاز ۋەقت يەتكۇردى ئەتمامىغە،
نىسار ئەيلەدى شاھ ئەقدامىغە.

يەنە ھىكمەت ئولدۇركى ئول تەخت ئارا،
قىلۇر چىقسە شەھ تورت قۇياش ماجرا.

تۇرۇپ ئىككى بۇرچىدە تاۋۇس مەست،
قىلىپ تەختنىڭ پايەسىدە نەشەست.

يەنە ئىككى بۇرچىدە شەھتۇتىلەر،
تەناۋۇل قىلىپ ئاندا شەھدۇ-شەكەر.

چىقاردا ئاڭا پەست ئولۇر ئول زامان،
مەقام ئەيلەگەي ئاندا شاھى جاھان.

بەلەند ئورلەگەي تەختنىڭ پايەسى،
تۇشەر باشقە تاۋۇسنىڭ سايەسى.

بىناگاھ نەشەست ئەيلەسە ئاندا شاھ،
قاناتىن ئاچىپ ئەيلەگەي بارىگاھ.

ئىككى تۇتى ئاندا تەرەننۇم تۇزۇپ،
كى ھەمدۇ ساناغە تەكەللۇم تۇزۇپ.

ئىشارەت بىلە تەخت بولدى راۋان،
ئەجەپ شاد بوادى شەھى كامىران.

كى ئول تەخت ئارا ئانچە نەقش نىگارە
قىلىپ ئەيلەدى زىننەتى روزىگار.

بەلەند ئەيلەدى تەختى جەمشىددىن،
ساپاسى نىشان بەردى خۇرشىددىن.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەڭلىغ ھۇنەر كورمىگەن ھىچ شاھ،
راۋان تەخت ئۇزرە بىيەك بارگاھ.

كى ئول پادىشاھ شاد خۇررام بولۇپ،
كى لۇتفى ئەتتى زەرگەرگە ھەمىدەم بولۇپ.

خەلايىق ئارا قىلدى كوپ ئىلتىپات،
كى زەرگەرگە رەشك ئەيلەدى ۋۇزۇيات.

مۇقەررەپ بولۇپ شاھغە سۇبھى شام،
خەلايىق ئارا بولدى ئالى مەقام.

نىشات ئەيلەر ئېردىكى سۇلتان بىلە،
قالىپ زەرگىران داغى ئەفغان بىلە.

يىغىلدى ھەمە زەرگەرى ھۇشمەند،
دەيىر زەيد ھۇنەردىن بولۇپدۇر بەلەند.

خىيانەت قىلىپ شاھنىڭ مالىغە،
پەرىغتە قىلىپ شەھنى ئەقۋالىغە.

كى ئول تەخت ئەسرارىنى غەش قىلىپ،
بىز بىرلە تاشنى رەۋكەش قىلىپ.

تۇتۇپ شاھغە بولدى ئىززەت قەرىن،
ھەرامزادەلىك بىرلە بولدى يېقىن.

بۇ ئىشدىن شەھى كامران بىخەبەر،
بايان ئەيلەسەك شاھغە سەربەسەر.

نەچە كۇن بۇلار ئەيلەدى مەسلەھەت،
كېڭەشلەر بىلە قىلدىلەر مەشۇەرەت.

كىرىپ شاھغە ئەرز قىلماق يامان،
كى تەدبىر بىلە ئىشنى قىلساق ئايان.

كى بىر تۇتىنى ئەيلەسەڭ تەربىيەت،
بايان ئەيلەسە شاھغە مەئرىپەت.

ئاڭا ھەرىپ رەۋكەشنى تەئلىم ئېتىپ،
كى تەكرار ئىلە تىلىغە بىر كېتىپ.

چۇ شەھنىڭ جانابىغە تۇتساق كېرەك،
بۇ ئىش بىرلە شەھنى ئاۋۇتماق كېرەك.

كى ئول تۇتى رەۋكەش دىسە شاھغە،
سالۇر زەيدىن ئۇلكۇنى چاھغە.

بۇ يەڭلىغ خىيال ئەتتى غەممازلەر،
ھەسەددىن شەياتۇنغە دەمسازلەر.

چۇ تۇتى باقىپ باردى بازارغە،
تاپىپ ئالدى تۇتىنى دىنارغە.

ئانى كەلتۇرۇپ ئەيلەدى پەرۋەرىش،
ئاڭا ئورگەتىپ ھەر كۇنى نەچچە ئىش.

يەنە ھەرىپ رەۋكەشنى تەكرار ئېتىپ،
تۇلا پوشقارىپ تىلغە تەكرار ئېتىپ.

كى ئول قۇشنى چۇن قىلدى كامىل بەسى،
ھەمە ئىلمىگە ئانچە ئامىل بەسى.

كېلىپ بىر كۇنى شاھ ئىقبالىغە،
كى ئول تۇتىنى كەلتۇرۇپ ئالىغە.

بۇلاردىن بىرى چىستى چالاك ئىدى،
ھۇنەرمەند دانا خىرەدناك ئىدى.

تەھەييەت ئادا ئەيلەدى شاھغە،
قويۇپ ئول زامان باشىنى دەرگاھغە.

تۇتۇپ تۇتىنى ئەرز ھال ئەيلەدى،
چۇ شەھ تۇتىدىن شەھغە قال ئەيلەدى.

ئايا شاھى سۇلتان ئالىجاناپ،
جاھان شەھلىقى بىرلە بول كامىياپ.

بۇ تۇتی ئەجەپ ئەهلی هکمەت دۇرۇر،
دىگەن سوزلەری تۇرپە سەنئەت دۇرۇر.

کی سوز نۇکتە بىرلە تەکەللۇم قىلۇر،
هەقىقەت سوزىدىن تەرەننۇم قىلۇر.

جانابىڭغە لایىق ئۇچۇن شەهری یار،
قىلىپمىز مۇبارەك باشىڭدىن نىسار.

ئاگا ئىلتىپات ئەتتی سۇلتان ۋەقىت،
سالىپ سایە ئول خۇسىرۋانی دەرەخت.

سەرەپراز ئېتىپ ئانی ئىهسان بىلە،
کەرەم قىلدی مىننەت تۇتۇپ جان بىلە.

کی ئول شاه تۇتىغە سالدی نەزەر،
تەکەللۇم تۇزۇپ تۇردی ئول جانىۋەر.

چۇ تۇتی تەکەللۇمنی دىلکەش دىدی،
کی تەخت ئوزرە ئولتۇردی رەۋکەش دىدی.

کی ئول تۇتی رەۋکەشنی تەکرار ئېتىپ،
تەکەللۇم بىرلە سىرنی ئىزهار ئېتىپ.

دىدی پادىشاه بۇ نە ئەسراردۇر،
بۇ شەهتۇتىدىن تۇرپە گوفتاردۇر.

دىدی زەرگىران شاه ئالەم پىناه،
تەکەللۇم قىلۇر تۇتی بی ئىشتىباه.

چۇ رەۋکەش دىمەکدە غەرەز مەئنی بار،
قىلۇر تەخت ئەسرارىنی ئاشکار.

قىلىپ خۇلەدىن تەخت قىلدی هۇنەر،
کی ئول تەختىنىڭ یۇزىگە تارتتی زەر.

خىیانەت قىلىپ زەید بولدی یەقىن،
چۇمىلڭ پاتمان ئالتۇننی ئەیلەپ دەفىن.

بىلىپ شاهی ئالەم بۇلار مىکرىنی،
قىلىپ ئولزامان زەیدنىڭ پىکرىنی.

کی تەهقىق قىلماقغە سۇهان کېرەك،
سالىپ تەختىنىڭ پایەسىگە ئېکەك.

ئاچىپ کوردی سۇهاندا ئەیلەپ خەراش،
کی ئۇستادنىڭ ئىشلاری بولدی پاش.

چۇ سۇلتانۇ ئالەم بولۇپ دەرغەزەپ،
بېرىپ زەیدگە نەچە تۇرلۇك ئەدەپ.

کی تاراج ئېتىپ مۇلکی ئەهۋالىنی،
ئایالىیۇ ئەهلی بىلە مالىنی.

سالىپ چاهغە زەیدنی ئولزامان،
کی بىچارە زىندانده تۇتتی ماکان.

بەسی شادىمان بولدی غەممازلەر،
هەسەد ئەهلی شەیتانغە دەمسازلەر.

چۇ ئۇستاد زىنداندا تۇتتی ۋەتەن،
هەمە بەنددىن خارىج ئەیلەپ بەدەن.

ئوزی بىرلە مەهکەم ئىدی بىر ئېکەك،
دېر ئېردىکی زىنداندا بولغای کېرەك.

بار ئېردی یەنە خەنجەری ئابدار،
ئوزی بەرگی سەۋسەن هەجەرنی بۇزار.

کی ساقلار ئىدی ئوزی بىرلە مۇدام،
جۇدا قىلماس ئېردی ئانی سۇبهی-شام.

چىراکىم ئوزی ئەهلی هکمەت ئىدی،
نۇجۇم ئەهلىگە بەلکی خەلغەت ئىدی.

بىلىپ ئېردی ئول نەچە کۇن ئىلگەری،
تۇتار ئېردی سۇهاننی ئاندىن بەری.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېسىپ بەند ئىشكەلنى سۇھان بىلە،
تۇرۇپ چاھدا زىكرى سۇبھان بىلە.

ساياھەت قىلىپ نەچە كۈن دەشتنى،
بايابان ئارا ئەيلەبان گەشتنى.

كى ئول زەيدنى بەند قىلغان زامان،
كى بۇيرۇپ ئاڭا ھەر كۈنى ئىككى نان.

كى يول تەي قىلىپ ئىككى دەرۋىش ياياق،
بۇلەر ھەر بىرىنىڭ قولىدا تاياق.

بىرۇر ھەر كۈنى ئىككى نان بىرلە سۇ،
ئانى يەپ قىلىپ ئىشىغە جۇستجۇ.

رىيازەت قىلىپ كەلدى مىھنەت بىلە،
چۈ داخىل بولۇپدۇر مۇشەققەت بىلە.

ياتىپ قىلدى ئۇستاد ئانداغ خىيال،
كېلىپ يادىغە مال ئەھلى ئايال.

پەرەڭ ئىچرە سەير ئەيلەدى نەچە كۈن،
بۇلەر رەسمىنى قىلدى دىلغە تۈگۈن.

تۇشۇپمەن بۇ چاھ ئىچرە تەقدىر ئىلە،
قۇتۇلماق كېرەك ئەمدى تەدبىر بىلە.

تاماشە ئۈچۈن چىقتى ئول سەيرگە،
بىناگاھ يولۇقتى ئۇلۇغ دەيرگە.

قاچانغە ياتىپ نان يىبان سۇ ئىچەي،
چىقاي چاھدىن شاھدىن ھەم كېچەي.

كىرىپ دەيرگە زەيد سالدى نەزەر،
تولا بۇت دۇرۇر بارچەسى سىمۇ-زەر.

كېتەي باش ئالىپ كاپىرستان سارى،
خىرام ئەيلەيىن بۇتپەرەستان سارى.

كى ئول دەير ئارا تورت يۈز بۇت ئىدى،
يەنە لەئلى مارجان ياقۇت ئىدى.

تەۋەككۇل قىلىپ لەقب ئورا باشلادى،
كى تۇپراقنى تولدۇرۇپ تاشلادى.

كورۇپ زەيد ئانچە بولۇپ شادىمان،
بۇ ئۇستاد دەير ئىچرە تۇتتى ماكان.

قىلىپ زىنە پايە كەلۇلە قىلىپ،
قويۇپ پۇتغە ئانى غۇلۇلە قىلىپ.

بۇلار رەسمىچە كەيدى، ئاندا لىباس،
بىرەھمەن قاتارىدا تارتىپ فەلاس.

نىھان ئىشلەدى نەچچە كۈن، نەچچە تۈن،
كى يەرنى شىكاف ئەتتى قويماي پۇتۇن.

تەۋەججەھ بىلە ئولتۇرۇپ نەچە كۈن،
چىقارماي تەلەبدىن بولەك ئەسلى ئۈن.

تېشىپ چىقتى ئاخىر كى بىر خالىدىن،
خەبەر تاپمادىكىم مۇنىڭ ھالىدىن.

فەرەڭگى بىرەھمەن قىلىپ ئىئتىقاد،
مۇساپىر بىلە ئەيلەدى ئىتتىھاد.

فەرەڭ ئىقلىمى سارى قىلدى سەپەر،
خالاس ئەيلەدى ئۆزنى، كەتتى بەدەر.

ئاڭا مۇندا باقتان مۇساپىر ئاداش،
كى ئەسرارىڭىزنى قىلىڭ بىزگە پاش.

كى بىر شەخسنى يولدا قىلدى رەفىق،
ئاڭا ئورگەتىپ نەچە ئىلمى دەقىق.

نىدىن بۇ جاھاندا بولۇپ سىز غەرىپ،
ياتىپسىز كېلىپ دەيردە سارغەرىپ.

چۇ دۇنيا ئۇچۇن قىلساڭ ئەرز نىياز،
قىلاي سىزنى دۇنيا بىلە سەرەفراز.

دىگىل ھاجەتىڭنى راۋا ئەيلەيىن،
دەرەملەر بېرىپ كەدخۇدا ئەيلەيىن.

دىدى زەيد: ئەي سۇفىيان سەنەم،
كى دۇنيا ئۇچۇن يىمەگىز ئەسلا غەم.

كى دۇنياغە يوقتۇر مېنىڭ ھاجەتىم،
كى خالىسدۇرۇر دەيردە تائەتىم.

كېلىپ مەن بىشارەت بىلە شامدىن،
كېچىپ مەن بۇ دۇنيادىكى كامدىن.

بۇ دەير ئىچرە خىزمەتدە بولسام كېرەك،
ئەقدە بىلە مۇندا ئولسەم كېرەك.

دەر ئېردىم بۇ دەير ئىچرە بولسام داۋام،
سۇپۇرسەم كى مۇژگان بىلە سۇبھى-شام.

ھەمە بىرەھمەنلەر پىسەند ئەيلەدى،
ئانى دەير ئارا ئەرجۇمەند ئەيلەدى.

فەرەڭ شاھىغە يەتتى ئۇشبۇ خەبەر،
ھەممە شەيخدىن ئەيلەدى مۇھتەبەر.

يېتىپ ئىلكىگە دەيرنىڭ ئاچقۇسى،
كى زەررىن سەنەمنى ئۇرۇپ قاچقۇسى.

ھەمە دەير ئەھلى پاراغەت تاپىپ،
بارىپ جايىغە كۇنجە راھەت تاپىپ.

بۇلەر خىزمەتىنى مۇساپىر قىلۇر،
كى دەير ئىچرە تارتقان مۇجاۋىر قىلۇر.

بولۇپ پارى غىلبال ئەھلى سەنەم،
ئۇلارغە مۇساپىر بولۇپ دەفئى غەم.

كېلۇر ئېردى كۇندۇز زىيارەت ئۇچۇن،
قىلىپ سەجدە بۇتغە ئىبادەت ئۇچۇن.

كېچە ھەر بىرى جايىدا مەست خاپ،
چىكىپ بىر-بىرى بىرلە جامى شاراپ.

قالۇر ئېردى خالى كېچە دەير ھەم،
قالىپ زەيدگە بارچە زەررىن سەنەم.

تەپەككۇر بىلە قىلدى پىكىر ئەمىق،
كى لازىم بولۇر بىرگە ئەمدى رەفىق.

رەفىقى خەبەردار ئىدى زەيددىن،
چىقار بىر كۇنى دەر ئىدى قەيددىن.

كى يولداشىنى تاپتى ئول بىر كېچە،
ئاگا مەسلەھەت ئەيلەدى بىر نەچە.

قارار ئەتتى ھەمراھىغە پىشەنى،
ئاگا بەردى ئىككى تەبەر تىشەنى.

يىغىڭ ھەر كۇنى سىز قۇرۇغان ياغاچ،
كى بۇتلەر ئىشىغە قىلۇرمەن ئىلاج.

باياباندا بىر يەرنى مولچەر قىلىپ،
ھۇنەر قىلغالى ئاندا مەنزەر قىلىپ.

رەفىقى ماكان ئەيلەدى پىشەدە،
كى ئول زەيد دەير ئىچرە ئەندىشەدە.

تەۋەككۇل قىلىپ قويدى بىر كۇن قەدەم،
يۇلۇپ ئورنىدىن ھەر كېچە بىر سەنەم.

بارۇر ئېردى ئول پىشەگە تىز رەۋ،
قىلۇر ئېھتىيات كورمەگەي دەپ بىراۋ.

قارارىغە ئول تۇن تىيرە يېتىپ،
قۇرۇغان ياغاچدىن بىر بۇت ئېتىپ.

www.uyghurkitap.com

كى بىر لەھزەدە پۈتكەرىپ ئۇل زامان،
چۇ ئۇل بۇت بىلە ئەيلەدى تۇ ئامان.

ياغاچنى تەراشىدە سەيقەل قىلىپ،
ئانىڭ جىسمىنى بارچە زەرھال قىلىپ.

ياساپ ئۇل ياغاچ بۇتنىڭ ئەشكالىنى،
كى مانەند ئېتىپ ئاگا ئەمسالىنى.

كى بىرجاي خالىنى ئەيلەپ زېمىن،
كومۇپ ئاندا زەر بۇتنى ئەيلەپ كەفىن.

يانىپ چىستى چالاك بۇتخانەگە،
ئۇيانۇ-بۇيان باقمايىن يانىگە.

كېلىپ دەيرگە كىردى ۋەقتى سەھەر،
تېخى ئالمادى ھىچ ئادەم خەبەر.

كى ئۇل بۇتنى توختاتتى ئۆز جايىغە،
كى خىلئەت ياپىپ بارچە ئەئزايىغە.

كى ئەخمەق قىلىپ دەير سالۇسىنى،
تەزەررۇئ بىلە چەكتى ناقۇسىنى.

قۇياش ئورلەگەندە ئاچىلدى ئىشىك،
كى باش ئۇرغالى كەلدىلەر چوڭ-كىچىك.

زىيارەت قىلىپ بولدىلەر سەرفەراز،
بېرىپ زەيدكە نەچە تۇرلۇك نىياز.

يانىپ دەيردىن كاپىرى بۇتپەرەست،
بارىپ بارچە جايىدا تاپتى نەشەست.

تەپەككۇر قىلىپ زەيد بۇ كېچە ھەم،
يەنە ئورنىدىن يۇلدى ئالتۇن سەنەم.

ھەمە خەلقدىن ئۆزنى ئەيلەپ نىھان،
كى بۇتنى ئالىپ كېچە بولدى راۋان.

ياغاچ بۇتنى تەييار ئېتىپ دەرمەھەل،
كېلىپ ئورنىدا قويدى بولماي ھەيەل.

بۇ يەڭلىغ قىلىپ نەچە كۈن، نەچچە ئاي،
كى ئالتۇن سەنەمنى ئالىپ بولدى باي.

ھەمە بۇتنى ئالدى تەمام ئەيلەدى،
كى ئۇل دەير ئىچرە مەقام ئەيلەدى.

كى ئۇل دەير ئارا قالمادى ھىچ مال،
بېرىپ بارچەگە زەيد تەغيىرى ھال.

جاۋاھىرنى ئەيلەپ بەدەل شىشەگە،
فەرار ئەتكەلى تۈشتى ئەندىشەگە.

رەفىقىنى بىر كېچە ھەمدەم قىلىپ،
نىھان يەردە بۇتلارنى مەھكەم قىلىپ.

بۇ كېچە رەفىقا بۇلۇڭ سىز راۋان،
يېتىڭ چىستراق سىز، مۇلچەر بەلان.

پەقىر ھەم چىقاي بىر باھانە قىلىپ،
كوزۇم ياشىنى دانە-دانە قىلىپ.

زىراپەت بىلە بەلكى چىقماق كېرەك،
كى ئۇل بۇتپەرەستدىن قۇتۇلماق كېرەك.

مۇقەررەر قىلىپ سوزنى بۇ كېچە،
قاچىشقە خىيال ئەيلەدى ئۆزگەچە.

رەفىقى بىلە ئەلۋىداع ئەيلەدى،
كىرىپ دەير ئارا كوپ بىشارەت دىدى.

يىقىلدى ھەم دەير ئېلى ئۇل كۈنى،
كېلۇر زەيدنىڭ ئانچە يىغلاپ ئۈنى.

چېكىپ نالە ئەفغاننى كوپ ئۇردى ھىچ،
دىدى: ئاھ كىم خىزمەتىم بولدى ھىچ.

نه بولدى ئايا شەيخى ئالىجاناپ،
بىرىڭ ھالىڭىزدىن كى بىزگە جاۋاپ.

بىراۋ بەردىمۇ سىزگە ئازارنى،
قىلۇرسىز نىدىن مۇنچەلىك زارنى.

دىدى زەيد: ئەي يارە ئەسھابىلەر،
تەرەھھۇم قىلىڭ بىزگە ئەھبابىلەر.

كى بۇتدىن بولۇبدۇر بىشارەت ماڭا،
ئاتاڭنى كورۇپ قىل ئىبادەت ماڭا.

كىيسەلدۇر ئاتاڭ تارتادۇر ئىنتىزار،
كورۇشكىل ئانىڭ ئالدىغە تىز بار.

ئاتاڭنى تىرىگلىكتە كورمەك كىرەك،
كى ئولسە كومۇپ، مۇندا كەلمەك كىرەك.

ئاتام بولمەسە مەن كىتەرمۇ ئىدىم،
سەنەم خىزمەتىدىن كىچەرمۇ ئىدىم.

ئىجازە بىرىڭ بىزگە ئاندا يىتەي،
ئاتام بولسە ئاندا كومۇپ دەفن ئىتەي.

كىلەي تىزرەك دەير ئىقبالىغە،
كى نەقدىنلەر كەلتۇرەي ئالىغە.

فەسۇن بىرلە بەردى بۇلارغە پەرىپ،
تەزەررۇئ قىلىپ دەير ئىچرە كىرىپ.

چۇ شاھغە يەتتى بۇ رەڭ ماجرا،
كى تەشرىف ئىتىپ كەلدى ئول پادىشاھ.

زىيارەت قىلىپ زەيددىن سوردى ھال،
ئايا شەيخ نىچۇن بولۇپسىز مالال.

دىدى زەيد: ئەي شاھ ئالىجاناپ،
قىلىپ بىزنى لۇتفۇڭ بىلە كامياپ.

ھەممە شەيخدىن بىزنى كوردۇڭ بەلەند،
مىنىڭ خىزمەتىم بۇتغە بولدى پىسەند.

بىناگاھ كىچە بۇت قاشىدا ئىدىم،
ئىبادەت بىلە كوز ياشىدا ئىدىم.

ئۇلۇغ بۇت ماڭا بۇندا بەردى خەبەر،
كىيسەلدۇر ئاتاڭ ئەمدى قىلغىل سەپەر.

كورۇشكىل تىرىگلىكتە قىلماي ھايال،
ئاتاڭ ھەققىنى ئەمدى قىلغىل خىيال.

ئاتاڭ رازى بولسە بولۇرمىز رىزا،
كى بىزنى دىبان قىلماغىل نارىزا.

جەھەد بۇدۇرۇر زار قىلماق ماڭا،
كى ئەشكىنى خۇنبار قىلماق ماڭا.

پىراقىغە يوقتۇر مىنىڭ تاقەتىم،
خۇش ئىردى ماڭا دەيردە تائەتىم.

چۇ يوقتۇر ئىلاجىم ماڭا تۇشتى ئىش،
خىيالىم يىراق كەتمەسەم بىر غەرىش.

ماڭا ئەمدى رۇخسەت بىرىڭلار كىتەي،
ئاتامنىڭ جانابىغە پاتراق يىتەي.

يەنە كەلمەكىمگە تەخى كوز تۇتۇڭ،
كى يالغان ئەمەستۇر سوزۇمگە پۇتۇڭ.

مۇنى ئاڭلادى شاھ خەيلى پەرەڭ،
بۇلەر ھەممەسى بولدى ھەيرەتدە دەڭ.

دىدى: ئاھ كىم شەيخىمىز كەتكۇسى،
پىراقىدا بىزگە نەلەر يەتكۇسى.

كى ئەمدى دۇئاسىنى ئالماق كىرەك،
بارى چوڭ ـ كىچىكلەر يىغىلماق كىرەك.

www.uyghurkitap.com

چۇ شاھى پەرەڭ ئەيلەدى يارلىغ،
قىلىڭلار كېتىشىگە مەدەدكارلىغ.

ئۇزى قىلدى ئېھسان بىلە سەرفەراز،
تولا خەلق ئاڭا بەردى نەزرۇ نىياز.

چىقىپ شەھەردىن خوبلاشىپ تاشقەرى،
قالىپ يىغلاشىپ مۇندا ياشۇ-قەرى.

ئۇزاتىپ يانىپ شاھ ئورداسىغە،
كى يىغلاپ يانىپ خەلق مەئۋاسىغە.

نەچە ئەھلى راھىب ئۇزاقراق بارىپ،
كى بىر ئارغا دالدا تۇرۇشتى ھارىپ.

كېلىپ زەيد ئەيدى: ئايا راھىبان،
تۇرۇپ ھەربىرىڭ ئەمدى جايىڭغە يان.

مەنى ياد قىلساڭ كى بۇتلارنى كور،
پەقىردىن ئاڭا كەلگەن ئىشلارنى سور.

ئۇلۇغ بۇتنىڭ ئالدىدا مەكتۇب بار،
ئوقۇساڭ بولۇر قىلغانىم ئاشكار.

ئوقۇپ زار يىغلاپ مېنى ياد ئېتىڭ،
ئۇزۇڭىزگە ماتەمنى بۇنياد ئېتىڭ.

ئەزىز دوستلار ئاڭلادىڭ ئەمدى يان،
دىدى زەيد بۇ سوزنى، بولدى راۋان.

چۇ يولغە كىرىپ زەيد كەتتى بەدەر،
يېتىپ ئول رەفىقدىن ئالدى خەبەر.

تاپىشتى ئىكوۋلان فەرار ئەيلەدى،
چۇ دەريا لەبىدە قەرار ئەيلەدى.

ياساپ سالنى ئانچە مەھكەم قىلىپ،
تەۋەككۇل بىلە كىردىلەر غەم قىلىپ.

ئاقىپ نەچە كۈن نالە ئەفغان بىلە،
يۈرۈپ بەھرىدە زىكرۇ-سۇبھان بىلە.

ھالاكەت يېرىدىن چىقاردى خۇدا،
بۇلار ئەيلەدى ھەققە ھەمدۇ سانا.

پەرەڭ ئىقلىمىدىن ئۇزۇلدى بۇلار،
ھەمە كوپرى ئېلىدىن قۇتۇلدى بۇلار.

رەفىقىغە ئەسرارنى پاش ئېتىپ،
قەسەملەر بېرىپ ئۇزىگە سىرداش ئېتىپ.

يانىپ جايىغە كەلدى ئوز شەھرىغە،
كى لايىق كورۇپ ئوزنى شەھ قەھرىغە.

كىشىگە كورۇنمەي كېچە كەلدى زەيد،
كى زىندان ئارا ئەيلەدى ئوزنى قەيد.

ئىككى يىل ئىچىدە ئولۇپ ناپەدىد،
ھۈنەرمەند ئۇستاد ھالا رەسىد.

پەرەنگى بىرەھمەن يانىپ دەيرگە،
نەزەر سالمايىن ئاشنا غەيرگە.

تاپىپ بۇتنىڭ ئالدىدا ئول نامەنى،
ئوقۇپ ئاھ دەپ يىرتىبان جامەنى.

بۇتىپ زەيد ئوزىنىڭ مۇسۇلمانلىغىن،
مۇئەييەن قىلىپ ئەھل ئىمانلىغىن.

ھۈنەرمەند ئۇستاد ماھىر مەنەم،
پەرەڭ ئەھلى جانىغە جابىر مەنەم.

قىلىپ بۇتلارىڭنى ياغاچقە بەدەل،
بۇ دەير ئىچرە ئەشيان بەردىم خەلەل.

ئۇرۇپ مەن سېنى ئەمدى ئاگاھ بول،
توكۇپ ياش مۇسىبەتكە ھەمراھ بول.

پەرەڭ شاھغە كەلتۈرۈپ نامەنى،
ئوقۇپ بىلدۈرۈپ ئۇشبۇ ھەنگامەنى.

پەرەڭ ئىقلىمى بولدى ماتەم سەرا،
ھەممە قوزغالىپ ئەيلەدى ماجرا.

كى بۇيرۇپ ئانىڭ ئارقاسىدىن چېرىك،
تۇتۇڭلار ياتىپ قايدا بولسە شېرىك.

ئەجەپ دەرغەزەپ بولدى ئول پادىشاھ،
قىلىپ نالە ئەفغان كوپ چەكتى ئاھ.

سۈرۈپ قوغلادى دەشت ئارا ئاختارىپ،
تاپالماي ئانى قالدى ئاتلار ھارىپ.

يانىپ كەلدىلەر دەردى ھەسرەت بىلە،
قالىپ كافىران بارچە ھەيرەت بىلە.

كى بولماس كىشىگە بۇ يەڭلىغ سىتەم،
چىراكىم كېتىپ بارچە زەررىن سەنەم.

چۇ سوز ئاڭلاغىل زەيدنىڭ شاھدىن،
قەچانكىم جۇدا بولدى ھەمراھىدىن.

كى بىمار ئولۇپ ئېردى جىسمى شەرىف،
داۋا قىلغالى چىقمادى بىر ھەرىف.

باقىپ زەيدنى تاپمادى چاھ ئارا،
كوزىگە جاھان بولدى ئاقۇ-قارا.

كى مەلۇم ئەمەس ھىچ يەردە شكاف،
چۇ خەنجەر كېتىپتۇر، قالىپدۇر غىلاپ.

ئىككى يىل ئارا خەلق ھەيران ئىدى،
كى غەممازلەرنىڭ كوزى قان ئىدى.

قىلۇر ئېردى شاھ خەسىملەرگە ئىتاپ،
كى يوق ئەيلەدىڭ زەيدنى ئەمدى تاپ.

يوق ئېرسە كېسەلگە داۋا ئەيلەگىل،
بۇ رەنجىمگە ئەمدى شىپا ئەيلەگىل.

خىجالەت ئېردى ھەممە زەرگىران،
كى قورقۇپ غەزەپدىن چىرايى سامان.

پۇشايمان قىلىپ ھەربىرى كاردىن،
نادامەت قىلىپ بەلكى گىرداردىن.

باقار ئېردى ھەر كۇن كېلىپ چاھنى،
تاپالماي چىكەر ئەردىلەر ئاھنى.

بىناگاھ كېلىپ ئالدى بىر كۇن خەبەر،
كى پەيدا بولۇپ ئاندا ساھىب ھۇنەر.

خەبەر تاپتى ئاندىن بولۇپ شادىمان،
كى مەئلۇم ئىتىپ شاھغە ئولزامان.

كى زىندان ئارا زەيد بولدى پەدىد،
ئانىڭ كەلمەكىگە يوق ئېردى ئۇمىد.

چۇ ئول زەيددىن شاھ تاپتى نىشان،
ئولۇك جىسمىغە گويىيا كىردى جان.

ۋەزىرغە دىدى: ئاندا تەشرىف ئېتىڭ،
كى ئول زەيدنى مۇندا تەكلىپ ئېتىڭ.

كى ئول چاھغە تىز بارماق كېرەك،
چىقارىپ ئانى كەلتۈرۈڭ تېزرەك.

ئاكابۇر ۋە ئەشرەپ ئەزم ئەيلەدى،
خىيالى چىقارماققە جەزم ئەيلەدى.

چۇ زىندان باشىغە يېتىپ خادىمان،
چىقار زەيد دەپ بارچە قىلدى گۇمان.

مۇلايىم تەكەللۇمنى گۇفتار ئېتىپ،
كى شاھ ھالىنى ئاگا ئىزھار ئېتىپ.

www.uyghurkitap.com

بىلىندۇردى شاھنىڭ پۇشايمانلىغىن،
ئايان ئەيلەدى ئاگا نادانلىغىن.

نەچە مەرتەبە يوقلادى تاپمادى،
ھەمە قىلغانىدىن پۇشايمان يىدى.

چىقىڭ ئەمدى سىزگە بولۇر بەخت يار،
تۇرۇپ مۇنتەزىر تەختىدە شەھرى يار.

دىدى زەيد: كىم ئەي جاپا پىشەلەر،
كى ئىنساپسىز مىكرى ئەندىشەلەر.

ياتىپ مەن بۇ چاھدا تەئەببۇد بولۇپ،
ئۇزۇلدۇم جاھاندىن تەجەررۇد بولۇپ.

كى مۇندىن چىقىپ نەقلاي شاھنى،
ئۇزۇمگە ماكان ئەيلەدىم چاھنى.

جاھان ئەھلى بىلە مىنىڭ يوق ئىشىم،
ئۇتەر ئۇلگۇچە مۇندا يازۇ-قىشىم.

جاھان ئەھلى بىرلە جاھان بىۋاپا،
ۋاپا ئورنىغە تارتتىم كوپ جاپا.

قۇتۇلدۇم جاھانىنىڭ يوقۇ-بارىدىن،
كى ئەمدى يۇتۇپ دەھرى ئازارىدىن.

يانىپ كەلدى بارچە ئىبەرگەن رەسۇل،
دىدى زەيد چىقماقنى قىلماس قەبۇل.

بارىپ چاھ باشىغە سالام ئەيلەدۇك،
جانابىڭدا ئەمما قىيام ئەيلەدۇك.

قىلىپ چاھ ئىچىدە نادامەت بەسى،
قىلىپ بىزنى ئاندە خىجالەت بەسى.

كېلىپمىز يانىپ بارچە مەئيۇس بولۇپ،
كى ئاندە قالىپ زەيد مەھبۇس ئولۇپ.

ئىشىتتى بۇ سوزنى تۇرۇپ پادىشاھ،
توكۇپ ئەشكىنى ئول زامان چەكتى ئاھ.

ۋەزىرغە دىدى: كەلتۇرۇڭ مەھپىلىم،
كوتەرسۇن ئولۇغلار مىنىڭ مەھمىلىم.

باراي مەن بىرادەر قاشىغە ئۇزۇم،
ئىشىتسۇن ئۇزى ئۇزرە ئېيتقان سوزۇم.

مەھەپىلنى كەلتۇردىلەر ئول زامان،
كوتەرىپ ئۇزىن ئاندا بولدى راۋان.

يىتىپ چاھغە تىكتىلەر بارگاھ،
تۇشۇپ ئولتۇرۇپ ئاندا رەنجۇر شاھ.

كى زىندان باشىغە كېلىپ زار ئىلە،
كورۇشتى بۇگۇن ناتەۋان يار ئىلە.

چىقىڭ ئەمدى ئەي يار نىكۇ قەدەم،
بولۇپ ئەمدى شەرمەندە ئەھلى سىتەم.

قىلىپ لۇتپ بىسيار ئول پادىشاھ،
بولۇپ ناتەۋان يارىغە ئۇزرە خاھ.

ھەزىن ئۇن بىلە زەيد بەردى جاۋاپ،
كى مەئزور تۇتۇڭ شاھ ئالىجاناپ.

ئەگەر چىقماسام بىئەدەپلىك دۇرۇر،
جانابىڭغە شورى شەئەبلىك دۇرۇر.

ئىتائەت ساڭا قىلماغان خوپ ئەمەس،
بويۇن سونماغان ئەسلى مەرغۇپ ئەمەس.

چۇ ھوكمۇڭچە ياتتىم ئىتائەتمۇدۇر،
سىنى رازى قىلماق ئىبادەتمۇدۇر.

چىقىپ ئولزامان مەرھابا ئەيلەدى،
قويۇپ باش تەھەييەت ئادا ئەيلەدى.

كوروشتى كېلىپ ئول كۇنى ئىككى يار،
ئىكوۋ بىر - بىرى بىرلە ئەيلەپ كەنار.

چالىپ ئاندا نەققارەئى شاديان،
كى ئوردايى ئالىغە بولدى راۋان.

ئاڭا كەيدۇرۇپ نەچە تۇرلۇك لىباس،
قىلىپ ھەققىدە شەئنۇ - شاۋكەت ئاساس.

كېلىپ تۇشتى ئورداغە ئىززەت بىلە،
كەرەم قىلدى شاھ مېھرى شەپقەت بىلە.

نەچە ۋاقت ئول شاھ بىمار ئىدى،
كېسەلگە داۋا تاپمايىن زار ئىدى.

كى تەقرىر ئىتىپ شاھ ئەھۋالىنى،
كى بەدەندەكى رەنج ئەسھالىنى.

قەدىمدىن مىزاجىمگە ئاگاھ ئىدىڭ،
چۇ ھېكمەتدە بىزلەرگە دىلخاھ ئىدىڭ.

كى سەندىن بولەك ھېچكىم بىلمادى،
مىزاجىمنى ئاڭلاپ داۋا قىلمادى.

دىدى زەيد: ئەمدى قىلاي ھېكمەتى،
كى چىقسۇنكى نازۇك بەدەن ئىللەتى.

كوروپ نەپسىنى شاھنىڭ بۇ كېچە،
ياساپ دارۇ ھەم شەربەتى ئوزگەچە.

ئىچۇردى بۇ شەربەتنى دىققەت بىلە،
كېسەل يوق بولۇر ئۇشبۇ شەربەت بىلە.

كوزى ئۇيقۇغە ئاندا مايىل بولۇپ،
چۇ ئارام ئالىپ رەنج زايىل بولۇپ.

يەنە ئويغانىپ پادىشاھ دەرمەھەل،
كى باقتى ۋۇجۇدىدا يوقتۇر كېسەل.

قىلىپ زەيدگە نەچە تۇرلۇك ئاتا،
تۇرۇپ قان يوتۇپ بارچە ئەھل خاتا.

دىدى زەيد: ئەي شەھ ھۇنەر ئەيلەدىم،
ئىچىنى خولە تاشنى زەر ئەيلەدىم.

ھەممە مۇددىئا ئاندا ھاسىل ئىدى،
شاھىنشاھ ھوزۇرىدا ۋاسىل ئىدى.

ئەدۇلەر سوزىنى قىلىپ مۇئتەبەر،
گىرىپتار ئىتىپ بىزنى جايى سەقەر.

چۇ ئالتۇننى كوردۇڭ، ھۇنەر كورمەدىڭ،
مېنىڭ سەنئەتىم كوزىڭە ئىلمادىڭ.

كى مىڭ پاتمان ئالتۇننى ئالدىڭ يەنە،
ئالىبان خەزىنەڭگە سالدىڭ يەنە.

چۇ مەھكەم قىلىپ زەرنى نىھان ئارا،
مېنى تاشلادىڭ چاھى زىندان ئارا.

ئەيتىغىل ماڭا بىرگە مىڭ يەتكۇرەي،
ۋە بەلكىم ئانىڭدىن زىيادە بېرەي.

ھېكايەت بۇدۇر ئەي شاھى كامىران،
پەرەڭ ئىقلىمى سارى بولدۇم راۋان.

بارىپ دەير ئىچرە بولۇپمەن غەرىپ،
بېرىپمەن ئۇلارغە چۇ مىكرۇ پەرىپ.

ئۇلار ئالدىدا ئەيلەدىم زارلىق،
ئاڭا كوركوزۇپ تۇرپە ئەييارلىق.

ئۇرۇپ يۈز بۇتنى پىنھان قىلىپ،
قاچىپ مەن ئۇلار باغرىنى قان قىلىپ.

قوشۇڭ بىزگە لەشكەر ئانى كەلتۇرەي،
نىسار ئەتكەلى تېزرەك يەتكۇرەي.

www.uyghurkitap.com

بۇ سوزنى بىلىپ شاھ بولدى خىجىل،
كى قىلغان ئىشىدىن بولۇپ مۇنپەئىل.

ئەدولەرنى جەمئ ئەيلەدى ئۇل كۇنى،
بۇلاردىن كېتىپ ھۇش، - چىقماي ئۇنى.

كى ھوكم ئەيلەدى بارچەسىن دارغە،
ئانىڭ جىسمىنى كويدۇرۇڭ نارغە.

قوپۇپ زەيد دەرخاست ئېتىپ شاھدىن،
بۇلارنى خالاس ئەيلەدى ئاھدىن.

گۇناھىن ئوتۇپ شاھ قىلدى كەرەم،
بۇلار باشىدىن ئۇل كۇنى كەتتى غەم.

چۇ لەشكەرنى شەھ جەمئ ئېتىپ بى دەرەڭ،
بۇلارنى يورۇتتى دىيارى پەرەڭ.

كى يول باشلادى زەيد سەردار ئولۇپ،
يۇرۇشدە بۇلاردىن خەبەردار ئولۇپ.

يۇرۇپ يولدا دەرياغە يەتتى ھەممە،
ئوتۇشكە تەخى لازىم ئولدى كېمە.

سەفىنە ياساپ ئاندا خەررادلەر،
ھۇنەمەند نۇججار ئۇستادلەر.

ياسار كېمە تەييار ئېتىپ دەر مەھەل،
ئوتوپ بۇ قىراقغە بولماي ھەيال.

مۇساپەت يۇرۇپ يەتتى ئۇل پىشەگە،
كى ئۇل گەنج ئۇچۇن تۇشتى ئەندىشەگە.

سەرەنجام ئېتىپ ئالدى ئۇل گەنجەنى،
چېكىپ ئېردىلەر گەنج ئۇچۇن رەنجەنى.

يانىپ كەلدى ئۇل شاھ ئىقبالىغە،
بۇ نەقدىنەلەرنى سالىپ ئالىغە.

كورۇپ شەھ ئانى بولدى ھەيرەتدە لال،
بولۇپ زەيددىن ئازچە مەسرۇر ھال.

كى بەخش ئەيلەدى ئاتا تاجۇ سەرىر،
كېچە - كۇندۇز ئالدىدا ئەيلەپ ۋەزىر.

ئوتۇپدۇر جاھاندىن بۇلار مۇتتەپىق،
مۇرادىغە يەتمىش بۇ ئىككى رەفىق.

ئايا زەرگەر ھوشمەندان ئىشت،
يەنە كىم نەسىھەتنى چەندان ئىشت.

خىيانەت ئەگەر قىلماساڭ شاھ سەن،
چىراكىم ھەمە شەھغە دىلخاھ سەن.

خىيانەت قىلىپ تۇشتى زىندان ئارا،
ياغىپ باشىغە نەچە رەڭ ماجرا.

خىيانەت ئانى بۇتپەرەست ئەيلەدى،
كى بۇتخانە ئىچرە نەشەست ئەيلەدى.

خىيانەت بىلە بولدى ئىززەت نەما،
بۇ يەئلىغ قىلىپ ئانى نەپىس ھەۋا.

ئوتۇپدۇر جاھاندىن زىراپەت بىلە،
چۇ مەئشەردە يۇرگەي خىجالەت بىلە.

چىراكىم كىشى ھەققى بولسە نەسىپ،
بۇ ئالەمدە شەھ ئاخىرەتدە غەرىپ.

ئۆزۈڭنى كىشى ھەققدىن ساپ قىل،
كىشى ھەققىنى ئالمە ئىنساپ قىل.

ھەممە زەرگەران تۇردى تەسلىم ئېتىپ،
ياغاچچى سوزىن دىلغە تەئلىم ئېتىپ.

## دوشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ گۈنبەزى خىزراغە يۈز قويغانىنىڭ بايانىدا ھىكايە گۈزارلىق قىلماق

پەلەك ئەگىندىن سالدى شەبگۇن فەلاس،
چۇ دوشەنبە كۈن كەيدى زەررىن لىباس.

كىيىپ شاھ ئەخزەر لىباسى بۇكۈن،
كىرىپ ماھۋەشى ئالىغە سەرنەگۈن.

تۈزۈپ بەزم ماھىۋەش بىلە مەي،
مۇغەننى سۇرۇد ئەيلەبان چەڭۇ-نەي.

قۇيۇپ مەينى مەھۋەش ياشىل جامغە،

كى يەتكۈردى بۇ روزنى شاھغە.

كىرىپ پەردە كەينىگە ھورى لىقا،
قالىپ شاھ تەخت ئۈستىدە بىنەۋا.

يەنە ئەمر قىلدى ئەۋانلارغا ئول،
ئالىپ كەل مۇساپىر ماڭا تېز بول.

بارىپ بىر مۇساپىرنى كەلتۈردى تېز،
كېلىپ ئولتۇرۇپ نۆكتە سۈردى سەتىز.

## ئۈچىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرگەن مۇساپىرنىڭ نۆكتە پەردازلىقى

غەنى بار ئىدى مىسر شەھرى ئارا،
كى پەقىر ئەھلىغە قەسرى ھاجەت راۋا.

نىھايەت يوق ئېردى ئانىڭ مالىغە،
يوق ئېردى ئەدەپ بارچە ئەمۋالىغە.

بار ئېردى بىر ئىزغلى كى ساھىپجامال،
بايان ئەيلەمەككە تىلىم كەلدى لال.

ۋەلى سەئىد كەۋكەب ئىدى ئىسمى ئاڭا،
ئۆزى جان ئاتاسى تەنى جىسمى ئاڭا.

ئوغۇلغە ياساپ ئېردى بىر خانەنى،
ئوغۇل كەلتۈرۈپ خىشۇ-بىگانەنى.

سوراپ ھەر نە ئىشكىم جاھان ئەھلىدىن،
دىمەي بەلكى يازدىبان ئەھلىدىن.

بۇ ئىشلار جاھان ئەھلىدىن ئۈرگەنىپ،
جاھان ئىچرە بار كەسپلەرنى بىلىپ.

قازارا يېتىپ كەلدى ئىككى غەرىپ،
مۇساپىرغە بۇ خانە بولدى نەسىپ.

كورەر سەئىد ئول ئىگىنى سەبزە پۇش،
كى سەئىد ئىككىسىن قىلدۇرۇپ بادە نۇش.

سوراركىم قايۇ مۇلك سىزگە مۇقەر،
دەڭىز كىم لىباس ئولدى نىگە خۇزەر.

دىدى بۇ ئىككۈ شەھرىمىز شەھرى سەبز،
سەبەب بۇ دۇرۇر كەيگەمىز رەڭگى سەبز.

يەنە سەئىد سوردى: دەڭىز ئەي رەفىق،
كى كورگەندىن ئېيتىڭ بەلەند دەقىق.

بۇلارنىڭ بىرى دىدى: ئەي ماھىۋەش،
بىزنىڭ شەھرىمىز بار دۇرۇر خۇبكەش.

يەنە باردۇر تاغ ئارا بىر گۇرۇھ،
كى بار ئاندا بۇتخانەئى باشۇگۇھ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



گۆرۈھىكى بۇتخانەغە قىلسە مەيىل،
ئاجايىپ ـ غارايىپ كورەر ئاندا خەيىل.

كىشىگە قىزا ھەرنە ئىش ئەيلەمىش،
چۇ خوپ ئەيلەسە كورمايىن قالمامىش.

يەنە ئىكى سۈرەت نەمايىش قىلىپ،
باشىغە كېلۇر ئىشنى ئەيتۇر بىلىپ.

بىرى يەخشىلىق سوزلەرىن ئەيغۇسى،
بىرى ھەم يامانلىق سوزىن دېگۇسى.

كىشى كورسە بۇ تۇشلەر ئۇيقۇ ئارا،
قوپار ئىزتىراپ ئىلە قايغۇ ئارا.

كىشى ياخشى ئىش كورسە ئەيلەر شىباپ،
يامانلىقنى كورسە قىلۇر ئىجتىناپ.

مۇنىڭدىن ئاجايىپ ئىشى باردۇر،
كى دەريا زەمرى كىشى باردۇر.

بۇ تۇش خەيىر شەررىن بىلەلمەس كىشى،
ۋۇقۇپ ئەيلەمەك ئول كىشىنىڭ ئىشى.

كىشى ھەرنە كورسە بارىپ ئالىغە،
جاۋابىنى تەپقاي ئۇز ئەھۋالىغە.

بۇ سوزلەرنى سەئىد ئىشىتكەن زامان،
ئۇزى ئىزتىرابۇ دىلى بى ئامان.

بۇلار سوزنى سالدى بالا بەھرەغە،
مۇنىڭ قەسدى بولدى ئۇلار شەھرىغە.

ئاتاسى سارى سەئىد خىرام ئەيلەدى،
كوڭۇل مۇددىئاسىن ئاتاغە دېدى.

ئىجازەت بېرىڭ بارغۇمەن ئول تەرەپ،
مۇرادىم تاپاي يا بولاي مەن تەلەپ.

ئاتاسى نەسھەت قىلىپ، ئەي ئوغۇل،
دېدى: مەنئ بول قىل سوزۇمنى قوبۇل.

ئاتاسى سوزى كارگەر بولمادى،
ئاناسى داغى چارەگەر بولمادى.

ئاتاسى ئانى تەڭرىگە تاپشۇرۇپ،
ئانا يىغلابان يۈزىگە ياش ئۇرۇپ.

ئاتا سەئىد بىرلە ۋىدائ ئەيلەدى،
ئىكى يارىغە ئىجتىمائ ئەيلەدى.

ئالىپ يۈردى ئانى ئىكى سەبزە پۇش،
كىرىپ يولغە ئەيلەپ پىغانۇ خۇرۇش.

مەراھىلنى تەي ئەيلەبان نەچە ئاي،
گەھى يىغلابان گاھ قىلىپ ئاھ ـ ۋاي.

بارىپ ناگىھان تۇشتى بۇتخانەغە،
كىرىپ سەيىر قىلماقىغە ئول خانەغە.

تاماشە بىلە كۈن بولۇپ كەچقۇرۇن،
كى بىر كۇشادە سەئىد تۇتتى ئورۇن.

بىرەھمەن كېلىپ باغلادى ئىشكىنى،
بۇ بىچارە قالدى توكۇپ ئەشكىنى.

سەھەرگە ياۋۇق كوزىنى يۇمادى،
دىلى سەئىدنىڭ قايغۇدىن تىنمادى.

كوزىن يۇمدى ۋەقتى سەھەر ئول غەرىپ،
تۇشىدە ئۇلۇغ دەيـر بولمىش نەسىپ.

كورەركىم ئىكى قۇش ئانىڭ قاشىغە،
كېلىپ سايراشىپ قوندىلەر باشىغە.

بىرى دېدى: بولمىش ساڭا بىر پەرى،
نەسىپ ئاڭا ھۇسنى دۇرۇر خاۋەرى.

يەنە بىرنىدا ئەيلەدى قورقۇتۇپ،
ئەسىر ئەيلەمىش دىۋە مەھكەم تۇتۇپ.

بۇ سوزدىن تەئەججۇپ بىلەن سىلكانىپ،
كوزىن ئاچتى ئول بىقارار ئويغانىپ.

ئىشىك سارى سۇرئەت بىلە ئول قاچىپ،
ئىشىكنى بىرەھمەن كىلىپ تىز ئاچىپ.

توكۇپ ئەشكىنى يىغلادى زارۇ - زار،
بۇ تۇش ۋەھمىدىن كوڭلىدۇر بىقارار.

ئىككى سەبزە پۇش ئالىغە قويدى يۇز،
دىدى: ھەرنى ئەيغان سوزۇڭ كەلدى تۇز.

يىتىشتى جانىم ئاغزىغە چارە ئەيت،
بۇ ئاۋۋارەنىڭ دادى ـ ھالىغە يەت.

دىدىلەر بۇ سوزنى ئىكى سەبزە پۇش،
بۇ ھالىڭنى پىر ئالدىدا قىل خۇرۇش.

بۇ ھالىڭ بارىپ پىرغە ئەيلە داد،
كى شايەد ئانىڭ بىرلە بولغاي مۇراد.

بولۇپ سەئدغە ئىككىسى ھەمسەپەر،
ئالىپ يۇردى باشلاپ ئىكى چارەگەر.

ئالىپ باردى تاغ ئىچرە بىرغارغە،
تەلەپ ئەيلابان ئىزدەگەن يارغە.

كورەركىم تۇرار پەيلەسوف ھەكىم،
شۇ كۇھى مۇنىڭ كوڭلىغە سالدى پىم.

ئەگەر ئىزدەسەڭ پىرنىڭ كەسپىنى،
ناۋايى كىتابىدا كور ۋەسپىنى.

كورۇپ سەئد ئول خىزرە ۋەش پىرنى،
دىدى ئاڭا ئەھۋال دىلگىرنى.

كوتەردى باشىن سەئد سارى قاراپ،
يۇزى مىھرىدەك سالدى غار ئىچرە تاپ.

دىدى سەئدغە گاھى سائادەت نەۋال،
زەمىرىمدا روشەن دۇرۇر بارچە ھال.

دىگەيسەنمۇ ھالىڭ ماڭا مۇبەمۇ،
يوق ئىرسە دىگۇم قالمايىن تارمۇ.

ئۇپۇپ يەر دىدى: دەرمەند زامان،
سوز ئەيتۇرغە خۇش پەيلەسوف جاھان.

بايان ئەيلەدى پەيلەسوف ھەكىم،
قاراپ سەئدغە دىدى مۇنداغ كەلىم.

كى ئەي سەئد ھالىڭ بايان ئەيلەبان،
دەيىن بارچە ئەسرارىڭنى بى گۇمان.

دىدى: مۇلكى شەھرۇ بىناسىنى ھەم،
ئاتاسىنى ھەم ئەقرەباسىنى ھەم.

كىلىپ تۇر نە ئىشكىم باشىغە بارىن،
بايان ئەيلەدى بارچەسىن بىر - بىردىن.

تۇشۇڭنىڭ بارىغە تەئبىر بار،
بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىغا تەدبىر بار.

ۋەلى تۇشدە ئول ئىكى سۇرەت ساڭا،
نە سوز دىسە بىلگىل زورۇرەت ساڭا.

نەچۇككىم ساڭا مەن بىلە سۇد ئىرۇر،
ماڭا ھەم سىنىڭ بىرلە مەقسۇد ئىرۇر.

ئىشت دەير ئىچرە ئىدىم پىشەۋا،
ئىدىم دەير ئەھلىغە مەن مۇقتەدا.

ھەمىشە ماڭا بۇ ئىدى ئارزۇ،
كى قىلغان ماڭا ئىككى قۇش گۇفتىگۇ.

ماگا ئاقىبەت غالىپ ئۇلدى ھەۋەس،
مەن ئۇل ئۇيگە ئەزم ئەيلەدىم شۇل نەپەس.

كىرىپ ئاندا بىر كۇشادە ياتىبان،
كوزۇم ئۇيقۇغە دەۋر ئىلە سالىبان.

تۇشۇمدە كىلىپ ئىكى قۇش ھەيئەتى،
ساگا ھەم كورۇنۇپ ئىكەن تەلئەتى.

قىلىپ بىر قۇش ئانداغ نەۋا سازلىق،
ماگا قىلدى بۇ نۇكتە پەردازلىق.

كى تۇشكەي ئاياغىڭغە بەند ناراز،
ساگا تىيرە گور ئولغۇسى كارساز.

يەنە بىر قۇش ئانداغ تەكەللۇم سۇرۇپ،
دىدى: قايغۇلۇق قىلمە خاتىرنى كوپ.

كى ئالىڭغە كەلگەي تەرىقى نىجات،
سائادەتدىن ئولغاي ئىشىڭغە شەبات.

كوزۇەدىن ئوچۇپ ئۇيقۇ بۇ سوز بىلە،
گەھى ھۇش قالماي گەھى ئۇز بىلە.

قىلىپ ۋەھمى ئانداغ خىيالىمغە جۇش،
سالىپ ئىردى بۇ قايغۇنى ئىككى قۇش.

بەسى جۇستىجۇ بىلە تەئبىرىنى،
تانۇرغە تەلەپ ئەيلەدىم پىرىنى.

تەلەب ئەيلەدىم ئىستەبان بىر سەھەر،
كى ناگاھ باشىمغە ياتىپ پىر دەيىر.

دىدى: مۇز تەرەب بولمە بۇ قايغۇدىن،
ساگا يەتتى بۇ قايغۇ ئول ئۇيقۇدىن.

تۇشۇڭنى مەن ئەتكۇم دۇرۇر ھەم بايان،
يەنە ئەيلەگۇم بۇ نەسىھەت ئايان.

كى مەن ھەرنە دىسەم قوبۇل ئەتكەسەن،
ۋەگەر نە ئۇزۇڭنى مەلۇل ئەتكەسەن.

دىدىم يەر ئۇپۇپ دادىمە يەتكەسەن،
بۇ نەۋئ ئىشلارىمنى كۇشاد ئەتكەسەن.

نە ھۇكىم ئەيلەسەڭ جان بىلە قىلغامەن،
كى ئەمرىڭنى ئارمان بىلە قىلغامەن.

دىدى پىر جاماس نامە ئوقۇ،
كى ئەھكامىدۇ تەشنە جانىڭغە سۇ.

بىتىلگەندۇرۇر ئاندا تەئبىرىنى،
كى فەھىم ئەتكەسەن ئاندا تەقرىرىنى.

تەلەب بىرلە قىل نامەغە كوشىشى،
كى مەندىن يىتىشكەي ساگا بەخشىشى.

كىشى كورسە بۇ تۇشنى ئول دەيىرئارا،
سىنىڭ بىرلە دەردىغە تاپقاي داۋا.

بۇ سوزلەرنى بىر بىر بايان ئەيلەبان،
ۋىدائ ئەيلەدى بولدى كوزدىن نىھان.

ئىزىغە كوزۇم دۇرلەردىن ساچىبان،
ئالىپ نامەنى ئىلكىمگە ئاچىبان.

نەزەر ئەيلەدىم كوردۇم ئول نامەنى،
بايان ئەيلەمىشكىم سورۇب خامەنى.

كىشى دەيىر ئارا كوز يۇمۇپ كورسە تۇش،
تولا قايغۇلار ئالىغە كەلسە تۇش.

ئانىڭ چارەسى — بۇ دۇرۇر كوھسار،
ھەمىشە ماكان ئولسە كۇھ ئىچرە غار.

مۇقىم ئولسە يۇز يىلغىچە چىقماسە،
كى مىژگانىدىن ئەشكىنى سىقماسە.

بۇ ئىش بىرلە قايغۇغە تەئبىر ئېرۇر،
ئاياغىڭدا ئىشكەلگە تەدبىر ئېرۇر.

بۇ غار ئىچرە بولسە مۇقىم ئول كىشى،
تۇزەلگەي ئانىڭ سەئد بىرلە ئىشى.

كىرەر سەئدى سورماقغە تەئبىرنى،
بۇ غار ئىچرە ئەيلەرگە تەدبىرنى.

مۇئەييىرغە ھەم يەتكۇسىدۇر مۇراد،
تاپىپ سەئد ئىلە مۇشكىلىغە كۇشاد.

كورەيىكىم، تۇرۇپ سەن مېنىڭ ئالىمە،
كېلىپ خىزرى ئەيغان سوزى يادىمە.

ماڭا يۇز يىل ئولدى مۇغارە ئارا،
ئولۇس مۇشكۇلاتىغە چارە ئارا.

يۇزۇڭگە مۇدام ئېردىم ئۇمىدۋار،
يولۇڭدا چېكەرمەن بەسى ئىنتىزار.

قاچان تابغۇمەنكىم ۋىسالىڭنى مەن،
كى بىر كورگەي ئېردىم جامالىڭنى مەن.

يېتىپ مەن جامالىڭغە يۇز شۇكرى كىم،
قىلاي مۇشكۇلاتىڭغە يۇز پىكرى كىم.

بۇ ئىشلار بارى مەندە تاپتى ۋۇقۇئ،
ئىشىڭغە سېنىڭ ئەمدى ئەيلەي شۇرۇئ.

ساڭا ئەيدىكىم تۇشتە ئول ئىككى قۇش،
كېلۇر بىر پەرى پەيكەر ئانىڭغە خۇش.

پەرى ئاڭلاما، بىل ئانى شەھ قىزى،
قۇياش چەشمىنى روشەن ئەتكەي ئىزى.

ئانىڭ ھوسنى ۋەسپىدە تىل كەلدى لال،
تىلىم ھەم كويەر ۋەسپىدە ھەم مەقال.

ئاتاسىغە بىر شەھر ئالى دۇرۇر،
ئاتى شەھرى سەبز ئاندا ۋالى دۇرۇر.

بۇ قورغان ئىچىدە بۇيۇك قەسرىدۇر،
ئانىڭ شەمئى ئول ئاپەتى ئەسرىدۇر.

بۇ قورغانغە ئۇچ قات سېپىل ئەيلەبان،
تۇرۇپ ھەر بىرىدە دەرۋازەبان.

بىرىنچىدە دىۋ ئاتى قەتران ئېرۇر،
ئانىڭ زورىدىن شىر ھەيران ئېرۇر.

ئىكىنجىدە تۇرغان خوجەستە ھەكىم،
قولىدا كىتابۇ ھەمىشە مۇقىم.

ئۇچىنچى ئىشكدە تۇرار زال ۋەش،
زەبانى فۇسۇن بىرلە دۇر تىغ كەش.

ھەمىشە فۇسۇن مىكرىنى ۋىرد ئېيتىپ،
پەلەك زالىغە ھېلەلەر ئۇرگەتىپ.

ماكان ئەيلەب ئول شوخلەر قەسر ئارا،
كىشى يوقكى ئاشق ئېمەس ئەسر ئارا.

كىشى ۋەسلىنى ئارزۇ ئەيلەبان،
ئەگەر كىرسە يۇز گۇفتىگۇ ئەيلەبان.

مۇشەققەت بىلە يەتسە دەرۋازەغە،
كى بەند ئەيلەگەن يولنى شىرازەغە.

چۇ زور ئىلە قەتراننى قىلسە ھەلاك،
ئاچىپ كىرسە دەرۋازەنى دەردناك.

ئىكىنجى ئىشكدە ھەكىم ئەھلىغە،
كىرىپ غالىپ ئولسە مۇقىم ئەھلىغە.

ئۇچىنجى ئىشكدە فۇسۇن ئەھلى بار،
ئانىڭ شۇئلە ئاغزىدىن چەككە يۇمار.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر غالىپ ئۇلساڭ بارى خەسمىغە،
ئانىڭ مىكرۇ زورقى ئىكەن رەسمىغە.

بۇ ئىشلاردىن ئوتكەندە تاپقاي مۇراد،
يوق ئېرسە ھەلاك ئولغايۇ ۋە نامۇراد.

ۋە لىكىن ساڭا ھەق نەسىپ ئەيلەمىش،
ئىلاجىڭغە مەندەك تەبىب ئەيلەمىش.

دىدى: بىرنەچە لەفزى قىلدىم ساۋاد،
كېرەك ئەيلەسەڭ بۇ تەكەللۇمنى ياد.

داغى مۇھرەئى چىمپىدا بار ئىدى،
ئاڭا بەردىكىم مۇھرە دىلدار ئىدى.

يەنە رۇقئەئى چەكمىش ئېردى رەقەم،
كەرەم ئەيلەبان بەردىلەر ئانى ھەم.

دىدى: قوپغىل ئەمدىكى ئەزم ئەيلەپات،
بولۇر راھبەر بۇ ئىكى پاك زات.

بۇ موھرىنى مەھكەم تۇت ئاغزىڭغە ئال،
دەھانىڭ سۇيىن خەسم سارىغە سال.

دەھانىڭ ئەگەر موھرىدىن سۇ ساچار،
سۇدىن ئادەت ئېردىكىم ئۇيقۇ قاچار.

بۇ ئىش غەيرى ئادەتكى ئۇيقۇ كېلۇر،
بۇ خاسىيەتىم كىمكى كورسە بىلۇر.

بۇ سۇ بىرلە قەتران يۇمۇر بولسە كوز،
ئانىڭدىن ئوتۇپ يولنى قەتئ ئەيلە تۈز.

ئىكىنچى ئىشىك سارى قويساڭ قەدەم،
ئو شۇل يەردە باردۇركى بىر خىزرى دەم.

بۇ رۇقئەمنى ئىلتىپ بارىپ ئالغە،
نىياز ئەيلە ھالىڭ ئانىڭ سارىغە.

ئىشىت ئانى كىم بىزگە پەرزەند دۇرۇر،
ماڭا ھىكمەت ئىلمىدە پەيۋەند دۇرۇر.

غەمىڭنى ئاڭا دەكى غەمخارەدۇر،
بەسى مۇشكۇلاتىڭغە ئول چارەدۇر.

بۇ سۆزلەرنى بىر - بىر بايان ئەيلەدى،
ۋىدائ قىلدى، فۇرقەت ئايان ئەيلەدى.

نەچچە ۋادىلەر تۈن - كۈن قەتئ ئېتىپ،
ئىككى سەبزە پۇش ئەلنى ھادى ئېتىپ.

يېتىپ كەلدى ئول شەھرغە بۇ غەرىب،
كى كۈن كەچ بولۇپ ئەردى تاپتى شەكىب.

ئىكى ھەمرەھى شەھغە ئەرز ئېتكەلى،
بېرىپ دىدى بىچارە ھالىن بەرى.

ئالىپ كەلدى شەھ غەملىك ئاۋارەنى،
بەسى كوڭلىن ئالدى بۇ غەمخارەنى.

دىدى شاھ بۇ كۈن غەمدىن ئاسۇدە بول،
قوپۇپ ئەرتە قورغانغە ئەزم ئەيلە يول.

داغى سەئدى قويدى ئاياغىغە باش،
چىقىپ ئاھ ئىلە يىغلابان كوزدە ياش.

بارىپ ئوز ۋىساقىغە ئول بىقارار،
يېتىپ كېچە ئول ئويدە كوڭلىدە نار.

ئالىپ چىقتى سەئدىنى كىم ئول خىيال،
كى بار ئەردى كوڭلىدە شەۋقى جامال.

چىقىپ ئويدىن ئانداغكى بادى سەبا،
يېتىپ كوھ قەسرىغە ئول بىنەۋا.

چېكىپ قەسر ئالدە ئاھۇ - پىغان،
كى ھىجر ئىچرە كوڭلى دۇرۇر بى ئامان.

بار ئىردى بۇ قەسىر ئىچرە بىر دىۋە زاد،
كەزەر قەلئە دەۋرىن نەچۇك گەردى باد.

بىناگاھ يىتىشتى قولاغىغە ئۈن،
غەزەبتىن باشى ئوزرە چىقتى تۈتۈن.

كورەر مەست ئاندا نە ئەقىل نە ھۇش،
يوق ئىردى ئاڭا جۇز فىغانۇ - خۇرۇش.

ئالىپ ئىلكىگە خەنجەرى تىزنى،
دىبان ئولتۇرەي ئوشبۇ خۇنرىزنى.

يەنە قىلدى كوڭلىدە پىنھان خىيال،
تاڭ ئاتقۇنچە ئولتۇرمەي ئەيلەي ھەيال.

بۇ يەرگە يىغىلغاندا ياخشى - يامان،
سۇرەي تىغ بوغزىغە، بەرمەي ئامان.

بۇ پىكر ئىلە سالدى ئاياغىغە بەند،
تۇشۇپ زەنگى دەستىغە بۇ دەردمەند.

ئالىپ كىردى غار ئىچرە ئول زۇلم پاش،
چىقىپ قويدى غار ئاغزىغە زور تاش.

بۇ زەنگى قوپۇپ قىلدى قورغانىغە ئەزم،
بۇ بىخودنى ئولتۇرمەكىن قىلدى جەزم.

سەھەر ۋەقتى سەئىدى ئوزىگە كېلىپ،
كېچە يادىدا بولغان ئىشلار بىلىپ.

چۇ كورگەن ئىشنى خىيال ئەيلەبان،
قىلىپ ئىردى تەئبىر دانا ئايان.

قىلىپ ئىردى دانادىن ئول رۇقئە ياد،
ئوقۇپ ئانچە كىم كوڭلىنى قىلدى شاد.

ۋۇجۇدىغە قوۋۋەت نەچچە يۈز ئورۇپ،
ئاياغىدە زەنجىرنى سىندۇرۇپ.

ئالىپ ئاغزىدىن غارنىڭ تاشنى،
كى قۇتقاردى ئول غاردىن باشنى.

يانىپ باردى ئول يەرگە كىم پادىشاھ،
دەپ ئىردى بارىپ ئەيلەگىل خۋابگاھ.

بارىپ كوردى ئاندا مۇرافىقلارىن،
مۇنى ئىزدەشىپ ئىردى مۇشغىقلارىن.

كورۇپ بىر - بىرىن بولدىلەر شادىمان،
قوپوب ۋەئدەگاھىغە بولدى راۋان.

تۇرار شاھ مەيدان ئارا ئىنتىزار،
ئانىڭ ئالدىدا زەنگىئى دىۋە سار.

پەرى چېھرە قەسىر ئىچرە ھازىر بولۇپ،
تاماشاھلار ئەتىمەككە نازىر بولۇپ.

يەنە يۈز تۈمەن خەيىللەر ھەر تەرەپ،
تاماشاسىغە سەئىدىنىڭ چەكتى لەپ.

دىبان دىۋە سەئىدى چۇ كەلگەن زامان،
بۇرۇن تۇتقۇنۇم ئولتۇرەي بى ئامان.

كىرىب غارغە تۇتقۇنىن تاپمادى،
تەئەججۇپتىن ئاچقان ئاغىز ياپمادى.

چىقىپ سەئىد سارىغە ئەزم ئەيلەدى،
بۇ ھەم كىردى مەيدانىغە رەزم ئەيلەدى.

ئالىپ سەئىد ئول موھرنى ئاغزىغە،
دىمەي موھرە، بىل ھوشنى مەغزىغە.

ئىتىپ دىۋەغە ئاغزىدىن سۇ ئالىپ،
كوزىن يۇمدى قەترانىغە ئۇيقۇ كېلىپ.

كوتەردى ئانى سەئىدى ئايلاندۇرۇپ،
ھەلاك ئەيلەدى ئانى يەرگە ئۇرۇپ.

نەزەر ئەھلىدىن چىقتى غەۋغا بەسى،
چىقىپ شەھر ئىلىدىن ئەلالا بەسى.

داغى سەئدى تۇردى كەمەر باغلابان،
نە خىزمەت تىلەرسەن ماڭا قىل ئايان.

دىبان يۇردى ئىككىنجى قورغانغا پات،
ھەكىم ئانى كورگەچ قىلىپ ئوزنى مات.

قىلىپ نامە تەسلىم سەئدى زامان،
بېرىپ ئېردى ئول فەيلاسۇپى نىھان.

ئالىپ كىردى ئول نامەنى بۇ ھەكىم،
سۇرۇپ كوزىگە ئوزنى ئەيلەپ نەدىم.

ئوقۇپ كوردى ئۇستادىنىڭ ئاتىنى،
ئوزى بىرلە سەئدى مەقالاتىنى.

پۇتۇلگەن ئىكەن سەفھەغە نەچچە سوز،
سىپارىش قىلىپ سەئد ھالىن توكوز.

كى ئەمر ئەيلەمىش ئېردى ئول ئۇستاد،
كى سېھرىكى زال ئەتتى، قىلغىل كۇشاد.

تۇرۇپ ئول ئىكوۋ بۇ مەقالات ئارا،
تاماشا كورۇپ ئەل بۇ ھالەت ئارا.

دىدى سەئدغە ئول ھەكىم: ئەي غەرىپ،
نەكىم خاھىشىڭدۇر ھەق ئەتمەس نەسىپ.

بۇ كىم زال دەپ ئەيلەمىشلەر خىتاپ،
ئانى بىلگەسەن قىلمايىن ئىزتىراپ.

قىلىپ مەن تىلىسىم ئىلە سۇرەت ئاڭا،
نە جىسمىدا جان بار نە قۇۋۋەت ئاڭا.

سەن ئول سارى جۇرئەت بىلە بارغاسەن،
كى دەربەند ئىچىگە ئوزۇڭ سالغاسەن.

كىرىپ زال كوكسىگە بىر تەپكەسەن،
ھەرىمى ۋىسال ئىچرە بىر ئۆپكەسەن.

يەنە سەئدى سارىغە بولدى راۋان،
دىدى شەھغە بۇ سوزنى ئول كامىران.

يەنە قايسى ئىش سارى ئەزم ئەتكەمەن،
نە ئىشلار بۇيرۇساڭ ئول تەرەپ كەتكەمەن.

بۇ سوز بىرلە شەھغە يېتىپ ئىزتىراپ،
قوپۇپ باشلابان سەئدنى بى جەۋاپ.

خىرام ئەيلەر ئېردى ئەجۇزە سارى،
شەھەر خەلقى كەينىچە يۇردى بارى.

بەلا كوپ ئىدى زالنىڭ دەۋرىدە،
شەھەر خەلقى نالان ئىدى جەۋرىدە.

كىرىپ سەئد ئول يەرگە مەردانەۋار،
تەپىپ كوكسىگە زالنى قىلدى خار.

بارى سېھرىلەرنى كۇشاد ئەتتىلەر،
بۇزۇپ ئانى، كوڭلىنى شاد ئەتتىلەر.

بارىپ سېھرىنى باتىل ئەتتى تەمام،
يانىپ شاھ سارىغە قىلدى خىرام.

قۇچۇپ ئانى شەھ يۈزلەرىگە ئۆپۈپ،
دىدى ماڭا پەرزەند بولغىل، كۇلۇپ.

ياسالغان ئىدى باغ ئارا بىر مەكان،
ئانى كورمىگەن ئومر ئەھلى زەمان.

بۇ قەسىر ئىچرە شەھ قىلدى ئانداغكى شور،
بارى شەھر سەبز ئەھلى تاپتى سورۇر.

پەرىشتە بىلە ۋەسلى تاپتى پەرى،
يېتىشتى گەدا ئىلكىگە گەۋھەرى.

www.uyghurkitap.com

ئەجەل ئىلكى شەھنىڭ ياقاسىن ئالىپ،
زىمىن ئىچرە تىپىپ ئەتتى ئانى چالىپ.

بۇ شەھزادە ئورنىدە تۇتتى مەقام،
پەلەك دەۋرىدىن يەتكۇرۇپ ئاڭا جام.

ئىشىتكىم بودور دەھر دون ئادەتى،
پەلەك زالىغە بار بۇ خاسيەتى.

نىھان ئەيلەبان بىرنى-بىر قوينىغە،
بىرنى مۇسەللەت قىلىپ ئورنىغە.

بىرنى پەنا دەشتىغە يەتكۇرۇپ،
بىرنى جەھان تەختىغە كەلتۇرۇپ.

بىرىن قەتل ئېتىپ تەختەغە ياتقۇزۇپ،
بىرىن تەخت ئوزە چارزانۇ قۇرۇپ.

بىرىگە بېرىپ تاج ئىلە زەرۇ-سىيىم،
بىرىنى قىلىپ خار-زارۇ يېتىم.

كەل ئەي ساقىيا تۇت كى... جام،
ئىچىپ بادەنى مەست ئولاي سۇبھى-شام.

چىقىپ ئوزلۇگۇمدىن تىيا سارىغە،
سالاي ئوزنى شاھى سەخاپ ئارىغە.

قىلاي توھپە ئالىدە پەژمۇردە دىل،
دەي ئالىدە ھاجەت ماڭا يەتسە بىل.

كەرەم ئەيلەبان دەستىمە بەرسە تىغ،
كېسەي ئوزلۇكۇم شاخىنى بىدەرىغ.

### شاھ بەھرام شەنبە كۇنى گۇلرەڭ تون كىيىپ، گۇلرەڭ قەسرىغە
**يۇز كەلتۇرۇپ، ئول قەسر ئىچىدە شەپەقرەڭ ھەللەلىك خۇرشىد**
**ئاسا دىلبەر بىرلە ياقۇت يەڭلىغ جامدا لەئلىرەڭ مەي نۇش ئەتكەنى ۋە**
**ئول لەئلى رەڭ مەي مەستلىكىدىن قىزارغان ئوقۇغە مەيل قىلغانى**

چۇ سىھشەنبە ئېردى پەلەك تىزرەۋ،
نۇجۇم گۇللەرىن توكتى ھەر يان پەرەۋ.

شەپەقگۇن لىباسىن كىيىپ چەرخى زال،
قىلىپ جىلۋەلەر ئاچتى تۇرپە جەمال.

چىكىپ شاھ بەھرام گۇلگۇن سەرىر،
كىيىپ قەددىغە جامە گۇلگۇن ھەرىر.

ھەمۇل قەسرى گۇلگۇن سارى ئەزم ئېتىپ،
كى ئىچمەككە گۇلرەڭگى مەي بەزم ئېتىپ.

نۇزۇل ئەيلەدى شاھ بەزم ئارا،
شەپەقگۇن ياسالغان كى دىۋان ئارا.

چۇ گۇلچېھرە دىلبەر چىقىپ قاشىغە،
پىدا ئەيلەگەي جاننى پادە شەيىغە.

داغى ئول سەنەم ھۇللەسى ئال ئىدى،
تەۋازۇئ بىلە قەددى چۇن دال ئىدى.

تۇتۇپ شەھغە گۇلگۇن مەي ئول سەنەم،
ئىچەر ئېردى ئىكوۋ ئانداغ دەمبەدەم.

سەدالار چېكەر ئېردى بۇلبۇل كەبى،
كى مەي تابى قىلدى يۇزىن گۇل كەبى.

چۇ بەھرام مەيدىن قىزارىپ ئىدى،
ۋەلى كوزىدىن ئۇيقۇ بارىپ ئىدى.

uyghurkitap.com

گورۇھكى شاھغە ھاۋادار ئۇلۇپ،
بۇ ئەسرارلەردىن خەبەردار ئۇلۇپ.

چۇ ئەمر ئەتتى سۇلتان بۇ يەكلىغ ئاتا،
دىسۇن سەرگۈزەشتىن كورۇنمەي ماتا.

شەھەنشاھ كوڭلى ئاچىلغاي دىبان،
كى مەي زورنى دەفئ قىلغاي دىبان.

تۇرۇپ پەردەنىڭ تاشىدا بۇ غەرىب،
تەۋەھھۇم بىلە بولدى غەمگە فەرىب.

تاپىپ روملەردىن فۇسۇنسازنى،
سوز ئەيتۇرغە بىر سىھرى پەردازنى.

شەھ ئىقبالى ئانداغكى ئەفزۇن ئىدى،
يۈزى بادەدىن ئەسرۇ گۈلگۈن ئىدى.

دىدى ئەرز شەھغە ئانى كەلتۈرۈپ،
تەۋازۇئ بىلە ئەرزنى يەتكۈرۈپ.

دۇئا بىرلە نۇكتە سەرا بولدى ئول،
دىگەي سوزلەرىن، شاھ قىلغاي قەبول.

## تورتىنچى ئەقلىمدىن يەتكۈرگەن مۇساپىرنىڭ داستان ئاغازى

بار ئېردى ئەجەپ شاھ ئالى نىشان،
كى ئەمردە مەئمۇر ئەھلى جاھان.

ئۇتۇپ نەچە كۈن شاھ قىلدى خىيال،
تاپىلڭ ئول كىشىنى كى ئەيلەي سوئال.

ئەدەددىن زىيادە فەزايىنلارى،
سەناغدىن بۇرۇن پەلەك ئايىنلارى.

چىقىپ كوپ ياساۋۇل قىلىپ سۇرئەتى،
تاپىپ كەلدى ئانى ھەمىن پۇرسەتى.

ئاتاپ خەلق چۇ نە ئانىڭ ئاتىنى،
داغى شاھ ئادىل دىبان زاتىنى.

دىدى: ئەي شىكەستە مۇرادىڭ نەدۇر،
بۇ ھىملە بىلە ئىنقىيادىڭ نەدۇر.

پەقىرلەرغە بى باھانە بىرىپ،
ئەگەر تاپسە بائىس خەزانە بىرىپ.

جەۋابىغە مۇنداغ دىدى ئول بەشەر،
تىلەيمەن بىر ئەررە يەنە بىر تەبەر.

بۇ تەۋر ئىلە ھالى زەبۇن بىر پەقىر،
چۇ دەۋران ئارا بەلكى بولغان ئەسىر.

ئانىڭ ھىكمەتىن شاھ سوئال ئەيلەدى،
گەدا بۇ تەرىقە مەقال ئەيلەدى.

كېزىپ دەشتۇ-تاغۇ باياباننى كوپ،
مۇشەققەتدە قىيناپ ئەزىز جاننى كوپ.

ئەگەر قايدا بولسە بۇ يەكلىغ سەمەر،
قىلاي ئىن كېسىپ ئانى زىرۇ-زەبەر.

ئالىپ كەلدى ئەمرۇد ئاتا بىر سەبەد،
كى ئارام ئالماي قىلىپ جەھدۇ-جەد.

شەھەنشاھ بىلدىكى مەقسۇدىنى،
ئاتا يايدى دەرھال كەرەم جۇدىنى.

تۇرۇپ قالدى خەير ئاتا بەرمەيىن،
يانىپ چىقتى ئىھسان گۈلىن تەرمەيىن.

ھىساپ ئەيلەسە سانى بىرلەك ئىدى،
دىسە ئون تومەن قۇل بىشەك ئىدى.

ۋەزىر مەيل ئەيلەپ باھانە سارى،
ئالىپ يۇردى شەھنى خەزانە سارى.

ۋەزىرنىڭ خىيالى كورۇپ مالنى،
نە كىم تەرك ئەتكەي بۇ ئەفئالنى.

خىيالىن بىلىپ شەھ نەزەر ئەيلەدى،
خەزايىننى ئانداغ مۇقەر ئەيلەدى.

دىدى: ئاز قىلىپمەن كى ئىھسان ئاڭا،
بىرىلىڭ يانە ئالتۇن دۇچەندان ئاڭا.

بار ئىردىكى مۇنداغ نەچە ئىشلارى،
ئاتا بەزلىدە نەۋئ قىلمىشلارى.

ساچىپ دۇرلەرىن ئەبرى ئىھسانى كوپ،
بۇ ئەتىۋارئىلە ئىردى مىھمانى كوپ.

بۇ مىھمانلەر ئىچرە بارئىردى غەرىپ،
ئانىڭ ئۇلپىتى ئىردى شەھغە قەرىب.

تۇرار ئىردى سوھبەت قىلىبان ئىكوۋ،
بۇ مەجلىسدە يەنە يوق ئىردى بىراۋ.

بايان ئەيلەبان قەۋلى ئەخبارنى،
تامام ئەيلەدى نەچچە گۇفتارنى.

ئىشت شەھ بىساتى ئارا ئاينە،
بار ئىردىكى مۇنداغى يوق ئىردى يەنە.

بۇ كوزگۇنى ھەركىم يۇزىگە تۇتۇپ،
قاراسا يۇزى ۋە كوزىگە تۇتۇپ.

دىسە راست ئەكسى سافالىغ ئىدى،
غەلەت دىسە ۋەجھى قارالىغ ئىدى.

بولۇپ ئىردى كوپ ئازمايىش ئاڭا،
ئىيتقاندەك ئىردى نەمايىش ئاڭا.

چۇ شەھ بەرگەن ئەردى ئاڭا ئانچە مال،
ھىسابىنى بىلمەك يوق ئىردى مەجال.

بۇ سوز بارەسىدە سوئال ئەتتى شاھ،
ھەمۇل ھەمكى سارى ئەيلەپ نىگاھ.

بۇ ئالەمنى ئانچە گۇزەر ئەيلەدىن،
ئولۇس خەيلىغە كوپ نەزەر ئەيلەدىڭ.

ئىشتىڭمۇ بارمۇ مەنىڭدەك سەخى،
ۋە كوردۇڭۇزمۇ دەگىز سوز ئەخى.

شەھىنشاھ قىلغان زامان بۇ سوئال،
مۇنىڭ ئولدى ئانچە خىيالى مەلال.

ئەگەر بار دىسە شەھغە نۇقسان ئىرۇر،
ئەگەر يوق دىسە سوزى يالغان ئىرۇر.

قىلىپ ۋەھىمە ئانچە تەپەككۇر بىلە،
دىدى سوزنى يالغان تەھەييۇر بىلە.

كىزىپ مەن جاھاننى چۇ بادى سەبا،
تەپا ئالمادىم سەن كەبى ئەسخىيا.

دىدى شاھ: ئەيغان سوزۇڭ چىنمۇدۇر،
بىلەي ياكى ئول كەزبى تەلقىن مۇدۇر.

تۇتۇڭ كوزگۇ ئوترۇ كورۇنگەي يۇزى،
ئوزىنىڭ يۇزىنى تاكى كورگەي ئوزى.

نەزەر سالدى نى پىلھال كوزگۇ ئارا،
ئوز ئەكسىنى ئانداغكى كوردى قارا.

خىجالەتدە بولدى سەرئەفكەندەلىك،
داغى شەھغە ھەم يەتتى شەرمەندەلىك

دىدى: ئەي مۇساپىر خوجەستە سۇپات،
ساڭا ئولدى مەندىن بۇ يەڭلىغ ئۇيات.

www.uyghurkitap.com

قارالىقغە بائىس كى يالغان ئېرۇر،
ئىلاجى دىمەك راست ئاسان ئېرۇر.

دىدى كوردۇم ئەيدى بۇ كوزگۇگە باق،
باقىپ كوردى كوزگۇ ئارا ئەكسىن ئاق.

دىدى شاھ: ئەيغىل ئېرۇر نى كىشى،
بۇ يەكلىغ ساخادۇر ئانىڭ ۋەرزىشى.

دىدى: راۋى بولساق بۇ يەردىن يىراق،
ئەگەر بولسە خىلۋەت ئېرۇر يەخشىراق.

چىقاردى مەجالىس ئىلىن تاشقارى،
ئالىپ كىردى ئاندىن ئانى ئىچكەرى.

دىدى ئول كىشىگە: سوزۇڭ قىل بايان،
دىگەن سوزلەرىڭ تاكى بولسۇن ئايان.

دىدى: بۇ ساۋاھىل ئارا شەھرى بار،
ئانىڭ تەرزىدۇر مىسلى جەننەت شۇئار.

سېنىڭ مولكۇڭ ئىچرە ئېرۇر مۇتتەسىل،
خەراجىن بىرۇرلە ساڭا توشسا يىل.

... ... ... ...
... ... ... ...①

چۇتوبجار مەسئۇد دىلىن ئەتتى خۇش،
تۇتۇپ شەھغە قىلدى ئانى پىشكۇش.

يەنە مىزبانى تۇرۇپ ئانچە بەزم،
ئىچەر ئېردى گۇلگۇن قەدەھلەرنى جەزم.

قايان باقسا ساغەر تۇتار ساقى ھور،
نەزەر قىلسا گويا ئىدى جانغە جور.

نى دىن كىم قەرەدىن ئاتار ئېردى ئىرى،
قىلۇر زەخمى گويا ئۇلۇمگە يەۋۋق.

بۇ نەۋئ ئىلە ئېردىكى ئاخشامغىچە،
چىقىپ سۈكرە ئارامىن ئالدى بۇ كېچە.

تاڭ ئاتقان زامان كەلدى يەنە بۇ خەيل،
كى ئۆز ئادەتىدىن سۇبۇھ ئەتتى مەيل.

چۇ ئەمىر ئەتتى مەسئۇد بىشارەت **بىلە**،
يۇرۇر ئېردى خەلقى ئىشارەت **بىلە**.

ئالىپ كەلدى مەجلىس ئارا تۇرپەساز،
بۇ ساز **بىلە** كەلدى نەچە دىلنەۋاز.

تۇزۇپ سازلەرنى چالغۇلار دىدى،
يەنە ھەم نىقابىن ئالغىلار دىدى.

يۇزىدىن نىقابىن ئالىپ شولزامان،
كى چەك تارىغە بەردى قاتىغ پىغان.

ئىشتتى بۇ يەكلىغ سادالارنى شاھ،
كى چەكدىن قاتىغراق چېكەر ئېردى ئاھ.

ئىشىن ئانچە مەسئۇد رىۋاج ئەيلەدى،
تۇنە كۇندىن ئارتۇق خىراج ئەيلەدى.

بۇ نەۋئ تۇتتى ئول كۇن زىيابەت ئىشى،
بولۇپ شاھ مەي ياندى كى ھەر بىر كىشى.

يەنە تاڭلاسى ھەم تۇزۇپ مەئرىكە،
مەجالىسغە ئانداغ بىبرىپ تەئرىكە.

پەرى ساقى مەينى تۇتار ئېردى جىق،
بۇ كۇن بولدى ئەۋۋالقىسىدىن قىززىق.

---

① قولىيازمىنىڭ 2 ۋارىغى يوق (تەخمىنەن 272 مىسرا).

يەنە ئەمر قىلدى كەرىم مىيزبان،
بىراۋ قويتى چىقتى ئىشىكدىن راۋان.

هايال قىلماي ئەسلا يەنە كىردى پات،
ئالىپ كەلدى شەهنىڭ قاشىغە بىر ئات.

بۇ ئات سۇرئەت ئىلە ئەگەر قويسا كام،
قىلىپ هەر كۇنى يۇز ياغاچلىق خىرام.

ئانى توهپە قىلدى شەهىنشەهغە،
داغى ماللار كوڭلى ئاگاهغە.

بارى توهپەلەر ئىبەردى مەرغۇبىراق،
ۋە لېكىن بۇ ئات كەلدى مەئبۇبىراق.

زىياپەت بىلە شاھ مەجنۇن ئىدى،
بۇ كۇن بارچە كۇنلەردىن ئەفزۇن ئىدى.

كۇن ئولتۇردى يەنە بارى ئىبەردى مەست،
كېرەك مۇنداغ ئولماق ئىشى مەيپەرەست.

چۇ مېهرى دۇرەخشان يۇزىنى ئاچىپ،
يەنە شام — هىندۇيى كەتتى قاچىپ.

بولۇپ ئۇيغۇ چۇ نە كوزىدىن يىراق،
كى ئوزىنىڭ ۋىساقىغە قويغاي ئاياق.

دىدى مىزبان نەچە كۇنلەر تۇرۇڭ،
كى بىزلەر بىرلە بەزم ئىشرەت قۇرۇڭ.

دىدى: چۇ نە مۇنچە تەئەب ئەي رەفىق،
ساڭا يەتتى بىزدىن كەچۇر ئەي شەپىق.

زىياپەت ئىشى مۇندىن ئارتۇق ئەمەس،
بۇ ئىشرەتدە ئولگەنلەر ئولدۇم دىمەس.

مەنىڭ كەلمەكىمدۇر ئىرادەت بىلە،
ۋەلى يانماق ئەۋلى ئىجازەت بىلە.

بۇ هالەتدە مەسئۇد دىدى: ئەي ئەزىز،
بۇ يەڭلىغ كوڭۇلگە سالىپ رۇستە خىز.

كېتەرسىز قويۇپ بىزنى ئەرمان بىلە،
قالۇرمەن پەقىر داغى-هىجران بىلە.

........................................
........................................

قويۇپ ئوزىرلەر شاھ ئالى نىشان،
قىلىپ خەيرۇ باد ئويگە بولدى راۋان.

ئۇزاتماقغە چىقتى ئوزى ئاتلانىپ،
زەماندە مەكانىغە كەلدى يانىپ.

چۇ شەھ يولغە كىردى خىرام ئەيلەدى،
بارىپ ئوز يېرىدە مەقام ئەيلەدى.

ئوتۇپ نەچچە كۇنلەر بولۇپ پىكرىدە،
كېچە-كۇندۇز ئىبەردى ئانىڭ زىكرىدە.

قىلىپ سوزلەرىن بولماس ئىبەردى تەمام،
پىراقىدا هەركۇن چېكەر ئىبەردى جام.

بىراۋكىم تىراز ئوزرە ۋالى ئىدى،
ئوزى كوپ خەسىس، نەسبى ئالى ئىدى.

بۇ سەردارنىڭ ئاتى جەيبۇر ئۇلۇپ،
كى هىند مۇلكىدە زۇلمى مەشهۇر ئۇلۇپ.

كېلىپ ئىبەردى ئاندىن نەچە دادخۋاھ،
ئوتۇپ ئىبەردى چەندان بېگىدىن گۇناھ.

مۇنى شاھ جۇنە ئىشتكەن زامان،
غەزەپ ئورلەتىپ بولدى شىر ژىيان.

دىدى: مەسئۇد ئولسۇن ۋىلايەتگە شاھ،
كى جەيبۇر ئىشى بولسە مۇنداغ تەبائ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋەلى نامەسىدىن بۇرۇن بۇ خەبەر،
يېتىپ بولدى جەيىبۇر ئىشىغە خەتەر.

ئاگا بەللۇ ئاتلىغ بار ئىردى ۋەزىر،
تەلەپ قىلدى ئانى دىدى: مۇنداكىر.

دىدى: ياشۇرۇنچە ئىشىتكەن سوزىن،
كى جۇنە تەرەپدىن يېتىشكەن سوزىن.

دىدى: بەللۇ مۇنداغ قىلىپ مەشۋەرەت،
يىمە غەم ساگا كورسەتەي مەسلەھەت.

كى بىرلەرگە مۇنداغ ھاۋادىس ئىرور،
ئەدۇ مەسئۇد ئولمىشكى بائىس ئىرۇر.

يازىپ شەھغە مۇنداغ كىتابەتنى ئول،
تاپىپ دۇركى مۇنداغ ئىنايەتنى ئول.

كىشلىكدە ئانداغكى فايىق كورۇپ،
سىنىڭ ئورنۇڭە ئانى لايىق كورۇپ.

بۇ بائىسدىن ئەتمىش بۇ يەڭلىغ كىڭەش،
ۋە گەرنە سىنىڭدە نىچۇك غەللە-غەش.

قاچان بولسە مەسئۇد جاھاندىن ئەدەم،
پەلەك ياۋەرىڭدۇر ئەدۇ پۇشتى خەم.

دىدى: جەيىبۇر ئولسە بۇ ئىش چارەمىز،
مۇنىڭ بىرلە پۇتسە ئەگەر يارەمىز.

ئانى يوق ئىتەرگە نە تەدبىردۇر،
دىدى بەللۇ: مۇنداغكى تەزۋىردۇر.

بۇرۇنراق ئوزۇڭگە ئانى يار ئەت،
مۇھەببەت رەسۇمىدا ئىزھار ئەت.

ئالىپ كەل ئويۇڭگە تەۋازىئ بىلە،
داغى خىزمەتىن قىل تەۋابىئ بىلە.

قاچا مەۋجۇد ئولسە بۇ يەڭلىغ ئەمۇر،
قىلۇرمەن كوزۇڭدىن بۇدۇشمەننى دۇر.

بۇ سوزدىنكى جەيىبۇر بولۇپ ئانچە شاد،
بولۇپ مەسئۇد ئىلە مۇۋەددەت نىھاد.

قىلىپ با تەنىدا فۇسۇنسازلىق،
ۋەلى زاھىرەن ئىردى ھەمرازلىق.

ئالىپ كەلدى جەيىبۇر ۋىساقى ئارا،
تۇشۇردى ئانى بىر راۋاقى ئارا.

تۇگەپ بەزمى ئىشرەت ئىشى، بولدى شام،
خەلايىق قويۇپ ئويگە ياندى تەمام.

بىرى-بىرسىنى يارى جانى دىبان،
ئىكوۋ ئاتلانىپ يولغە بولدى راۋان.

بۇ مەسئۇد مەكانىغە تۇشتى كېلىپ،
قەدەھ نۇش ئىتەر ئىردى مەھرەم بىلىپ.

بۇ كۇن ئىچرە ئانداغ بولۇپ مەيپەرەست،
كى مەسئۇدنى قاتتىغ قىلىپ ئىردى مەست.

يىقىلدى يانىچە بۇ گۇلشەن ئارا،
قۇياش پاتتى، بولدى جاھان ھەم قارا.

يېتىپ كەلدى مۇندا چۇ مەككارلەر،
قولىن تۇتتى مەھكەم بۇ غەددارلەر.

قىلىپ بەند ئىككى ئاياغىنى رۇست،
بۇ گۇلشەن ئىچىدىن ئالىپ قاچتى چۇست.

بولۇپ ئىردى مەسئۇد ئىلى بىخەبەر،
لىكىن مەستلىكدىن گەران ئىردى سەر.

كوتەردى بىراۋى قاچا باشلادى،
بارىپ بىر قودۇقغە ئانى تاشلادى.

ياتار ئېردى چاھدا ھەمول ناتەۋان،
يېتىپ كەلدى خەلقى تاڭ ئاتقان زامان.

بۇ ئىشدىن خەبەر يوق كېلىپ كوڭلى توق،
كىرىپ باقسە مەسئۇد بۇ گۇلشەندە يوق.

بولۇپ بارچە غەمناك ياقا چاك ئېتىپ،
كى جەيبۇر ئەم ئوزنى غەمناك ئېتىپ.

باقار ئېردى ئانداغ قىلىپ ئىزتىراپ،
يەنە مەسئۇد ئەھلى قىلىپ كوپ شتاپ.

بۇغەم بىرلە ھېچكىم كوزىن ياپمادى،
تىلەپ نەچچە كۇنلەر ئانى تاپمادى.

بەسى يالىقبان ئەل بۇ سۇرەت بىلە،
تۇتار ئېردى ماتەم زورۇرەت بىلە.

بۇ سوگ بىرلە جىسمىن نەھىپ ئەيلەدى،
يىغىپ كوھى غەملەر زەئىب ئەيلەدى.

بۇ يەرگە يېتىپ ئىش تەكەللۇپ بىلە،
يانىپ كەتتى جەيبۇر تەئەسسۇپ بىلە.

قىلاي يانە مەسئۇد سوزىن داستان،
كوزىن ئاچتى ناگاھ تاڭ ئاتقان زامان.

ئوزى بىر چوقۇردا قولى ئېردى بەند،
بىلى بالچىق ئىچرە ئاياقدا كەمەند.

دىدى: گىردى كارا ئېرۇر بۇ نىھال،
تۇشۇممۇ، ئوكۇممۇ ۋە ياخود خىيال.

كوزىگە قاراڭغۇ كورۇندى جاھان،
بۇ يەردە كورۇنمەس ئىدى ھىچ جان.

بۇ ھالەتدە چاھنىڭ باشىغە بىراۋ،
كېلىپ ئاچتى ئاغزىن، كورۇندى ئالاۋ.

ئانى چاھ ئىچىدىن ئەزابى بىلە،
ئالىپ چىقتى چىرماپ تەنابى بىلە.

جەدەل بىرلە ھەيدەپ تۇتۇپ خارى-زار،
ئۇرار ئېردى... ئاگا بى شۇمار.

پەلەك زۇلم تاشىن ئاتا باشلادى،
يەنە بىر ئوي ئىچرە كېلىپ تاشلادى.

چىقىپ چاھدىن ئولدى بۇ ئويگە ئەسىر،
كىرىپ كەلدى ئويگە بۇ دۇشمەن ۋەزىر.

قارار ئېردى ئانداغ يامان كوز بىلە،
قىلىپ نەچچە دەشنام قەبىھ سوز بىلە.

دىدى: يەز قولىنى يالانغاچ قىل،
ئالىپ ھەر لىباسىنى تاراج قىل.

يەنە ئەمرى قىلدى كەتۇرگىل تاياق،
ئالىپ چىقتى بىرسى ياغاچ بىر قۇچاق.

تۇتۇپ تۇردى ئانى بەش-ئالتە كىشى،
تاياق ئۇرماق ئولدى بىراۋنىڭ ئىشى.

دىدى مەسئۇد ئانداغ قىلىپ زارلىق:
نە بائىس بۇ يەڭلىغ ماڭا خارلىق.

غەرەز بولدىن ئولسە دەگىل ئاشكار،
ئەگەر جاندا بولسە، قىلاي جان نىسار.

ئۇرار ئېردى زالىم تۇلاق سالمايىن،
تاياقدىن بۇ زالىم باشىن ئالمايىن.

چۇچۇك سوزلەرىنى ئىشتمەس ئىدى،
كى دادىغە ھېچكىم يېتىشمەس ئىدى.

ياغاچلار ئۇشالىپ بىرى بولسە سۇست،
قوپۇپ يەنە بىرسى ئۇرار ئېردى چۇست.

ۋەزىر ئەيدى ئەمدى تولا ئۇرماڭىز،
تاياق بىرلە بىر كۈندە ئۆلتۈرمەڭىز.

مۇنى قەتل ئېتەرگە ئەمەس ئىزتىراپ،
ۋەلى نەچچە تۈرلۈك قىلالى ئەزاپ.

قاراپ تۆردى قەۋمى بەد ئەندىشلەر،
يىلانۇ ـ چايانـدەك ئۇرۇپ نىشلەر.

بۇ ھالەتدە مەسئۇد قوپۇپ ئورنىدىن،
تۇرار ئېردى قانلەر ئاقىپ بۇرنىدىن.

دەر ئېردىكى يىغلاپ: گۇناھىم نېدۇر،
دەڭىزلەركى فەئلى تەباھىم نېدۇر.

دىدى: قويماڭىزلەر بۇيەردە مۇنى،
سالىڭ چاھغە، يىتسۇن بۇ يەردىن ئۇنى.

نەچە كۈنلەر ئۆتتى بۇ يەڭلىغ ئىشى،
ئانى مەنئى قىلماس ئىدى ھىچ كىشى.

خەبەر يوق كىشىدە بۇ ئەفغانىدىن،
ئۈمىت ئۈزدى ئاخىر ئەزىز جانىدىن.

دىبان ئەي ئەۋانلەر ماڭا تىغ سۇر،
قىلىپ زەخىم، تەندىن بۇ جانى يۇتۇر.

دىدى تاڭلا ئۆلتۈرگەمىز بىگۇمان،
قويۇپ چاھ باشىدە ئىكى پاسىبان.

يانىپ كەلدى جەيبۇر قاشىغە ۋەزىر،
بۇ يۈتمەكدىن ئۆلدى چىنان نە رەشىر.

ئىچىپ بادە تۈزدىكى بەزمى نەشات،
سۇرەن بىرلە قىقاس سالىپ ئىفتىرات.

بار ئېردىكى جەيبۇر ئويىن دۇختەرى،
ساباھەتدە گوياكى ھورۇ ـ پەرى.

تەكەللۇملەر ئەتسە ئەگەر سىمبەر،
تامار ئېردى گوفتارىدىن پۇرشەكەر.

چۇ مەسئۇدغە ئاشىق ئىدى ئول پەرى،
ئۆتى قىلغان ئانىڭ تەنىن ئەخگەرى.

قىلىپ ئول يىراقدىن نەزارە ئاڭا،
تاپالماس ئىدى ھىچ چارە ئاڭا.

بولۇپ ئېردى مەسئۇد قۇدۇق ئىچرە بەند،
بۇ قىز كورمەكگە ئىدى مۇستەمەند.

بولۇپ ئانچە غەمكىن بۇ فەررۇخ جامال،
ۋە لېكىن سۇرەرغە يوق ئېردى مەجال.

بۇ كېچە كى كوردى ئاتاسىنى مەست،
بولۇبدۇر ھەمە ئەل زىمىندىنمۇ پەست.

قوپۇپ باردى چاھىنىڭ باشىغە پەرى،
بولۇپ مەست ياتمىش ھەمە بەدتەرى.

كېلىپ ئاچتى پىلھال قۇدۇق باشىنى،
كى قىچقاردى ئاندىن توكۇپ ياشىنى.

ئىشتتى ئۇنىنى بۇ مەجرۇھ ناك،
يەكى روھ تاپتى ئولۇپ ئېردى باك.

دىدى: سەن بەشەر يا پەرىشتەمۇسەن،
خودا رەھمەتىگە سەرىشتەمۇسەن.

قۇلاق سالدى دۇختەر بۇ ئاۋۋازىغە،
بىر ئوق ئوت تۇتاشتى بۇ ھەمرازىغە

دىدى: سەدىقەڭىزغە قىلاي جان پىدا،
نى قىلغايمە جانىنى كى سىزدىن جۇدا.

بارۇردە كى چاھىنىڭ باشىغە بۇ قىز،
بارىپ ئېردى ھەمرا ئولۇپ ئۈچ كەنىز.

نه چۇڭ ئىشلار ئەتسه ئاڭا يار ئىدى،
ھەمه ھال ئەتۋار ئىزھار ئىدى.

كەنىزەكلەر ئەيلەپ ئاجايىپ پەنى،
كى زىندان ئىچىدىن چىقاردى ئانى.

نەزەر قىلدى ئەئزالارى چاك ئېرۇر،
تاياق زەخمى بىرله جەرھناك ئېرۇر.

كوزىدىن توكۇپ ياش ھەمۇل ھورزاد،
ئاياق ئىلكىن ئەتتى تاناپىدىن كۇشاد.

چۇ مەسئۇد قويۇبان ئاياغىغه باش،
قىلاي دىدى سىررىن بۇ دىلبەرگه پاش.

دىدى: سوز قىلۇرغه ئېمەستۇر مەجال،
كېيىن بىر ماكاندا تۇزەلى مەقال.

كەنىزلەرغه ئەيدى كوتەرگىل مۇنى،
كىشى بىلسه بىشەك توكۇلگەي خۇنى.

ئالىپ يۇردى ئويگه قىلىپ ئىزتىراپ،
مۇبادا بىلۇر دەپ كىمەرسه ماراپ.

تۇشۇردىلەر ئانى تاپىپ خىلۋەت ئوي،
يۇمۇپ ئاغزىن ئەسلا دىمەي گۇفتىگۇي.

ئالىپ كەلدى پىلھال غىزا ۋە شەراپ،
يىدۇردى، ئىچۇردى كوزىگه قەراپ.

سالىپ كات يۇزىگه توشەك نەچچه قات،
چىقاردى كات ئوزره بۇ مەجرۇھنى پات.

ئوشۇل كېچه ئانى چىقاردى ئول ئاي.
تاڭ ئاتقاندا كەلدى ۋەزىر بەدنەماي.

تىغ ئۇرماقغه مەسئۇد ئۇچۇن يۇردى جەزم،
بەسى شاد خوررام قىلۇر ئېردى ئەزم.

كېلىپ كورسه زىندان باشىدۇر ئوچۇق،
قاراپ باقسه مەسئۇد بۇچاھ ئىچره يوق.

تاپىپ پاسىبانىنى ھەلاك ئەيلەدى،
قىلىچ بىرله باغرىن چاك ئەيلەدى.

چاپىپ يۇردى دالا سارى ئانچه تېز،
كى جان ۋەھمى بىرله بولۇپ ئەشك رېز.

ئىكوۋلان قالىپ بىر ئۇلۇغ غەم ئارا،
نه غەم بەلكى قالدى كى ماتەم ئارا.

كېڭەشتى كى قىلغاي بۇ ئىشغه ئىلاج،
ئانى قوغلاماقغه بۇ كوپ ئېھتىياج.

شەھەر ئىچره ياتمىش ئىدى ناتەۋان،
چاپار ئېردى ئىستەپ ئۇلار ھەر قايان.

كېزىپ تاغۇ ـ دەشتى بايابانىنى.
نه قىر يەنه بەھرى رەگىستانىنى.

يۇرۇپ ئون كۇن ئىستەپ چىقىپ بارچه جان،
كى مەسئۇددىن ئەسلا تاپالماي نىشان.

يانىپ تۇشتى مەنزىل ئارا ھەر ـ بىرى،
بۇ ئىشلاردىن ئاگاھ ئولۇپ ئول پەرى.

كېڭەشتى بۇ يەرگه قارار ئەيلەدى،
مىنىپ ئىككى ئاتنى فەرار ئەيلەدى.

تاپىپ تاڭلاسىدا سپاھلەر خەبەر،
ئالىپ قاچقانىدىن ئانى سىمبەر.

چاپار ئېردى ئاتىن قىلىپ جەھدۇ ـ جەد،
بۇلارنى تاپارغه چىقىپ نەچچه بەد.

يۇرۇر ئېردى ئىلدام بۇ ئىككى رەفىق،
چىنان بادە سەرسەر چاپىپ ئات قىززىق.

كورۇندى ئۇلارغە ئىككى خۇش مىزاج،
نەكىم قالغان ئېردى ئارا بىر ياغاچ.

بۇ ھالەتدە تۇشتى ۋىساقى ئارا،
ئەدۇلەرنى تۇتتى قىلىپ ماجرا.

چۇ مەسئۇدغە قىلدى پەرىۋەشنى ئەقد،
سۈيۈندى ۋە تاپتى مۇرادىنى نەقد.

تىراز ئەھلىغە ھەم بولۇپ سەرۋەرى،
كېلىپ قولغە ئانداغ نەچە كەشۋەرى.

بەللۇ بىرلە جەيبۇر باشنى كېسىپ،
تاماشەغە قويدى ئېگىزدە ئېسىپ.

بارى دوست ئەھلى بولۇپ شاد كام،
تۈزۈپ بەزم ئىشرەت ئىچەر ئېردى جام.

نە خوشتۈركى بولسە تىرىگلىك گۈلى،
قەپەس ئىچرە بولسە نەفەس بولبۇلى.

كەل ئەي ساقىيا، مەينى قۇي بوغزىمە،
كى زەئىپ ئىچرە يەتتى جانىم ئاغزىمە.

بەسى ئىنتىزار ئىچرە ئۆلتۈرمەگىل،
خۇمار ئىچرە زەئىفىمغە لۇتف ئەيلەگىل.

غەربى جاھان ئىچرە يوقتۇر نەشات،
بۇ ۋادى ئارا ئەيلەگىل ئېھتىيات.

سەپەردە رەفىق ئىزدە ئول ياردۇر،
قاراقچى كەمەنگدە تەييارىدۇر.

## چاھارشەنبە كۈنى شاھ بەھرام نىلگۈن كىسۋەت بىلە گۈنبەزى نىلۇفەرغە مەيل ئېتىپ خۇرشىد ئاسمان لىباسى بىلە جام فىرۇزە گۈن ئارا كەبودى نۇش ئەتكەنى

چاھارشەنبە كۈن تاق نىلوفەرى،
سەپەر ئەزم قىلغاندە تۈن تاجىرى.

چىقىپ مېھرى تۈنگە قىلىپ خەيرباد،
ساچىپ نۇر، ئالەم ئىلىن قىلدى شاد.

كىيىپ ئەگنىگە شەھ تونىن نىلگۈن،
كىرىپ نىلوفەر قەسىر ئىچىدە ئۇرۇن.

ئالىپ ئىلكىگە جام مەي نىلوفەر،
تۇتار ئېردى شەھغە دەمبەدەم كەينەكەر.

ئاتا تەگرۇ مەي ئىچتىلەر ئاسمان،
ستارە قۇشىغە بولۇپ ئاشيان.

كىرىپ پەردەغە شوخ دىلبەر نەما،
نە يەڭلىغ كى شام ئۇلسە مېھرى سەما.

يەنە ھوكۇم قىلدى كى شەھ كەلتۈرۈك،
مۇساپىركى ئەفسانە گۇدۇر يۈرۈك.

بارىپ بىر مۇساپىر سۇخەنۋەر تاپىپ،
ئالىپ كەلدى شەھ پەردەسىغە چاپىپ.

كىرىپ ئۆلتۈرۈپ شەھ قاشىدا گەدا،
ھىكايە سوزىن قىلدىلەر ئىپتىدا.

قولىن ئاچىبان قىلدى شەھغە دۇئا،
كى سوكرە بۇ سوز بىرلە قىلدى نىدا.

## بەشىنچى ئىقلىمدىن كەلتۈرگەن موساپىرنىڭ سۆخەنۋەرلىغى

بار ئېردى ئەدەن شەھرىدە جەۋرىمەن،
ئوغۇرلۇقدا ئانداغ ئىدى سەف شۇكەن.

كى بار ئېردى يالغۇز ئاڭا نى رەفىق،
قاراقچى ئىدى قايدا بولسە تەرىق.

يەنە نەچە زورقچى تەييار ئېتىپ،
ئۆزىن بەھرىلەر ئىچرە سەييار ئېتىپ.

بىناگاھ يولۇقسە كوزىگە كېمە،
چاپىپ زورقىن ئەيلەمەي ۋاھىمە.

كېمە ئەھلىغە ھەيدەگۈنچە يېتىپ،
ئۆرۈپ ئەلنى، مالىنى تاراج ئېتىپ.

تالاپ مالىنى ئەلنى ئەيلەپ ھالاك،
ئۆزى شادۇ، مال ئەھلىنىڭ كوكسى چاك.

سۇ ئىچرە بالىقدىك يۈگۈرماق نىھان،
ئاتى جابىرۇ، بارچە زۇلمى ئەيان.

بار ئېردى جەزىرە ئارا مەئمەنى،
ئوغۇرلۇقدا جەمئ ئەيلەگە مەخزەنى.

يەنە تۆرپە بىر چەشمەئى بار ئىدى،
سۇيى ھەر تەرەپلەرگە سىر شار ئىدى.

ياساپ ئېردى ئول سۇ بىرلە بىر بېھىشت،
ئىچىدە داغى قەسىر ئەنبەر سىرىشت.

ئانىڭ دەۋرىدە بار ئىدى بىر شەھەر،
بار ئېردى ئاڭا شاھىئى تاج سەر.

ئاتى نۇدەر بىلىك نادىر ئىدى،
جەھان ئىچرە ھەر ئىشدا قادىر ئىدى.

ئاڭا بىر قىزىدۇركى مانەند يوق،
يۈزى ئىچرە قاش يا ۋە مىژگانى ئوق.

ئەگەر كورمەك ئىستەر ئىسەڭ زۇلفى خال،
نەۋايى كىتابىنى ئىلكىڭگە ئال.

بۇ قىز بىر كۈن ئەيلەپ ھەۋەس بەھرىغە،
تاماشە تەرىقى بىلە نەھرىغە.

كىرىپ زورقى ئىچرە ئول ئاپتاپ،
چۇ دەريا سارى ئەزم ئېتىپ ماھى تاپ.

قىلىپ سەير دەرياگە گەردۈن مىسال،
چىنان كەۋكەب ئولتۇردى ئىچرە ھىلال.

ئىسىپ ناگىھان نامۇۋاپىق شامال،
دېڭىز مەۋج ئۇرۇپ كۆشتىنى بى ھايال.

ئالىپ يۈردى كۆشتىنى گىردابىغە،
دېدى كۆشتىبان شەيىخخە شابىغە.

بۇ ھال ئولدى جاندىن ئىلىك يوغۇڭىز،
بۇ گىرداپ ئىچىدە ھالاك ئولغۇڭىز.

بۇ ھالەتتە جابىر شىكار ئەيلەدى،
بۇ دەريا ئىچىدە سەييار ئەيلەدى.

كوزى ناگىھان تۈشتى ئول كۆشتىغە،
سۈرۈپ زورقىن ئول غەم سىرىشتەغە،

يېتىپ ناگىھان ھەر ئوقى كىم ئاتار،
ئۆلەر قانلارىنى تېڭىزغە قاتار.

كىشى يوقكى كۆشتى ئارا ئول مەكان،
قازا تىغى جىسمىن ئىكى بول مەكان.

ئالىپ كەلدى ئۆز مىسكىنىگە بارىن،
چىقاردى ئانىڭ مالىنى بىر - بىرىن.

ئىمەس ئىردى ۋافىق پەرى چىھرەدىن،
جەھان گۈلشىنى ئىچرە گۈلچىھرەدىن.

بىناگاھ كوزى تۈشتى ئول نۇرغە،
جەھاندا كىشى كورمەگەن ھورغە.

يىقىلماق بىلە مەغزىدىن كەتتى ھۇش،
يەنە ھۇشىغە كەلدى ئەيلەپ سۇرۇش.

بىلىپ ئانى كورمەككە يوقتۇر مەجال،
بۇيۇردىكى مەھۋەشنى خىلۋەتكە سال.

تۇتۇپ ئەمرىنى ماھى زوھرە جەبىن،
كىرىپ باغ ئەرا بولدى ئەيۋان نەشىن.

ئىكى سەرۋى گۈلچىھرەنى ياندا،
قويۇپ خىزمەت ئەتمەككە ئايۋانىدا.

پەرىۋەش تۇتۇلغاندا خادىملەرى،
بار ئىردى كىمە ئىچرە نادىملەرى.

دىدى جابىر ئۆز مۇلكۇڭىزغە كېتىڭ،
ئەگەر جان كېرەكدۇر يۇرۇك ئەزم ئېتىڭ.

بۇ سوزدىن ئۇلەر ۋەھىم ئىتىپ ياندىلەر،
پەرىۋەش قالىپ، يولغە ئاتلاندىلەر.

قالىپ ماھىۋەش ئول جەزىرە ئەرا،
قۇياشدەك يۇزى شام تىرە ئەرا.

بۇ جابىر دىلىدا ئۇمىدى ۋىسال،
كى مەھۋەش خىيالىدا مەسرۇر ھال.

بار ئىردى يەنە بىر جەزىرە ئەرا،
بىلادىكى مانەند جەننەت نەما.

ئاڭا بار ئىردى ھاكىمى تاجدار،
بار ئىردى ئاڭا بىر ئوغۇل يادىكار.

ئاتا ئاتى نوئمانۇ مۇلكى يەمەن،
ئوغۇلغە سۇھەيل ئىسمۇ مەنزىل چەمەن.

پەرىۋەش ئوغۇلغە ئاتاغلىق ئىدى،
ئانىڭ زۇلفىغە كوڭلى باغلىق ئىدى.

قىلىپ مىھرىنى چەرخ ئەسرى پىراق،
ئوغۇل ئاندە ئەيلەر تويىغە يەراق.

نىگاھ ئەيلەمەك ۋەقتى بولغان ئىدى،
قارار ئىچرە مىئادى تولغان ئىدى.

قاراقدىن بارۇرغە يىراق ئىردى يول،
كى دەريا بىلەن ياخشىراق ئىردى يول.

سالىپ كۈشتىغە بارچە توي جابدۇقىن،
ئوغۇل ھەم كىرىپ سۇردى ئۆز زورىقىن.

بىناگاھ يىتىشتى مۇخالىپ شامال،
بارى ئەھلى كۈشتىنى قىلدى مالال.

ئالىپ يۇردى كۈشتىنى ئايلاندۇرۇپ،
كى گىرداپ ئارا كىمە قالدى تۇرۇپ.

بۇلار سارى جابىر نەزەر ئەيلەدى،
بارىپ كۈشتى ئەھلىن تەبەر ئەيلەدى.

ۋەلى رەزم ئارا چابوك ئىردى سوھەيل،
ئۇرۇشماقىغە جابىر بىلەن قىلدى مەيل.

قىلىپ داغى ئول زەربى ئىزھارىنى،
بۇ ھەم رەت ئېتەرلەر ئانىڭ كارىنى.

كى جابىر كورەر قايىم ئولماي ئىشى،
ئانىڭ مىكرىسىغە تۇزۇپ ۋەرزىشى.

ئۆزنى يالاڭلاپ سۇ ئىچرە كىرىپ،
سوھەيل كۆشتىنىڭ تۈبىنى يارىپ.

بۇ كۆشتى ئاراسىغە كىرگۈزدى سۇ،
ئىتەرگە سوھەيل ئەيلەدى جۇستىجۇ.

ئىلاجىنى ھەرنەچچە تەدبىر ئىتىپ،
قىلالماي باش ئۆزرە قايغۇ يىتىپ.

كىمە ئىچرە سۇ بەھرى ئىردى ئەمىق،
كىمە ئەھلىغە بولدى ۋەقتى غەرق.

بۇ ھالەتتە جابىر نىدا ئەيلەدى،
ئۆزىنى ئاڭا رەھنەما ئەيلەدى.

دىدىكىم قولۇڭنى ماڭا سونغاسەن،
بۇغەر قابلەردىن خالاس ئولغاسەن.

ئانىڭ ئىلكىنى ئىلكىگە ئالىبان،
ئۆزىن زورقىغە ئانى سالىبان.

يىشىپ كىم چىقاردى كەمەندىنى جوست،
تۈتۈپ باغلادى قول-ئايانىنى روست.

سۈرۈپ كۆشەسىن مەنزىلى سارىغە،
ئالىپ باردى شاھزادەنى غارىغە.

كورەر شەھزادە ئۆزىن بەند ئارا،
ئەدۇ ئىلكىدە خارۇ-زارۇ گەدا.

بۇ جابىر دىدى ئەي قولۇمدا ئەسىر،
كى قەتل ئەتسەم ئەتكۈم ساڭا مەن ئەمىر.

ۋەلى قەتلىگە قويمادى بىر ئىشىڭ،
بار ئىركەن باھادۇرلوقۇڭ ۋەرزىشىڭ.

چىپىنىڭدا شەھزادەلىق كورگەمەن،
ۋۇجۇدۇڭدا ئازادەلىق كورگەمەن.

خالاس ئولماق ئولماس چۇدام ئەيلەسەڭ،
مەنىڭ زۇلمۇمە ئىنتىقام ئەيلەسەڭ.

كەمەند ئىچرە بىر كىتمەك ئوۋلا سىنى،
يوق ئىرسە ئەزاپ ئەيلەگۈڭدۇر مىنى.

بار ئىردىكى بىر چاھ ئول قەسىر ئارا،
كىشى كورمەگەن ئانى ھەر ئەسىر ئارا.

بىلىن باغلاپ ئانى رەسەنلەر بىلە،
ئۇشۇل چاھغە تاشلەدى بى ھىلە.

قويى بىدىلۇ يوقارى دىلبەرى،
بىرى-بىرسىدىن غايىل ھەر بىرى.

ئىكىسىگە بۇ يەردە بۇ ھال ئىرۇر،
پەرى قەۋمىنى كور نە ئەھۋال ئىرۇر.

يىبەرىپ ئىدى قەۋمنى قورقۇتۇپ،
پەرىنى ئالىپ قالىپ ئىردى تۇتۇپ.

يۈرۈپ كىچە-كۈندۈز يىتىپ شەھرىغە،
ياقا چاك ئىتىپ چومدى غەم بەھرىغە.

كىيىپ ماتەم ئەيلەرگە تون نىل رەڭ،
بۇلەر ماتەمى قىلدى شاھنى گەڭ.

بۇ سوز شەھنىڭ بارىغە بولدى نىش،
ۋەلى لەشكەرى ئىردى بىسيارى پىش.

دىدى: ئۆزىگە يىغلاپ ئاچچىغ ئاچىغ،
ئاچىغ يىغلاماق ماڭا نىدۇر ئاسىغ.

ئىلاج ئەتكەلى چارە تەپماق كىرەك،
ئەدۇ خەيلى باشىنى چاپماق كىرەك.

ئالىپ ئىلكىگە سەفھە ۋە خامەنى،
بۇ سوز شەرھىدە يازدىلەر نامەنى.

www.uyghurkitap.com

نه ئىش بولغاننى بايان ئەيلەدى،
كى نوئمان سارىغه راۋان ئەيلەدى.

پۈتۈلدىكى نامه ئارا بۇ رەقەم،
كى بىزگه قازادىن يازىلمىش قەلەم.

ئىككىمىز باشىغه بالا ئەيلەمىش،
كى دەردىغه شايد دەۋا ئەيلەمىش.

مېنىڭ جانىمه مېھرى پەيۋەند ئىدى،
ساڭا داغى دىلدار پەرزەند ئىدى.

بۇلەر دۈشمەن ئىلكىدە مەھبۇس ئېرۈر،
ساڭا ۋە ماڭا ئەسرۇ نامۇس ئېرۈر.

مۇنىڭدىن يەنه ئۆزگى تەدبىر يوق،
چېرىك بىرله يىغماق كېرەك يايۇ - ئوق.

ئالىپ بارغايىسىز ئول جەزىره ئارا،
قۇدۇق بىرله ئول تەبئ گىنه ئارا.

داغى مەن سىپاھىمنى جەمئى ئەتكەمەن،
كىرىپ كۈشتىغه ئول تەرەپ يەتكەمەن.

پالان كۈن پالان يەر قەرار ئەيلەسەك،
بارىپ خەسمەنى شەرمسار ئەيلەسەك.

بۇ سوزلەرنى كوڭلۈك قوبۇل ئەتمەسە،
ئانى بىزگه ئېتىغل كۈچۈك يەتمەسە.

باشىمغه نى ئىش كەلسه يالغۇز باراي،
سىپاھىم بىله خەسمه باشىن بېرەي.

ئۇقۇپ شاھ نوئمان بۇ نامه سوزىن،
توكۈپ قان ياشىن گولگۈن ئەتتى يۈزىن.

مۇنى بىلدى ئوغلى ئاڭا يەتمەگەن،
پەرىۋەش جامالىغه ۋەسل ئەتمەگەن.

قىلىپ پىكر كوپ تاپتى رايى ساۋاپ،
بۇ نامه سوزىگه تېپىلدى جاۋاپ.

كى بۇ نامه ئىچره پۈتۈلمىش ئىدى،
بارى ھالىنى زىكىر قىلىمىش ئىدى.

ئىشىتىپ ئانى چىقتى باشىمغه دۇد،
بۇ ماتەم بىله يىغلاماقغه نەسۇد.

ئەگەر چەكسىڭىز لەشكەر ئول خەسمىغه،
بىز ھەم ئەيلەسەك كوشىش ئول رەسمىغه.

ئەگەر سەن قورۇغ بىرله چەكسەڭ سىپاھ،
قىلاي مەنكى دەريا بىله قەتئى راھ.

چۇ سەن داغى بۇ سوزنى جەزم ئەتكەسەن،
پالان كۈن پالان يەرگه ئەزم ئەتكەسەن.

بىز ھەم سۇ بىله ئول تەرەپ بارغامىز،
بولۇپ ئىجتىمائ قارىنى يارغامىز.

پالان كۈن پالان يەرنى تەئيىن ئېتىپ،
كى تەھقىق ئىله سوزلەرنى بىتىپ.

يىبەردى بۇ ماتەم سەرا نامەنى،
كورۇپ شاھزادە بۇ ھەنگامەنى.

ئەيان بولدى نو دەرغه مىئاد گاھ،
قارار ئەيلەگەن ۋەقت يىغدى سىپاھ.

چۇ نوئمانۇ - نىۇدەر سوزى بىر بولۇپ،
ئەدۇ سارى بارماقغه ھەم بىر بولۇپ.

بىرى خۇشك ئىله بىرسى دەريا بىله،
چېكىپ لەشكەرنى ئالاله بىله.

نەچه كۈن موساپەتنى قەتئ ئەيلەبان،
كىرىپ خەسمه بارىپشەغه بى ئامان.

تۇشۇپ شاھ نودەرغە بۇ ۋاھىمە،
كى ناگاھ يولۇقسام ئوشۇل خەسمىمە.

بۇ ۋەھشەت بىلە كام ئۇرۇپ پىشەغە،
ئوزۇمنى سالىپ ھەردەم ئەندىشەغە.

بىناگاھ چىقىپ كەلدى گۇلرەڭ سەيد،
ئانىڭ سۇرەتى كوڭلىگە بولدى قەيد.*

ئانىڭ كەينىدىن سوردى بى ئىختىيار،
دىلى ئىچرە قورقۇنجى قىلدى فەرار.

كىرىپ كەتتى ئول پىشەغە سەيد ئىلە،
كېتىپ ۋەھمى كوڭلىدە كى قەيد ئىلە.

قويۇپ ئىردى جابىر كەمىن ئىچرە دىۋ،
كىشى كەلسە تۇتقاي قىلىپ مىكىر رىۋ.

بارىپ شاھ نودەر ئوزى بولدى سەيد،
كەمىنگاھ ئارا دىۋەغە بولدى قەيد.

تۇتۇپ دىۋە پۇت - قوللارىن باغلادى،
چۇ نودەرنى شەھ ئىركەنىن چاغلادى.

كىشى چاپتۇرۇپ جابىر ئالدىغە تىز،
دىبان شاھ نودەرغە بولدۇق سەتىز.

تۇتۇپ ئالىبان قول پۇتىن باغلادۇق،
نە ھوكۇم ئەيلەسەڭ ئەيلە پەرمانلادۇق.

بۇ سوزلەرنى جابىر ئىشتكەن زامان،
دىدىلىم ئىتگىنى چاپىپ بى ئامان.

بارىپ ئانى كەلتۇرگەسەن بۇ تەرەپ،
بۇ خىزمەتدە ئالىمدا تابغوڭ شەرەپ.

ئانى باغلابان كىمەغە سالغاسەن،
كىشى ئاڭلاماستىن بۇرۇن يانغاسەن.

ئانى كەلتۇرۇپ سالغايسەن چاھغە،
بۇ ئەمرىن تۇتۇپ تۇشتى راھغە.

بارىپ ئانى يوشىدە كەلتۇردىلەر،
رەسەنلەر بىلە چاھغە كىرگۇزدىلەر.

بىلىڭ شاھ نودەرغە ئىش بۇ ئىدى،
كورۇڭ شاھ نوئمانغە يول سۇ ئىدى.

قالىپ ئىردى بىر كۇنچەلىك يول ئاڭا،
موخالىپ شامال يەتتى ئوڭ - سول ئاڭا.

تۇشۇپ شاھ نوئمان ئىشغە پۇتۇر،
بىرى بىرسىدىن كىمەلەر بولدى دۇر.

يەنە سالدى نوئماننى گىرداپ ئەرا،
نە گىرداپ ئەرا بەلكى خۇناب ئەرا.

بۇلەرغە يەنە تاپتى جابىر ۋۇقۇپ،
كىرىپ زورىقىن بى سۇخەن بى ھورۇپ.

سۇرۇپ كىمەسىن شاھ نوئمان سارى،
يېتىپ سوندۇرۇپ كۇشتىلەرنى بارى.

ئالىپ كەلدى نوئماننى قوغلاپ سۇرۇپ،
ئوزى مەنزىلى ئالدىغە يەتكۇرۇپ.

ئالىپ شاھنى پەردە ئىچرە نىھان،
قىلىپ ئوزگەنى مەنزىلىغە رەۋان.

دىدىلىم كىرەك بولسە جان كەتكەڭىز،
قەيان بارماق ئىستەر كوڭۇل يەتكەڭىز.

ئالىپ باشلارىن كەتتىلەر بۇ گۇرۇھ،
قالىپ ئىككى شەھ غەم ئارا بى شۇكۇھ.

قىلىپ ئەيش ئول جابىرى زۇلۇم ساز،
كىرىپ باغ ئارا بولدى ئىشرەت نەۋاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەلى مېھرى يارى بىلە مەي ئىچىپ،
باقالماي ئاڭا ئەشك دۇررىن ساچىپ.

غەم ئىچرە بۇ مەھۋەش ياقا چاك ئېتىپ،
يۈرۈپ باغ ئارا ئۆزنى غەمناك ئېتىپ.

پىراق ئىچرە كوز كېچە ياپماس ئىدى،
كوپ ئىستەر ئىدى چارە تاپماس ئىدى.

ئىشتىپ ئىدى چاھ ئارا بىر كىشى،
بار ئېرمىش ھەمىشە قىلۇر نالەشى.

دىدى ئانى چاھدىن خالاس ئەيلەسەم،
ئانىڭ بىرلە مەنزىلنى خاس ئەيلەسەم.

ئاڭا دىسەم ھاجەتلەردىنى نىھان،
سۆ ھەيل ئالىدا دىسە بىر-بىر ئەيان.

مەگەر ھالىتىمنى ئىشتسە سوھەيل،
مېنىڭ مۇخلىسىمغە قىلۇر تىز مەيل.

كېلىپ چاھا باشىغە دىدى ئەي ئەسىر،
سېنىڭدەك ئەسىر ئىچرە مەن بىر پەقىر.

خەلاسىڭغە جاندىن رەسەن ئەيلەسەم،
خالاس ئەيلەسەم سوڭرە ھەر نەسەم.

سوزۇمنى قوبۇل ئەيلەگۈكدۇر مۇيا،
قىلۇرسەنمۇ دىل سوزنى ئەي بى نەۋا.

سوھەيل ئېردى زىندان ئارا ئىزتىراپ،
كى ئەھۋالىنى زەئفى قىلمىش خەراپ.

ئىشتتى بۇ يەڭلىغ ئەجەپ خۇش نىدا،
قىلىپ سوز جاۋابىغە جانىن پىدا.

دىدى ئەي بەشەر ئىچرە ئەيسا سۈپات،
ھالاك ئەيلەگەن تەنغە بەردىڭ نىجات.

ئەگەر لۇتف ئىلە چاھدىن قۇتقارىپ،
بۇ يۇرساڭ نىچۇك ئىشىغە ئۇليان بارىپ.

قىلايىن جانىم بىرلە ئۇل ئىشنى مەن،
قولۇمدىن كېلۇر ئىشدا ۋەرزىشنى مەن.

ئىشتىكەچ بۇ سوز مېھرى سالدى تەناپ،
دىمەي رىشتەدىن كاكىلى تىز تاپ.

تۇتۇپ ناتەۋان رىشتەنى چاھدىن،
چىقىپ كوردى ئۇي تىرە دۇر ئاھدىن.

قاراڭغۇ ئۇي ئىچرە چىقاردى ئانى،
ياشىپ بوينى ئىلىكداقى بەندنى.

دىدى مېھرى ئەپسانەسىن سەربەسەر،
باشىغە نى ئىشلار قىلىپدۇر گۈزەر.

ئاتا چاھىغە نى ئىكەن ھەشمەتى،
سەھىل پەردەسىغە ئىكەن نىسبەتى.

تېگمىز ئىچرە كورگەن موشەققەتلەرىن،
كى جابىر قولىدا ئەسىر ئولغانىن.

سوھەيل ئالىدا قىلدى بىر-بىر بايان،
دىبانكىم سوھەيلڭ ئالىدا قىل ئايان.

يەمەن سارى ئەرزىم ئالىب بارغاسەن،
قەسەم ئەيلەبان زەھرەسىن يارغاسەن.

كىشى ئەيلەيەلمەس خەلاسىمغە مەيل،
قىلىپ كۆشىشۇ جەھد ئىلە سۆھەيل.

سوھەيل ئاڭلادى سوزلەرىن بىلدى راست،
بۇ سوزلەرگە ئۇل دىدى بى كەمۇ كاست.

ئۆزىن توختە تالماي چىكىپ ئاھلەر،
تاپىپ جانغە ئىشق ئوتى راھلەر.

ئۇزىن قىلدى مەھۋەش ئاياغىغە پەست،
كى بۇلغان كەبى بادى زورىغە مەست.

قىلىپ نالەلەر مەغزىدىن كەتتى ھـۇش،
بۇدەم مىھرىنىڭ ھەيرەتى قىلدى جۇش.

ئانىڭ ھالىنى بىلمەكىن قىلدى مەيل،
تەفەھھۇس بىلەن بىلدى ئىرمىش سوھەيل.

قىلىپ مىھرى ھەم نالەلەر ئول زامان،
قىلىپ بىر ئىلاج تاپىلغاي ئامان.

ئىكۈۋ بىر ـ بىرىنى كەنار ئەيلەبان،
بىلىنمەي قايۇ جىسمدۇر قايسى جان.

قىلىپ نەچچە كۇن قەسر ئارا ئەيشلەر،
مۇنى پەھم قىلماي بەد ئەندىشەلەر.

يەنە بىر كۇن ئول جابىرى سەڭگى دىل،
كىرىپ باغ ئارا سىنفەچون تەڭدىل.

چىقىپ ئوترۇدىن ھەم سوھەيل دەلىر،
بۇ يەڭلىغ كى قاپلان مۇساپىغە شىر.

دىدىكىم: ئىمەس پەھلىۋانلىقدا بول،
بىراۋنى كىشى مىكىر ئىلە ئۇرسە يول.

تىشىپ كىمەسىن ھىلەلەر ئەيلەبان،
قىلىپ غەرق دەريادا بەرمەي ئەمان.

مۇخەننىس كەبى ئەيلەدىڭ مىكر ئىشى،
كى كورگەيسەن ئەمدى يىگىت ۋەرزىشى.

دىبان تۇتتى جابىرنى ئەيلەپ سەتىز،
كوتەرىپ ئانى ئۇردى ھەم يەرگە تىز.

سالىپ بەند ئىلكى ئاياغىغە رۇست،
ھەمول چاھ ئارا تاشلارنى ئانى چۇست.

بولۇپ كاردىن فارىغ ئولدى سوھەيل،
كى ئەقد ئەيلەمەك مىھرىغە بولدى مەيل.

قىلىپ بەزم ئەيش قەدەھ سازلىق،
تاپىپ مولكى ئارا شاھ پەردازلىق.

دىدى ھەر كىشكىم قىلىپ ئىردى بەند،
ئانى جابىرى زالىم زور مەند.

تاپىپ كەلتۇرۇڭ ئانى ئازاد ئىتەي،
قەدەھ بىرلە غەملىك دىلىن شاد ئىتەي.

ئىكى بەند خانە ئىدى باغ ئەرا،
قالىپ ئىردى ھەپىس ئەھلى توپراغ ئارا.

ئالىپ كەلدىلەر ئانى ئالىغە پات،
تەئەججۇپدىن ھەيرەت ئانى قىلدى مات.

بىرى نودەر بىرى نوئمان شەھ،
قۇچۇپ بىر ـ بىرىن چەكتىلەر ئاھۇ ـ ۋاھ.

قۇچۇپ قىز ئاتانى ئوغۇلنى دادا،
ئوغۇلنى دادا قۇچتى قىزنى ئاتا.

باشى ئوزرە كەلگەنلەرىن ئىيتىشىپ،
بايان ئەيلەبان ھالىنى مۇڭداشىپ.

ئاتالەر قويۇپ سەجدەغە باشىنى،
ئوغۇل ئاھنى قىز توكۇپ ياشىنى.

ياشلىڭ ئاقىزىپ قىل سوزۇڭنى تەمام،
نىياز ئىلە قوي سويى مەقسەدغە كام.

جاھان ئىچرە غەپلەت ئارا يۇرگەسەن،
كوزۇڭ ئاچكى گىرداپ ئارا قالغاسەن.

www.uyghurkitap.com

جاھان شوغلى گەردىغە سىلكىپ ئېتەك،
فەنا دەشتى سارىغە كەتمەك كېرەك.
جاھان ئەيشۇ-راھەتلەرىن تەرك ئېتەي،
فەنا يولىدىن مەقسەدىمغە يېتەي.

فەنا دەشتىدە ئۇسرۇ خاك ئولغاسەن،
باقا دامەنىغە ئىلىك سۇنغاسەن.
غەربى فەنا دەشتىغە قىل خىرام،
جاھان شوغلىدىن قالماغىن تەمام.

كەتۇر ساقيا مەي ماڭا جان تاپاي،
ئانىڭ نەشئەسى بىرلە جانان تاپاي.
فەنا دەشتى موقبىلىغە راھەت دورۇر،
ۋەلى پايى مۇدبىر جەراھەت دورۇر.

## شاھ بەھرام پەنجشەنبە كۈنى سەندەل رەڭ خىلئەت بىلە سەندەل بۇي قەسىر ئىچىدە سەرۋى سەندەل نەسىم بىرلە سەندەل گۈن بادە ئىچكەنى ۋە ئول سەندەللەر خۇشبۇيلۇقىدىن دىماغى بۇيى خوشبۇي ئالىپ كوزى ئۇيقۇغە مەيل قىلغانى

چۇ پەنجشەنبە ئېردى پەلەك بى دەرەڭ،
تاپىپ سەندەل ئاسا چەبىندارەڭ.
چۇ گۇلچېھرە ئالدى بۇ يەردىن ئوزىن،
چىنان مېھرى رەخشان ياشۇردى يۈزىن.

كى خورشىد ئەفشان قىلىپ ئانچە نۇر،
جاھان سەفھەسىدىن قارا بولدى دۇر.
يەنە كام ئىستەپ شەھى كامران،
كى ئۇيقۇ سىپاھىدىن ئولغاي ئامان.

كىيىپ شاھ سەندەل مەللۇن لىباس،
ھەرىر ئېردى ئانداغكى يەتمەس قىياس.
خەبەردار ئىدىلەر مۇلازىملەرى،
كى سۇرئەت بىلە نەچچە خادەملەرى.

قويۇپ قەسىر سەندەل ئارا چۇن قەدەم،
سەرىر ئۈزرە چىقتى چىقىپ ھەم سەنەم.
ئالىپ كىردىلەر سوزگە ماھىر كىشى،
جاھان دىدەلىكدە ئىدى ۋەرزىشى.

تۈمەن ئىشۋە پەرداز ئولۇپ ئول پەرى،
تۇتار ئېردى شەھغە قويۇپ ساغەرى.
خىيالى بۇ كېچە فەسانە دېگەي،
ھىكايەتلەرىن ئاشىقانە دېگەي.

يايىپ شام چادىر بىشىن مۇشكفام،
زوھوراتى ئاندىن كاۋاكىپ تەمام.
چۇ راۋى كوتەردى دۇئاغە قولىن،
كى سۇكرە تۈزەتتى فەسانە يولىن.

## ئالتىنچى ئىقلىمدىن كەلتۈرگەن مۇساپىرنىڭ ھىكايەسى

فەراغ ئولدى گەۋھەر نىساردىن ئول،
دىدى نۇكتە مەشرق دىياردىن ئول.
قىلىپ ئەزم خاۋەرغە ئىككى كىشى،
تونۇ-كۈندە ماڭماق ئۇلارنىڭ ئىشى.

بىرى موقبىل ئىردى باياباں گەرد،
يەنە بىرسى ئانداغكى دەريا نەۋەرد.

بۇ موقبىل جاھاندا نگوفال ئولۇپ،
خالايىققە موقبىل خوش ئەفھال ئولۇپ.

چۇ مۇدبىر ساياھەت قىلىپ ھەر دىيار،
تۇتۇپ بەلكى رۇخسارەسىنى غۇبار.

بۇ يول ئىچرە پىشە ئىدى ھەر خەتەر،
ئىشىتكەن ئەل ئەتمەي بۇ يولدىن گۇزەر.

يەلى ئاتەش ئىردى گىياھى تىكەن،
داغى ئاندا ئامە دەدۇر كوپ كۇھەن.

دىبان ئەل بۇ ۋادى ئاتىنى ھەمىم،
نە كىم يوللاردىدا تولا ئىردى پىم.

ئىكوۋلان بۇ يولدىن خەبەر ئالمايىن،
بو يۇلغە كىرەرنى كىپگەش سالمايىن.

كىرىپ كوردى يولنىڭ سوئۇبەتلەرىن،
بالا ۋادىسىنىڭ ئوقۇبەتلەرىن.

ۋەيا تاپمادى ھىچ كەنارە ئاگا،
يۇرۇر ئىردى تاپمايكى چارە ئاگا.

ئەگەر يەتسە تەشۋىش تەھەممۇل قىلىپ،
نەلەر يەتسە ھەققە تەۋەككۇل قىلىپ،

بولۇپ مۇدبىر ئاندا بىغايەت خاپا،
قىلىپ تەكرىغە ئول بۇ يەگلىغ تاپا.

دىبان ئەي خۇدا يانە مىھنەت ئىرۇر،
تەمۇغدىن فۇزۇنراق مۇشەققەت ئىرۇر.

بۇلارنى ياراتماق راۋا ئىردىمۇ؟
ۋەيا بۇ ئولۇسقە داۋا ئىردىمۇ؟

گەھى ھەمرەيىغە قىلۇر ئىردى تەئن،
سىپىنگدەك رەفقىغە سەزاۋەر لەئن.

ۋەلى موقبىل ئىردى خۇدا زىكرىدە،
كى تەسبىھى تەھلىل ئىدى پىكرىدە.

تەسەللى خاتىرى دىدى نەچچە پەند،
نەسىھەتلەر ئولماي ئاگا سۇد مەند.

چىكىپ موقبىل ئانچە ئازابى ئەلىم،
ۋەلى قەتئ بولدى بۇراھى ھەمىم.

كى سەيياھلەردىن كىتىپ خۋارلىق،
كورۇندى تەگىز ھەم چەمەنزارلىق.

چۇ موقبىل رەفىقىن كورۇپ بەد نىھاد،
خىيالدا كەچتى قىلاي خەيرۇ باد.

ئاگا دىدى مۇدبىر پۇشايمان قىلىپ،
قىلىپ ئۆزرى كوگلىن پەرىشان قىلىپ.

بۇ ئۆزرىنى موقبىل قىلىبان قەبۇل،
دىدى: ھەرنە بولساڭ مىنىڭ بىرلە بول.

ئۇنۇتۇپ يەنە ئول دەر ئىردى كەزاپ،
نە ئاغزىغە كەلسە ئۇرۇپ ئانچە لاپ.

يۇرۇپ نەچچە مەنزىل بۇ ئىككى غەرىپ،
يىتىپ كەلدى ئاخىر تىڭىزغە قەرىپ.

بۇ دەريادا ئىردى كىمە بى ھىساپ،
كىمەگە كىرەرنى قىلىپ ئىزتىراپ.

بىرىپ كىمە مۇزدى ئۇچۇن كوپ دەرەم،
كىرىپ كىمە ئىچرە كوتەرىلدى غەم.

ھەممە قەۋم ئاندىن قىلۇر بولدى سەير،
بەسى سۇرئەت ئىلەكى ئانداقكى تەير.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مەجمۇئ خاۋەر گۈرۈھى ئىدى،
بىرى بىرىگە ھازىر بولۇڭلار دىدى.

كىمە ئىچرە مۇد بىر يەنە يۈمدى كوز،
دەمى شەرم قىلماي قىلىپ ھەرزەھ سوز.

چۇ موقبىللىك ئىردى ئىشى بەندەلىك،
رەفىقلىك ئەھۋالى شەرمەندەلىك.

بىناگاھ سەر-سەر ھاۋاسى ئىسىپ،
يىتىپ كەلدى دەريا ئىچىگە باسىپ.

يىتىپ بىر-بىر ئارقە بوران پەۋج-پەۋج،
تېڭىزنىڭ سۇيى ھەم ئۇرار ئىردى مەۋج.

بۇ گۆلاك بىرلە بولۇپ سۇ راۋان،
يۈرۈر بولدى ھەر بىر كىمە ھەر قەيان.

كىمە ئىچرە كىرگەن ئىدى كوپ پەرىق،
قالىپ بەئزى تىنج بولۇپ ھەم غەرىق.

بۇ قالغانلارىغە پەراكەندەلىك،
تۇشۇپ بولدى ئەنداغ سەر ئۇفكەندەلىك.

قالىپ تەختى پارە ئۇزە بۇ ئىكۈۋ،
يوق ئىردى ئىكوۋدىن بولەك ھىچ بىراۋ.

قىلۇر ئىردى موقبىل خۇدادىن تەلەپ،
ۋەلى مۇدبىر ئەيلەپ شىكەنجۇ تەئەپ.

تەمەۋۋەجدىن ئەتتى خۇدايىم نىجات،
تېڭىز قىرغاغىغە بۇلار چىقتى پات.

قىلىپ شۇكرى ھەققە بەسى بولدى شاد،
بۇلەرغە سۇ ئىچرە كورۈندى سۇۋاد.

ئىدى رەڭگى ئانىڭ بىغايەت يىشىل،
داغى ھەيئەتنى پەلەك مىسلى بىل.

دىماغىغە ئاندىن يىتىشتى نەسىم،
يوق ئۇلدى بۇلەردىن كى ئەندەك ۋەھىم.

ئىدى سەندەل ئاسا بۇ كەلگەن شامال،
ئۇلۇككە بىرۇر جان مەسىھا مىسال.

كى زورۇقچە سىنى سۈرۈپ ھەر تەرەپ،
يىتىشتى بۇ مەنزىلگە تاپتى شەرەپ.

ئىدى ئول كورۈنگەن ئۇلۇغ بىر شەجەر،
كېلىپ سالدى شاخۇ-تەنىغە نەزەر.

ئۇز سەندەل ئىردى بىغايەت رەفىئ،
كى شاخى تولا ۋە نىھايەت ۋەسىئ.

ئىگىزلىكتە كوكنىڭ بولۇپ پايەسى،
تېڭىزنىڭ يۈزىنى تۇتۇپ سايەسى.

بار ئىردى تېنىدە ئۇلۇغ بىر شىكاف،
ئاقىپ چەشمە ئاندىن سۇيى ئانچە ساپ.

بەسى جۇشىش ئىلە ئىچىدىن چىقىپ،
بۇ چىققان سۇيى ھەم تېڭىزغە كېلىپ.

چۇ زورىق ماھارىن ئاتا چەكتى رۇست،
ئۇزىن ئالدى موقبىل شەھەر ئۇزرە جۇست.

تۇرار چەشمە باشى ئۇزرە تۇرپە سەڭ،
نەزەر قىلدى موقبىل ئاتا بى دەرەڭ.

ئەجەپ شەكلى بىرلە قازىلغان ئىدى،
خەراش ئىلە خەتلەر يازىلغان ئىدى.

ئوقۇپ كوردى موقبىل ئانى مۇدبىر ھەم،
بۇ مەزمۇندا ئىردى يازىلغان رەقەم.

پەرى خاھى ئادەم بۇ يەرگە يىتەر،
كورۇپ كوزى بىرلە تەماشا ئېتەر.

ئېرۇر سىمىايى بۇ ئىشنى بىلىك،
ۋەلى خەت سوزىنى قولاقىغە ئىلىك.

ئەگەر يەتسە كەززاپ ئىلە راست گۇ،
ئەگەر بىر قىنىمچە ئالىپ ئىچسە سۇ.

ۋەگەر تەشنا بولسە ئانى دەفئ ئېتەر،
دەۋاسىز كېسەلنى داغى دەفئ ئېتەر.

ھەممە ئىللەتىدىن بولۇر ئانچە پاك،
قاچان دىسە يالغان، بولۇر ئول ھالاك.

ئەگەر كىرسە چەشمە ئارا راستگۇي،
تېنىگە كېلۇر خۇش قىلۇر شۇست شۇي.

مەگەر چومسە كەززاپ تېنىن كويدۇرۇر،
گۇمان يوق بۇ يەردە ئانى ئولتۇرۇر.

قاچان چومسە مۇندا كوزدىن يۇمغاي ئول،
قولاق بۇرنىنى ھەم تۇتۇپ چۇمغاي ئول.

يانىپ چىقسە فەزلىن كورەر ئول ئوزى،
دىمەك ھاجەت ئېرمەس پەسانە سوزى.

كى بىر چوممەك ئىلە كورەر تۇرپە ھال،
ۋەلى يانە چوممەك بۇ سۇغە مەھال.

ئەگەر باۋەر ئەتمەي يەنە چومسە بۇ،
ئېرۇر بارچە ئەزۇيى بولۇر مىسلى سۇ.

ئوقۇپ خەتنى كەززاپ بىلە راست گۇي،
خىيال ئەتتى ئىچكەي سۇنى، زىشت خوي.

نە كىم تەرك قىلغان يەمان سوزنى ئول،
بۇ ئادەتدىن ئەتكەي خەلاس، ئوزنى ئول.

مەگەر مۇمكىن ئېرمەس بۇ بۇسلۇپ ئاڭا،
مەزاجىدىن ئولماقكى مەسلۇپ ئاڭا.

ۋەلى تەشنەلىكنىڭ ھەرارەتىدىن،
خەلاس ئولغانى دەپ مۇھابەتىدىن.

بۇ كىم كەج دىمەكنى قىلاي ئەمدى تەرك،
يوق ئېرسە رىزامەن تۇتسە مەرك.

خىيالىدا مۇنداغ كېچىپ ئىچتى سۇ،
يەنە سوكرە ئەتكەي تېنىن شۇست-شۇ.

كىرەرچە بۇ كەجنىڭ قولىن كويدۇرۇپ،
قاچىپ چىقتى ئاندىن ئىلىك نى ئۇزۇپ.

چۇ موقبۇل تېنىن سۇ ئارا تاشلادى،
چومۇپ سۇ ئىچىگە قەرا باشلادى.

كورۇندىكى بىر كول ئەجەپ بى مىسال،
سۇ ئېرمەسكى گويا ئىمىش ئول زىلال.

يونۇپىمشكى بۇ تاش ئەجەپ خۇش نەما،
كى سەندەل رەڭ ئولمىش ئوگى ھەم يەنا.

يەنە چورەسىدە ئېرۇر گۇلشەنى،
نەزاكەتدە باغى ئەرەم مەئمەنى.

قوياي دىدى كولنىڭ ئىچىدىن ئاياق،
كورۇندى كى نەچە پەرى خۇش سىياق.

تۇرۇپ خىزمەتىدە ھەمە مەڭ چەبىن،
ئاچىپ بوقچەلەردىن نازاكەت ئىگىن.

چۇ كەيدۇردى خىلئەتلەرىن قاتمۇ-قات،
يىدى سەندەل ئاسا ئوزى ئېردى نات.

دىدى قەسىر سەندەل ئارا قوي قەدەم،
بۇ دەۋلەت سەرانى بىلىپ مۇغتەنەم.

بۇ قەسىر ئىچرە كىرمەك قىلىپ ئىختىيار،
قەدەم قويدى، تاپتى بۇ ئويدە قارار.

www.uyghurkitap.com

كىرىپ كوردى سەندەلدە ئەتكەن سەرىر،
كى ئۈستىدە با بىر پەرى بى نەزىر.

پەرىۋەشغە خۇاجە نەزەر سالغاچ ئوق،
تىگىپ ئىشق تىيرى ھۇشى بولدى يوق.

كىلىپ تۇتتى گۇلرۇخ ئانىڭ باشىنى،
كوزىدىن ئەرتتى كورۇپ ياشىنى.

بۇ گۇلرۇخ نەسى مۇئەتتەر دىماغ،
قىلىپ خۇاجە ئەقلى يەنە بولدى ساغ.

قىلىپ لۇتفى چەندان بۇ ھورى نىژاد،
خۇاجە خاتىرىنى قىلۇر ئىردى شاد.

كىلىپ بى ماھابە ئاڭا ياندىشىپ،
دەر ئىردىكى ئولتۇر ماڭا ياندىشىپ.

چىقىپ تەخت ئۈزرە ئىكوۋ شادكام،
يىدىلەركىم ئاندا مۇلەززىز تائام.

تۈشۈپ سەندەلدىن يەنە ئول پەرى،
قىلىپ جىلۋەلەر كوپ چىكىپ ساغەرى.

چۇ موقبۇلغە قىلدى قەدەھنى كەرەم،
ئىچەر ئىردى مۇنداغ ئىكوۋ دەمبەدەم.

كى مەردەملۇق ئەيلەر ئىدى سىمبەر،
دىگەن ھەر سوزىدىن تامىبان شەكەر.

بۇ شوخ ئىلكىن ئالماي خۇاجە بويىنىدىن،
خۇاجە ئىلكىن ئالماي پەرى قويىنىدىن.

تۈشۈپ خۇاجە كوڭلى ئارا ئىزتىراپ،
سالىپ شەھۋەت ئانداغ تىنى ئىچرە تاپ.

بۇ ھالەتتە خۇاجە قىلىپ ئىزدىھام،
دىدى ئولپەرىغە بۇ يەڭلىغ كەلام.

قىلىپ رەھىم ھاجەت راۋا ئەيلەگىل،
بۇ دەردىمگە ئانچە داۋا ئەيلەگىل.

دىدى لابى بىرلە ئاڭا سىمبەر،
بۇ كۈنلەرنى قىلدۇق بۇ يەڭلىغ گۈزەر.

تاپارتاڭلا مۇنداغ ئىشىڭغە سەلاھ،
مۇرادىڭغە يەتگىل قىل ئەۋۋەل نىكاھ.

چۇ موقبىلغە شەھۋەت بولۇپ غالىبى،
يەنە بولدى ئاندىن ئانىڭ تالىبى.

بولۇپ مەست خۇاجە چىكىپ ھەم پىغان،
قولىن سۇندى نىھان يىرىگە رەۋان.

پەرى دىدى ... ... نەچە،
كى مۇيەسسەر ئىمەستۇر ساڭا بۇ كىچە.

بىرا ئالماساڭ گەر ئۆزۈڭگە سۈكۈن،
پەرستار بىرلە بارىپ تۇت ئورۇن.

سۈكۈت ئەتتى خۇاجە تەفەككۇر بىلە،
يەنە قىلمادى سوز تەھەييۇر بىلە.

بۇ ھالەتتە كەلدى يەنە بىر سەنەم،
ئانىڭ بىرلە خىلۋەت ئارا بولدى زەم.

نە ئىشلارنى قىلدى بۇ يەردە ئىكوۋ،
ئانى بىلمەگەيكىم يوق ئاندا بىراۋ.

تاڭ ئاتتى ۋە موقبىل قىلىپ تەرك خاب،
قوپۇپ ئورنىدىن ئول قىلىپ ئىزتىراپ.

يىتىپ كەلدى كولگە قىلىپ جۇستىجۇ،
نەكىم ئىتكەي ئاندا ئوزىن شۇست ـ شۇ.

چومۇپ كولگە باشىن كوتەردى يەنە،
قەدىمى شىكافىنى كوردى يەنە.

بەسی مۇزتەر ئولدی بولۇپ ئەقلی لال،
كىشى يوقكی قىلغاي ئانىڭدىن سوئال.

يەنە تۇشتى ئول تاش تەرەپكە كوزی،
پۇتۇلمىش كی ئىردی بۇ چەشمە سوزی.

بۇ خەت كوشەسىدە ئىكەندۇك مەقەر،
مۇڭا سالماي ئىركەن بۇ خۇاجە نەزەر.

سوزی ئولكی هەر كىم بۇ هالاتنی،
كورەر مۇندا ئانداغ ماقاماتنی.

چىقىپ لەهزە بولماي بۇ يەردە قەرار،
يەنە بىر دىيارىغە قىلسۇن فەرار.

ئەگەر لەهزە قىلسە كىتەردىن دەرەڭ،
يوق ئەتكەي ئانی دىۋە ۋە يابىر نەهەڭ.

فەرۇلۇقدا كەتمەك ئىشن ئەتتی جەزم،
يىشىپ زورۇقنی قىلۇر بولدی ئەزم.

چۇ موقبىلنی مۇدبىر كورۇپ ئەي ئاداش،
يۇزۇڭ تەغيىر ئولمىش دىگىل سوزنی پاش.

تۇتۇپ خۇاجە سوزنی ئانىڭدىن نىهان،
ئىكوۋ بولدی زورۇقچە سەيد رەۋان.

چۇ موقبىلنی هىجران خەراپ ئەيلەدی،
پەرىۋەش پىراقی ئەزاپ ئەيلەدی.

سالۇر ئىردی زورقچەسىدە خۇرۇش،
سادا سىغە دەريا ئۇرار ئىردی جۇش.

دىبان مۇدبىر ئانی بولۇپدۇر سارالڭ،
جۇنۇن ئەهلی يەڭلىغ سالادۇر پارالڭ.

كورۇندی بۇ سائەت غەرايىپ نىمە،
تەئەننىلەر ئەتسە ئۇلۇغ بىر كىمە.

چۇ يەل ئەستی زورق قىلىپ سۇرئەتی،
... كىمەگە هەمىن پۇرسەتی.

كىمە ئوزرە ئالدی ئوزىن ئىككسی،
نە كىم سۇدىن ئىردی نىهايەت بەسی.

كورەركىم بۇ كىمە ئىچی پور ئولۇك،
داغی ئىردی سەندەل بىلە ئاندا يۇك.

ئىشت سوز بۇ ئىرمىش شەهی خاۋەری،
ئىمىش ئول تەرەپدە زامان ۋەری.

بار ئىردی بۇ شەهغە ئەجەپ ياخشی قىز،
بىلۇر ئىردی جاندىن بۇ قىزنی ئەزىز.

ئىمەس ئىردی مانەند پەری بىرلە هور،
سالىپ ئىردی هوسنی جاهان ئىچرە شور.

ئاڭا بولدی ۋاقىئ باشىغە سەبائ،
يىقىندۇركی جاندىن دىگەي ئەلۋىدائ.

تەبىبلەردىن ئىستەپ ئىدی شەه ئىلاج،
بۇ نەۋئ دىدی سەندەل ئىرۇر ئىهتىياج.

ياساپ شاه سەندەل بىلە بىر ساراي،
كی رىغىئەتدە گويا ئىدی چەرخ ساي.

دىبان مۇندا ئاجىز قىزىم تۇتسە جا،
بۇ سەندەل سادا غىغە بولغاي داۋا.

بۇ ئاۋاز سالدی جاهان ئىچرە شور،
ئىشتتی خەلايىق يىقىن خاه دۇر.

باری هىندۇ ئەهلی بۇ ئىشلارغە ئەزم،
كی سەندەل يەغاچىن تاشۇر بولدی جەزم.

هەمۇل جۇملە ئىلىدىن ئىدی بۇ گۇرۇه،
كىمە ئىچرە ...... پىل ۋۇجۇه.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالىپ كېمەسى ئىچرە سەندەل يەغاچ،
ساتىپ بۇ ياغاچلارنى قىلغاي خىراج.

كىرىپ كېمە گىرداب ئەرا بولدى بەند،
چىقارماي كېمەسىن قىلىپ زور چەند.

تۇرۇپ نەچە كۈنلەر تۈگەندى ئوزۇق،
بۇلەر ئاچلىقتىن بولۇپ ئېردى يوق.

قارار ئەتتى كېمە ئوزە ئىككى يار،
ۋەلى موقبىل ئاندا قىلۇر ئېردى زار.

ئولۇكلەرنى مۇدبىر سۇغە تاشلابان،
يەنە ھەم خىيانەت ئىشىن باشلابان.

ھەمە ماللارغە ئىگە بولدى ئول،
بۇ ئىشلارغە خۇاجە ئىدى كوپ مەلۇل.

بۇ ھالەتدە ناگاھ دىيارى كورۇپ،
يېتىپ كەلدى دەرھال كېمەسىن سۇرۇپ.

كورەركىم بۇ خاۋەر دىيارى ئىدى،
بۇ كۈن شاھى خاۋەر شىكارى ئىدى.

كى سۇلتان يىراقدىن بۇلارنى كورۇپ،
دىدى سوز سورايىن مۇنى كەلتۇرۇپ.

يېتىپ كەلدى خەلقى قىلىپ ئىزدىھام،
دىدىكىم بولارغە بۇ يەڭلىغ كەلام.

بارىپ شەھ قاشىغە ئىشىتىك سوزىن،
ئۆپۈك شاھى فەررۇخ قەدەمنىڭ يوزىن.

بۇلار باردى شەھنىڭ قاشىغە راۋان،
دىدى شاھ قىلغىل سوزۈڭنى بايان.

جاۋابىغە مۇدبىر بۇ يەڭلىغ دىدى،
ئىشىت كەسبى كارىم تىجارەت ئىدى.

قاشىمدا مۇلازىم ئىدى نەچە ئەل،
بىناگاھ تەگدى بۇلارغە كەسەل.

قەزا تۈندى بارانى بولدى شىرىك،
كېتىپ بارچە قالدۇق ئىكوۋلان تىرىك.

بۇ تۇرغان كىشى ھەم ماڭا بەندەدۇر،
نە ئىش ئەمرى قىلسام سەرئەفكەندەدۇر.

چۇ مۇدبىر بۇ يالغان سوزىن ئۇردى دەم،
بۇ سائەت يېتىشتى تىنىغە دەرەم.

لىباسى دەرەمدىن تەمام ئۇلدى چاك،
يارىلدى ۋە كوكسى ھەم ئۇلدى ھالاك.

بۇ ئىشدىن كى شەھنىڭ بولۇپ ئەقلى لال،
كى موقبىلدىن ئەيىتتى ئول ئىشنى سوۋال.

خۇاجە سوزنى بىر-بىر بايان ئەيلەدى،
بۇرۇن ئوتكەن ئىشنى ئەيان ئەيلەدى.

ئىشىتتى كى سۇلتان بۇ ئەقۋالنى،
خەزايىنغە ئالدى ھەمە مالنى.

بۇ خۇاجە سوزىن شەھ كورۇپ ئانچە تۈز،
تەلەتتۇفلەر ئىلە قىلىپ ياخشى سوز.

دىدىكىم قاشىمدا بولۇڭ سىز ۋەزىر،
نە مەتلۇبىڭىز بار قىلاي مەن گەزىر.

قىلىپ خۇاجە شەھغە بۇ يەردە دۇئا،
دىدى ئەي شەھەنشاھ گەردۇن نەما.

ئەگەرچە ئېرۇرمەن سەرئەفكەندەڭىز،
تۇرۇپ خىزمەت ئىچرە بولاي بەندەڭىز.

توگەتتى سوزنى قىلىپ ئەزم راھ،
كى ئوز مەنزىلىغە بارىپ توشتى شاھ.

خواجە شەھ قاشىدا تورۇپ نەچە كون،
بەسى تاپتى شەۋكەت ئەدەددىن ئوزۇن.

بولوپ شەھغە خىزمەت تەرىقى قەبول،
دىدى بولسىڭىز گەر قىلايىن ئوغول.

چو موقبىلغە قىلدى قىزىنى نىكاھ،
ھەمەكار تاپتى بو يەردە سەلاھ.

ئىكوۋ قەسىر سەندەل ئوزە توتتى جاي،
ئوزارىغە باقسە بورۇن كورگەي ئاي.

داغى بو سەرالارغە قىلدى نەزەر،
قەدىم كورگەنىدەك ئىبرور موستەقەر.

چو موقبىل تونوپ بو ئىمارەتنى،
بو نەۋئ ... ... ئىبارەتنى.

بو سوزدىن پەرىۋەش تەرەھھوم قىلىپ،
بايان ئەتتى مونداغ تەكەللوم قىلىپ.

مىنى خەلق قىلمىش خودايى جاھان،
كى ھوسنومگە شەيدا ئىدى ئىنسو-جان.

... ... ... ...
... ... يوزومگە قاراپ.

كى ھوسنومگە شەيدا بولوپ ئول پەرى،
چو سەۋدايى بو ... پەيكەرى.

... ... ... ...
... ... ۋاقىئەنى ئاتامغا دىدىم.

ئاتام يىغدى ساھىر ئىلىن شولزامان،
دىدى پەرى قىلمىش قىزىمغە زىيان.

... ... ... قىلىپ تاق،
تىلسىم ئىلە قىلدى پەرىنى يىراق.

ھەلى ھەم پەرىلەر سەداسى كىلور،
قولاغىمغە بەئزەن نىداسى كىلور.

پەرى ... ... ماڭا ئىشتىياق،
قىلىپ بەھر ئوزرە بو يەڭلىغ رەۋاق.

قىلىپ نەقش ئاندا مەنى ئول پەرى،
يەنە ئاندا تارتىپ نەچە پەيكەرى.

قەچانكىم كورەرگە ساغىنسە مەنى،
بو سورەتنى كورمەككە بولوپدور فەنى.

مونى سىمىيايى دىمىش...،
كىشى كىرسە ئاندا بولارنىڭ بەد.

مىسالىمنى كوردوڭ ئول ئايۋاندا سەن،
ئاڭا ۋالە ئىردىڭ كوروپ ئاندا سەن.

ۋىسالىڭغە تەڭرى يەتوردى بو كون،
قىلاي موندا خىزمەت ساڭا نەچچە كون.

مونى موقبىل ئاڭلاپ بەسى بولدى شاد،
نەكىم بولدى سوزدىن گەرەھلەر كوشاد.

چو ۋادى توگەتتىكى ھەققانەنى،
كى بەھرام ئاڭلاپ بو ئەفسانەنى.

كى ئويىقوغە يومدى سەرىرىدە كوز،
سەرىر ئىردى سەندەل نەسىم ئىلە توز.

جاھان تەختى غەللەتكە بائىس دورور،
بارى جاھ مولكى ئاڭلا ھادىس دورور.

كىشى بولسە كىم دەۋلەت ئىچرە غورور،
قالور ئول كىشى يارىدىن بى ھوزور.

ئاياقچى كەتۇر مەيگە تارتاي دەلىر،
چۇ سەرخۇش بولۇپ ساگىرى ئانداغكى شىر.

جاھان تەختى جامغە پەشۋا ئۇراي،
فەنا ئىچرە يارىم ۋىسالىن تاپاي.

**ئازىنە كۈنى پادشاھ بەھرامنىڭ كافۇرگۈن ھەللە بىلە قەسىر كافۇرغە كىرىپ، مۇشكىن زۇلف ۋە كافۇر لىباسى گۇلچىھرە بىلە تەختى ئاج ئۇزرە جام بىللۇرىن بىلە كافۇر مىزاج مەي نۇش ئەتكەنى ۋە ئول كافۇر مىزاج مەيدىن ھىجران ھاراەتى تەسكىن تاپىپ دىلئارامدىن خەبەر تاپقانى**

كى ئازىنە كۈن بۇ رەپىئى راۋاق،
قىلىپ تاقى تاڭ كەچى بىرلە ئاق.

كىرىپ پەردەغە ماھۋەش كەچقۇرۇن،
چۇ تەخت ئۇستىدە شاھ قىلدى ئورۇن.

كىيىپ شەھ لىباسكى ئاقۇ ھەرىر،
قىلىپ كۇھ ئانداغكى مىھرى مۇنىر.

يەنە بىر مۇساپىرنى ھازىر قىلىپ،
ئالىپ كىردى شەھنىڭ مىزاجىن بىلىپ.

خىرام ئەيلەدى قەسرى كافۇرىغە،
پەرى رۇ پەرىۋەشغە بىل ھورىغە.

قىلىپ كىم دۇئا دىدى فەرزانەلەر،
دىدى كورگەنىمدىن دەي ئەپسانەلەر.

چۇ ئاقشامغەچە شاھ بادە ئىچىپ،
كى ئىلگەركىلەردىن زىيادە ئىچىپ.

## يەتتىنچى ئىقلىمدىن كەلتۇرگەن مۇساپىر ھىكايەسى

ماڭا چۇنكى توشمىش بۇ يەرگە گۇزار،
ئىرۇر مۇلكى خارەزم بىزگە دىيار.

شەھەر ئەھلى بارى چىقىپ ئالىغە،
تەماشە ئۇچۇن خۋاجەنىڭ مالىغە.

بار ئىردى مىنىڭ ساز چالماق ئىشىم،
بۇ ئىردىكى خارەزم ئارا ۋەرزىشىم.

دىگەندىن زىيادە بۇ تاجىر غەنى،
ئاڭا ھەمرەھى بار ئىكەن بىر پەرى.

بىناگاھ يېتىشتى بۇ سوز شەھرى ئارا،
كېلۇر تاجىرى مىسلى يوق دەھر ئارا.

ۋەلى پەدە ئىچرە پەرىۋەش نىھان،
چىقار چەڭنىڭ سازىدىن يۇز بايان.

ئاڭا بىر كىنىزەك ئىمىش ھور زاد،
ئىمىش نەغمە ساز..........

قىلىپ پەردە ئىچرە نەۋا سازلىق،
قىلىپ چەڭى بىرلە ھەم ئاۋازلىق.

خەلايىق ئاڭا ئىنتىزار ئىردىلەر،
كۈنى مۇلكى خارەزمغە كەلدىلەر.

تۇرۇپ پەردە تاشىدا ئەھلى جاھان،
نەۋا سازلىقدىن پەرىۋەش نىھان.

بۇ پەردە ئارا چۈن تەرانە تۈزۈپ،
ئۇلۇس زار ئىلە بەخودانە كورۇپ.

بويۇردى بارىپ كەلتۈرۈك ئالىمە،
... ... ... ئايۋانىمە.

يىتىپ مۇلكى شاھغە بۇ نەۋئ سوز،
كى مۇلكى ئىچرە كەلمىش دۇرۇر ھورى يۈز.

... ... ... ... ،
پەرىۋەشنى كەلتۈردىلەر شەھ سارى.

... ... غە قىلماي خىتاپ،
چىراكىم ...... ... جاۋاپ.

تۈشۈردى ئانى قەسىر ئارابى ھايال،
... ... ... ... .

بىرىپ ئوز ... ... تەغير شاھ،
تۇتۇپ خەلق ئاراسىدا ئارامگاھ.

قوپۇپ شەھ سەنەم سارى ئەزم ئەيلەدى،
ۋىسالىنى كورمەككە جەزم ئەيلەدى.

... ... ... نەۋاسازلىق،
نەۋا سازى بىرلە ھەم ئاۋازلىق.

سەنەم چەكىنى ئىلكىگە ئالىبان،
... ... پەردەسىن چالىبان.

يىتىپ شەھ قۇلاغىغە مۇنداغ سۇرۇد،
ئانىڭ ئىشقىدىن چىقتى باشىغە دۇد.

پەرى چېھرە چەكىنى ساز ئەيلەدى،
كى شەھ ھۇشىنى تەركى تاز ئەيلەدى.

تۈشۈپ شاھنىڭ باشىغە بۇ ھەۋا،
كى تاجىر قىزىدىن كى تاپقاي نەۋا.

... ... ... ...،
... ... ... ....

ۋەلى شاھ تاپماي ئاڭا كام تاپ،
يىتىپ خۇاجەدىن شەھغە مۇنداغ جەۋاپ.

كېلىپ شەھ سپاھى بىلە مۇشغە،
كى شورىش زىيادە بولۇپ جۇشغە.

كى سوزلەرغە شاھ بەندە نەۋاز،
بۇ قۇلغە قىلىپ مۇجىبى ئىھتراز.

... ... ... ...،
... ... ... ....

فەلەككە يىتۈردى بۇ توپراغىنى،
قوياشدىن ئاشۇردى بۇ كىم زەررەنى.

يەنە شاھدىن ھەۋەس خەيلىن قاچىپ،
پەرىۋەش كىرىپ يولغە ئەشكىن ساچىپ.

ۋەلى مۇندىن ئارتۇق ئەگەر قاسە جود،
مېنىڭ تالىيىم بولماسە كور نەسۇد.

پەرى نەچە قاتلا قاچىپ بارىبان،
سۇرۇد ئىلە شەھ ھۇشى يوق قالىپان.

ماڭا بۇ كەنىز ئەسرۇ دىلكەش دۇرۇر،
... ... ئەمرىدە سەركەش دۇرۇر.

بولۇپ ئاقىبەت شاھ بىدىل خىجىل،
كېلىپ تاجىر ئالىغە شەرمەندە تىل.

بۇ سوزنى ئىشتىپ بولۇپ بىقارار،
غەزەپ بىرلە شەھ قىلدى زۇلۇم ئاشكار.

بولۇپ پەردە تاشىندا شەھ ئوزرۇخاھ،
ئوزىنى قىلىپ ئوزى ئىلە خاك راھ.

پەرنى ئۇزنگە سىكىل ئەيلابان،
بۇ تاجىرنى ھەم شەھ ئاتاسى دىبان.

پەرى چىھرە بۇ شەھدىن ئىمن بولۇپ،
ياتىپ ئول دىيار ئىچرە مەسكەن تۇتۇپ.

تۈنۈ ـ كۈن مۇناجات ئېيتىپ تەكرىغە،
بىروۋ ۋەسلىن ھاجات ئېيتىپ تەكرىغە.

ۋەلى مۇدئاسىن كىشى بىلمەيىن،
كوڭۇل ئىچرەلەرنى ئەيان قىلمايىن.

يەنە سۇبھى بولغاچ سۇرۇدىن چېكىپ،
ئەجەپ نەغمەلەر بىرلە رودىن چېكىپ.

خەلايىق چېكىپ پەردە تاشىدا ئاھ،
كېلىپ ئولتۇرۇر شەھ داغى گاھى ـ گاھ.

مەن ئېردىمكى ئول شەھر ئارانەغمە ساز،
ئىدىم بەزمىلەر ئىچرە داستان نەۋاز.

ئوتەر ئېردىلەر نەغمە بىرلە كۈنۈم،
مەئشەت مۇنىڭ بىرلە كۈنۈ ـ تۈنۈم.

پەرىۋەش كېلىپ زاھىر ئەتتى سۇرۇد،
جەھان خەلقى مەندىن ۋەدائ قىلدى زۇد.

جاھان خەلقىدىن كورمەدىم ئىلتىپات،
تەھى دەستىدىن تەلغ بولدى ھايات.

قوپۇپ ئۆز ئىشىم چارەسىن ئەيلەدىم،
كى بىرمۇنچە كافۇر تاپىپ ھەم يېدىم.

چۇ مەردانىلىق ماڭا بولدى ماتەم،
قوپۇپ ئۇردۇم ئول خۋاجە سارىغە گام.

ۋەلى خۋاجە مەھۋەشى بىلە ئويدە شاد،
يىراقتىن چېكىپ مەن ئاڭا ۋايى ـ داد.

ئىشتىپ بۇ زارىمنى ئويدىن چىقىپ،
سوراپ ئېردى ھالىمنى مەندىن ھەبىب.

دىدىكىم ئەلەم سىزدىن ئولدى ماڭا،
دىمەي سىزدىنۇ بىل بۇ قىزدىن ماڭا.

دىدى قىلمە توھمەت كى ئەي زالىم كىشى،
كى باشدىن ـ ئاياغ بىزگە ھالىن شەش.

ئاڭا بار ھالىمنى قىلدىم بايان،
كى يىغلاپ مۇرادىمنى بىر ـ بىر دىبان.

بۇ يەرگە يېتىشتى سوزۇم ئاقىبەت،
كى غەمدىن ماڭا بەرگەيسەن ئاپىيەت.

ماڭا باردۇرۇركىم مۇرادۇ ـ ھەۋەس،
كى مەھۋەش ھەرەمى ماڭا بولسە بەس.

دىدى خۋاجە بىزلەرگە بولساڭ ئىنىس،
ھەرەمىمدە بولغاي دىسەڭ ھەم جەلىس.

يىقىن كەلمەگەي ماھۋەشىغە كىشى،
مەگەر كەلسە كافۇر يىمەكدۇر ئىشى.

دىدىم بۇيرۇغۇڭ بولسە كافۇر يىدىم،
ئۆزۈم بارچە شەھۋەتنى قەتئ ئەيلەدىم.

مۇرادىم بۇكىم نەغمە ئۆرگەتكەمەن،
ھەرەمى ۋىسال ئىچرە بىر بەندەمەن.

مۇرادىمنى ئاڭلاپ قىلىپ ئىلتىپات،
نەۋازىش **بىلە** قىلدى غەمدىن نىجات.

ھەرەمى ۋىسالىغە كىرگۈزدىلەر،
بىرىپ كافۇرى شەھۋە تىم ئۆزدىلەر.

گەھى پەردەدە يايىغە دەمساز ئىدىم،
گەھى ساز ئىلە ئايىغە ھەمراز ئىدىم.

www.uyghurkitap.com

گەهی ماهۋەش نەغمە ساز ئەيلابان،
مەنی خەستەغە گاهی راز ئەيلابان.

ۋەلی پەردە ئىچرە بەسی يىغلابان،
ماڭا پەهىم بولدىكی ئىشق نىهان.

ئۇزۇن كېچەلەر زار گىريان قىلىپ،
قىلىپ سوزلەرىن باغرى بىريان قىلىپ.

مەشەۋۋەش دىماغی ماڭا بولدى پەهىم،
ئانىڭ نالىشدىن ماڭا كەلدى رەهىم.

بۇ هالەتدە ئىدىمكی ئەي مەهۋەشىم،
نىدىن خاترەڭ قايغۇلۇق دىلكەشىم.

كورەرمەن دىلىڭ ئىچرە بىر غەم نىهان،
نىدىن هالىڭ ئولدى بەتەر، قىل بەيان.

ئىشىتتى سوزۇم ماهۋەش دىدى ئاه،
بۇ سوز سورمە مەندىن بولاي ئوزرەخاه.

بۇ سوزنىڭ جەۋابی دۇرۇر ئىكی ئىش،
قايۇ ئىشنی قىلغۇڭدۇرۇر قىل كېڭەش.

كی يا سورماقىڭ تەركىنی ئەيلەگىل،
ۋەيا سورغايسەن مۇندا تۇرماي دىگىل.

بۇ سوزدىن كی بولدۇم داغی بىقەرار،
سوزۇڭ ئەيلەگىل مۇندىن ئەيلەي فەرار.

دىدی مەهۋەش ئەسرار مېنی سورغاسەن،
ئوزۇڭە بەلايی ئوزۇڭ ئۇرغاسەن.

مېنی سەن بۇ غەمدە خىيال ئەيلەدىڭ،
غەمىم بائىسدىن سوۋال ئەيلەدىڭ.

بىلىڭ بىزگە چىن شەهرىدۇرلەر دىيار،
ئوتۇپ بىزگە چىن شەهرىدە روزىگار.

ئىكی شاه بىر - بىر بىلە تۇزدی گىيىن،
ئەسىر ئەيلەدی بىزنی ئاندىن كېيىن.

خەرىدار ئولۇپ خۋاجە ئالدی مېنی،
تاپىپ مەن مۇنىڭ دەستىدە مەئمەنی.

ۋەلی خۋجەغە هىچ پەرزەندە يوق،
كی مەندىن بولەك داغی دىلبەندە يوق.

غەزەل خانلىقىم بۇ جاهاننی تۇتۇپ،
كی چەكىم ئۇنی ئاسماننی تۇتۇپ.

ئىشىتىپ مېنی ئەهلی جاهی تەمىز،
بىراۋ ئىلكىگە تۇشتی مۇنداغ كەنىز.

مېنی كورسە هەركىم خېرىدار ئولۇر،
سورۇدۇم ئىشىتسە كىشی زار ئولۇر.

بار ئېردىكی چىن مۇلكىدە نەقشكەش،
سىزىپ سۇرەتىمنی قىلىپ پىشكەش.

ئالىپ باربان شاهغە كورسەتىپ،
كورۇپ سۇرەتىم شاه بىلەن مەيل ئېتىپ.

تاپىپ شەهری ئارا ئانچە ئەهلی ئەمىن،
داغی تاپىبان ئاقىلۇ خوردە بىن.

كی مەن خەستەنی ساتىپ ئالماغ ئۇچۇن،
يەمەن شەهرىغە شور سالماغ ئۇچۇن.

بۇلارنی يىبەردی يەمەن مولكىگە،
مېنی بەيئ ئىلە ئالدىلەر ئىلكىگە.

كی هاسىل مېنی شەهغە كەلتۇردىلەر،
مېنی خاكنی كوككە يەتكۇردىلەر.

ماڭا مەنزىل ئەيلەپ شەبىستاننی،
شەبىستان دىمەي رەۋزەئی جاننی.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭسىز خىيالىدا قايغۇ ئىدى،
كوزى ئىچرە ئالەم قاراڭغۇ ئىدى.

چىقىپ بىركۈن ئول شاھ ئوۋ ئەزمىغە،
مېنى ھەم ئالىپ چىقتى ئوز بەزمىغە.

كۈنى مەست ئىردۈك بولۇپ مەي پەرەست،
رەمىدە كىيىك كوردى بولغاندا مەست.

ماڭا دىدى رەخش ئول تەرەپ سۈرگەمەن،
بويۇرغىل كى ئانى نى نەۋەئ ئۇرغامەن.

دىدىم كىم قولىنى شىكەل ئەيلەگىل،
ئۇرۇپ ئوق بىلە بوغزىنى پارە قىل.

شەھەنشەھ سوزۇمنى ئىشتكەن زامان،
ئالىپ ئىلكىگە تىيرنى ھەم كەمان.

بىر ئوق ئېتىبان قولغە ئىشكەل سالىپ،
داغى ئوق بىلە ئانى بىسمىل قىلىپ.

بىر ئىش قىلدى ئىنسانىكى قىلغان ئېمەس،
مۇنى ئادەمى زادە قىلدى دېمەس.

كېرەك ئىردىكىم جان پىدا ئەيلەسەم،
تىلىم بىرلە ۋەسپىن ئادا ئەيلەسەم.

ئوزۇم مەست ئولۇپ ئەقلىدىن ئازغامەن،
سوزۇمدىن ئانىڭ ئالىدا ئازغامەن.

بۇ ھالەتدە ھەم تىغنى سۇرمەدى،
ئولۇم لايىق ئولغاننى ئولتۇرمەدى.

قولۇم باغلابان ئوزساچىم بىرلە شاھ،
ئالىپ كىردىلەر دەشت ئىچرە سىپاھ.

مېنى تاشلابان دەشت ئارا كەتتىلەر،
مېنى دەشت ئىلىغە ئىنىس ئەتتىلەر.

بايان ئەيلەگىل خۇاجەنىڭ ھالىنى،
مېنىڭدەكنى ساتقاننىڭ ئەھۋالىنى.

مېنىڭ ئىشتىياقىم توشۇپ ئەزم ئېتىپ،
يەمەن ساردىن كەلگەن ئېرمىش يېتىپ.

يۇرۇپ كېچە ـ كۈندۈز مېنى كورگەلى،
ۋىسالىمنى كورمەككە جان بەرگەلى.

يۇرۇپ بىر كېچە يولدىن ئازغان ئىمىش،
كى مەن بار بەياباندا قالغان ئىمىش.

قاراڭغۇ ئارا ياتمىش ئول دەشت ئارا،
سەھەر ۋاقتى قۇشلار قىلىپ ماجرا.

بۇ ئاۋازدىن ئويغانىپ خۇاجە ۋەش،
كورەر ياندا تۇرغامەن دەرد كەش.

مېنى يەشكەلى خۇاجە سۇرمىش ئىلىك،
بىلەلمەسكى ئولگەنمۇ مەن يا تىرىك.

باشىم ئوزرە كەلتۇردى ھەمراھىنى،
تونۇپ يىغلابان چەكتىلەر ئاھىنى.

كوزىن سۇرتۇبان چۇن ئاياغىمغە ئول،
تۇتۇپ بەلكى ئىسلەر دىماغىمغە ئول.

ئوزۇمگە كېلىپ كوزنى قىلدىم كۇشاد،
بۇلار ۋەسلى بىرلە كوڭۇل بولدى شاد.

بۇلارغە دىدىم مۇندا تۇرماي كېتىڭ،
مېنى ئىلتىبان شەھرىڭىزغە يېتىڭ.

سوزۇمدىن بۇلەر ئىزدىھام ئەتتىلەر،
مېنى بىرلە ئالىپ يېتىپ كەتتىلەر.

نەچە كۈن يۇرۇپ بىر يېرىگە تۇشۇپ،
تۇرۇپ ئاندا چەشمە لەبىگە تۇشۇپ.

دىدىكىم دىگىل هالىڭنى بەيان،
دىدىم باشىمغە كەلگەننى ئەيان.

ئىشىتىپ سوزۇمنى تۇتۇپ قالدى باش،
بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاپ تۇرۇپ توكتى ياش.

يەنە مەن دىدىم شەھغە يەتكۇر مېنى،
گۇناھىمغە ئالىدا ئۇلتۇر مېنى.

بۇ سوزنى ئىشىتىپ دىدى خۇاجەۋەش،
بۇ سوز مەسلىھەت ئېرمەس ئەي دەردكەش.

غەزەپدىن ساڭا بولسە شەھ تەڭدىل،
ساڭا تىغ سۇرسە بولۇرمەن خىجىل.

نى دەپ شەھ قاشىغە ئالىپ بارغامەن،
سېنى ئالىبان جايىمە يانغامەن.

تاپىپ مەسلىھەتكىم بۇ يەرگە قەرار،
ئالىپ بىزنى مەنزىلغە قىلدى فەرار.

بۇ هالەتدە ئايرىلمىسام شاهدىن،
غەم ئىچرە ئايرىلمادىم ئاهدىن.

قايۇكۇن بۇ مەنزىلدە تاپتىم قارار،
دىلىم ئىزتىراپۇ، ئۇزۇم بىقارار.

ساڭا سوزلەرىمنى بايان ئەيلەدىم،
چۇ ئىشىق ئىچرە جايىم ئايان ئەيلەدىم.

قوپ ئەمدىكى شەرتىڭغە قىلغىل ۋەپا،
بۇ شەهرى ئىچرە تۇرماي بولۇپ بى نەۋا.

باشلىك ئالىبان بىر تەرەپ كەتكەسەن،
قايۇ شەهرىدۇر خاهىشلىك يەتكەسەن.

بۇ سوزلەرىن مەهۋەشدىن ئەيلەپ سەماڭ،
قوپۇپ يولغە تۇشتۇم قىلىپ مەن ۋىداڭ.

كىرىپ يولغە قەتئى ئەيلابان دەشتى ـ تاغ،
يۇرۇپ كېچە ـ كۇندۇزدە تىنماي ئاياغ.

كىشىگە بۇ زارىمنى پاش ئەتمەدىم،
دىلىنى بۇ سوزدىن خەراش ئەتمەدىم.

كورۇپ قەسرىنى يادىمە كەلدى تىز،
پىراق ئىچرە رەنجۇر بولغان كەنىز.

قۇياش ئالەمئىچرە ئاجايىپ دۇرۇر،
بۇ قەسىر ئىچرە بولسە مۇناسىپ دۇرۇر.

سوزىنى تەمام ئەيلەدى قىسسە خۇان،
دىلئارامىدىن شاھ تاپتى نىشان.

بۇ سوز شىددەتى شاھنىڭ كۇشىدە،
گەهى بىخود ئۇلدى گەهى هوشىدە.

كىشى تاپسە ئۇز مەهۋەشىدىن نىشان،
ئۇزىنى ئەگەر قىلماسە بى نىشان.

بىلىڭ ئىشق ئىلى ئانى ئاشق دىمەس،
كىشى كەچمەسە جاندىن ئاشق ئېمەس.

كېتۇر ساقىيا مەي، پىراق ئىچرە مەن،
خۇمار ئىچرە كوپ ئىشتىياق ئىچرە مەن.

تاپاي نەشئەسىدىن پەرىدىن نىشان،
پىدا ئەيلەي ئالىڭدە پەژمۇردە جان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

## پادىشاھ بەھرام غايىبىدىن نىشان تاپىپ، ئۆزىدىن غايىپ ۋە بى نىشان بولۇپ خارەزم مۇلكىگە كىشى يىبەرىپ، ئۇلار كەلگۈنچە ئۆزى داغى ئۇترۇ چىققانى

چۇ ئول كېچە كىم شاھى ئالى نىشان،
تاپىپ ھىجرى ئارا غايىبىدىن نىشان.

گەھى ئىزتىراپ ئىلە قوپماق ئىشى،
گەھى يىغلاماق گاھ يىقىلماق ئىشى.

ئىشى ئۇلمەكۇ گاھ تىرىلمەك دۇرۇر،
ئانىڭ ھالىغە سۇبھى كۇلمەك دۇرۇر.

سەھەر ئاغزىنە بولدى كولكۇ پەدىد،
قۇياش نۇرىدىن بولدى شەب ناپەدىد.

تۇشۇپ قوزغالان شەھنىڭ ئارامىغە،
بەسى مەيل قىلدى دىلئارامىغە.

مۇنى جەزم قىلدىكى ئەزم ئەتكەمەن،
قوپۇپ مۇلكى خارازمىنە يەتكەمەن.

ھەكىم ئەھلى باشىن قويوپ يەر ئۇپۇپ،
دىدى قىلما بۇ ئىزتىرابىڭنى كوپ.

بۇ يەرگە يىتىپ ئاقىبەت مەسلىھەت،
كىشلەرنى تاپتى پەرىشتە سۇپەت.

يازىپ خۇاجەغە بۇ سۇپەتنامەنى،
خىجالەتدىن ئايىغە بۇ ھەنگامەنى.

كى مۇنداغ خەبەر جەزم بولدى ماڭا،
كى خارەزم بولمىش مەكانىڭ ساڭا.

كى بۇ خۇش خەبەر دىلنى شاد ئەيلەدى،
كوڭۇل ئىچرە غەم خەير باد ئەيلەدى.

قەچانكىم بۇ نامە يىتىشكەن زامان،
خىرام ئەيلەگىز يولدا ئالماي ئامان.

بۇ نامە ئارا ھالىم ئەتتىم بايان،
باغىر سەپھەغە ئەشكىدىن توكتى قان.

كەل ئەي مەھۋەشىم جانىم ئەيلەي پىدا،
ئاياغىڭ ئىزىغە كى قانىم پىدا.

كەل ئولگەن تەنىم ئىچرە بول يىڭى جان،
كى پەژمۇردە جىسمىمغە روھى راۋان.

ئەگەر كەلمەسەڭ نامە يەتكەن زامان،
مۇنى بىلكى ئولگۇم دۇرۇر بىگۇمان.

يەنە نەچە ھىجران قەتىغىن يازىپ،
پىراق ئىچرە چەككەن ئەلەملەر سىزىپ.

بىرىپ ئەلچى ئىلكىگە بۇ نامەنى،
دىدى تىز يەتكۇز بۇ ھەنگامەنى.

چۇ قاسىد قوپۇپ يولغە بولدى راۋان،
كى قەتئى ئەيلەبان دەشتى تاغ ـ داۋان.

بارىپ تۇشتىلەر ئەلچى خارەزمغە،
پەرىۋەش بىلە خۇاجەنىڭ بەزمىغە.

ئوقۇپ نامەنى خۇاجە قىلدى جوسۇد،
پەرى ئاڭلابان ئاھدىن چەكتى دۇد.

پەلەكدىن ئىشىپ خۇاجەنىڭ باشى ھەم،
ياڭى ئايدىن ئاشتى ئول ئاي قاشى ھەم.

داغی نامه خارەزمنىڭ شاھىغە،
يازىلغان ئىدى مەھۋەشىم راھىغە.

نە ئىش لازىم ئولسە مۇھەييا قىلىڭ،
ھەيال ئەيلەمەڭ تېز يولغە سالىڭ.

ئوقۇپ كوردى خارەزم شاھى بۇ سوز،
مۇھەييا ئېتىپ زار راھىن توكۇز.

سالىپ يولغە مەھۋەشنى قىلدى ۋىدائ،
پەرى بولدى يول ئەزمىدە ئىنقىتائ.

يۇرۇپ كېچە - كۇندۇز بولۇپ شادمان،
چۇ بەھرام ھىجرى ئىچرە تاپتى ئامان.

چىقىپ كېچەدە مەھۋەشى ئالىغە،
بارۇر يىغلاماق بىرلە ئوز ھالىغە.

يېتىپ چەشمە باشىغە بەھرام شاھ،
كورەر مەھۋەشى قىلمىش ئارامگاھ.

ياتىپ ئېردىلەر ئەل بارى خۋاب ئارا،
پەرى خۋاب ئارا بىل ۋەلى تاب ئارا.

بۇلارغە يېقىن بار ئىدى بىر چىنار،
كاۋاك ئېردىلەر ئىچى ئانداغكى غار.

كىرىپ شەھ چىنار ئىچرە بولدى نىھان،
بۇ ئانداغكى غار ئىچرە خۋاجەئى جەھان.

پەرىۋەش قوپۇپ ئۇيقۇدىن سۇبھى گاھ،
سۇجۇد ئەيلابان تەڭرىغە چەكتى ئاھ.

ئالىپ ئىلكىگە چەڭنى قىلدى زار،
سورۇد ئەيلەدى ئىستەبان غەمگە سار.

ئالىپ چەكتى چەڭىن تەرانە بىلە،
قىلىپ سەۋتلەر بۇ فەسانە بىلە.

كى بو يول نەنەۋئ بولدى مۇنداغ ئوراغ،
قويۇپ ھىجرى كوكسۇمگە داغ ئوزرە داغ.

ماڭا ئولكۇن ئولغايىدۇ كاج پەلەك،
گۇناھىمنى ئول شەھدىن ئەتسەم تىلەك.

قۇلاقىغە سوزۇمنى يەتكۇرگەسەن،
ئاياغىغە كوزۇمنى يەتكۇرگەسەن.

ئەگەر ۋەسلىدىن بولسە دەرمان ماڭا،
كورۇپ ئولسەم ئانى يوق ئەرمان ماڭا.

ئىشىتتى بۇ يەڭلىغ ھەزىن نالە شاھ،
چىقىپ نالە بىرلە قىلىپ ئاھ ۋە ئاھ.

قويۇپ دىلبەرى ئالىغە باشىنى،
باشىنى كوتەرمەي توكۇپ ياشىنى.

بۇ ھالەتنى كوردى دىلئارامى ھەم،
ۋەلى بىقەرار ئولدى ئارامى ھەم.

ساچىپ شەھ ئاياغىغە دۇر كوزىدىن،
ئاياغىنى ئوپكەچ كېتىپ ئوزىدىن.

قالىپ شاھ بىخۇد داغى ماھ ھەم،
ياتىپ ماھى بىھوش ئونۇپ شاھى ھەم.

قوپۇپ كارۋان ۋەقتى سەھەر،
كورەر ئىكى بىھۇشنى سەربەسەر.

داغى خۋاجە ھەم كوردى بۇ ھالنى،
پەلەك باشىغە قويدى ئىقبالنى.

ھۇجۇم ئەھلىنى تەگرەسىدىن سۇرۇپ،
بۇلارنى كورۇپ پەردەغە كىرگۇزۇپ.

سەرا پەردە ئىچرە بۇلارنىڭ ئىشى،
كى ئەسرارىدىن ۋاقىپ ئېرمەس كىشى.

چۇ ئەلقىسسە يەتتى مۇرادىغە شاھ،
بارىپ ئېردى كېيىنچە خەيلۇ سىپاھ.

ۋىسال ئىچرە شەھ كوڭلى ئاباد ئولۇپ،
يانىپ تۈشتىلەر شەھرىغە شاد ئولۇپ.

قىلىپ خۋاجەنى مەملىكەتغە ۋەزىر،
ئوتۇپ ئومرى ئەيش ئىچرە ئانداغكى شېر.

ئەگەر ئەيش ئىلە ئوتسە ئومرى دەراز،
دىگىل كوز يۇمۇپ ئاچقۇچە پۇرسەت ئاز.

پەلەك ئەيلەسە سېنى شاھ جەھان،
قىلۇر ئاقىبەت تۇپراغ ئىچرە نىھان.

غەرىبى ئىچىپ مەي ئىشتگىل سۇرۇد،
كى بەس بىۋاپادۇر سىپېھرى كەبۇد.

كەل ئەي ساقى مەي بىرلە خوشھال قىل،
جەھان شوغلەسىدىن پارى غىلبال قىل.

كىشى ئاقىبەت مەرگ زەھرىن يۇتار،
نېچۇك ئول كىشى ئەيش جامىن تۇتار.

ئامان نىگە بەرسۇن بۇ دارى غۇرۇر،
كى بولمىش ئىشكى ئانىڭ رەخنەكور.

## پادىشاھ بەھرامنىڭ ئوۋ ئەزمىغە چىرىك سالغانى ۋە ئەجەل خەيلى بۇلەر سەيدىغە ئاتلانغانى ۋە سەيد ئەزمىغە بەھرام گور مەركەبىنىڭ تېز رەفتارلىغى ۋە بەھرام گورنىڭ گورگە گىرىپتارلىغى

تېپىپ شاھى بەھرام پەرى بىرلە كام،
قىلىپ يەتتە گۇنبەز ئاراسىن مەقام.

قايۇ قەسىر تەخت ئۈزرە بولسە مۇقىم،
پەرى چېھرە ياندا ئېردى نەدىم.

ئانىڭسىز ئېمەس ئېردى سائەت ئاڭا،
ئەگەر ئەيشى ئىلە خاھى تائەت ئاڭا.

چىقىپ بىر كۇن ئوۋ ئەزمىغە دەشت ئارا،
يۇرۇپ سەير ئېتىپ گاھى گولگەشت ئارا.

بار ئېردى جەھان سەھنەدەك مۇرغىزار،
بەسى ئەل بىلە ئەيلەر ئېردى شىكار.

سىپاھىغە ھەم ئاندا يوق ئېردى ھەد،
كى نەخجىرلەرغە يوق ئېردى ئەدەد.

يۇرۇپ ئاتلىغى سەپ تۇتۇپ قورشىبان،
قاباپ سەيدلەرنى نىچۇككىم شەبان.

ئاشىپ ھەددىدىن جەۋرىلەر سەيدغە،
قەباپ سەيد مەھكەم قىلىپ قەيدغە.

ئاقىپ سەيدلەر قانى دەريا بولۇپ،
قىيامەت كۇنى ئاشكارە بولۇپ.

بۇ يەر ئانداغ ئېردىكى تەھتىدە سۇ،
يۇزى ئۈزرە گەرد ئولتۇرۇپ تۇبەتۇ.

قالىنلىق ئاڭا بىر قىرىغە ياۋۇق،
بۇ مىقدار ئولۇپ سۇ يۇزىگە ياپۇق.

توكۇپ سەيد قانىنى بەھرام شاھ،
زىمىن بولدى خۇن كەرمىدىن كوپ تەباھ.

بۇ ھالەت ئىدى مىھرى چەكتى نىقاپ،
قۇياش يۇزىگە پەردە ياپتى سىجاپ.

بولۇپ ئەل باشىغە بولۇپ قەترە بار،
بولۇپ ئېردى توپان نوھ ئاشكار.

چۇ مەرلايغە ھەركىم قەيان قويسە يۈز،
ئەجەپ ئېرمەس ئەل ئومرىدىن يۈسە كوز.

بۇ يەر تەھتى نەم فەۋقى ھەم بوادى نەم،
ئاخىرلاشتى مەنزىل داغى بوادى خەم.

كى يۈمرۇلدى يەر تەھتىغە بارچە خەيل،
سۇ قەئرىگە قىلدى بارى خەلق مەيل.

يۈدى بارچە ئەل جىسىم جاندىن ئىلىك،
پەرى شاھىدىن شاھ ئاندىن ئىلىك.

بىرى تاپمادى غەرق ئولۇردىن ئامان،
كورۇڭ سەيد ئىلە سەيد ئۆپكەن ھامان.

كورەر شاھ ئولدەم پەيدەر لەشكەرى،
پەنا يولغە ئەزم قىلغاي بارى.

تۇشۇپ مۇردەك ئول سپاھ ئىچرە شور،
زىمىن تەھتىگە كىردى ئانداغكى مۇر.

زىمىن ئىچرە كىردى سپاھ دەژەم،
نە قالدى گەدا ۋە نە بەھرام ھەم.

جەھان ئەھلىغە ئاقىبەت قىسىم كور،
ئاڭا ئىسىم بولدىكى بەھرام گور.

ئېرۇر ئەژدەھايى بۇ دەھرى دونى،
بولۇپ ئەلنى يۇتماق شىئارۇ پەنى.

ئولۇمدىن بەسى ئەلگە تۇشتى تەئەپ،
ۋەلى شاھ بەھرام ئىشى بەس ئەجەپ.

ئانى ئانچە كوپ ئىزو جاھى بىلە،
جاھان ئىچرە سىغماس سپاھى بىلە.

كى بىردەم ئاڭا دەھر بەرمەي ئەمان،
يۇتۇپ ئاغزىغە ئەژدەھايى دەمان.

كىشى تاپمايىن ھىچ ئاندىن خەبەر،
جاھان ئىچرە قالماي ئانىڭدىن ئەسەر.

ئەگەر بولسە جاندىن كىشىگە نىشان،
ئەجەل زەھرىدىن تاپماس ھەرگىز ئامان.

جانىن ئالىبان داغى قويماس ئىمىش،
تەننى يۇتۇپ داغى تويماس ئىمىش.

تەنى خاكنى ئەيلەمىش خاكسار،
قىلۇر كوككە ئەجزارلىرىنى غۇبار.

بەسى ئەي كوڭۇل بى ۋاپادۇر جاھان،
جاھاندىن كېچىپ ئىزدەگىل جاۋىدان.

جەھان ئەھلى ئىچرە ۋەپا يوقتۇرۇر،
جەھان گۇلشەنىدە باقا يوقتۇرۇر.

زەمىنى سۇ ئىچرە كېسەك بىل ھىساپ،
پەلەكنى سۇ ئۈزرە قىياس ئەيت ھىساپ.

سۇ ئۈزرە كېسەككە نە بۇنياد ئېرۇر،
ھىباب ئۈيى بىردەمدە بەرباد ئېرۇر.

جەھاننى يول ئۈزرە بىل ئەسكى رابات،
گەر ئاقىل ئىسەڭ بولماغىل ئىنبىسات.

غەرىبى قوپۇپ يولغە تەييارى بول،
ئەگەر مومكىن ئولسە سۇبۇكبارى بول.

قاچان ئۈزلۈكۈڭ بارىن ئەتسەڭ يەكىل،
قەدەم دوست كويىغە قويدۇم دىگىل.

كىتۇر ساقىيا مەي ئانىڭ مەستىدىن،
خەلاس ئەيلەگىل مەركىنىڭ دەستىدىن.

مەي جام بىرلە تەپاي تازە جان،
دىمەي تازە جان بەلكى دەي جاۋىدان.

www.uyghurkitap.com



خۇدايا كەرەم قىل كى بىچارەمەن،
گۇناھىم كوپىدىن دىلى پارەمەن.

مەن رۇسىياھ دوپلىسى ناتەۋان،
كېلىپ دەرگاھىڭغە تىلەپمەن ئامان.

ساڭا سەھل ئېرۇر ئەپۇ بىرلە ئەتا،
ماڭا نەپسىدىندۇر گۇناھۇ خەتا.

دەرىخا، دەرىخا، دەرىخا، دەرىخ،
ئەجەل دەستىدىن باشىمە يەتسە تىغ.

ئەدەمدىن چىقاردىڭ كى بى مۇستەھىق،
داغى ئەقلۇ جان ئەيلەمىش سەن رەفىق.

دىلىم چەشمى ئاچىلمايىن كەتكەمەن،
بارىپ روزى مەھشەر ئارا نەتكەمەن.

بېرىپ رايىكان بىزگە سەن چۇشمۇ كۇش،
كى بى رىشۋە بەردىڭ داغى ئەقىل ھۇش.

تىلەر قەترە بۇ قۇل كىرەم بەھرىدىن،
ئاتا ئەيلە يا ئەكرەمەل ئەكرەمىن.

كەرەم قىلدىڭ ئەغيارغە يارلىغ،
زۇنۇبىغە قىلغىل كى سەتتارلىغ.

قويۇپ يولغە ئەزم ئەيلە ئەي پىكرى خام،
تەمام ئەيلەگىل زىكرىڭنى ۋەسسالام.

## جەھاننىڭ بىۋاپالىغىدىن مۇئىزە تەرىقىدا نۇكتە سۇرمەك

بودۇن دەھرنىڭ كاردۇر بىسابات،
ئەگەر نوھدەك مىڭ يىل ئەتسە ھايات.

كى ئەفغان چېكىپ ئىشق ئارا ئەندەلىپ،
فەنا شۇئلەسىگە بولۇبدۇر قەرىپ.

رەپىقە بىلىڭ ئۇشبۇ دۇنيايى دۇن،
ھەمە سەرۋىقەدنى قىلۇر سەر نىگۇن.

چۇ پەرۋانە ئەيلەپ ۋۇجۇدىن فەنا،
بولۇر ئاقىبەت شەمئى ھەم بى زىيا.

نە شاھۇ گادا ۋە نە ئاشىق قالۇر،
نە سادىق نە ئابىد نە پاسىق قالۇر.

ۋەپادارلىق رەسمى يوق دەھرىدە،
قىلۇر ئاقىبەت خاكنىڭ قەئرىدە.

فەنا مەنزىلىگە چېكەر رەختىنى،
كى تابۇت ئېتەر شاھلىق تەختىنى.

كىشىكىم مۇھەببەتكە ۋابەستەدۇر،
ئانىڭ خاترى ئىشق ئارا خەستەدۇر.

كېتىپدۇركى يۇسۇپ-زۇلەيخا قەنى،
كى ۋامۇق بىلە داغى ئۇزرا قەنى.

مەجازىدا ئىستەر ھەقىقى ھەۋا،
كى ھىممەت بىلە تەرك ئېتەر ماسەۋا.

چۇ فەرھاد-مەجنۇن بولۇپدۇر ئەدەم،
كى ئۇقبى سارايىغە قويدى قەدەم.

بىراۋ كىم ئېرۇر دەھر ئارا دۇنيەپەرەست،
تەئەللۇق مەيگە قىلىپ ئۇزنى مەست.

جاھان باغىدا سەرۋى قالماس نەگۇل،
خەزان ئەيلەگەي خالقى جەززۇ گۇل.

مۇھەببەت ئىلىدىن ئېرۇر ئول يىراق،
بەشەر ساندىن قىلغاي ئۇزنى قاراق.

مۇھەببەتسىز ئادەمنى ھايۋان دىگىل،
ئانىڭ جانىنى بەلكى بىجان دىگىل.

ھەقىقى مۇھەببەتكە بەرگىل كوڭۇل،
ئەگەر مەردسەن ئۇشبۇ ئوت بىرلە ئول.

كى ئۇشاق سەرمايەسى ئىشقدۇر،
كى مەھبۇب پىرايەسى ئىشقدۇر.

كوڭۇلنى قىلىڭ ئىشق ئارا پايمال،
ئەجەپ يوق نەسىپ ئولسە فەرروخ جامال.

ئەياقچى ماڭا بەر، مەيى ئاشقان،
كى مەي زورى بىرلە يۇزۇم ئەيلە قان.

نىزارى بولۇپ ئانچە زارۇ نىزار،
قىلىپ كوڭۇلنى ئىشق ئوتى خارۇ-خار.

كى ئول جامنى ئىچمەك ئاغاز ئېتەي،
مۇھەببەت ھاۋاسىدا پەرۋاز ئېتەي.

ھەقىقەت ئارا بولسۇن ئول راھ بەر،
ئانىڭ غەيرىدىن ئەيلەگىل بى خەبەر.

قىلىڭ دەير ئىلگە ئانى ئاشنا،
ئۇلارنىڭ ئاياغىدا بولسۇن فەنا.

بولۇبدۇر فەنا ئەھلىنىڭ بەندەسى،
كى ئۇشاقلەرنىڭ سەر ئەفكەندەسى.

ئىلاھا كەرەم ئەيلە بىچارەگە،
تەرەھھۇم ئاتا قىل بۇ ئەۋارەگە.

ھەمە جۇرمنى ئەيلەگىل مەغپىرەت،
كى ئاخىر نەپەس ئەيلەگىل خەيرىيەت.

ھەمە ئىشق ئىلى ئاھىنىڭ ھورمەتى،
ئۇلار قەربى دەرگاھىنىڭ ھورمەتى.

مىنى پىرەۋىدە قىلىپ مۇستەقىم،
جىنابىڭدا بۇ قۇلنى قىلغىل مۇقىم.

كوڭۇلدىن چىقار بەئزى ئەجەپ رىيا،
داغى قىلماغىل رەمرەئى ئەسقىيا.

سىپاتىڭ كېلىپدۇر غەفۇرۇر-رەھىم،
كى سەتتارۇ ۋە ھابۇ شاھۇ كەرىم.

كەرەم بەھرىدىن قەترە بەسدۇر ماڭا،
كى قۇللۇغدا ئولمەك ھەۋەسدۇر ماڭا.

كوڭۇلدىن خىيالىڭنى قىلمە يىراق،
يەنە قىلماغىل ئاندا ئەھلى پىراق.

چۇ ئىشق ئوتىدا ئورتەگىن جىسمىنى،
فەنا ئەيلەگىل ھەستىلىك ئىسمىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەدىيەئى خىسلەت

نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان

ئەيتاي ئەرزىم ئىشتىلىك ئەھلى دانىش،
كى ئۇتقۇزدۇم بىكار كوپ ياز ئىلە قىش.
تەپەككۇر بىرلە كوپ ئەندىشە قىلدىم،
ئۇزۇمغە ئۇشبۇ ئىشنى پىشە قىلدىم.
قولۇمغا ئۇلزامانكى ئالدىم خامە،
دىدىم قالسۇن جاھاندا يادنامە.
غەزەل بىرلە مۇخەممەسلەرنى يازدىم،
قولۇمدا يىگنە گويا چاھنى قازدىم.
بارىن جەمى ئەيلابان بەس ئى نەگۇزات،
كى قويدۇم ھەدىيەئى خىسلەت مۇڭا ئات.
تامامى ھاجى ھەمدەم قىسسەسىدۇر،
تۇمەن مىلك قىسسەسىن بىر ھەسسەسىدۇر.
بۇدۇر ئەھباپلار دىۋانە ھەمدەم،
يازىلغان ھەر غەزەل داستانە ھەمدەم.
ئەجايىب دىلبەرۇ شىرىن زەباندۇر،
مەلەكمۇ يا پەرى بىلمام نە جاندۇر.
تۇرار جايى ئانى بىل شەھرى خاندۇر،
خالايىق ھەسرىتىدە دەر فىغاندۇر.
قاشى شەمشەر، كوزى جاللادە ئوخشار،
سوزى يۇمشاق، دىلى پولادە ئوخشار.
تىشى ئول يارنىڭ گوھەرگە ئوخشار،
لەبى ھەم ياقۇتى ئەھمەرگە ئوخشار.
يۇزى گۇل قامىتى چۇن سەرۋە بوستان،
ئەنگچۇن قۇمرى، بۇلبۇل زارۇ نالان.
ۋە ياباغ نەزاكەتنىڭ گۇلدۇر،
لەتاپات گۇلشىنى يا سۇنبۇلدۇر.
ئۇقۇر مىلك داستان مانەند بۇلبۇل،

ئشتسە هەر كشى ئەيلەر ئوزىن قۇل.
كى بلمام قايسى دەريانىڭ دۇرىدۇر،
بۇ دۇنيانىڭ مسالى هورىدۇر.
دسەم ۋەسفىن توگانماس ئەرتەيۇكىچ،
ئىيتالمايدۇر تىلىم مىڭدىن بىرىن هىچ.
قىلۇر ئالەم بارىن سەيرۇ-ساياهەت،
تەنىدە يوق دەمى ئارامۇ-راهەت.
ئوزىنى شاهۇ گاداغا قىلدى مەنزۇر،
كى مەنزۇر بولسا هەم بولمايدۇ مەئزۇر.
بارىپ ئككى سىنە ئول هەج قىلىپتۇر،
ئوزىگە هەج قىلشنى پەرز بىلىپتۇر.
مۇنىڭ ئول هاجى ئەسخەردۇر ئاتاسى،
بەلەند هىممەت يىگىتلەرنىڭ سەداسى.
كىچىكلىكتىن قىلىپتۇر پەرۋەرىشلار،
بەربان شەهدۇ-شەكەردىن يىمىشلار.
ئەگەر بىر يەردە بولسا بەزمە سوهبەت،
دىگايلار بارچە ئۇستادىڭگە رەهمەت.
كەل ئى خىسلەت سوزۇڭ ئەمدى تامام ئەت،
غەزەل سارىغە ئەزم ئەيلەپ خۇررەم ئەت.

× × ×

مەن دۇنيادا ئى ئاكەم بولگىچە،
خولقۇ خۇش ئىلە كىرەم بولگىچە،
هەرقانچە كى بولسا هەم بولگىچە،
مەندىك بەكەر بەچچە كىم بولگىچە،
ناز ئوزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

بىلساڭىز ئاتىمنى هاجى هەمدەم،
دىيەرسىزكى يانىمدە بولسە هەمدەم،
كىم ماڭا بولۇر جاهاندا هەمدەم،
ئاغزى قۇلاغىدە دەركى دەمدەم،
ناز ئوزگىچە ۋە سىنەم بولگىچە.

مەن دۇنيانى ئەيلىدىم ساياهەت،
بولدى ماڭا بۇ ساياهەت ئادەت،
بىر يەردە تۇرارغا يوقكى تاقەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەئدى كەبى مەن شەكەر پاساھەت،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

مەيدان ئويۇندە مەن كەمىنە،
گاھى ئوغۇلۇ، گاھ دۇختەرىنە،
گاھ سارتىيۇ، گاھى بەرىنە،
گاھى ئويۇن ئورگاتىپ بارىنە،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

كىم ئاشق ئېرۇر كېچەر جاھاندىن،
ھەم مالۇ پۇل ئىلە خانۇماندىن،
دۇنيانى قويۇكى بەلكى جاندىن،
قايتماس ئۇ بالايى ناگىھاندىن،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

دۇنيانى بىلىڭ سافالى سەرلىك،
ھەرىس كىشلەرگەدۇر قەدىرلىك،
كوپ يىغسە دىلى ۋەھمدە كىرلىك،
كوپ ماڭا زەرۇر سىر پەقىرلىك،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

مەن مۇندا غېرىپ بىر مۇساپىر،
سىزدۇر مېنىڭ دەردىم ئېچرە سابىر،
ئولتۇرگالى سىزنى مەنچۇ ساھىر،
بولدۇم سىزنى ئالدىڭىزدە ھازىر،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

بولدى بۇ جاھاندا سۇرىتىم تاق،
كورمەككە مېنى جاھان مۇشتاق،
شەيدا يارتىپ مېنى ئۇ خەللاق،
ئالەم بەراي بولدى ماڭا ئۇشىاق،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ئاشقلار ئېچرە كىر چاپانىسز،
غەم خەنجىرى بىرلە باغرى قانىسز،
مەھزۇن شىكەستە ناتىۋانىسز،

ئىشق يولدە بىر ساپال جانسىز،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

يوقلاپ مېنى جان ئاكەم كېلىپسىز،
هەم لۇتفى قىلىپ كەرەم كېلىپسىز،
تاپماي مېنى پۇر ئەلەم كېلىپسىز،
ئەيلاڭ مەنە دەفئ غەم كېلىپسىز،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ئۇينارنىڭ خىيالى تۇشسە جانگە،
چىلدىرمە بېرۇر خەبەر جاهانگە،
هافىز ئاكامىز ئامان ـ ئامانگە،
لەرزە تۇشدۇر زامان ـ زامەنگە،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

چىلدىرمە مىزى سەداسى گىژدەڭ،
ئادەمنى يىغار سەداسى گىژدەڭ،
هەشەر ئەتكالى مۇددىئاسى گىژدەڭ،
هەم ئىنجۇ بابا ـ باياسى گىژدەڭ،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ئادەم بالاسى ئەمەس پەرىمەن،
بەلكى پەرىلەرنىڭ دىلبەرىمەن،
جەننەتتىكى هور پىكەرىمەن،
هورلەر ئىچىدە سەخىنەرىمەن،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

مەن باغى ئىرەمنىڭ بىر گۇلىمەن،
گۇلزارى بېهىشتنىڭ بۇلبۇلىمەن،
خۇشبۇي جانانى سۇنبۇلىمەن،
سۇنبۇللەردە زىب غۇلغۇلىمەن،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

خۇشتار ماڭا بولدىڭىز ئۇزىڭىز،
ئىشقىمدە سارىغ بولۇپ يۈزىڭىز،
مۇنچە تىكىلۇر ماڭا كوزىڭىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى www.uyghurkitap.com

بارمۇ قۇلاغىمغە يا سوزىڭىز،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

بىلساڭىز ئەگەر لەبىمنى شەكەر،
شاھلىكتە مىسالى مەن ئىسكەندەر،
ئىشقىمدە بولۇپ سىلەر قەلەندەر،
سىزلەرنى قاشىم سويارگە خەنجەر،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ھەرچەندە جاھاندا زۇفنون سىز،
ئالەم ئىلىغە مەگەر ستۇن سىز،
كويدۇرماقە ئوت مەنى ئوتۇنسىز،
مەن شوئلەمەنۇ قارا تۇتۇنسىز،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

دىل شانىسدۇر ساچىم تاراغى،
مەن ئىشق ئىلىنىڭ يانەن چىراغى،
كوز كىرپىگىدۇر ئولۇم ياراغى،
كوكسىگە قوياي چۇ لالە داغى،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ھەر ئاشىق نازىمى كورۇنچە،
دىۋانە بولۇپ يۇرار ئولۇنچە،
زەر بەرسە ئەگەر قولۇم تولۇنچە،
ئاشنا بولۇبان لەبىم سۇرۇنچە،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بۇلگىچە.

قەددىم تۇبا، يۇزۇم قىزىلگۇل،
ھەر قايدا ئوقۇر ئاتىمنى بۇلبۇل،
كاكۇل دىمەڭىز باشىمدا سۇنبۇل،
ھوسنى ئەھلى بولۇر مىنى كورۇپ قول،
ناز ئورگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

مەن مەشۇقە مىھرۇ ماھ تابان،
بولسامچۇ چىچەن ئارا خىرامان،
رەفتارىم كورسە تاۋۇس ئول ئان،

خەجەلەتدە قالىپ بىرەر ئۇدەم جان،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

رۇخسارىمىزە ئادا قىزىلگۇل،
گېسۇلارىمىز مسالى سۇنبۇل،
گۇفتارىمىزە غۇلامى بۇلبۇل،
بولمايسىز ئاكام نىگە بىزە قۇل،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

گۇلدەك يۇزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
شىرىن سوزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
ئاهۇ كوزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
جاندەك ئۆزىمىزنىڭ ئاشىقى سىز،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

مەن مەست بەچچەمەن جاپا قىلۇرمەن،
بىر نازىم ئىلە ئادا قىلۇرمەن،
قاشىم قاقىلىپ ئاشنا قىلۇرمەن،
زەر بەرسە كىمى ۋاپا قىلۇرمەن،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

كەلدىم بۇ شەهەرگە سەيراتىم،
زىب چىچ بۇدە يايراتىم،
ئاشقلەرە خولق خەير ئەتتىم،
جەننەت قۇشى مەنكى تەير ئەتتىم،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

كىم ماڭا كېلىپ دۇچار بولدى،
قالىئ قۇشى ئاڭا يار بولدى،
قىش تەبىنى ئەنىڭ باهار بولدى،
هەر كارى ئەنىڭ بارار بولدى،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

جەننەت چىمەن ئېرۇر جامالىم،
هەق رەهمتى هوسن بەركامالىم،
هور سوهبىتى ئۇشبۇ قىلۇ قالىم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

فەرغانىدە يوق مېنىڭ مىسالىم،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

كەلكۈن بەدىنىمدە نەقرە تىللا،
رەڭ ئالدى بىھ نەشاھ مەجلا،
يىغلاپ ماڭا قىلدى كوپ تولا،
كەف ئالدىيۇ ئەيلەدى ئاللا ـ ئاللا،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

بوينۇمدە پەرى كەبى جەلاجۇل،
باشىمدە بەجايى تاجى كاكۇل،
مەن باغ ئىچرە نازاكەت بىر گۇل،
ئاغزىمدا تىلىم هەزار بۇلبۇل،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

مەن باغى ئىرەمنىڭ ئافتابى،
ئاشىق دىلى شۇئلە مەي كەبابى،
كەسبىم مېنىڭ نەغمە رەبابى،
ناز ئۇزگىچە شانىم كىتابى،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ئى بەزمىمە ئۇشبۇ كۈن كىلىنلار،
ئىخلاس ئىلە تەلمۇرۇپ تۇرۇنلار،
ئۇز كوكسىگە داد ئىتىب ئۇرۇنلار،
هەر بىرلىرىڭىز چۆكۈھ، مەكۈنلار،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

سوز قەدرىنى كىم بىلۇر سۇخەندان،
بىلماس بۇ گوهەرنى ئەهلى نادان،
دىل قانى بىلەن بۇ هاجى چەندان،
يازدى بۇ غەزەلنى پەيكىر بىرلان،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

سەرىڭ ماڭا بولسە گەر نەهان ئىت،
دىل گەنجىغە تىلىنى پاسبات ئىت،
كۈنگۈ ئۇلغىلۇ ئۇزنى بىرابان ئىت،

گۇل غۇنچىسىدەك دىلىڭنى قان ئېت،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

بەس ھەمدەم ئەمدى تارت قەلەمنى،
كوپ قىلما بايانى غۇسسە غەمنى،
يوق سورغۇچى ھەسرەتۇ ئەلەمنى،
ۋەسفىن دىمە بىۋاپا سەنەمنى،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ھەمدەم پەلەكى مەئانى شاھى،
نەزىم ئەيدى چېكىپ سەھەردە ئاھى،
دىل دەفتىرى قۇدرەت ئىلاھى،
بىلماس مۇنى كىمسە دىل سىياھى،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

كوزۇڭ بىلە تەلمۇرۇپ دىمەي تۇر،
راز دىلىڭنى ماڭا دىمەي تۇر،
كوپ تىترەمەگىل قاقشىماي تۇر،
تىپ لەرزە كېسەلگە ئوخشىماي تۇر،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

× ×

ھىجرانىڭىز ئىچرە غەم بولگىچە،
ھالىم مېنىڭ دەمبەدەم بولگىچە،
يىغلاردە كوزۇمدە نەم بولگىچە،
سىزدە غەزەپ ئى سەنەم بولگىچە،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

گەر چەندىكى كوپ ئېرۇرلار ئۇششاق،
مەندېك سىزە يوق ۋەلىك مۇشتاق،
ۋە شوھرىتىڭىز تۇتۇبتۇر ئافاق،
ئى قاشۇ، كوزى قارا، يۇزى ئاق،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

يۇز جىلۋە بىلەن خوررەم ئېتەرسىز،
كەبەك دەرنى غۇلام ئېتەرسىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەھبابە جاپا مەدام ئېتەرسىز،
بىگانەلارە كالام ئېتەرسىز،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

سىز كەبى جاھاندا بارمۇ دىلدار،
تەننازۇ، سەتەڭۇ شۇخۇ رەفتار،
خەۋانىشلىرى خوبۇ شەھدۇ گۇفتار،
ھەر كىمكى كورۇر بولۇر گىرىفتار،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ئۇلدۇم سىزنى مەن فىراقىڭىزدىن،
كويدۇم بەسى ئىشتىياقىڭىزدىن،
قەددىم خەمى قاشى تاقىڭىزدىن،
ئۇپسام دىسام ئاق تاماقىڭىزدىن،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

ئى يۇزلەرى مىھرۇ ماھ تابان،
ھەر سارىغە بولساڭىز خىرامان،
قالغاي كورۇپ ئەلنىڭ چەشمى ھەيران،
بولسۇن سىزە سەدىقە يۇزدىلۇ جان،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

بەزمىڭىزە كىمگە بولدى ھەمدەم،
دىيەرمەن ئەنى شاھ خىسراۋ ۋەجەم،
ھەر ئىككى جاھاندا بولماڭىز كەم،
بىردەك كەمى قۇللىرىنى ھەردەم،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

## ئەرىزە

سەندىن ماڭا دەردۇ غەم بولگىچە،
ھىجرانىڭ ئىلەن ئەلەم بولگىچە،
قويماي كىتىبان قەدەم بولگىچە،
كۇلبەم سارى ئى ئوكەم بولگىچە،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

## جاۋاپ

ئى بىمەزە مۇتىھەم بولغىچە،
يالغاننى كوزىدە نەم بولغىچە،
جەۋرىم ساڭا ئەيلاسام بولغىچە،
سۇگرە ئۇراسەنمۇ دەم بولغىچە،
ناز ئوزگىچە ۋە ستەم بولغىچە.

## ئەرزە

ئى مەھلىقا خەلىن سەداسى،
غەم بىرلە دۇتانى مۇتتەكاسى،
قۇلنىڭ بولادۇرمۇ مۇددىئاسى،
ھەر كارىكى قىلسا پادشاسى،
ناز ئوزگىچە ۋە ستەم بولغىچە.

## جاۋاپ

ئى ئىشقىنىڭ لاپىن ئۇرغان ئاشىق،
بارمۇ سوزۇڭ ئىچرە زەردە سادىق،
كوڭلۇڭ تىلىڭگە ئەمەس مۇۋاپىق،
شەرئىدە دىگەي سىنى مۇناپىق،
ناز ئوزگىچە ۋە ستەم بولغىچە.

## ئەرزە

يالغاننى دىسەم تىلىم كىسىلسۇن،
ھەر كىمنىڭ تىلىنى تەگرى بىلسۇن،
سىدقىن ساڭا بىلدۇرۇپ نە قىلسۇن،
تاكى يۇگۇرۇپ يولۇڭدا يۇرسۇن،
ناز ئوزگىچە ۋە ستەم بولغىچە.

## جاۋاپ

ئەستانەنى مىسكىن ئەتمىگۇنچە،
كوپ يىلغىچە كەيىش ئەرتمىگۇنچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوز نۇرى غەمىدە كەتمىگۇنچە،
پەريادىنى خەلق ئىشتمىگۇنچە،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

## ئەرىزە

هەر قانچىكى ئاھۇ ـ ناله قىلسام،
كوز ياشىنى مىسلى ژاله قىلسام،
بۇلبۇلدەك ئوزۇمنى ۋاله قىلسام،
سەن گۇلنىڭ غەمىدە ناله قىلسام،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

## جاۋاپ

كوپ سوزنى دەراز قىلما ئەمدى،
ئستاب مىنى كۇندە كەلمە ئەمدى،
كوپ يول يۇرۇبان ئىزلىمە ئەمدى،
ھىجرانىم ئىله سىقىلما ئەمدى،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

## ئەرىزە

سوزنى ماڭا كوپۇ ـ غول قىلۇرسەن،
كوپ ناز ئىتبان جىدەل قىلۇرسەن،
دۇشمەن سوزىغە ئەمەل قىلۇرسەن،
زۇلۇم ئەكسەرۇ لۇتفۇ ئەقىل قىلۇرسەن،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

## جاۋاپ

سەن كىم سەنۇ پەقىر ئەر بولماق،
مەن كىم سىنىڭ بىرله يار بولماق،
دەئۋايى قىلارسەن فىكار بولماق،
نامۇس ماڭا ساڭا يار بولماق،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

### ئەرزە

گەر چەندە مەدام ھەزەر قىلۇرسەن،
كويىگەي غەمىڭ ئىلە جان ئىلە تەن،
تۇتتۇم بۇ ئۇمىد ئىلە ئىي دامەن،
پەرۋايى تەزىم ئىھتماغايمەن،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

### جاۋاپ

مىڭ ياخشى بىلۇرمەن ئىتقادىڭ،
مەن ئىڭلىمىغايمەن ئەرزۇ دادىڭ،
ۋەسلىم سىنىڭ بولسا گەر مىرادىڭ،
ھەر كىچەسى پىكرۇ-زىكرۇ يادىڭ،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

### ئەرزە

پەرۋا قىلامەنمۇ ئاگا ئەسلا،
كويۇڭدىكى ئىتلارىڭ نىگارا،
باشىمدە ھەمىشە قىلسە غەۋغا،
ئەغيار ئىلە تاشلار ئاتسۇن ئەما،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

### جاۋاپ

ئىززەتىن بىلۇرمۇسەن ئايا زار،
قىلغۇم سىنى مەن رىئايە بىسيار،
ئۆزگە كىشى قىلسە ئۇشبۇ خىل كار،
بولغاي سەتمىم بىلە دىلەفكار،
ناز ئۆزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

### ئەرزە

گۇستاخلىق ئەيلەسە ئەگەر قۇل،
خوجا سالادۇرمۇ بىۋيىنغە غۇل،

www.uyghurkitap.com

جەرمەن كەچۈرۈپ قىلۇر تەھەممۇل،
ھەر يەردىكى رەسمى مەھلىقا شۇل،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

**جاۋاپ**

تاكى كەچۈرەي سىنى گۇناھىڭ،
تاكى بولايىن سىنى پەناھىڭ،
تەقسىر ئىلە ئوتسە سالۇ ماھىڭ،
بولسام باشىڭ ئۇزرە پادىشاھىڭ،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

**ئەرزە**

ھەر چەندىكى تەرك ئېتەي ئەدەبنى،
لازىمۇ قىلىش شۇڭا غەزەبنى،
كەلتۇر دىلىڭ ئىچرە گاھۇ رەبنى،
زۇلۇم ئىلە كەچۇرمە روزۇ شەبنى،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

**مەرھەمەت**

رەھمىم كىلادۇر ئەزىنلىغىڭگە،
بىكىبەر ئىلە كەمتەرىنلىغىڭگە،
كوڭلى مەن ئۇچۇن غەمىنلىغىڭگە،
ھەم زاھىدەن تالىبىنلىغىڭگە،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

**ئەرزە**

ياخشى كىلادور سوزۇڭنىڭ بۇيى،
بەردىمۇ خۇدا بۇ ياخشى بۇيى،
شول ئەردى كەمىنە جۇستىجۇيى،
خەم بولدىمۇ گەردىنىڭنىڭ مويى،
ناز ئۇزگىچە ۋە ستەم بولگىچە.

## ئىلتىفات

خەير ئەمدى دىلىڭنى جەمى تۇتغىل،
ئەۋۋەلغى ئەلەملارىڭ ئۇنۇتغىل،
ئىشرەت بىلە دىدەنى يارۇتغىل،
ئوزگە كىشىدىن كوڭۇل ساۋۇتغىل،
ناز ئوزگىچە ۋە سىتەم بولگىچە.

## خاتىمە

مىڭ شۇكر خۇدايى ئالەمىنغە،
خەللاق ساماسىدىن زەمىنغە،
يەتكۇزدى نىگار نازنىنغە،
مەھبۇبلار ئىچرە ياسمىنغە،
ناز ئوزگىچە ۋە سىتەم بولگىچە.

## ئىلتىجا

هەر كىمنىڭ كوچى يېتىب رەقىبە،
يەتسۇن دىلى ئويلاغان ھەبىبە،
خەللاقۇ جاھان ئېتىب نەسىبە،
بىر قىسسە بولۇپ سوزۇم ئەجىبە،
ناز ئوزگىچە ۋە سىتەم بولگىچە.

ئەشئارلەتىفۇ نۇكتەئى خۇب،
ئەبيات لەزىزۇ نەزمە مەرغۇب،
تا باشىدىن ئاياغى زىكرى مەھبۇب،
قىلدى بۇ كىچە زەلۇلى مەكتۇب،
ناز ئوزگىچە ۋە سىتەم بولگىچە.

## هاجى مىرزا هەمدەمخان ئىلە سەيدخان تىلىدىن بىر مۇۋەششەھ

هەجر ئوتىغە ئەيلەگەن ئالەمنى سوزان ئىككىمىز،
پىتنە ۋە ئاشۇبلار دۇنياغە سالغان ئىككىمىز.
مۇپتەلا بولغاي كورۇپ شاھۇ-گادا، ياشۇ-قېرى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەيلاساك بەزمە ئىچرە ھەريان نازۇ-جەۋلان ئىككىمىز.
دادۇ پەريادىغە ئاشىقلارنىڭ سالماسمىز قۇلاق،
كىم ئۇلار باشىغە بولغان ئاپەتى جان ئىككىمىز.
مىسلى كۈندۈزدەك بولۇر روشەن قاراڭغۇ كېچەلەر،
تا ئاچىپ رۇخسارىمىز قىلساق نامايان ئىككىمىز.
خوش ئېتەرمىز كۆڭلىنى بولسە پەقىر-بىچارە كىم،
ئەيلەبان يۈز ئىلتىپاتۇ خەيرۇ-ئېھسان ئىككىمىز.
ئىستىگەن بىرلە كورەلمەيسىز بىزنىڭ بۇ بەزمەمىز،
شەھرىڭىز ئىچرە بىلىڭ بىر كېچە مېھمان ئىككىمىز.
نامىمىزنى نەزمە ئارا ئەل كوزىدىن نىھان ئېتىب،
ئانچە دىققەت بىرلە خىسلەت قىلدى دىۋان ئىككىمىز.

مىسرە ئەلكاتىبە سەراھىددىن مەخدۇم،
ھەدىيە خىسلەت ئۇلدى بىل مۇڭا نام.

## مۇۋەششەھ

ھەممە ئالەمغە جانە سۈرەتىڭنى،
قىلاي مەن ئەندى ئەيشا سۈرەتىڭنى.
مۇيەسسەر ئەيلەيالماس ئەردى ھېچكىم،
قىلىپ كوپ ئارزۇ تا سۈرەتىڭنى.
دۇئا قىلسۇن ھەققىڭگە بارچە مۇشتاق،
بۇگۈن ئەيلەب تاماشا سۈرەتىڭنى.
مەن ئۆمرۇم بارىچە ئى يارۇ خۇشرۇ،
قىلاي مەدھىنى ئىنشا سۈرەتىڭنى.
خەلايىق كورسە مەجنۇن بولغۇسىدۇر،
سېنىڭ بۇ لەيلى ئاسا سۈرەتىڭنى،
نىسا ئەيلەر ئۆزىن گەر كورسە ئاشىق،
بۇ يەڭلىغ بەسكى تەنھا سۈرەتىڭنى.
نىھان ئەيلەيمۇ يا ھەسەد ئىلىدىن،
كى ئەتماي ئاشكارا سۈرەتىڭنى.
نىگارا خىسلەت ئەتسە كېچە-كۈندۈز،
تۈگەنمەس ۋەسفى ئەسلا سۈرەتىڭنى.

## غەزەل

مەلەك ئىسلام ئىچرە سالدى شورىغا سۈرەتىڭ،
دىن باشىغە باشلادى ئاشۇب غەۋغا سۈرەتىڭ.

يوق بىر ئىنسانكى زىبا سۇرەتتىڭغە لال ئېمەس،
لالدۇر سۇرەت كەبى كىم كورسە زىبا سۇرەتىڭ.
رەشىك خۇرشىد پەلەكتۇر ئارەزىڭ كورسەتمە كىم،
كورسە غەمدىن داغ ئولور خۇرشىد زىبا سۇرەتىڭ.
هاش لىللا كىم تىرىكمەن سورەتىڭ يات ئەيلابان،
مۇردەغە جان بەخشدۇر مىسلى مەسىها سۇرەتىڭ.
يۇزەساڭ يۇز ناز ئىلە بۇتخانالار ئىچرە ئەگەر،
سەجدە قىلغايلار كورۇپ ئەهلى كەلىسە سۇرەتىڭ.
دەهرى مەۋزۇن قەدلارى ئالدىدە گەر قىلساڭ خۇررەم،
بەندى بولغايلار ساڭا كورگەچ هامانا سۇرەتىڭ.
رازىم ئولسا ئاشكار ئاتاڭ ئېماس كىم ئەيلەدى،
ئەقلىم ئالىب ۋالە مەجنۇن شەيدا سۇرەتىڭ.
جانىۇ دىل ئارامىدۇر سەن ۋەسلىڭە كورمە دەرىخ،
كورماسام بىردەم ئولۇرمەن ماهى سىما سۇرەتىڭ.
ئاتەش هىجرىڭدە كويدۇم قالمادى تاقەت ماڭا،
كورگۇز ئېمدى لۇتفى ئى شوخ بەرنا سۇرەتىڭ.
نەقشى ئىشقىڭ لەۋهى دىلدىن كەتمەس هەرگىز تا ئەبەت،
ئومۇرلەردۇر ۋەسلى كوڭلى قىلدى مەئۋا سۇرەتىڭ.

× ×

ئى يۇزى ئاپتاپ هەمدەمخان،
ۋاي لەبى لەئەل ناب هەمدەمخان.
ئەرزۇ ئەهۋالىم ئەيلەيىن ساڭا،
ئىشىت ئالى جاناپ هەمدەمخان.
ئەمدى كورسەتمىساڭ ۋىسالىڭنى،
قالمىدى هىجرە تاب هەمدەمخان.
زۇلفۇ خەم دەرخەمىڭ خىيالىدىن،
جاندە يۇر پىچتاب هەمدەمخان.
خالۇ ئەفىيۇنلەرىڭنى پكىرىتدىن،
كەلمەدى كوزگە خۇۋاب هەمدەمخان.
مەن قۇلۇڭغا تەرەههۇم ئەيلەمەسەڭ،
بولغۇدەك مەن خاراب هەمدەمخان.
كامە زەهەردىن بەتەر بولغاي،
سەنسىز ئىچسام شاراپ هەمدەمخان.
فۇرقىتىڭ ۋەهمىدىن نى قىلغايمەن،
يۇرەكىم بولدى ئاب هەمدەمخان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتەش ئىشقىڭگە بولۇپ قالدى،
دىلۇ جانىم كاباب ھەمدەمخان.
قۇللۇرۇڭنىڭ قاتارىغا مېنى ھەم،
بولدى ئەتسەڭ ھىساپ ھەمدەمخان.
ئەدلە ئىلە دادۇ ئەرزىمى سورساڭ،
بولغاي ئەردى ساۋاب ھەمدەمخان.
ھوسنە ۋەسفىڭنى ئولمسام مەن ئەگەر،
ئەيلەيىن بىر كىتاپ ھەمدەمخان.
ئەقلۇ - ھۇشۇمنى ئالدىڭدە نىلاي،
مەن سارى بىر قاراپ ھەمدەمخان.
ئومرۇ ئىقبالىڭ فۇزۇن ئەتسۇن،
ھەق سېنى ئى جاناپ ھەمدەمخان.
شايەد ئولغاي دۇئاسى بۇ قۇلۇڭى،
ھەققىنگە مۇستەجان ھەمدەمخان.
بۇكەمى قۇللار ئارزۇسى بۇدۇر،
بولسۇن كامىياب ھەمدەمخان.

× ×

بۇ يەڭلىغ بولما جانا دەمبەدەم ئەغيارغە ھەمدەم،
كوزۇڭدىن ئورگۇلەي بولماس ئىسەڭ مەن زارىغە ھەمدەم.
فىدا بولسۇن ساڭا جان رەشكىدىن قان باغلادى كوڭلۇم،
ساچىڭ بولغاچ ئەبىرۇ نافە تاتارغا ھەمدەم.
دىگەيلەر گۇل ئەگەرچە گۇلستاندە خارسىز بولمە،
سەن ئۇل پاكىزە گۇلدۇرسەنكى بولمە خارغە ھەمدەم.
ئىككى نەرگەس كوزىڭنى پىكرىتى كوب ناتىۋان ئېتتى،
جاھاندا كىمسە مەندەك بولمىسۇن بىمارغە ھەمدەم.
لەتاپەتلىغ تەنىڭغە سايە گۇل بەرماسۇن ئازار،
مۇبادا بولمە ئى نازۇك بەدەن گۇلزارغە ھەمدەم.
قىلىب پەرۋاز كوڭلۇم قۇمرىسى تىنماي چىكەر ئەفغان،
مىگەر ئەۋۋەل بولماق تىلەرسەن سەرۋۇخۇش رەفتارغە ھەمدەم.
كوكۇل بەرمەس كوز ئاچماس ھىچ مەنزۇر نەزەر ئېتماس،
ئىگەر بوسە كەمى سەندىن بۇلەك دىلدارغە ھەمدەم.

× ×

ئولدۇم ئەسرىڭ ئى يارۇ - بەرنا،
قىلغىل تەرەھھۇم مەن زارەگاھا.

سالدىڭ دىلىمغە سەۋدايى ئىشقىڭ،
قىلدىڭ مېنى سەن مەجنۇنى شەيدا.
ھەسرەتلەرىمنى ئېتسام سەراسەر،
ھەرگىز تۈگەنمەس ئى مۇھەففەل ئارا.
ئى كىم تىنىمدە قالمىدى تاقەت،
يادىمغە نامىڭ چۈشكەندە جانا.
قانغە تولۇبدۇر گۈلغۇنچە يەڭلىغ،
كەل كور يۈراگىم ھىجرىڭدە گويا.
خىلۋەت قىلۇبان ئەغيارلاردىن،
كىلساڭ نە بولغاي بىر كېچە تەنها.
ئەتكىل ئىلاجىن دىۋانەدۇرمەن،
تابولماسىمدىن ئەل ئىچرە رەسۋا.
نەم يەرگە كوكسىن مەندەك بەرۇبان،
ئىشقىڭدە كىمدۇر ياتكان نىگارا.
نامىڭنى خىسلەت مەخفى قىلىبدۇر.
تابغاي غەزەلدىن كىم بولسا دانا.

مۇخەممەس

سەھەرلەردە تىنمايىن ئەيلەر ئىدىم يۈز ئاھۇ-ۋاھ يالغۇز،
دەر ئەردىم ئۇچراسۇن يارەب ئوشۇل قاشى قارا يالغۇز،
بەيان ئەتمەك ئىدىم رازۇ دىل ئىلە مۇددىئا يالغۇز،
يولۇقتى تۈن ئاراسىدە ماڭا ئۇل دىلرابا يالغۇز،
كۈلۈب باقىب قاشىن قاقىب قىلىب ئوتتى ئىما يالغۇز.

ياتىبمەن كوشەدە يار بار دېب مەن غېرىب زارى،
بولۇبان ئىشتىياق ئىشقىدە ھەم تەرىپە بىمارى،
كورۇب ھالىمنى سەن رەھمىڭ كېلىب بىر يول بېرىب يارى،
باربىدى قىلىسىد ھەسرەتلەرىمنى ئەيلەب ئىزھارى،
دىگىل باشىن ئورۇب يەرگە قىلۇر ئاھۇ نەۋا يالغۇز.

ئىكەنمەن تالىئى بەد قۇرئە فالىمدىن بايان ئېتساڭ،
ئوتار بىلماكى قايداغ ماھۇ ۋىسالىمدىن بايان ئېتساڭ،
نىگارىم سەدقەسىدۇر مالۇ جانىمدىن بايان ئېساڭ،
شىكەستە مۇز تىراب ئەھۋال ھالىمدىن بايان ئېتساڭ،
ئەنى كوڭلىغە شايەد مېھرىنى سالغاي خۇدا يالغۇز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياتۇر ئاشقلارىڭ دېب دايىما غۇربەتتە ئېيغايسەن،
زەمانى ئۇتمىسۇن ھەرگىزكى شول پۇرسەتتە ئېيغايسەن،
ۋە لېكىن ئەرزۇ دادىمنى ئاڭا خىلۋەتتە ئېيغايسەن،
مېنىڭ دەردۇ فىراقىمدىن بارىب ئەلبەتتە ئېيغايسەن،
سەنەمنىڭ ئالدىدا يىغلاب ئايا بادى سابا يالغۇز.

بولۇپمەن ئاي يۈزىن كورمەككە كوب خۇمار كەلمەيدۇر،
سوراب بىمار ئەھۋالىم شەكەر گۇپتار كەلمەيدۇر،
ئوتۇپتۇر كوپ زامانلار لائەقەل بىر بار كەلمەيدۇر،
يازارمەن دەمبىدەم مەكتۇبلەر دىلدار كەلمەيدۇر،
قىلىب مىڭ ئىلتىماسۇ ئاڭا يۈزمىڭ ئىلتىجا يالغۇز.

تۇراردىم يار ئوتەر يولىدا تەمكىن ۋە قارار ئەيلەب،
ھېمىشە مۇنتەزىردىم كوزلەرىمنى ئىنتىزار ئەيلەب،
نامايەن بولدى تولغان ئاي كەبى ئوزنى سۇۋار ئەيلەب،
ئاياغىن ناخشىغە سۇردىم يۈزۇم بۇ سۇ كانار ئەيلەب،
غۇبارى خاكىدىن قىلدىم كوزىمغە تۇتىيا يالغۇز.

غەرىب خىسلەتنىڭ ھالىغە ھۆۋەيدايى غەرىب مىسكىن،
نىگار بى مىسالىغە ھۆۋەيدايى غەرىب مىسكىن،
قۇياش يەڭلىغ جامالىغە ھۆۋەيدايى غەرىب مىسكىن،
ئەنىڭ ھوسنۇ كامالىغە ھۆۋەيدايى غەرىب مىسكىن،
قولىنى ئاچىب سەھەرلەردە قىلۇر بەھەد دۇئا يالغۇز.

## غەزەل

غەم بارىدىن بولدى مېنىڭ قەددىم دۇتا قانداق قىلاي،
قىلماي پىغانۇ-نالەلەر شامۇ-سابا قانداق قىلاي.

لۇتف قىلماي ئەيادىلىك سىتەم زالىم ئىكەنسەن مۇنچە ھەم،
چىقماي تېنىمدىن جان ئۇكام بولدىڭ جۇدا قانداق قىلاي.

ئەۋۋەل مېنى يار ئەيلەدىڭ، ئاخىر ئەجەب خار ئەيلەدىڭ،
خىرقەم كورۇب ئار ئەيلەدىڭ، مەن بىناۋا قانداق قىلاي.

مېھنەت بىلە دەردۇ ئەلەم يالغۇز تېپىپ ھىجرانى غەم،
ئاخىر مېنى قىلدى ئەدەم ۋاۋەيلىتا قانداق قىلاي.

هالىم مېنىڭ بولدى خاراب ئەرزىم ئاشىب ئالى جاناب،
بەرسەڭ ماڭا يۈزىمىڭ ئازاپ بولدۇم رىزا قانداق قىلاي.

ئەيلەب ئىدىڭ ئەھدى ئامان ئۇيناب كۆلۈب نەچچە زامان،
ھەركىم ئەگەر بولسە يامان باردۇ خۇدا قانداق قىلاي.

نەيلەرمەن ئەمدى مەھۋىشىم كوزدىن ئاقار تىنماي ياشىم،
بولسۇن پىدا ساڭا باشىم جانىم ئۇكام قانداق قىلاي.

خىسلەت يۈرۈر مەجنۇن بولۇپ شامۇ سەھەرلەر ئاھ ئۇرۇپ،
تەئىنە قىلۇر ھالىن كورۇپ شاھۇ-گادا قانداق قىلاي.

× ×

مۇنچە ھەم زىبا چۈشەرمۇ ئى نىگارا سۈرەتىڭ،
ئادەم ئەمەس بولمىغان كورگەندە شەيدا سۈرەتىڭ.

سەدىقە بولسۇن جان تاماشاسىغە ئەل قوزغالمىسۇن،
ئەيلە ئىخفا قىلمە ئەسلا ئاشكارا سۈرەتىڭ.

ۋالە بولسۇنلار كورۇپ خاقانى چىن، شاھى پەرەڭ،
ئول تەرەپكە ئەيلەگىل ئەرسال جانا سۈرەتىڭ.

ئەيلەمەك تەئرىب ھاجەت يوقكى پەرى زاھىر ئېرۇر،
پەرق ئېتىپ بولماس پەرى-غولماندىن ئەسلا سۈرەتىڭ.

دىنغە كىرماي قالدىمۇكىن كۇفرى ئارا ئى رەشكى ھور،
نۇرى ئىمانلە كورۇب چىكەئدە تەرسا سۈرەتىڭ.

خۇبرۇلار ئىچرە ئى خۇرشىدى يۈز لەئلى مەسىھ،
تاڭ ئەمەستۇر مۇردىلارنى قىلسە ئەھيا سۈرەتىڭ.

نەچچە مۇددەتتىن بىرى ئولماي كەمى قىل ئاقىبەت،
شۇكرى ئاللا كوردى كوب ئەيلەب تەمەننا سۈرەتىڭ.

## مۇخەممەس

ئى خۇبلار سەراسى ھەر كارىڭىز چىرايلىق،
ھەر كىمگە بىر ئوقىغان ئەشئارىڭىز چىرايلىق،

www.uyghurkitap.com



بەزىم ئەيلەشىپ ئەجايىپ ئويناردىڭىز چىرايلىق،
ھورۇ - پەرى يۈزىدىن رۇخساردىڭىز چىرايلىق،
جەننەت گۈلىدىن ئى گۈل گۈلزاردىڭىز چىرايلىق.

تەئرىپۇ - تەۋسىپىڭىز قىلسام بايان سەراسەر،
جانا جامالىڭىزدىن ئالەم بولۇر مۇنەۋۋەر،
رۇخسارىڭىزگە ئايىنى بولماس قىلىپ بارابەر،
كورسە ئەگەر قەددىڭىز بولغاي خىجىل سەتۇبەر،
تاۋۇسدىن يۇرۇشدە رەپتارىڭىز چىرايلىق.

خۇشتار جازاسى شۇل دىب كاكول بىلەن ئۇرارسىز،
قىلسام پىغانۇ - نالە پەرۋا قىلماي كۈلەرسىز،
ئەغيار ئىلەن ھىمىشە قول ئۇشلاشىپ يۈرەرسىز،
ئاشىقنى يولدە كورۇپ سەكىن - سەكىن سوكارسىز،
بىلدۈرمايىن كىشىغە ئازارىڭىز چىرايلىق.

ھوسىن ئەھلىغە ئەمرۇ ھەم پادشا بولۇرسىز،
ئۆپتادەلەرغە دايىم ئىھسانىنى كوپ قىلۇرسىز،
كىم بولسە سىزگە ئاشىق رەنگىن كورۇپ بىلۇرسىز،
جۇملە پەرىلەر ئىچرە تەرپى پەرى ئىررۇرسىز،
كەرداردىڭىزمۇ ياخشى ئەتۋارىڭىز چىرايلىق.

ھىچ قىلمادىڭىز ئى يار ھالىمغە بىر تەرەھھۇم،
بىسمىل قىلۇرسىز ئىلنى گەر قىلساڭىز تەبەسسۇم،
شىرىن زابانىڭىزدىن ھەردەم كىبلەدى سورغۇم،
شەھدۇ - شەكەر تامادۇر گەر قىلساڭىز تەككەللۇم،
شىرىن سۇخەن تۇتىدىن گۇپتارىڭىز چىرايلىق.

ھەر كىمكى كورسە سىزنى ئۆزىنى بەندە ئەيلەر،
تۇشسە ئەگەر كوزىڭىز ئولۇكنى زەندە ئەيلەر،
گۈللەر كورۇپ يۈزىڭىز خەندانۇ - خەندە ئەيلەر،
زوھرە پەلەكلەر ئىچرە ھەر كىچە نەغمە ئەيلەر،
گەر ئالساڭىز ناۋاغە دۇتارىڭىز چىرايلىق.

تۇشرۋان كەبى سىز ئەدلۇ - ئادالەت ئىچرە،
ھاتەمدىن ئىلگىرى سىز خەيرۇ - ساخاۋەت ئىچرە،
يوق سىز كەبى پەرىزاد ھوسنۇ - لەتاپەت ئىچرە،

رۇخسارىڭىزدۇر ئالمە باغۇ مەلاھەت ئىچرە،
ئەنجىردۇر لەبىڭىز، ئانارىڭىز چىرايلىق.

كەلمەك بولۇپ بىناگاھ كۆلبەم سارىغە جانان،
دۇشمەنلەرىمنى ئەيلەپ باغرىنى تەبتە قان،
يۈز جىلۋىلەر قىلىبان ئىشاھ خۇبۇ - خۇبان،
ھەر بىر قەدەم قويساڭىز ھەريان باقىب خىرامان،
كىتارىڭىز ئاجايىپ، كىلەرىڭىز چىرايلىق.

دىلدار سىزنى كورماي كوب زار خىسلىتىڭىز،
قالمايدۇر كورسە ئارمان بىر بارە سوھبىتىڭىز،
بولدى يەنە پاراۋان ئازار ۋە كۆلفىتىڭىز،
دوزەخ ئوتىدىن ئارتۇق ئى يار فۇرقىتىڭىز،
بىزگە باغۇ ئەرەمدىن دىدارىڭىز چىرايلىق.

## غەزەل

ئەشۋە بىرلە ئالدى مەندىن ئەقلۇ دانا كوزلەرىڭ،
سالدى باشىمغە نەچە ئاشۇبۇ سەۋدا كوزلەرىڭ.

بادە ئىچتىڭمۇ كوزىڭ مەيخۇۋارەلاردىك مەستۇر،
ياكى ساقى ئەزەلدىن ئىچتى سەبھا كوزلەرىڭ.

دەھرىدە سەندىك بۇت ئاھۇ كەرەشمە كورمادىم،
دىلرابالار مۇبتالايى ئىككى شەھلا كوزلەرىڭ.

ئاھۇ كىم مەلەكى مائاندە ۋاھىد ۋەقتى ئىدىم،
بىر باقىش بىرلە كوڭۇلنى قىلدى شەيدا كوزلەرىڭ.

لۇتفى بىرلە بىر نەزەر قىلغىن مىنىڭ ئەھۋالىمە،
رازىمى قىلدى تەغافىل بىرلە ئەيشا كوزلەرىڭ.

مەست چىقىمە كوچىغە دىۋانە قىلمە خەلقنى،
ھەركىمى رەسۋايى ئالەم قىلدى جانا كوزلەرىڭ.

نازئىلە بولساڭ خىرامان شورى مەھشەر باشلانۇر،
ئى جاھاندا ئەتتى بەربا شورۇ يەغما كوزلەرىڭ.

www.uyghurkitap.com

ئاتەشى ئىشقىڭ كوكۇلغە تۇشتى تاقەت قالمادى،
نى جاپالار قىلدى ماڭا زۇلۇم پۇرا كوزلەرىڭ.

نىلارەم ئىشقىڭنى پىنھان قىلماغە يوقتۇر ماجال،
خەستەمەن تا بىردەمى قىلدىم تاماششا كوزلەرىڭ.

جەھەدلەر قىلدىمكى ياخشىلارغە ئاشىق بولمايىن،
ۋالە بولدۇم تاكى كوردۇم غەمزە سىما كوزلەرىڭ.

ئى خوش ئەۋۋەل ئاشىقكى شارۇ سەرھى ۋەسلىڭ ئىرۇر،
ئاشنا ئاڭا ئىككى مەست تەمەننا كوزلەرىڭ.

نەرگەسىڭ نىچۇن قىلالماس تەبەرەسسىم پىتنەدىن،
جەبرى ئىلە ھەردەم قىلۇرلەر ئىغۋا كوزلەرىڭ.

مەست ئىشقىڭ بولدى ۋەسلى تىلغە ئالدى ئىسمىڭە،
ھەمدەم ئىت قىلسۇن تاماششا ئاھۇ ئاسا كوزلەرىڭ.

## لۇغەت

بىكبۇ — كىبىرسىز، كەمتەر.
بەرنا — ياش، قىران، گۇزەل، يىقىملىق
بىھد — ياخشى، ئوبدان، تۇزۇك.
بەراي — ئۇچۇن.
دەراز — ئۇزۇن.
خامە — قومۇش قەلەم.
خۇۋاب — ئۇيقۇ.
خەللاق — ياراتقۇچى، خەلق قىلغۇچى.
ئىخفا — يوشۇرۇن، مەخپى تۇتقۇچى.
كىسۇ — چاچ، كىسىلگەن، قىسقا.
مۇتتەككاسى — يۇلەنگۇچىسى.
مۇنتىزەر — ئىنتىزار، تەقەززا بولۇش.
مۇنەۋۋەر — يورۇق.
مەنزۇر — ئەرزىش، ياراش.

رەب — پەرۋىش قىلغۇچى.
سالۇ — ماھىلىق — ئاي - يىلىق.
سىدقىن — راس سوزلىگۇچى.
سەھبا — مەي ئىچكۇچى.
سەراسەر — باشتىن - ئاخىر، تامامەن.
ۋەسپىن — سۇپىتىنى.
يانەن — يانغان، يورىغان.
ياقۇتى ئەھمەر — قىزىل ياقۇت.
زەندە — تىرىكلىك، ھاياتلىق.
ھەزىن — غەمىن.
قاسەد — ئەلچى، خەۋەرچى.
ئەزىم — نىيەت.



www.uyghurkitap.com




نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: **ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇر**
نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

بىز 1980 - يىلى 3 - ئايدا، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال گۈكشىپىسىدىكى ئابدۇكېرىم ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن شۇ جايدىن ئۇيغۇر شائىرى موللا نىيازى (ئاشىقى)نىڭ نىيازى تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان دىۋانىنىڭ قولىيازمىسىنى تاپقان ئىدۇق. دىۋان 126 بەت، دىۋانغا بەت نومۇرى سېلىنمىغان، شېئىرلارنىڭ رادىف تەرتىۋىدىن قارىغاندا، قولىيازمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 6 - 5 بەت يوقالغان. دىۋانىنىڭ مۇقاۋىسى شاۋرۇندىن ئىشلەنگەن، مۇقاۋا گۈل چېكىپ نەقىشلەنگەن. دىۋانىنىڭ ئېگىزلىكى 23cm، توغرىسى 15cm كېلىدۇ. دىۋانىنىڭ ھەر بىر بېتىگە 13 — 12 كىچە بېيىت يېزىلغان. بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالاقىدار خادىملار ۋە كەڭ كىتابخانلار ئامىسى بىلەن بىرلىكتە، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن، دىۋانىنى ئاۋال ئېلان قىلىش پىكرىگە كېلىپ، ئۇنى «بۇلاق» مەجمۇئەسىگە يوللىدۇق.

دىۋانىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، قولىيازما ھىجرىيىنىڭ 1257 - يىلى (مىلادى 1841 - يىلى) موللا فەتھ قومۇلى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. بىزنىڭ دىۋان ئۈستىدە ئېلىپ بارغان دەسلەپكى ئىزلىنىش ۋە تەتقىقاتىمىزغا كۆرە، شائىر بۇ دىۋانىنى 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ئىككىنچى چارىكىدە تۈزگەن، دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

شائىر نىيازىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئېرىشكەن مەلۇماتىمىز ناھايىتى ئاز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مانجۇ ھاكىمىيىتى لۈكچۈن ۋاڭى مۇھەممەت ئەفرىدۇننى قەشقەرگە ۋاڭلىققا يۆتكىگەندە، ئۇ لۈكچۈندە ئۆز ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ تۇرغان موللا بۇساق نىيازى دېگەن كىشىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. كېيىن، قەشقەردە خەلق سىدىقبەگنىڭ باشچىلىقىدا مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، قەشقەر خەلق قوزغىلاڭچىلىرى قولىغا ئۆتكەندە، مۇھەممەت ئەفرىدۇن ۋاڭ سەۋدايى بولۇپ قېلىپ ئۆلگەن، موللا بۇساق نىيازى بولسا، ئىز - دېرەكسىز يوقالغان. موللا بۇساق نىيازى زامانىسىغا كۆرە يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولغان ئىكەن. ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللانغان بولۇپ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن. بىزنىڭ پەرىزىمىزچە، «دىۋان نىيازى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ ئەنە شۇ موللا بۇساق نىيازىنىڭ

ئەسرى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. دىۋاننىڭ ئۆزىدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بەزى ئالامەتلەرمۇ، شائىرنىڭ تۇرپاندا ياشىغانلىقىنى ۋە شۇ جايدا ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

دىۋاندىن قارىغاندا، نىيازىنىڭ شېئىرلىرى مۇئەييەن بەدىي قىممەتكە ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. نىيازىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ پىكرى چوڭقۇر، تىلى گۈزەل ۋە تەسىرلىك، شېئىرىي ھېسسىياتى مول ۋە نازۇك. شائىرنىڭ ئۇسلۇبى يەڭگىل ۋە راۋان بولۇپ، قارىغاندا ئۇ بەدىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ماھىرانە پايدىلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى خېلىلا كەڭ مىقياستا سەنئەتلىك تەسىر كۈچىگە ئىگە. شېئىرىي شەكىللەر يېقىدىن ئېيتقاندىمۇ، شائىرنىڭ ئىجادى دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ خىلمۇ-خىل بەھرلىرىدە يازغان. ئۇ، بىر خىل شېئىرىي پىكىر ۋە شېئىرىي ھېسسىياتنى بىر خىل قاپىيە بىلەن كەلگەن ئۇزۇن مىسرالىق تۈرلەردە كەڭ ۋە چوڭقۇرراق ھالدا ئىپادىلىسە، يەنە شۇ پىكىر ۋە ھېسسىياتنى يەنە شۇ خىل قاپىيە تەرتىۋىدە كەلگەن قىسقا مىسرالىق تۈرلەردە ئىخچام ۋە جانلىق ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ بەدىي ماھارىتىنى نامايىش قىلىدۇ.

شائىرنىڭ دىۋاندىكى «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق مەسەللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غىزا تۈرلىرى، ئەھيا قىلىپ يېتىشتۈرگەن مېۋىلىك دەرەخلىرىنىڭ خىللىرى ھەققىدە قىزىقارلىق مەلۇمات بېرىپ، خەلقىنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

«دىۋان نىيازى» ناملىق بۇ توپلام، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مەنىدىن ئالغاندا، خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئەينى دەۋرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي مەدەنىي مىراسلىرى جىددىي قۇتقۇزۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى پەيتتە، بىزنىڭ بۇ قولىيازمىنى كىتاپلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەقدىم قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. خەلقىمىزدە "كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ" دېگەن ماقال بار. دىۋاننىڭ ئېلان قىلىنىشى شائىر نىيازى توغرىسىدا تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ۋە پايدىلىق بولغان ئىزلىنىشلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

تۆۋەندە دىۋاننىڭ تولۇق تېكستى بېرىلدى:

قىلدى بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىمدىن ئىپتىدا،
روھى ئاشىقلەر ئەزەلدە بولدى كەلگەندىن نىدا.
لەببەلەب ساقى مۇھەببەت جامىنى تولدۇردى ۋەھ،
مەرھەبا دەپ ئاھ ئەفغان جامدىن چىقتى سەدا.
دەمبەدەم تولدۇر قەدەھنى مەي بىلە بىخۇد بولاي،
شۇئلەئى جانانەنى بىر قەترە كۆرسەم جامدا.
يار ئەكسىدىن چۈشۈپ جام ئىچرە گۈلگۈن بولدى مەي،
رەڭ ئالىپ ئېرمىش كۆزۈم خۇنابىدىن تاپماس ئەدا.
مەي ئەگەر لەئلىگە يەتسە ھەردەمى مەن كۆز تۇتاي،
جۇرئەئى لايى بەھەم بولسا قىلاي مىڭ جان فىدا.

بىخۇد ئەيلەرسەن مېنى ساقى لەببەلەب مەي بىلە،
تاكى بۇ بىخۇدلۇغۇم قىلغايمۇ جاناندىن جۇدا؟!
قىلغالى دەفئى جۇنۇنۇم مەي تىلەر مەيخانەدىن،
كەم ئەمەس جەمشىددىن بىر مەي تىلەپ ئىچكەن گەدا.
قىلماغىل مەھرۇم ساقى ئىلكىدىن پەيمانە ئىچ،
يار ئەكسىن مەيدە كور بۇ جامى جەننەت زاھىدا.
ئەي نىيازى جان تالاشۇر چاغدا سەن جانانەدىن،
گەر ئالۇر چىقماستا جان مىڭ جىلۋە بىرلەن غەمزىدا.
كى سەن ئۇندىن جاھانغا ئەيلەدىڭ نۇرى سەفا پەيدا،
شەپائەت قىلغالى ئىككى جاھان قىلدىڭ فەنا پەيدا.
جەمئى ئەنبىيالەر سەرۋەرى قىلدىڭ رەسولى ھەق،
پەيامى ھەق تەئالا يەتسە قىلغايلەر رەۋا پەيدا.
ۋەلى بۇ ئالەم ئىچرە قالماغاي پىنھان ساڭا رەۋشەن،
ئۇلۇغلۇق ھورمەتىڭدىن يەتكۇسى ھەردەم نەۋا پەيدا.
مەگەر بولدى كورۇپ ئول يار سەندىن بولمادى ئەۋۋەل،
ئەبابەكرى، ئۇمەر، ئوسمان، ئەلىيۇل مۇرتەزا پەيدا.
تەجەللى قىلدى ھەق نۇرى بىلە ئەينى جامالىڭنى،
سىېنىڭ ھوسنۇڭنى بىرلە ئاي قىلغالى سەفا پەيدا.
مۇھەببەت كاندۇرسەن، جۇملە مەخلۇقات ئىرۇر سەندىن،
قاچان بولدى بۇرۇن سەندىن ئاتا بىرلە ئانا پەيدا؟!
تارازۇ بىرلە مەيدان ئىچرە سەن قىلدىڭ شەفائەتنى،
ئەدەمدۇر رەھمەتىڭ مەۋج ئۇرسا كوپ بولسا خاتا پەيدا.
شافائەت خاھ سەن سەن قىل مېنى لۇتفىڭ بىلە گويا،
تىلىمغە رەھمەتىڭدىن ئەيلەگىل ھەمدۇ سەنا پەيدا.
نىيازى، ئانچە ھىجرىڭدىن ئىچەي تۇت، بادەئى ساقى،
رىيا بىرلە ئىبادەتتىن بولۇر يۈزمىڭ خاتا پەيدا.
كورۇندى جىلۋە بىرلە بىر پەرىۋەش بولدى نا پەيدا،
بولۇپ ئول جىلۋە بىرلە جانغا يۈز تۇرلۇك جافا پەيدا.
يۈرەككە تەگدى مىژگان ئوقلىرى پەيكانە تەبرەنمەس،
يۈرەك تەبرەنسە تەبرەر بولماغاي ئوقغا خاتا پەيدا.
ماڭا بولمىش ئەزەلدە قىسمىتىم بۇ دەرت ئىلە ئەفغان،
غەمىمدۇر فۇرقەتىڭدىن مىڭ تۇمەن بولسا بالا پەيدا.
سەمەندەر قىلدى بۇ ھىجرىڭ ئوتى كۈل بولماقىڭ نەسۇد،
كىرىپ ئوت ئىچرە ناپەيدا، گەھى بولغۇم يانا پەيدا.
بالايى ئىشىق ئىرۇر يۈز پار قىلسام جاننى كوز سالماس،
مېنىڭ جانىم ئۇچۇن بولغاچ خىرامان بىۋافا پەيدا.
داۋاسىز دەرت ئىرۇر بۇ ئىشق دەردى ئەي موسۇلمانلار،

بولۇر ئىشىق ئارامەن تەلبە يەڭلىغ بىنەۋا پەيدا.
قاچان بولغاي سىنىڭ ئالدىڭدا جان بەرسەم ماڭا ۋەسلىڭ،
ئەگەر بىر قەتلە سوردۇڭ دەردىمە بولغاي دەۋا پەيدا.
ياتارمەن كوز يۇمۇپ ۋەسلىڭنى ياد ئەيلەپ خىيال ئىچرە،
كوڭۈلدە هازىرۇ بۇ كوزلەرىمدە بولسا ناپەيدا.
پىراقىڭ دەشتىدە بولغاي نىيازى دەرت ئىلە مەجنۇن،
ئولەر فۇرقەت ئوتىدا ياتسا، يەتكۇرگەي سەبا پەيدا.

× ×

ئارەزىڭ كوزگۇسىنى كورگەچ كوڭۈل هەيران ساڭا،
ئاسرىدىم بۇ ئىشىق سىرىن ئەيغەلى پىنهان ساڭا.
كىم ئىبرۇر ئىشقىنىڭ زۇلمىدا مەندەك جان بىرۇر،
غەيرىدىن دەم ئۇرسا ئىشقىڭ خوپ ئەمەس جانان ساڭا.
ئەي كوڭۈل مىڭ پارە بولماق ئىستەسەڭ يار ئالدىدا،
ئول تەبەسسۇم ئەيلەبان قىلغاي كورۇپ خەندان ساڭا.
بۇ بالايى ئىشقىڭ ئوتىدا ئورتەندىم دىمە،
مۇنچە ئوت فۇرقەت بىلە هىجرىدە بار چەندان ساڭا.
ۋامۇقۇ پەرهادۇ مەجنۇن سەن كەبى دىۋانەنى،
ئىشىق دەشتىدە تۇرۇپ كورگەي شتاپ مەيدان ساڭا.
ئەي كوڭۈل، جاننى نىتەي كورسۇن دىبان جانانەنى،
ئوت تۇتاشۇر جانىغە قىلسۇن فىغان يەكسان ساڭا.
ئەي نىيازى جان بىرۇر ۋەقت ئولدى جانان ئالدىدا،
ناگىهان بولسا كىرەك ئول دىلرەبا مىهمان ساڭا.

× ×

لەتاپەت چارى باغى ئىچرە گۇل هوسنۇڭ گۇمان ئەيلەپ،
بولۇر بۇ تەلبە كوڭلۇم بۇلبۇلى هەردەم فىغان ئەيلەپ.
لەئلىدەك لەبلەرىڭ ئەينى لەتاپەتتۇر تەكەللۇمدىن،
تەكەللۇم باشلايىن ئىشقىڭ ئوتىنى مەن بايان ئەيلەپ.
غەمىڭ بىرلە كوڭۈل، ئىشقىڭ بىلە جان بولغالى هەمرا،
مىنى هەيران كەبى قىلدى بۇلەرنى تەۋئامان ئەيلەپ.
ئەجەپتۇر ئىشىق ئارا كويسەم ماڭا كوز سالماغاي هەرگىز،
نەسۇد ئولغاي ساڭا جانا مىنى بىخانۇمان ئەيلەپ.
نە بولغاي بىر كورۇپ رەهم ئەيلەسەڭ بولغاي دەۋا سەندىن،
ماڭا هىجران تىغى تەگمىش يۇرەك باغرىمنى قان ئەيلەپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



ماڭا جان بەرمەگەي دەپ سەن مېنى جانا گۇمان قىلما،
مۇيەسسەر بولسا ۋەسلىڭ جان بېرۇرمەن بىگۇمان ئەيلەپ.
نىيازى دەرت ئىلە مىڭ پارە بولدى، سورمادى ھېچكىم،
نەسۇد ئۇلغاي ئانىڭ ئۇلمەكلىگى ئەمدى ئايان ئەيلەپ.

× ×

گۇلۇ گۇل ئاچىلدى نازۇك نازەنىن ئىچكەچ شاراپ،
سارغارۇر گۇللەر ھەمە كورگەچ جامالى ئافتاپ.
غۇنچە لەئلىنى كورۇپ پىنھان بولۇر بەرگ ئىچرە كىم،
سارغارىپ گۇل ئۇزرەلەر قىلغاي جامالدىن ھىجاپ.
رەڭ بېرۇرىمغە قىزىل تەگسە لەئلدەك لەبلەرى،
ماڭا گەر بولسا بەھەم ئۇل مەينى مەن ئىچسەم شۇراپ.
لەئلدىن مەي تاپتى رەڭ-رەڭ، تاپسا مەندىن نە ئەجەپ،
رەڭ-بەرەڭ مەستانە بولغۇم مەن ئىچىپ مەستى خاراپ.
جامنى جانىڭ ئۇچۇن بىر قەترە بەر ئەي ساقىيا،
ئارزۇمدۇر يارغە مەي بىرلە تۇتسام گۇل سەباپ.
مەن تۇتارمەن ئۇزگەلەر قىلسە تەمەئ جانانە كور،
ئىشقىڭ ئوتى ئەيلەگەن بۇ باغرى بەرياندىن كەباپ.
ئىشق دەردىدىن نىيازى ئاھۇ ئەفغان ئەيلەسە،
ئويغانۇر فۇرقەت بىلە بۇلبۇلغە چۇشكەي ئىزتىراپ.

× ×

ئوت سالىپ بىر لەئلگۇن رۇخسارى ئوت،
ئورتەدى جانىمنى بۇ ھەر پارە ئوت.
ئاھلەر ئۇرسام چىقىندەك ساچىلۇر،
شوئلەئى ھىجران ئىرۇر ھەرسارى ئوت.
زاھىدا، قورقۇتما دوزاختىن مېنى،
ئانچە بار ھىجرىڭدا مىڭ مىقدارى ئوت.
مەست ئاشىقلارغا ئوترۇ كەلمەگىل،
بولماسۇن بۇ جامەئى دەستارى ئوت.
سەرۋى نازىمنى ئىشىت ئەي دەردمەند،
ناز ئىلە جانىمنى سالماق كارى ئوت.
كوكدە گەر كورسەڭ ئۇنى ئەنجۇم دىمە،
ئاھىم ئوتىدىن فەلەك رۇخسارى ئوت.

بۇلبۇلى ئاشۇفته قاخشار ھىجرىدىن،
بىل، نىيازنىڭ ئەجەپ غەمخارى ئوت.

× ×

نىگارا، تەگمەسۇن كوز سۇنبۇلى زۇلفۇڭغە تۇمارا ئەت،
بىرۇر نازۇك قەدىڭغە چىرماشىپ ئول كاكۇلۇڭ زىننەت.
كورۇپ ئىشقىڭ كويىدا زار سەرگەردان نىدىن بولماي،
مىنى غەم دەشتىدە ئاۋارە قىلمىش ھىجىر ئىلە فۇرقەت.
كوڭۇل ھالىن دىمەكدىن كوزلەرىم ھەردەم قىلۇر ئەفغان،
دىيەلمەن ئاشكارا ھەر نىچە قىلسا ماڭا كۇلپەت.
نىتەي بۇ ئىشىق ئوتىغە مەن گىرىفتارى ئەسىر ئولغان،
مىنى ئورتەرگە بۇ ئىشقىڭ ئوتى ھەردەم قىلۇر شىددەت.
كورەر ئاشىقنى غەمكىن غەم بىلە، غەمخۋاردۇر ئاشىق،
نىدىن غەمدۇر، ماڭا كوڭلۇم ئالىپ بۇ ئىشىق ئىلە ئۇلپەت.
يارىپ كوكسۇم جۇنۇندىن جان تالاشۇر چاغدا ئەي جانان،
تەرەھھۇم بىلە قىلغىل ئەي نىگارىم رەھىم ئىلە شەپقەت.
نىيازى، ئىستىمە بىداد ئول ئاي ئازارى مىڭ بولسا،
ئەگەر پەرۋانەدەك ئورتەپ سىنى كۇل قىلسا قىل ھىممەت.

× ×

كورگەچ ئول جانان مىنى ھوكۇم ئەيلەدى: پەيمانە تۇت،
بولغالى ئىشقىمدا شەيدا سەن كەبى دىۋانە، تۇت.
دىدى: ئىشىق ئىچرە سىنى كوردۇم ئەجەپ، دىۋانەسەن،
تولدۇرۇپ پەيمانەنى فەرياد قىل مەستانە، تۇت.
مەن دىدىم: جانۇ دىلىم بىرلە باشىڭدىن ئورگۇلەي،
جانىم ئالسۇنكىم بىرۇر نازۇك قەدىڭ پەيمانە تۇت.
قىلمە ئەي دىۋانە سەن بۇ ئىشىق سىرىن ئاشكار،
شەمئى ۋەسلىمنى كورۇب بولغىل ماڭا پەرۋانە تۇت.
مەن تۇتاي ئەي نازەنىن پىنھان ساڭا دەردىم ئايان،
ئەرزۇ ئەھۋالىم دىدىم كوڭلۇڭدە سەن جانانە تۇت.
دىدى: مەن بىرلە سىنىڭ بولماقىغە يەتتى ئەلۋىدائ،
ئانچە ئەفغان ئەيلەگىل كوز ياشىدىن دۇردانە تۇت.
ئەي نىيازى تۇش ئەمەس، ۋەسلىن تىلەپ قىلغىل خىيال،
كىم خىيالى ۋەسلىدىن بولدى كوڭۇل مەردانە تۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

× ×

كوكده گەر ئەنجۇم دىمە كورسەڭ ئەگەر ھەرسارى ئوت،
ئاھىم ئۇچقۇنى بىلە بولغاي فەلەك رۇخسارى ئوت.
تەن غۇبارىم دۇدىدىن ھەربار ئورتەپ بۇ كوڭۇل،
بەر قەدىكىم يارۇتۇر بۇ ھىجر ئىلە ھەر بارى ئوت.
كوز ياشىمنى كوھەدەك غەلتان قىلۇرغە ئۇ نابان،
شوخى بىپەرۋا مېنىڭ جانىمغە سالماق كارى ئوت.
ئىشق ئارا دوزەخـدىن ئەي زاھىد مېنى قورقۇتما كىم،
ئانچە باردۇر كىم بۇ ئوت ئول ئوتچە مىڭ مىقدارى ئوت.
مەست ئاشىقلارغا زاھىد تۇرما ئوترۇ كويغەسەن،
بولماسۇن گەر ئىشقىدىن بۇ جامەئى دەستارى ئوت.
سەرۋى نازىم ناز ئىلە تۇرسا نېدىن ئورتەنمەيىن،
مىڭ بەلا جانىمغە ئەيلەر لەئلىگۇن رۇخسارى ئوت.
ئەي نىيازى، ئول گۇلى رەئناغە ئوتدىن تىل بىلە،
بولغاسەن فەرياد ئىلە بۇلبۇل كەبى مىنقارى ئوت.

× ×

ناۋەك ئاتتى دىلبەرىم جانىمنى قىلماي ئېھتىيات،
تەگدى ئانداغكىم يۈرەك باغرىدىن ئوتتى قات ـ قات.
ئورتەنىپ كوڭلۇم قۇشى ھىجر ئوتىدىن بىمار ئىدى،
ئەمدى ئۇچماقدىن ئوتەر تاپتى ئوقۇڭدىن تورت قانات.
دۇشمەنى جاندۇر فىراقى بىرلە ھىجرى ئەي كوڭۇل،
ئالمايىن جانانە جان، جان تاپماغاي ئاندىن نىجات.
قىلمايىن جانا شىھىد مەن ئىشقى بولسام ئارزۇ،
تىڭلاسا خىزرى ئەگەر يۈز قەتلى چۇن ئابىھايات.
جان بېرۇر چاغدا دىدىڭ لەئلى سۇچۇك دەپ ئەي كوڭۇل،
ئاچىغ ـ ئاچىغ جان ئالۇر ئاغزىڭ تامشىماقدىن نابات.
ھەرنەكىم زۇلم ئەيلەدىڭ، مەن شادىمان كوردۇم سېنى،
قانچە زۇلم ئەتسەڭ بىھەلدۇر مەن ئەگەر بولسام ھايات.
ئىشق زۇلمىدىن نىيازى جان بېرۇرسەن ئاقىبەت،
جان تالاشىپ يارنىڭ ئالدىدا تۇرماقدىن ئۇيات.

× ×

قىلغاي ئول جانان مېنىڭ كوڭلۇمنى ھەيران ئاقىبەت،
جانىمە دىشۋارلىغ سالمىش بۇ ھىجران ئاقىبەت.

هەر زامان غەم تىغىدىن كوكسۇمنى چاك ئەتمەي نېتەي؟
ئۇينا ـ ئۇينا قەسدى جان قىلدى بۇ جانان ئاقىبەت.
كوڭلۇم ئەھۋالىن دىمەك بىرلە تىلىمنى كويدۇرۇر،
قىلغۇسى فۇرقەت ئوتى باغرىمنى بەريان ئاقىبەت.
ئەي كوڭۇل ئاۋارەسەن يوق تەندە جان جانان بىلە،
لەھزە ـ لەھزە بولغۇسى جان مۇلكى ۋەيران ئاقىبەت.
ھىجر تابىدىن ياغار كوز مەردۇمىدىن سىل ئەشك.
قىلماغاي يارەب جاھان مۇلكىنى ۋەيران ئاقىبەت.
ئىشق مەيدانى ئارا ئول دىلرەبا جەۋلان قىلىپ،
كوز يۇمۇپ ئاچقۇنچە تۇرماي بولدى پىنھان ئاقىبەت.
ھىجر دەردىدىن نىيازى ھالى بولدى ئۆزگەچە،
زەئىپلىغ جىسمىم بويار قان بىرلە ئەفغان ئاقىبەت

× ×

نېتەيكى قىلدى كوڭۇل كوزلەرى قارا بىلە بەھس،
تەرىق ئىشق بۇدۇر قىلما خۇدنەما بىلە بەھس.
بۇ ھىجر دەردى ئېرۇر بى دەۋا كوڭۇللەرگە،
دەۋايى دەردىڭ ئۈچۈن قىلما بىدەۋا بىلە بەھس.
جانىمغە مۇنچە نەسىم سەندىن ئولدى، ئەي كوڭلۇم،
جاپانى ئانچە قىلۇر قىلما بىۋەپا بىلە بەھس.
سەبانى تاپسا سەھەر قىلغۇسى فىغان بىلە ئاھ،
فىغانۇ نالەدە بۇلبۇل قىلۇر سەبا بىلە بەھس.
بۇ ئىشق دەشتىدە مەجنۇن كەبى گەدا بولسام،
تەئەججۇب ئىلە قىلۇر شاھلار گەدا بىلە بەھس.
فىراق ئوتىدا قويۇپ بىنەۋاغە يۈزمىڭ داغ،
داۋامىدۇركى قىلۇرلەر يار بىنەۋا بىلە بەھس.
نىيازى، ئەمدى ئالۇر جاننى قاش ئاتىپ جانان،
تالاشما ھەرنە دىسە قىلماغىل قەزا بىلە بەھس.

× ×

كويمەيىن جاناننى كورمەگىلىك ئەبەس،
جان ئاياپ جانانغە كويمەگىلىك ئەبەس.
كويمەيىن ھىجر فىراقى ئوتىدا،
بىر كورۇپ بىھۇدە ئولمەگىلىك ئەبەس.
جاننى جانانىدىن ئاياپ ئەي دەردمەند،

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



تەلبەدەك ھەريانە يۈرمەگلىك ئەبەس.
تارتمايىن غەم دەردۇ مىھنەت ئەي كوڭۇل،
ئىشق يولى ئىچرە كىرمەگلىك ئەبەس.
بولمايىن غەۋۋاس نىيازى ئاڭلاغىل،
ئىشق بەھرى ئىچرە چوكمەكلىك ئەبەس.

× ×

مىلك مىلك ئۇلسا نازەنىنلەر دىلرەباغا ئوخشاماس،
يۈز مىلك ئۇلسا دەردمەند بۇ مۇبتەلاغە ئوخشاماس.
گەرچە ئۇل لەيلى بىلە شىرىن جەمالى ئەكسىدىن،
بولغۇسى ھەيران كەبى كوزى قاراغە ئوخشاماس.
گەر دىسە پەرھاد ئىلە مەجنۇن جاپايى ئىشقىدىن.
ئويناي ـ ئويناي جانىمە قىلغان جاپاغە ئوخشاماس.
يەتكەچ ئوق مىژگانىدىن سىنەمنى گويا قىلدىكىم —
پارە ـ پارە گۇل ئاچىلغاندەك، ياراغە ئوخشاماس.
كوزلەرىم ئىشقىدا ياغدۇرمىش ياغىندەك ئەشكىنى،
ئاھىدىن ئوتلەر چاقنۇر كىم، ھاۋاغە ئوخشاماس.
كوز قارادى زۇلمىدىن بۇ نەۋئىكىم تاپماس پەنا،
ھەر نىچە ئىستەر پەنا بۇ جان پەناغە ئوخشاماس.
ئەي نىيازى، جان بىرىپ جانانغە، بولدۇڭ ئوزگەچە،
يارغە مەھرەملىگىڭ ھەرگىز ياناغە ئوخشاماس.

× ×

دىدىم: كورەردە ئۇل ئاي كوزلەرىم تالىندۇرمەس،
كوڭۇل بىرۇردە داغى ھىجر مۇنچە كويدۇرمەس.
تالىندى تەلمۇرىبان كوز كوزىگە يىغلاپ قان،
سارىغ يۈزۈمنى......ئەشكىدىن بىلىندۇرمەس.
كى تەگدى ناۋەكى مىژگان بۇ باغرىمە گويا،
قاچان بۇ زەخمىدە قان لالەلەرنى ئۈندۈرمەس.
فىراق ئورتەدى جان، ھىجر ئورتەدى كوڭلۇم،
بالايى ئىشق ئىمىش بىر ـ بىرىگە بىلدۈرمەس.
دىسەمكى: قاتىل ئىرۈر جان ئالۇرغە ئۇل جانان،
دىدىكى: تەلبە كوڭۇل بۇ جاپانى يەتكۈرمەس.
دەرىغ، تەلبەلەردەك گاھى يىغلسا، كۈلسەم،

كى هىجر دەردىدە مەن يىغلاماقتا، كۇلدۇرمەس.
نىيازى گاهى يۇمۇپ ئاچسا كوز سىنىڭ بىرلە،
كى تاپتى كوزى قارانى ياناغە تەلمۇرمەس.

× ×

نە يار كوڭلۇم ئالىپ كەلمەدى قىلىپ نامۇس،
جامالى شەمئىغە بۇ دىلنى ئەيلەسەم فانۇس.

فىراق بىر سارى هىجران تۇندە بىر سارى مەن،
بۇ ئىككى قاتىل ئەز غەملەرنىڭ ئىمىش جاسۇس.

تۇتاشتى جانىمە ئىشقىڭ ئوتىدىن ئانداغكىم،
كۇيەردە كۇل كەبى جانىم بولۇر ئىمىش مەئيۇس.

قىزىل قەبا بىلە ناگاه خىرامان ئول دىلبەر،
ئالۇردە جان كوڭۇل مىش ئۇرار قەدى تاۋۇس.

كەل ئەمدى، جان جاهانىم فىدا قىلاي جانىم،
كى ناز قىلما، نىيازى بولۇر ئىمىش مەئيۇس.

× ×

تەگدى ناۋەك ئوقلارى، سەيدىنى جانان ئىستەمەس،
بولدى پەيكانە مىنىڭ باغرىمدا پىنهان، ئىستەمەس.

سەيد ئىتەردە ئەيلەدىم جانىم فىداسى چابۇكۇم،
ئوقلارىنى ۋايكىم ئول نا مۇسۇلمان ئىستەمەس.

ئالەم ئەهلى قەتلىنى گەر داغى قىلغاي ئارزۇ،
كىم بەغىر قانىدا قىل پەيكاننى مىهمان ئىستەمەس.

زەخمىدىن قان بىرلە بولغانمىش ئوقىنى ۋايكىم،
قان قۇرۇپ جىسمىمدا قىلغاندەك پۇشايمان ئىستەمەس.

تىغ ئىلە جىسمىڭنى پارە - پارە ئەيلەر ئىستەسە،
ئاختارۇر بولسا يۇرەك باغرىڭنى ئىنسان ئىستەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىل گۇمان قىلغاندا جىسمىم زەخمىدىن ئۇل باغرى تاش،
قوي ئەلىۋدەك جان ئارا قىل، ئەھدۇ پەيمان ئىستەمەس.

ئەي نىيازى كوڭلۇڭ ئىستەردىن كەچىك سۇلتان ھوسن،
ئاپەتى جاندۇركى كاكۇل بىرلە نادان ئىستەمەس.

× ×

نىتەي ناز ئۇيقۇسىدىن ئۇل پەرى جانانە ئويغانماس،
باشىدىن ئورۇلۇپ بولدۇم نەچە پەرۋانە ئويغانماس.

ياندا ھەلقە ـ ھەلقە زۇلف سۇنبۇل چىرماشدۇركىم،
يىلاندەك تولغانۇر زۇلفى گەھى مەستانە ئويغانماس.

يۈزدە تەر گۇلابى قەترە ـ قەترە گۇلگە تامغاندىن،
توكەر كورگەچ ئەنى بۇ كوزلەرىم دۇردانە ئويغانماس.

رەقىبلەر تۇيماسە يەتسەم ئاياغىغە كوزۇم سۇرتەي،
كۇلۇپ ئۇل سەسكەنىپ تا قويماغۇنچە يانا ئويغانماس.

تۇزەرلەر بەزمى جانان ئۇچۇن مۇترىب ناۋا تۈزكىم،
ئىشتمەي نەغمەئى پەرياد ئىلە شوخانە ئويغانماس.

خۇمارى دەفئىغە مەي ئىزدەبان ئىلكىمدە پەيمانە،
قاقارمەن ھەر ئىشىكنى مەي تىلەپ فەرزانە ئويغانماس.

شەكەردەك لەبلەرى گەر تەشنە لەبدۇر لەئلىگۇن مەيدىن،
نىيازى تۇتماغۇنچە يارغە پەيمانە ئويغانماس.

× ×

ئاھ پەريادىمنى جانان ئاڭلاماس،
كاپىرى بىرەھمە نادان ئاڭلاماس.

نالەئى زارىمنى ئاڭلاپ ئەندەلىب،
نەيلەيىن سەرۋى خىرامان ئاڭلاماس.

بۇلبۇلى ئاشۇفتە دەڭلىغ بۇ كوڭۇل،
ئاھلەر ئۇرغاندا چەندان ئاڭلاماس.

تەلبەلەردەك زار - زار يىغلاپ گەھى،
گەھى مەن ئەيلەردە خەندان ئاڭلاماس.

ھەرنىچە قىلسا ستەم ئول دىلرەبا،
ساقلابان دەردىمنى پىنھان ئاڭلاماس.

ئاڭلاتىپ ئەرزىمنى ئەيغىل ئەي سەبا،
تا بولۇپمەن باغرى بەريان ئاڭلاماس.

دەر نىيازى: بۇ سەمەندەر بولغانىم،
ئورتەگەچ ھەر بارە پىنھان ئاڭلاماس.

× ×

كور زەئىپ بولدى بۇ جىسمىم كورسە ھىجراندىن دىمەس،
ھىجرىدىنكىم سارغارۇر چىھرىمنى جاناندىن دىمەس.

گەھى ھەسرەتتە تىلىم لال كوزۇم گىريانىدىن،
دەمبەدەم بۇ تامۇرۇم تۇتماقتا ھەيراندىن دىمەس.

كويدۇرۇر ئىلىكنى تۇتماق بىرلە ئىلكىمنى تەبىب،
دارۇلەر بۇيىرۇر ۋەلى بۇ دەرد پىنھاندىن دىمەس.

نالەلەر قىلسام گەھى ياد ئەيلەبان جاناننى،
زەئفى ئانداغكىم قەۋى بۇ ئوتلۇغ ئەفغاندىن دىمەس.

ئىشقىنىڭ سەۋداسىدىن ئوتسە فىغانىم ھەددىدىن،
داغلەر بۇيىرۇر ۋەلى بۇ داغ ھىجراندىن دىمەس.

ئىشق زورىدىن گەھى پەرياد قىلسام يىغلاسام،
ئەقلى زايىل زەئفىدىن بۇ كوڭلى ۋەيراندىن دىمەس.

بىلمەگەچ دەردىم تەبىب داغ ئوزرە قويدى داغلەر،
دەردى مىڭ بولدى نىيازى كوڭلىۈڭ ئالغاندىن دىمەس.

www.uyghurkitap.com

× ×

ۋەسل چاغىدە كوزۇم بولماس بۇ ئەفغاندىن خالاس،
نەيلەيىن بولماس كوڭۇل بۇ دەرد ھىجراندىن خالاس.

كوزلەرىڭ ئەفغاندىن بولما پەرىشان ئەي كوڭۇل،
بۇ پەرىشان بولماغاي زۇلفى پەرىشاندىن خالاس.

مەن نىتىپ ئۇزنى خالاس ئەتكۇم بۇ ھىجران دەردىدىن،
دەرد ھەم بولماس نىتەي بۇ باغرى بەرياندىن خالاس.

كىم خالاس ئىستەر كوڭۇل بى رەھىم ئول جانانەدىن،
بەس، نىدۇر قىلسام خالاس ئۇزنى، بۇ ئوت جاندىن خالاس.

تەلبەدەك ئەريان قىلۇر كوز مەردۇمى قاندىن مىنى،
قاندا رەڭ ئالغان لىباسىم بولدى ئەرياندىن خالاس.

يۇز بالا جانىمغا ئەيلەر لۇتف قىلسا نە ئەجەپ،
ۋەسلىدىن قىلسا نىتاڭ جانانە ھىجراندىن خالاس.

ئىشق ئارا دەۋزەختىن ئارتۇغراق كويۇپ كۇل بولسا ھەم،
بولمىغاي يارەب نىيازى بەندە سۇلتاندىن خالاس.

× ×

كوڭۇلنى ئالدى نىگارىم ئۇزىگە ئەيلەپ خاس،
تەئەججۇپ ئەيلەر كوڭۇل جان بىلە قىلۇر ئىخلاس.

كوڭۇلنى دەردىگە تاپشۇردى بۇ كوڭۇل تەندىن،
جاپاۋۇ جەۋرىگە جانىمنى قىلدى خاس ئەلخاس.

يۇزىدە ھىجر تەرىدىن كورۇندى يۇزمىڭ دەرت،
يۇزۇڭدە قەترەئى تەر كورسە كوز بولۇر غەۋۋاس.

جاپانى ئانچە چىكىپ قىلمادى ۋاپا ئولكىم،
فىغان نالەم ئىشتسە قىلۇر ئىمىش رەققاس.

نىيازى جاننى ھىجران بالاغا سالمىشتۇر،
كى دات ئەتەركى دىگەيلەر: نىگارنىڭ ئەتمىش خاس.

× ×

بولمىدى كوڭلۈم مىنىڭ بۇ مۇپتىلالىقتىن خالاس،
بولمىغاي ھىجر بىلە بۇ ئاشىنالىقتىن خالاس.

ئىشىق تىغىدىن مىنىڭ جانىمغە ئۇردى، ۋايكىم،
بولمادىم تىغىدىن ئولغان بۇ يارالىقتىن خالاس.

ناتاۋان كوڭلۈمگە جانان رەھمىدىن قىلسا ۋاپا،
بىر ۋاپا قىلسا بولۇر بۇ بىۋاپالىقتىن خالاس.

مەن خالاس ئولدۇم دىلۇ جانۇ كوڭۇلدىن، بولمىدىڭ —
مۇنچە زۇلم ئەيلەردە سەن بۇ خۇدنەمالىقتىن خالاس.

دەير ئارا بولغان خۇمارىم دەفئى ئۈچۈن ئىستەپ كوڭۇل،
تاپماغۇنچە مەي، كوڭۇل تاپماس گادالىقتىن خالاس.

زەئىف جىسمىمدىن خىجالەتتۇر كوڭۇل جان بىرلەكىم،
قىلغۇسى بۇ ناتاۋان جىسمىم ئارالىقتىن خالاس.

قىلماغىل يارەب، نىيازى ھىجرىدىن بولدى گەدا،
يارنىڭ كويىدا بولغاي پادىشالىقتىن خالاس.

× ×

تاپمىدىم بۇ داغى ھىجراندىن خالاس،
قىلمىدى زۇلفى پەرىشاندىن خالاس.

يادىدا قان يىغلىماقتىن كوزلىرىم،
بولمىدى بۇ ئاھۇ ئەفغاندىن خالاس.

بارمىدۇر بىچارە مەندەك ئىشىق ئارا،
بولمىغان، بۇ دەرد پىنھاندىن خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن خالاس ئۆلگاندا دەردى بولمادى—
ئاھكىم بۇ باغرى بەرياندىن خالاس.

ئەي كوڭۇل بىرەھىم ئۆل جانانىدىن،
سەن قاچان بولغايسە جاناندىن خالاس.

قەستى جان ئەيلەر نىگارىڭ ئەمدى بول—
جان بېرىپ ئۆل لەئل مارجاندىن خالاس.

دەرنىيازى: بەندەئى ئىشىق ئۆلمىشىم،
بەندىلەر بولغايمۇ سۇلتاندىن خالاس.

× ×

ئەي كوڭۇل جانىڭ بارىچە بولما جاناندىن خالاس،
خوپ ئەمەس بولسام دىمەك بۇ بەندە سۇلتاندىن خالاس.

ئەشك ياغىۇرى بىلە پەرياد قىلسام، قىلمىغىل—
ھىجرنى كوڭلۇمدىن، كوڭلۇمنى ھىجراندىن خالاس.

ۋەسل ئۇمىدى بىلە قان يىغلىماقتىن كوزلەرىم،
بولماسۇن يارەب كوزۇم بۇ ئاھۇ ئەفغاندىن خالاس.

جانغا مېھمان بولادى بۇ غەم بىرلە ھىجران، ئەي كوڭۇل—
توھپە ئەيلەب ئاھۇ زارىڭ بولما مېھماندىن خالاس.

گويىدەك باشىمنى ئويىنار چاغدا بولغان ۋەسلىدىن،
بولماسۇن يار ئالدىدا باشىم بۇ مەيداندىن خالاس.

خەستەئى غەمكىن بۇ جىسىمىم ئىچرە پىنھان ئەيلىگەن،
ئەي كوڭۇل قىلما مېنى بۇ دەردى پىنھاندىن خالاس.

ئەي نىيازى جان تالاشىب قىلما جانان بىرلە بەھىس،
جان بېرۇرگە بولسا ئاسان، بولمان ئاندىن خالاس.

× ×

ئەي كوڭۇل جان باردا مەيخانىدە شوخانە ئىچ،
كوڭلۇڭ ئالماقتىن تىلەب تۆتسەئى پەيمانە ئىچ.

گەر يۇزۇڭ مەي تابىدىن گۇلگۇن قىلۇر قان بىلە ئەشك،
ياغدۇرۇبان لالىدەك كوز ياشىدىن دۇردانە ئىچ.

كوزلەرىڭ قانى بىلە قىلغىل كوڭۇل باغىنى گۇل،
قىلغالى نەززارە گۇل قاندىن قىلىپ مەستانە ئىچ.

قان يۇتار جانانەنىڭ يادىدە كوڭلۇم ئوزگەچە،
ئىشقىنىڭ زۇلمىنى سەن بىر-بىر ئوقۇپ ئەپسانە ئىچ.

بىر قەدەھ ئىچمەك بىلە باغرىم كەباپ ئەتتى پىراق،
ئەقىل هوشۇڭىنى ئالۇر مەي بىلە سەن مەردانە ئىچ.

ئىشق يولىغا قەدەم قوي زاهىدا مەيغە كەرەۋ،
خىرقەئى دەستارىنى بەرگىل، بولۇپ مەستانە ئىچ.

دەير ئارا بىر جام مەي كەلگەچ، ئىچۇردى ساقى مەي،
ئى نىيازى لۇتف ئىتىب تۇتسا لەبالەب يانە ئىچ.

× ×

يىقىلغاي شاهلەر بۇنياد قىلغان قەسىر بالا هىچ،
ئىچىدە پەرن تارتىبدۇر يۇرگەن بارچە رەئنا هىچ.

ئەجەل بادى كىلۇر ناگاه خازان ئولغاي گۇل هوسنۇڭ،
ئەگەر خۇرشىد رەخشان بەلكى بولسا جىسمى شەهلا هىچ.

ئەگەرچە سەلتەنەت تەختى ئۇزرە تاج ئولسا تەرك ئەيلە،
قانى دارا، قانى جەمشىت هەمە ئوتتى شەهىنشا هىچ.

مەجازى ئالەم ئىچرە بەهۇدە جان چەكمەگىل زىنهار،
قانى قارۇن، قانى هاتەم، بۇ ئوتكەن ئەهلى دەنا هىچ.

گۇنالەر بەهرىنىڭ غەۋۋاسى يەڭلىغ تەهتىگە چوككان،
قانى نەمرۇت، قانى شەددات، قانى پىرئون تەرسا هىچ.

هەۋەس قىلما، بولاي زاهىد دىبان، دىۋانىلىغ خۇبدۇر،
قانى ئالىم، قانى قازى، ئوتەر موپتى ۋە موللا هىچ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


مەجازى ئىشقىدىن كوز ئاچ نىيازى تا ھەققى بول،
قانى مەجنۇن، قانى پەرھاد، قانى ۋامۇق شەيدا ھىچ.

× ×

سەيد كىم ناۋەك بىلە كوڭلۈمنى جانان ئەيلەگەچ،
ئوت تۇشۇب بىگانەدىن باغرىمدا پىنھان ئەيلەگەچ.

تا تۇشۇب جىسمىمغە ئوت ئىچرە سەمەندەر بولدى جان،
چىقتى جانىم ئوتى ـ ۋۇ، مۇلكىنى ۋەيران ئەيلەگەچ.

سۇنبۇلى زۇلفۇڭ پىراقىدىن پەرىشان بۇ كوڭۇل،
كىم ئول ئاي بىر ئىشۋەئى زۇلفىن پەرىشان ئەيلەگەچ.

ئاھكىم ئويغانمىدى ناز ئويقۇسىدىن نازىنىن،
شوم رەقىبلەر ئويغانۇر ئىبرمىش مەن ئەفغان ئەيلەگەچ.

ئاتغاچ ئوق مىژگان بىلە زەخمىدە قان يىغلار كوزۇم،
دەردىدىن بىگانە بۇ باغرىمنى بەريان ئەيلەگەچ.

ئورۇلۇب پەرۋانەدەك باشىڭدىن ئى سۇلتان ھوسن،
ئايلانۇرمەن ھەر كۇنى يۈز مۇنچە ھەيران ئەيلەگەچ.

بولسا قۇربانىڭ نىيازى ئارزۇەدۇر جان بىرەي،
ئەيد قۇربانىڭ بولۇب بۇ جاننى قۇربان ئەيلەگەچ.

× ×

جاھاننى يارۇتۇر ئايدەك جامالىڭ ئاشكار ئولغاچ،
ئاچىلدى غۇنچىلەر كورمەككە لەئلىڭدىن باھار ئولغاچ.
ئەزەلدە نازىنىنلەر سەيدى ئىرمىش باغ ئارا گۈللەر،
ئۇزەر باشنى گۈللەر باغ ئارا كەرەم شىكار ئولغاچ.
سۇيۇنگىل ئى كوڭۇل جەۋلان قىلۇر ئول باغ ئارا جانان،
قىلۇر گۈللەرنى بىسمىل بۇ چىمەندە گۈلئۇزار ئولغاچ.
كىرىپ گۈللەر ئارا جانان بولۇپ مەي بىلە مەستانە،
ئالۇر رەڭ لەبلەرىدىن قىپ ـ قىزىل گۈل ئىبتىبار ئولغاچ.

سىر شەكىم قاندىن كوكسۇم ئاچىلدى لالدەك گويا،
قىيا ھەم باقمىدى بۇ لاللەر بى ئېتبار ئولغاچ.
قىلىپ تۇغيان جۇنۇنۇم ئىشىق دەردىدىن فىغان ئەتتىم،
خازاندەك سارغارۇر كوڭلۇم مېنىڭ بى ئىختىيار ئولغاچ.
شاراب شەۋقىدىن ھەردەم ئەشىب جان رىشتەسىدىن تار،
نىگارىم ئالدىدا بىر نەغمەئى قىلماقغە تار ئولغاچ.
ئىچىپ توكمەك بىلە كوڭلۇم تىلەر لەئلى لەبىدىن مەي،
داۋادۇر دەردىمە بىر قەترە بۇ مەيدىن خۇمار ئولغاچ.
نىيازى، تەلپۇرۇپ لەئلىڭ توكەردىن قان يۇتار ھەردەم،
ئۇمىت ئولدۇر، تۇكەر ئاغزىمغە ئول لەئلدە بار ئولغاچ.

× ×

نىگارىم باشغا قويمىش قىزىل ئالتۇندىن ئەيلەپ تاج،
ئاڭا قۇل بولغەلى شاھى جاھانلەر بارچەسى مۇھتاج.

غەمىدە ئانچە يۇرسە ئىشىق يولى ئىچرە يول تابماس،
بۇ يولدا كارۋانى ئىشقىكىم جانىنى بەرگەي باج.

قاراقچى كوزلەرىڭ مىژگان ئوقىدىن جاننى قۇتقارماس،
غەرەز ئىشىق ئەھلىنىڭ كوڭلىنى ئالماقدىن قىلۇر تاراج.

كۇلەر ئەل ماڭا سەن كۇلمەيسەن ئەينى غەزەپ بىرلە،
مېنى ئاشۇفتە كورسەڭ قىل تەبەسسۇم بىرلە چېھرەڭ ئاچ.

سەھەرغە تەكرۇ بولدى ئى نىيازى بولما سەن غافىل،
نىگارىڭ يوللىرىغا سىل ئەشكىڭ دۇرلەرىنى ساچ.

× ×

نازۇك ئىلكىڭدىن تىلەر كوڭلۇم مېنىڭ جانان قەدەھ،
بولماسۇنكىم ئاشكارە، سۇنغىل ئى پىنھان قەدەھ.

تەبرەسە نازۇك قەدىڭ ھەر بارە ئاندىن كوز تۇتاي،
تۇتغىل ئى بىچارە كوڭلۇمنى قىلىپ مېھمان قەدەھ.

ئەيكى، شىرىن لەبلەرىڭ تەگسە لەئلىدەك مەي بولۇب،
ئالغاچ ئىلكىڭدىن ھىنا رەڭى بولۇر مارجان قەدەھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غۇنچىدەك ئاچىلدى بۇ كوڭلۇم غەمى ئەندۇھدىن،
بىر ئىشارەت ياشۇرۇن قىلدىڭ بولۇپ ھەيران قەدەھ.

بولسا ھىجرىڭدىن نىيازى ۋەسلىدۇر جەننەت ماڭا،
بولدى جىسمىم ئەۋجەدەك تۇتغىل بولۇپ رىزۋان قەدەھ.

× ×

يارنىڭ كوييغە بارماغلىق مۇباھ،
تەلمۇرۇپ ئالدىدا تۇرماغلىق مۇباھ.

گاھ نازۇ شىۋە بىرلە ھەر زامان،
يارغا ئوترۇ باقىشماغلىق مۇباھ.

يارنىڭ ھىجرۇ فىراقى دەردىدىن،
تا سەھەرلەر نالە قىلماغلىق مۇباھ.

دايىما يادىدا ئول سۇلتان ھوسن،
نالە بىرلە ئاھ ئۇرماغلىق مۇباھ.

ئىشق ئارا بولسا سۇلايمان تەختىدىن،
ياستانىپ تۇپراقتا ياتماغلىق مۇباھ.

سەيد قىل جانا مېنىڭ كوڭلۇمنى ئال،
قاش ياسى بىرلە ئاتماغلىق مۇباھ.

ئەي نىيازى، سەن كەبى ئاۋارەنى،
يار ئىتى سانىغا قاتماغلىق مۇباھ.

× ×

ماڭا نامېھرىباندۇر، ئۆزگەلەرگە مېھرىبان گۇلرۇخ،
ئەمەسدۇر مېھرىبان ھەدەم، ماڭا نامېھرىبان گۇلرۇخ.
ھەمىشە ئاھ ۋاۋەيلا چېكىپ ئۇن يىغلىماقدىن كىم،
كوڭۇلدىن دەردى چىقماس، خاتىرىمدىن ھەر زامان گۇلرۇخ.
سىرىشكىم رەڭگىدىن ئال ئولدى جىسمىم كورمەدى جانان،

دەردىخا، ھىجرىدىن قىلدى بۇ يەڭلىغ باغرى قان گۇلرۇخ.
نە بولسا مەن كەبى ئاۋارە ساقلار دەردىنى پىنھان،
فىغان ناللەر قىلسام ساڭا بولماس ئايان گۇلرۇخ.
چۇ ھەردەم دەردۇ مىھنەت ئىشقىدىن باشىمغە ياغدۇردى،
ئولەرمەن فۇرقىتىدە تاپماغاي مەندىن نىشان گۇلرۇخ.
ھاياتىمغا ئەگەر بولسا مەسىھا بولغۇسى ئاجىز،
فىغان ئەيلەي ئىشىتكىل، قىلماغىل مەندىن گۇمان گۇلرۇخ.
تىگىب غەمزەڭ ئوقى كوڭلۇمنى پارە-پارە قىلغاندىن،
كى تاپماس دەردەدىن كوڭلۇم مېنىڭ ھەرگىز ئامان گۇلرۇخ.
ئەگەرچە زەررەدۇرمەن ئىلتىپاتىڭ بولسا ئەيىب ئىرمەس،
نە بولغاي بىر نەزەر قىلساڭ ماڭا ئەي نەۋ جۇۋان گۇلرۇخ.
كېتىپ قەھرى، نىيازى، ئەمدى لوتف ئەتكەي ساڭا جانان،
تەرەھھۇم بىرلە ياد ئەيلەر سېنى ساھىب قىران گۇلرۇخ.

× ×

كورۇندى ناگىھان بىر ئىشۋە جەۋلان ئەيلەدى گۇلرۇخ،
مېنىڭ قەتلىم ئوچۇن بىلدىم بۇ مەيدان ئەيلەدى گۇلرۇخ.

ئىشىب زەنجىر زۇلفى تۇشتى كوڭلۇم بوينىغە ئولدەم،
قىلىب كوڭلۇمنى مەھكەم ئوزنى پىنھان ئەيلەدى گۇلرۇخ.

كوڭۇلنى جاندىن ئايرۇ ئوزنى كوزدىن ئەيلەگەچ پىنھان،
كوزۇمنىڭ ئەشكىنى ھەر سارى غەلتان ئەيلەدى گۇلرۇخ.

ۋاپا ئىستەب جاپاسىن ئانچە تاپتى دەردىدىن كوڭلۇم،
بۇ يەڭلىغ جاپا جانىمغا چەندان ئەيلەدى گۇلرۇخ.

ئەجەبكىم ئىشىق ئارا بولغاچ نىيازى زار سەرگەردان،
جۇنۇندىن بۇ ئولۇك جىسمىمنى ئەريان ئەيلەدى گۇلرۇخ.

× ×

مەن دىدىم كوڭلۇم ساڭا جانانە شوخ،
لەبلەرى لەئل ئوزى دۇردانە شوخ.

uyghurkitap.com

كەلگىلۈ ئەمدى كورۇپ تىندۇر كوڭۇل،
دەربەدەر قىلغاي سىنى دىۋانە شوخ.

شەمئى رۇخسارىغە ئەيلەردىن مىنى،
قىلغالى قەست ئەيلەمىش پەرۋانە شوخ.

بۇ فىراقى بىرلە ئىستىغناسىدىن،
بولماغاي يارەب ماڭا يىگانە شوخ.

مەن فىراقى ھىجرىدىن بولدۇم گەدا،
ئول ماڭا سۇلتان ئېرۇر شاھانە شوخ.

ئىزتىراب ئەيلەر تىلەب مەي بۇ كوڭۇل،
سۇن ماڭا ئىلكىڭ بىلە پەيمانە شوخ.

يالبەرىب ئەيدى نىيازى يارغە،
تاشلابان بەرگىل ماڭا بىر دانە شوخ.

× ×

بىر قىيا باقماق بىلە قىلدى مىنى دىۋانە دەرد،
قىلدى ۋاۋەيلا فىراق ئىچرە مىنى مەستانە دەرد.

ئەشك قانىمدىن بىرۇر جىسمىمغە گويا لەئل رەڭ،
ئىبل ِ كورىگە قىب ـ قىزىل كورسەتكەلى شوخانە دەرد.

ئاھكىم كويسەم ساڭا ھىجرىڭ ئوتى كويدى ماڭا،
مەن سىنى جانان دىسەم قىلدى مىنى جانانە دەرد.

ھىجرىدىن كوڭلۇم تىلەر مەي بولسا ئىچسەم دەردىدىن،
دەفئ بولسۇن ساقىيا تولدۇر ماڭا پەيمانە دەرد.

ياد قىلدىم كىم ئول ئاي دەردى كوڭۇلدە ئانچە بار،
تەختىگاھى ئەيلەمىش سىنەم ئوزە شاھانە دەرد.

بۇ كوڭۇل غەمناكىدىن تا شادمان كوردۇم ئەنى،
بولماغاي يارەب ماڭا بۇ دەرد ئوزە بىگانە دەرد.

ئەي نىيازى دەرد ئىلە كوڭلۇم خالاس ئولماس نتەي،
تاكى كوردۇم يارنىڭ يادى بىلە بىرخانە دەرد.

× ×

ئاھكىم قىلدى مېنى دىۋانە دەرد،
ئىشقىدا ھەيران كەبى مەستانە دەرد.

ئەشك قانىمدىن بېرۇر جىسمىمدا رەڭ،
قىب ـ قىزىل كورسەتكەلى شوخانە دەرد.

بىر تەرەھھۇم قىل ماڭا ئەي خۇدنەما،
ئولتۇرۇر بولدى مېنى جانانە دەرد.

شەمئ رۇخسارىڭ يارۇت ئەي نازىنىن،
ئورتىنەي قىلدى مېنى پەرۋانە، دەرد.

ھىجر دەردىيۇ فىراقى ئىشقىدىن،
قىلدى كويىمەكدىن مېنى مەردانە دەرد.

ساقىيا تۇتغىل لەبالەب جامى مەي،
دەفئ بولسۇن تولدۇرۇب پەيمانە دەرد.

تا فىراقىڭدىن نىيازى چىقماغاي،
كىم ۋەتەن ئەيلەب ماڭا مەيخانە دەرد.

× ×

كورۇندى ناگىمان بىر ئىشۋە كافىر كوزلەرى جەللاد،
مېنىڭ جان بىلە كوڭلۇمنى قىلىب بىر شىۋەدە بەرباد.

كوڭۇلنى قىلدى مەجنۇن ئىككى نەرگەس كوزلەرى گويا،
كى ھەلقە ـ ھەلقە بولۇب زۇلۇفى تارى ھەم بولۇر سەيياد.

قەفەس بولدى بۇ جىسمىم بۇلبۇلى جان تەلپىنۇر جانان،
فىراقىڭ ئوتىدىن ھەردەم قىلۇر ئەفغان ئىلە پەرياد.

www.uyghurkitap.com

قازاي فەرھاددەك تىرناغلەرىم بىرلە غەملىك تاغىن،
مېنى مەجنۇن دىمەي بىخۇدلۇغۇم ھەرباره ئەيلەك ياد.

ئەغىرراقدۇر فىراقىم چۇن بۇ ئىككى دەرد مەندىنكىم،
بولاي غەم دەشتىدە مەجنۇن، كېزىپ تاغ ئىچرە مەن فەرھاد.

ئىمەس ئازادە كوڭلۇم قىلماغىل ئەي دوستلار مەنئ،
ئۆزۈمنى ئەيلەكىم جانان باشىدىن ئۆرۈلۈپ ئازاد.

نىيازى ئاھىدىن قىلماس ھەزەر دىۋانە بىلمەسكىم،
ئۇراي بىر ئاھ كويدۇرگەي قانى مەجنۇن، قانى فەرھاد.

× ×

دەردىخا، ۋادەرىخا داد فەرياد،
زەلالەت بىرلە ئومرۇم ئوتتى بەرباد.

ئىلاھا كوب تۇرۇر قىلغان گۇناھىم،
ئىشىتسۇن بارچە بىر - بىر ئەيلەي ئەسناد.

نە ئىلمىڭغە ئەمەل يوق ئوتتى ئومرۇم،
نە ئەمرىڭنى تۇتۇب مەن ئەيلەسەم ياد.

گۇناھىم كوبدۇر، ئاندىن رەھمىتىڭ كوب،
ھەبىبىڭ ھورمىتىدىن قىلغىل ئازاد.

گۇناھىم كوب ئەغىرراق تاغلاردىن،
كوتەرمەس زەررەئى مىلك بولسا فەرياد.

ئىمەس نەۋمىد رەھمانىر رەھىمسەن،
كەرىم زاتىڭ نىدىن قىلماس مېنى شاد.

نىيازى بولماغىل سەن رەھم ھەقدىن،
ئىشىت ئەي دەردمەند سەرۋى ئازاد.

× ×

كوڭۇلنى ئالدى ناگاھ بىر پەرىۋەش نازىنىن دىلبەر،
يۈزى ئايدۇر، كوزى چولپان، تىشى دۇررۇ لەبى شەككەر.

ياساليمشتۇر لەتاپەت بىرلە گوياكىم مەلاھەتدىن،
جاھان رەئنالىرى ئىچرە ھەمە سۇرەتدە ئول سەرۋەر.

بەرابەر ھوسنەڭە يوقتۇر جاھان ئىچرە تاپىلماسكىم،
ئەگەر ئىزدەر ئىسە ھوسنۇ ئىراقۇ رۇم ئىلە خەيبەر.

پەرى يا ھور غۇلمان ئىماس سۇرەتدە ئانداغكىم،
جاھان رەئنالىرى ئىچرە ھەمە سۇرەتدە ئول سەرۋەر.

نىدىن ئولمەي فىراقى بىرلە كوردۇم سەرۋ نازىمنى،
بەرابەر تولغانۇر گويا ساچى سۇنبۇل، قەدى ئەرئەر.

فەلەك بىدادىدىن يەتتى جافا جانىمغا رەشك ئەيلەب،
نىقابى ئاي يۇزىگە قىلدى ئول جانانەگە مەرمەر.

قويدۇر زەئفىم ئانداغكىم ئاقىبدۇر لالەدەك باغرىم،
ياربى كوكسۇمنى چاك ئەتمىش تىگىب بۇ ھىجرىدىن خەنجەر.

كورەرلەر ئەل مېنى دائىم بولۇبدۇر زەئفىم ئانداغكىم،
سارىغ چېھرىمنى كوركىم زەئفىرانىدۇر يا مەگەر سەدبەر.

دەرىخا دىلبەرىم قىلسا تەرەھۇم كوز ئۇچى بىرلە،
قاتار مىژگانلەرى بولغاي نىيازى جانىغە نەشتەر.

× ×

بىھەمدۇلىللاھ نازاكەت دىلبىرى بىر گۇلئۇزارىم بار،
نە بولغاي ئىھتىياجىم گۇلغە، قەددىن نەۋ باھارىم بار.

يۇزى ئاي، ساچلارى سۇنبۇل، لەئلىيا لەبلەرى غۇنچە،
لىبىنىڭ ھەسرىتىدىن قان يۇتۇب قانغا قانارىم بار.

مېنىڭ ھالىمغە ئەيلەر باغ ئارا فەرياد بۇلبۇللار،
نىگارا ئاڭلاغىل، دىۋانە يەڭلىغ ئاھۇ زارىم بار.

مېنىڭ دىۋانەئى مەجنۇنلۇغۇمغا تەگمىسۇن كوز دەب،
جۇنۇنى ئىشقىدىن بوينۇمدا يازىلغان تۇمارىم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر بولسا ماڭا بۇ ھىجرىدىن يۈز مۇنچە ئوت پەيدا،
نىدىن پەرۋانەدەك ئۆرتەنمەيىن ئوتتىن نەھارىم بار.

بۇ يەڭلىغ دىلرەبا جانانە ناگاھ ئىلتىپات ئەتسە،
مەگەر كورسەم جامالىنى قاچان ئۇلمەي چىدارىم بار؟!

نىيازى دەر ئىمىش جەننەتدە مىلك ھور ئۇلسا كوز سالماي،
نىتەي زىباۋۇ دانا، قەدىردانۇ مىھرىبانىم بار.

× ×

غەمزە بىرلە ناز ئىشۋە سەندە بار،
بۇ كەرەشمە خۇدنامالىق كىمدە بار؟
غۇنچەئى لەئلىڭغە ئەي رۇخسارى گۇل،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە مەندەك قايدە بار؟!
جان بىرەي ئەمدى ساڭا ئەي نازەنىن،
مۇنچە دەرت بىرلە فىراقىڭ مەندە بار.
ئۆرتەنىپ خاشاكدەك جان بەرگەنىم،
ۋەسل بولماقتىن سېنىڭ كوڭلۇڭدە بار.
بۇ فىراقىڭ بىرلە ئەي نازۇك بەدەن،
ئەمدى جان بەرمەك مېنىڭ كوڭلۇمدە بار.
ھەرنىچە فەرياد قىلسام، يىغلاسام،
كورگەچ ئەھۋالىمنى سەندە خەندە بار.
ھىجرىدىن ئۆزگە نىيازى كوڭلىدە،
بولماسۇن يارەب بۇ جانىم تەندە بار.

× ×

بىھەمدۇللىلا فىقرلىق دولتىدىن تەخت ـ تاجىم بار،
جاھانىنىڭ تاجىدارى شاھىغا نە ئېھتىياجىم بار؟

ئەجەب شاھانۇدۇرمەن تەخت گاھى پارە تاش ئەيلەب،
خازانە توقۇز ئەيلەب مەن قانائەتدىن خىراجىم بار.

باشىمدا سايەباندۇر ئاھ دۇدى دەشتى تاغ ئىچرە،
ھاۋايى كوۋەنى ئىستەر مېنىڭ ئوتلۇغ مىزاجىم بار.

أ

تۇتۇب فەرھاد يەڭلىغ كۇلبەئى ۋەيرانە تاغ ئىچرە،
بۇ يەڭلىغ باشمە تاج ئولدى بۇ ئوتدىن راۋاجىم بار.

مەگەر بولدۇم سەمەندەر ئورتەنىب گويا فىراق ئىچرە،
ئەگەر مىلڭ قەتلە ئورتەنسە نىيازى نە ئىلاجىم بار؟!

× ×

قايسى تىل بىرلە مىنىڭدىن ناز ئىشۋە سەندە بار؟
فورقتىڭدىن ئانچە ئوتكىم كىمدە باردۇر، مەندە بار.

نىچە ئورتەنسەم فىراقىڭ بىرلە ئەي نازۇك بەدەن،
ئانچە ئىستىغناۋۇكىم جانانە سەندە خەندە بار.

جان بىرۇرمەن غۇنچەئى لەئلىڭغە ئەي رۇخسارى گۇل،
بولغالى نالەن كەبى بۇلبۇل مىنىڭدەك قايدە بار؟

ۋەسل ئولۇر چاغدا بىرەي جانىم ساڭا ئەي نازەنىن،
ئورتەنىب ھىجرىڭدە جان بەرمەك مىنىڭ كوڭلۇمدە بار.

ئىستەسەم يوق ھىجرىدىن ئوزگە نىيازى كوڭلىدە،
مۇنچە زۇلىم ئەتمەك ماڭا جانان سىنىڭ كوڭلۇڭدە بار.

× ×

ئەي نازەنىن فىراقىڭ ئوتى مەندە بار ـ بار،
يۇزمىڭ جافايۇ جەۋر سىتەم سەندە بار ـ بار.

جانۇ دىلىم غەمىڭ بىلە، كوز تەلمۇرۇب ساڭا،
سەن پادىشايۇ ھوسىن ئىلە مەن بەندە، بار ـ بار.

سەدا ئەيلەگەن كوڭۇلنى ئېتىب مىژگان ئوقلارىڭ،
ئاسراب بۇ جانىم ئۇنىدە تەندە بار ـ بار.

مەن تەلمۇرۇب فىغان قىلىبان نالەلەر ساڭا،
سەندە نىتەي بۇ جىلۋە بىلە خەندە بار ـ بار.

www.uyghurkitap.com



جان ساقلادى نىيازى فىدا قىلغالى ساڭا،
بۇ ۋەجھىدىن ئامانەتىڭىز مەندە بار - بار.

× ×

جان بېرۇرمەن دەرد ئىلە جانا مېنىڭ ھالىمنى سور،
ھەرنىچە دىدىم ئۇل ئاي بى رەھىم جانانىمنى سور.

ھىجر شامى غەملەرىدىن ئورتەردە كوڭلۇم سورمادىڭ،
ھىجر تابىدىن ئۈزۈلگەن رىشتەئى جانىمنى سور.

قان يۇتارمەن دەمبەدەم كوزدىن چىقارسام نە ئەجەب،
غۇنچەئى لەئلىڭ ئۇچۇن كوزدىن ئاقار قانىمنى سور.

يەتسە فەريادىم ئاڭا رەھمى كېلۇردىن سورىماي،
قايسى تىل بىرلە دىگەي سەرۋ خىرامانىمنى سور.

مەندە بار ئوت ئوچقۇنى تەگسە جاھاننى ئورتەگەي،
بەرقەدىكىم جا قىلۇر بۇ ئوتلۇغ ئەفغانىمنى سور.

ئورتەدى خاشاكدەك جىسمىمنى بۇ ئىشق ئوتىكىم،
چۇن ھارارەتدىن بولۇر بۇ باغرى بەريانىمنى سور.

ئەي نىيازى ئاسراسام كوڭلۇمدە غەمنى غەم يىمەس،
مەن دىيالمان ئاشكارە دەردى پىنھانىمنى سور.

× ×

كورەردە ناز ئىلە ئەغيارلىق ساڭا ياراشۇر،
بۇ دەرد ھىجر بىلە زارلىق ماڭا ياراشۇر.

نىتەيكى ئەتلەس زەر بەغەت باشىمغە زەررىن تاج،
كورەردە ئەل كوزىگە خارلىق ماڭا ياراشۇر.

مېنى كى يەتكۇرۇر ئىرسەڭ ئۇل ئايغا ئەي قاسىد،
دىگىلكى ئەيىن گىرىفتارلىق ماڭا ياراشۇر.

نىگارا گەر مەسىدا ئىل مىنى دىگەي مەجنۇن،
سىنىڭ غەمىڭدە يوقۇ بارلىق ماڭا ياراشۇر.

قىلۇر نالەئى ئەفغان ئىشتكىل، ئەي جانان،
قىلۇر هەرنە ستەمكارلىق ماڭا ياراشۇر.

نىيازى يىغلاسا قان، دەرد ئىلە فىراق ئىچرە،
قىزارسا كوز بىلە يۇز گۇلئۇزارلىق ماڭا ياراشۇر.

× ×

ئاي يۇزۇڭنى كورگەلى مەن بەندەدۇرمەن زار - زار،
يىغلاسام ئالدىدا جانان خەندەدۇرمەن زار - زار.

ئاڭلىتاي چىنان مىنىڭ دەردىمنى ئىشت ئەي دەردمەند،
دەفتەرى ئىشقىن ئوقۇب مەن يىغلاغايمەن زار - زار.

سۇبھى ۋەختىدە جۇنۇنۇم ئاڭلاماس بۇلبۇل كەبى،
يىغلابان فۇرقەت بىلە مەن ئويغانۇرمەن زار - زار.

نالە ئەيلەردىن مىنىڭ كوڭلۇم قۇشى ئەي دىلرەبا،
بۇلبۇلى سەرگىشتەنى مەن ئويغاتۇرمەن زار - زار.

ئىشىق دەشتىدە نىيازى بولغالى مەجنۇن كەبى،
ۋامۇقۇ فەرهاددەك هەيران يۇرۇرمەن زار - زار.

× ×

هوسىن ئىقلىمدا سىنىڭدەك بارمۇدۇر ئەي يار - يار،
بولماغاي يارەب سىنىڭ هوسىنۇڭگە مەندەك زار - زار.

شوخ ئول جانان مىنى سەيد ئەتكەلى مىژگان بىلە،
ئاتقالى مەن تەلبەنى ئىلكىگە ئالمىش يار - يار.

لەبلەرى شىرىن، قاشى مىهراپ كافىر كوزلەرى،
زۇلفى سۇنبۇل، رىڭى ئالما ئىككى مەڭزى نار - نار.

قەددى ئەرئەردۇر، بويى كافۇر، ئىلكى ئەبرەشىم،
يار مەهبۇبۇم مىنىڭ هەرنە دىگەنچە بار - بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەي نىيازى ھەرنىچە فەرياد قىل، پەرۋايى يوق،
بولماغاي ھېچكىم بۇيار ئالدىدا سەندەك خار ـ خار.

× ×

مەئشۇقۇمنىڭ لەبلەرىنىڭ زەھرى بار،
تەگسە مەست ئەيلەر، يۈرەكتە دەردى بار.

ھەرنىچە شەككەر لەبى شىرىن دىسە،
بىلكى ئاچچىغ تىشلەگەندە قەھرى بار.

ئولتۇرۇر لەئلىدە گاھى تىرگۈزۈر،
گاھى ـ گاھى شەررەئى خەيرى بار.

بىر سى ئولتۇرسە، مەسىھادۇر بىرى،
غۇنچىدەك ئاچىلسە لەئلى رەھمى بار.

ئەي نىيازى ئولتۇرۇر لەئلىم دىسە،
جان بىرىپ لەئلىنى سور ئىمكانى بار.

× ×

نوقتەدەك ئول ئارەزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى خالى بار،
دانەئىدۇر دامى قويغان چۈن ئەجايىپ ھالى بار.

تەلمۈرۈپ ئەردى قارا خالىڭغە خالى قالمادى،
تابدى خالىڭدىن كوزۇم بۇ مەردۇم ئىچىدە جانى بار.

ئەيلەدىم پىنھان دىسەم، سىرىمنى قىلغاي ئاشكار،
فـۇرقىتىڭدىن ھەر كېچە بەرىدە ئىككى دالى بار.

ھەر كېچە مىڭ نالەئى فەرياد قىلسام، يىغلاسام،
مۇنچە دەردىمنى بىر سورمادىڭ نە ھالى بار.

يەتتە دەۋزەخدۇر بۇ ئوت ئۇچقۇنچە بارمۇ ئىكىن،
ئورتەدى خاشەكدەك بۇ بەندەنى، ئەئمالى بار.

خاردىن گۈل بولمادى، خالى رەقىبلەردىن كوڭۇل،
تاپسا گەر خالى كورۇب لوتق ئەتمەك ئېھتىمالى بار.

ئەي نىيازى دامى خالىغا ئىلىندى بۇ كوڭۇل،
تەلفەنۇر بولسا كوڭۇل ئۇچماقغە نە ئەھۋالى بار.

× ×

فىراق ئوتى كاباب قىلدى جىگەرلەر،
يىگەي مەئشۇق، چۇن ئەتتى ماھەزەرلەر.
فىغانىم ھەددىدىن ئوتسە دەردمەندى،
جانۇ بىلىكىم جاھانلەردىن كىچەرلەر.
بولۇر سۇبھىدە قۇمرى بىرلە ساكىن،
قىلاي فەرياد ئىشتىسۇن جانىۋارلەر.
بالايى ھىجرىدىن كەلسە، قىلىپ سەبىر،
زەھەر بولسا دىگەيمەن ناشكەرلەر.
بىلىمگە باغلادىم فۇرقەت تانابىن،
كىرەكمەسدۇر ماڭا زەرردىن كەمەرلەر.
تەرىقى ئىشىق ئىچرە شاھۇ دەرۋىش،
بۇ يولدا تەڭ گادايۇ، تاجىدارلار.
فەلەك كەجرۇ ئۇچۇن كەجرۇگە مايىل،
تۇزۇك سەۋرىغە بارۇر كوب خەتەرلەر.
رەقىبلەر كورسە مەندەك ناتاۋاننى،
ساچار بىر لەھزىدە يۇز مىڭ زەھەرلەر.
قاچار كورسە رەقىب، قاچماس نىيازى،
باشىغە تەگلەسە يۇزمىڭ تەبەرلەر.

× ×

ئۇچرادى ناگاھ خىرامان بىر پەرى مەستانىۋار،
سەينەئىي باغى ئاراتۇشتى كوزۇم بى ئىختىيار.

ياشۇرۇب ئەرمىش ئامانەت ئالما دەب ئول باغبان،
ناگىھان سۇندۇم ئىلىك قوينىغە سالمىش ئىككى نار.

گۇل جامالىنى دىمەكدىن مىڭ تىلىم ئەيلەي تىلىم،
بەلكى بۇلبۇلدەك قادالغايلار سىنەمگە خار - خار.

كوردۇم ئانداغ دىلبىرى جانانە مانەندى پەرى،
تا ھاياتىم بار ئىينىڭ دەردى كوڭۇلدە بار - بار.

ئەي نىيازى ئول قاشى پەيۋەستە ياردىن مۇدام،
بار - بار ئىلە كوڭۇلدە يىغلاماقدىن زار - زار.

www.uyghurkitap.com



× ×

تەئەججۈپ ئەيلە بىر ئاي ئاينى قولىدا كۆتەرۈر،
هايات چەشمەلەرىن بەلكى قوينىدا كۆتەرۈر.

ئول ئاينى كور، بىلمىدىن زۇلفى تارى نازۇك ئەمەس،
خىيال قىلكى ئانى ئىككى يانىدا كۆتەرۈر.

ئەمەستۇر گۇل قەددى مەئشۇق قەددىدىن نازۇك،
ئۇلۇغلۇق هورمىتى گۇل كورسە باشىدا كۆتەرۈر.

باهار بولسا كورارسەن جامال ئاشىقلار،
سابا نىقابى ئانىڭ گۇل باهارىدا كۆتەرۈر.

كوڭۇل غەمىنى، يۈرەك دەردىنى ئالۇر ئۇلاشىپ،
بالايى ئىشقىنى جان جاي - جايىدا كۆتەرۈر.

بالاغا سەبىر قىل، قىلماغىل شىكايەتى ئىشىق،
فىغان نالەنى كـوز ئەشك قانىدا كوتەرۈر.

قاراڭغۇ بولسا جاهان نالەئى فىغان بىرلە،
نىيازى سۇبهىنى بۇ ئاه زارىدا كوتەرۈر.

× ×

كىرمەكىم ئول باغ ئارا جەننەت دىسە جانانەسىز،
ئىچمەيىن ئابىهايات ئول دىلبەرى شاهانەسىز.

مەي تىلەر كوڭلۇم مىنىڭ بەزىم ئىچرە ساقى تاپمادى،
ئىچكەن ئوخشارمۇ ئىكىن مەينى شۇراپ پەيمانەسىز.

بازدۇرۇ مەهلىك خۇمارىم دەفئىغە مەي ئىزدەبان،
چۈنكى چىقمايدۇر هەر ئويىدىن مەي تىلەب مەيخانەسىز.

دانەئــى خالىڭ كورۇب كوڭلۇم ئىلىندى ناگىهان،
قۇش قۇتۇلماس هەرنىچە قەست ئەيلەمەكدىن دانەسىز.

ئاهكىم پەرۋانەدەك باشىڭدىن ئورۇلسەم نىتاڭ،
شەمئىنىڭ روشەنلىگى تابماس چۇلا پەرۋانەسىز.

بىر چىراغسىز كۆلبەئى ۋەيرانەدۇر بى دەردلەر،
كىم سەدەف يەڭلىغ بولۇر ئاغزى ئوچۇق دۇردانەسىز.

ئىشىق زۇلمىدىن نىيازى ئەرز ئېتەرگە تاپمادىڭ،
تاپتىم ئانداغ تاپمادىم جانانەنى بىگانەسىز.

× ×

ئول ئاينىڭ فۇرقىتىدىن تاپمادى كوڭلۇم ئامان ھەرگىز،
كوڭۈلدىن دەردى چىقماس بولدى گويا تەۋامان ھەرگىز.

بەغىر خۇنابىدىن گويا سەرىشكىم قانغا ئورۇلدى،
ئىتىڭ باغرىمنى يەر چاغدا چۇ تاپماس قەترە قان ھەرگىز.

يېرىپ كوكسۇمنى تىرناپ گەر ئاياغى قانغا بۇلغانسا،
بۇ زەخم باغرىدىن قان ئولدى قىلما گۇمان ھەرگىز.

يېتىب ئولمەي فراقى بىرلە جىسىم قانغا بۇلغاندى،
قىيا ھەم باقمادى ئول مەئشۇق ساھىپ قىران ھەرگىز.

فىراقى شىددەتى فۇرقەت ئوتى بىدادىدىن ئولمەي،
قۇتۇلماس مېھنەت غەم ھىجرىدىن بۇ ناتاۋان ھەرگىز.

مېنى ھىجران ئوتىدىن ئانچە ئورتەب تىندى بۇ كوڭلۇم،
قۇيۇندەك سورۇۋلۇر جىسمىم، كۇلى تاپماس نىشان ھەرگىز.

چۇ تاپسام بىر نەفەس بۇ ئىشقىنىڭ زۇلمىنى داد ئەتسەم،
نىيازى بىرلە بولماس سەرۋ نازىم ھەمزەبان ھەرگىز.

× ×

بولسا گەر جەننەت نىتەي جانانەسىز،
تەخت ئەگەر بولسا بەھەم شاھانەسىز.

لەئلىغە يەتمەي لىبى جانانەنىڭ،
جامى جەمشىدنى نىتەي پەيمانەسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com

مەن خۇمار ئولدۇم كورەي كوزى خۇمار،
مەست ئېرۇر كوڭلۇم مېنىڭ مەيخانەسىز.

كوڭلۇم ئالغان بىر پەرى مەستانەدۇر،
مىڭ پەرى بولسا نىتەي مەستانەسىز.

ئاھكىم ئورتەر مېنى پەرۋانىدەك،
شەمئى رۇخسارى ئەمەس پەرۋانەسىز.

خال دامىغا ئىلىندى بۇ كوڭۇل،
تا كورۇنمەي قۇش قۇتۇلماس دانەسىز.

ئەي نىيازى جان ئاياب جانانەدىن،
مەن نىتەي جاننى ئۇشول جانانەسىز.

× ×

سارىغ گۇل بولدى چېھرەم سالمادى كوز ئاشنا ھەرگىز،
نىتەي، گۇلدەك جامالىن كورگەلى كورمەس راۋا ھەرگىز.

چېكىب ئۇن يىغلاماقدىن ئوزگە چارە تابمادى كوڭلۇم،
فانا ئىستەر كەبى سەندىن بولەك يوقتۇر فانا ھەرگىز.

داۋايى ئىشقىنىڭ دەفئىغە سورغۇم مەن تەبىب ئولسا،
فىغانكىم بى داۋا دەردىم ئۇچۇن تابماس داۋا ھەرگىز.

دىگەي ھەر بارە كوڭلۇم مەھرەممىم غەم، ھەمدەممىم جاندۇر،
ئۇنى ھەم ئورتەگەي ھىجرىڭ ئوتى قىلماس ۋەفا ھەرگىز.

غەمىڭ مىننەت قىلۇر غەم شامى ئىچرە بولسا ھەمرا ھەم،
ماڭا قىلدى غەمىڭ، مەن قىلمادىم غەمگە جافا ھەرگىز.

ئىشتىكاچ، دەردىدىن قىلغان فىغانىمغا قىلۇرلەر دوق،
دىگەيلەر: بۇ ناۋادىن بولما غافىل بىناۋا ھەرگىز.

جامالى گۇلدىن ئەبرۇ بولسا بۇلبۇلكىم فىغان ئەيلەر،
ئەگەرچە قان يۇتار بۇلبۇل ۋەلى قىلماس ناۋا ھەرگىز.

نىيازى ئانچەكىم ئەفغان بىلە ئالدىدا يالبارسا،
كى ئاچماس چېھرەسىنى ئول پەرى گۇلگۇن قەبا ھەرگىز.

× ×

بۇ كوڭۇل غەمناكىدىن شاد ئولدى جانانىم ھۇنۇز،
غەم يىمەس ئولسەم ئەگەر غەم بىرلە سۇلتانىم ھۇنۇز.

ھىجرىڭ ئوتى بىرلە بۇ دەردىمغە قويىدۇڭ داغ - داغ،
ئىشىق ئوتىنىڭ دەردىدىن يوق ئەردى ئارامىم ھۇنۇز.

شام ھىجرىڭدىن كوزۇم قان يىغلاماقدىن زار - زار،
ئويغاتۇر قۇشلارنى ئويغانماس بۇ ئەفغانىم ھۇنۇز.

ئاڭلا ئەي جانانە جان ئىچرە فىراقىڭ ئاسراسام،
غەمدىن ئولماس ئاشكارا دەرد پىنھانىم ھۇنۇز.

لالە رەخلەر لالەدەك باغرىمنى گويا قىلدى باغ،
قىلمادى ئابادى كوڭلۇم ئىچرە ۋەيرانىم ھۇنۇز.

چۇن يىراقدىن ناگىھان ۋەسل ئولسا ئول جانان ماڭا،
چۇنكى تىك باققۇنچە يوق بۇ كوزدە ئىمكانىم ھۇنۇز.

ئەي نىيازى يارنىڭ گەر ئىتلەرى بولسا بەھەم،
توھفەئى باغرىمنى ئەيلەي بولسا مېھمانىم ھۇنۇز.

× ×

كورمەكىمگە بائىس نا مېھرىبانىم بولدى كوز،
بۇ سەبەبدىن ئالغالى جانانە جانىم بولدى كوز.

تا بۇ كوز چۇشمەي جامالىغا جافاسى بارمىدى،
مۇنچە دەرد بىرلە سەبەب ئاھۇ فىغانىم بولدى كوز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالدى ھىجران ئوتىغە ئەمدى كوڭۇل بۇزماق بىلە،
بۇزغالى دۇشمەن ماڭا بۇ خانىمانىم بولدى كوز.

ھەرنىچە مەقسۇدكىم بار ئەردى كوز قىلدى ماڭا،
چۈنكى گويا فىتنەئى ئاخىر زامانىم بولدى كوز.

ئانچە دىدىم مەن يامان كوز بىلە باقما يارغا،
ياردىن ھەرنىچە كەم بولسا گۇمانىم بولدى كوز. •

كوزگە ئارامى كوڭۇل بەرمەس ئول ئاينىڭ ۋەسلىدىن،
نازىدىن نە ئىزدەبان روھى راۋانىم بولدى كوز.

ئەي نىيازى كوزلەرىڭ گاھى خىرەدۇر نەشئىدىن،
مەن كەبى بىدار ئۇچۇن ئەينى خۇمارىم بولدى كوز.

× ×

مەلاھەت بىرلە كوردۇڭ ئاي يۈزۈڭ ئارامى جان ئەرمىش،
لەتافەتتە يۈزۈڭ شەھدۇ شەكەر ئاندىن نىشان ئەرمىش.

لەئلىدەك لەبلەرىڭ خالى ئىرۇر جان نۇقتەسىدەككىم،
ئالۇر جان لەبلەرىڭ خالى قۇيار داغى نىھان ئەرمىش.

كوزۈم تۈشتى يۈزۈڭگە، كويدى كوڭلۈم چۈنكى ئورتەندى،
سىنى كورمەك ھامان كورسەكى كويدۇرمەك ھامان ئەرمىش.

ئەجەپ، كور، ئىشق ئارا بىچارە كوڭلۈم غەمدىن ئايرىلماس،
چۈ بىلدىم بۇ كوڭۇل ئىشق ئوتى بىرلە تەۋامان ئەرمىش.

فىراقىڭ بىرلە ھىجرىڭ ئاشنادۇر خەستە كوڭلۈمگە،
دىلى جانىمغە، بىلدىم، غەملارىڭ كوپ مېھرىبان ئەرمىش.

نىتەيكىم ھىجىر ئارا مۇنداغ بولۇر ئەرمىش تەرىقى ئىشىق،
غەمدۇر مېھرىبان جانان، ئۆزى نامېھرىبان ئەرمىش.

دىگىل بۇ ئىشىق ئارا ئۆتتى نىيازى جان تالاشۇردىن،
بولۇبدۇر خەستە جىسمىم جان بېرۇرگە تازە جان ئەرمىش.

× ×

جامالىڭ كورگەلى جانا مېنىڭ كوڭلۇم خاراپ ئەرمىش،
فىراقىڭ ئوتىدا بولغان يۈرەك باغرىم كەباپ ئەرمىش.

ئولەرمەن بىگۇنا جانانە زۇلمۇڭدىن دىسەم ئەيتۇر:
— فىغانۇ نالە قىلماق يارغا قىلغان جاۋاپ ئەرمىش.

تاپىلماس دەردىمە چۈن نالە قىلماقدىن داۋا ئۆزگە،
ئېرۇر قەتلىم ئۈچۈن جانان ماڭا قىلغان قاباب ئەرمىش.

فىراقى شىددەتى فۇرقەت ئوتى ھىجران تونىن دەيمۇ؟
بالايى ئىشقىدىن جانىمغا مىڭ تۇرلۇك ئازاب ئەرمىش.

سىتەمدىن ئۆزگە بولماس رەھىم، جاناندىن ماڭا بىلدىم،
مېنىڭكى تالەئى بەختىم قارالىقدىن شىتاب ئەرمىش.

جافايۇ جەۋر زۇلمى يەتسە ئەي كوڭلۇم فىغان ئەتمە،
تەرىقى ئىشقىدا مۇنداغ جەفالەر نە ھىساب ئەرمىش؟

نىيازى جان بېرۇر ۋەقت ئولدى جانانە يادىڭدىن،
چىقار ھالەتتە جان كورسە جامالىڭنى ساۋاب ئەرمىش.

× ×

بىر پەرى كوردۇم ئەجەب پەيۋەستە قاش،
كوزلەرى كافىر ئەجايىپ باغرى تاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سەجدەئى شۈكرانە ئەيتۇردىن ئاڭا،
سەجدە بىردۇر مىھراب ئىككى ئەگمە قاش.

بىر باشىم جانا سىنىڭ ئالدىڭدا كور،
بىر پەرى بىرلە نىدىن قىلغاي تالاش؟!

گەر قىلۇر قاشۇ كوزۇڭ ئاشۇفتە ھال،
تا قوياي ئەمدى ئاياغ ئۈستىغە باش.

كەل، مىنى ئولتۇر شەھىدى ئىشىق ئولاي،
قىلغۇسى پىنھان مىنىڭ سىررىمنى فاش.

ئاھ نەيلەي بولدى گويا تەۋامان،
ھىجىر دەردى بىرلە كوڭلۇم نە تۇتاش.

ناز ئىلە كورسەڭ نىيازى ئاڭلاغىل،
كوڭلۇم ئالماقدىن كورۇنمىش بىر قۇياش.

× ×

پەرى كوردۇم ئەجەب شۇخانە بولدۇم مۇبتىلا قىلمىش،
ئالىب بۇ تەلبە كوڭلۇمنى گىرىفتارى بالا قىلمىش.

سالىب ئوت ھىجرىدىن جان مۇلكىنى ۋەيرانە ئەيلەرگە،
كوڭۇلنى دەردى جان ھىجىر بىر يەردىن جۇدا قىلمىش.

قاباب جان غەم لەشكەرى كوڭۇللەرنى قىلىب تاراج،
ياساب مىژگانلەرى سەف ئاتغالى قاشنى يا قىلمىش.

مەلاھەت بىرلە ئالدى ئەۋۋەلى كوڭلۇمنى ئول قاتىل،
تەرەھھۇم قىلدى ئەۋۋەل، ئاخىر جەۋرى - جەفا قىلمىش

جەفاغە كىم نەسەمچە لايىقى جانانە كورمەسكىم،
كورۇب لايىق سىنى دىۋانەلەردەك بى ناۋا قىلمىش.

ۋافاغا ۋەئدە قىلدى، كوڭلۇم ئالغاندىن جافا قىلماي،
ستەمنى ئوزگەچە جان كوڭۇلگە بىۋافا قىلمىش.

ئەگەر فەرهاد ئىلە مەجنۇن مىنى كورسە قالۇر هەيران،
نىيازى ئاڭلاغىل، دىۋانە مەن دەپ ئۇ دۇئا قىلمىش.

× ×

ئاهكىم، مىژگان بىلەن جانىمغا جانان ئۇردى نىش،
بولمادى هەرگىز مۇيەسسەر يىغلاماقدىن ئوزگە ئىش.

كوز ياشىمنى كويىدە هەرسارى غەلتان ئەيلەدى،
ئەمدى ۋەسلىڭدىن كوزۇم قان يىغلاماقنى ئىزدەمىش.

چىقسا جانىم هىجرىدىن دەردىمنى يەتكۇرمەس سابا،
دەردى هىجرانىمنى ئەرز ئەيلەرگە بولدى نە قامىش.

ئاهكىم، غەم تىغىدىن چاك ئەيلەدى كوڭلۇمنى ئىشىق،
ئاللا، ئاللا يارنىڭ مۇنداق جافاسى بارمىش.

گوي ئېتىپ باشىمنى جەۋلان ئەيلەب ئوينار هەرتەرەب،
زۇلفى چەۋگانىم مىنىڭ مەيداندا جەۋلان ئەيلەمىش.

سىل ئەشكىمدىن يىغىب سۇ بىرلە مەيدان تولدىكىم،
كىم سىقىلماقدىن كىلىب بۇ يىغلاماقغا ئالدامىش.

ئەي نىيازى، دەرد ئىشىق ئەيلەردە سەن سۇلتان هوسن،
چىرتىبان جانانە قاش كوز بىلە گويا قىينامىش.

× ×

كوردۇم ئانداغ دىلبىرى جانانەئى پەيۋەستە قاش،
كوزلەرى جاللاددۇر، بى رەهىم كافىر باغرى تاش.

كەئبە ئى مەقسۇدىنى ئىزدەر ئىدى هەردەم كوڭۇل،
كىم قىلىبدۇر سەجدەئى مىهراب ئەرمىش ئەگمە قاش.

دەرد مىهنەت ئوقلەرى يەتكەچ يۇرەككە دەردىدىن،
كوزلەرىمدىن دەمبەدەم ياغمىش ياغىندەك ياغدى تاش.

www.uyghurkitap.com



كورگەچ ئول ناز ئۇيقىدا تابتى مەھەل ئىككى كوزۇم،
ئول كەفە پايىغا كوز سۇرمەك بىلە قىلغاي تالاش.

ئىشىق ئەيلەردە كوزۇم گىريان كوڭۇل ھەيرانلىغ،
قىلدى كوز بىلە كوڭۇل پىنھان مېنىڭ سىرىمنى فاش.

ساقىيا، تۇت دوستلۇق، لۇتىف ئىنايەت بىرلە مەي،
قىلغايمەن بولسا بەھەم نازۇك ئاياغ ئاستىغە باش.

ئەي نىيازى، ئىشىق زۇلمىدىن دىدىلىڭ بولماس جۇدا،
ھىجىر دەردى بىرلە غەم فۇرقەت بىلە ئەرمىش تۇتاش.

× ×

چىرايىم تىيرە شامى بولدى ھىجران ئوتى ياندۇرمىش،
قۇرۇق جىسمىم ئوتۇندەك ئورتىبان جانىمنى كويدۇرمىش.

بۇ ھىجران ئورتەگەن جىسمىمنى جانانىمغا يەتكۇرسەم،
بالايى ئىشقىدىن ئانچە جافا كوڭلۇمگە يەتكۇرمىش.

لەبىڭ يادىدا كوڭلۇم قان يۇتۇب قاندەك قىزارىب لەب،
قۇرۇغان لەبلەرىم ھەسرەتدەكىم قان بىرلە قاندۇرمىش.

قارا قىلمىش كوزۇمنى تاكى ئالماق بىرلە مىژگانى،
نە يوقكىم ھەرتەرەب تۇغيان قىلىب سىنەمدە سۇندۇرمىش.

جۇنۇنۇم ئەمگەكىدىن ئانچە قىلدىم نالە ھەدسىزكىم،
كورۇڭ بىدادىدىن بۇ كوزلەرىم ئەشكىنى ياغدۇرمىش.

كورۇب لەئلۇ لىبىدىن گەر تىلەر جانانە بۇ كوڭلۇم،
ياقاسىن غۇنچەدەك چاك نەيلەبان ئالدىدا تەلمۇرمىش.

نىيازى نالە ئەيلەر ھىجرىدە كوب يىغلاماقدىن كىم،
تۇتۇب پەيمانە ساقى يار ئۇچۇن كوڭلۇمنى ياندۇرمىش.

× ×

ئەي سابا ئەيلەي ساڭا ھالىمنى ئەرز،
يىغلابان ئاشۇفتە ئەھۋالىمنى ئەرز.

ئاڭلا، فەريادىمنى، ھىجران تۈنلەرى،
زار-زار يىغلاي قىلىب دەردىمنى ئەرز.

ئول پەرى مىژگانلەرىنىڭ زەخمىدىن،
پارە بولغان باغرى بەريانىمنى ئەرز.

بۇلبۇلى ئاشۇفتە يەڭلىغ ئەي سابا،
قىل سەھەرلەر نالەئى زارىمنى ئەرز.

غەم بىلە ھىجر فىراقى دەردىدىن،
يادىدا دىۋانە بولغانىمنى ئەرز.

يارىنىڭ قەسدى مېنىڭ جانىمدادۇر،
قىلغىل ئەي بارساڭ بېرەي جانىمنى ئەرز.

ئەي سابا قىلدى نىيازى ھالىنى،
ئاڭلاغىل بى رەھم جانانىمنى ئەرز.

× ×

ناگىھان كورسەم قىلۇرمەن يارۇ جانانىمنى ئەرز،
تابىسا كوڭلۈم ئەيلەگەي بۇ دەردى پىنھانىمنى ئەرز.

ھەرنىچە قىلسا ستەم جانىمغا جانان ئوزگەچە،
كىمگە ئەيلەي دىلرەبا سەرۋۇ خىرامانىمنى ئەرز.

ياش توكەردىن كوزلەرىم بىر-بىر قىلاي جانانەغە،
بۇ زەئىف جىسمىم كوڭۈل ھالىن كۈيەر جانىمنى ئەرز.

قايسى بىر زەئىفىمدىن تابسام قىلۇرمەن يادنى،
كويىدا مەجنۇن كەبى دىۋانە بولغانىمنى ئەرز.

ئەي سابا ئىشىق ئىچرە بۇ ھالىمنى كوردۈڭ ئوزگەچە،
ئەيلەگىل غەم بىرلە بولغان باغرى بەريانىمنى ئەرز.

قەسدى جان ئەيلەي فىراقى بىرلەجانان ئەي سابا،
تا قۇلاق سالغىل قىلاي بۇ نامۇسۇلمانىمنى ئەرز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشىق ئارا فەرھاددەك بولدى نىيازى ئاھكىم،
قىلغايمەن مەجنۇن كەبى ھەرپارە چىرايىمنى ئەرز.

× ×

غەزەب بىرلە نىگارىم ئالدى بۇ جانىمنى قىلسام ئەرز،
قىيا ھەم باقمادى ئانچە ئەھۋالىمنى قىلسام ئەرز.

بۇكىم باغرىمنى پارە-پارە قىلدىڭ دىسەم ئول قاتىل،
نەزەر قىلماس نىتەيكىم بۇ باغرى-قانىمنى قىلسام ئەرز.

كوڭۇل بىرلە بۇ جان مۇلكىنى بۇزدى ئىشىق ئوتىكىم،
چۇ كوز سالماس مىنىڭ بۇ مۇلكى ۋەيرانىمنى قىلسام ئەرز.

جافا تىغىدىن ئولمەك بىرلە بولسامكىم شەھىد ئىشىق،
بولۇب قۇربان ئىنىڭ ئالدىدا قۇربانىمنى قىلسام ئەرز.

نە ئىستەر چارەكىم جانان ئۆزىدۇر چارە لۇتىق ئەتمەس،
چۇ يوق بىچارەلىكدىن ئۆزگە ھەيرانىمنى قىلسام ئەرز.

چىقىب ناز ئۇيقۇدىن كورگەچ مىنى جانانە كوز سالماس،
ئۆزى بىدادىدىن تۈنلەردە بىدارىمنى قىلسام ئەرز.

مەگەرچە قورقارەم كويۇڭغا بارماقدىن ئەگەر تابسام،
نىيازى دەر ئىتىڭغا توھفەئى باغرىمنى قىلسام ئەرز.

× ×

يىغلارەم شامۇ سابا دەرد بىرلە جانانىدۇر غەرەز،
دەردۇ غەم چەكمەك كوڭۇلگە مىھرىبانىدۇر غەرەز.

ياغدۇرۇر ھىجرانىدىن غەم ئوقلەرى جىسمىم ئارا،
قىلغالى جان مۇلكىنى بۇ زۇلم ۋەيرانىدۇر غەرەز.

بىر كورۇندى ناگىھان ئەمدى ياشۇنماقدىن ئولەي،
گويا مەن بى ناۋاغا داغى ھىجرانىدۇر غەرەز.

كوزلەرىم زۇلمىدا ياغدۇرمىش باغرى خۇناب ئەشك،
ئاشكارا قىلغالى بۇ دەرد پىنھاندۇر غەرەز.

زۇلفىنى قىلغاچ پەرىشان شادلىغ بولدى ئەدەم،
جانۇ كوڭلۇمنى مىنىڭ قىلماق پەرىشاندۇر غەرەز.

ھەرنىچە زۇلم ستەم كەلتۇرسە ئول بىداد ئىشىق،
قىلغالى بۇ تەلبەئى بىكەسنى ھەيراندۇر غەرەز.

ئەي نىيازى ئالسا جان جانان بىلە قىلما جىدەل،
بەس كورەركى ئول پەرى بۇ باغرى بەرياندۇر غەرەز.

× ×

دىلرەبا سىنەمگە مىژگان بىرلە ئات،
گەر ئاتاسەن قاش ياسى بىرلە ئات.

غەم بىلە ھىجران تالاشماقدىن مىنى،
تىندۇرۇب كوڭلۇمنى جانىم فاتراق ئات.

مەقسىدى جان بەرسە كوڭلۇم ئىشىق ئارا،
قىلماغىل جانانە ھەرگىز ئىھتىيات.

يارنىڭ ھىجرۇ فىراقى دەردىدىن،
تابمادىم بۇ غەم بىلە ھەرگىز نەشات.

جىلۋەئى جانانە ئەيلەر ئوزگەچە،
رىشتەئى جان ئولدى ئوتمەكدىن سىرات.

ئىشق ئارا قىلسا نىيازى نەئەجەب،
ئىشقدىن قىلسا ئەجەب ئەرمەس فارات.

× ×

ئىشق يولىغە سالىب مەن سىنەم ئىچرە بىر رەبات،
ئورتەنىب تاكىم بۇزۇلماقدىن قىلۇرمەن ئىھتىيات.

www.uyghurkitap.com

بۇ يۈرەك قانى بىلە جانۇ كوڭۇل قىلمىش يانا،
دەرد ئىلە بۇ غەم ئۆزە غەم بىرلە قىلمىش ئەنى بات.

مەنزىلى تابتى بۇ ھىجران كويدۇم، ئۆلسەم چىقماغاي،
تابمادى بىچارە كوڭلۇم ھىجرىدىن ھەرگىز نەشات.

بۇلدى ھىجراندىن تۇمۇغ جىسمىم ئارا يول تابماغاي،
كىم رەبات ئۇلدى كوڭۇل جان بىرلە ئۆتمەكى سىرات.

ئەبر بارانى غەمى يەڭلىغ كوزۇمنىڭ ئەشكىنى،
ياغدۇرۇب غەم بىرلە ھەردەم جادى قىلمىشدۇر فارات.

ئىشق كويىدا بىنا قىلدىم دەر ئەردىڭ ئەي كوڭۇل،
غەم بىلە ھىجران تالاشماقدىن بۇزۇلغان بۇ رەبات.

يۈز بەلاغە ئۇچراساڭ كوڭلۇڭنى ئاندىن تۈزمەكىم،
ئەي نىيازى سەن بىلە جانانە قىلماس ئىختىلات.

× ×

سەن ۋافاكىم ئول پەرى جانانەدىن قىلغان تەمەئ،
ئوخشاماس غەۋۋاسۇ سىز دۇردانەدىن قىلغان تەمەئ.

كوز يۇمۇب بىخۇدلۇقۇم كوردۇڭ ئەجەب جانانەسەن،
ئىشق ئارا ھۇشيارلىغ دىۋانەدىن قىلغان تەمەئ.

ئەمدى لال ئولدى تىلىم ۋەسفىڭ دىمەكدىن خوب ئەمەس،
بەسكى بۇلبۇلدەك فىغان پەرۋانەدىن قىلغان تەمەئ.

كۇندۇزى ئايدىن، كېچە كۈندىن تەمەئ قىلغان ناچەر،
كام ئالۇرغە لەئلىنى مەستانەدىن قىلغان تەمەئ.

ئەي نىيازى كىرمەيىن ئىچكەنچە بار جەننەتتە مەي،
يارنىڭ ئىلكىدىكى پەيمانەدىن قىلغان تەمەئ.

× ×

ۋەسلىنى زۇلف پەرىشاندىن تەمەئ،
قىلسام ئول لەئلى بەدەخشاندىن تەمەئ.

يىغلاسام ۋەسلىن تىلەردىن زار-زار،
ئول قىلۇر بۇ باغرى بەرياندىن تەمەئ.

مەن تەمەئ قىلماق بىلە ئول باغرى تاش،
قىلغۇسى ۋەسلىگە ئىماندىن تەمەئ.

ناگەھان ۋەسل ئولماسا جانان ئوزى،
سەن كىمۇ قىلغايسە سۇلتاندىن تەمەئ.

كوڭلۇڭ ئالماقدىن كىچىك سۇلتان ھوسىن،
ئەي نىيازى قىلما ناداندىن تەمەئ.

× ×

قىلدى كوڭلۇم بىر پەرىۋەش زۇلف چەۋگاندىن تەمەئ،
بولماغاي يا رەب فانا قىلغاندا ناداندىن تەمەئ.

ئويناتۇر كوز ھەر تەرەب قەسد ئەيلەگەچ جانانە جان،
ئاتغالى جان ھەم قىلۇر قاش بىرلە مىژگاندىن تەمەئ.

زۇلفىنىڭ زەنجىرىدىن كوڭلۇمنى مەھكەم ئەيلەدى،
قىلماغىل ئازادلىغ سەرۋۇ خىراماندىن تەمەئ.

ئۇرماغىل كوب لاف كويىمەكدىن كويەرسەن ئەي كوڭۇل،
قىلسا ئوخشارمۇ ئىكىن دەۋزەخ رىزۋاندىن تەمەئ؟

دەر ئىدى لەئلىڭ مەسىھا ئاڭلا ئەي جانان ئەجەب،
ئالغالى جان ئەيلەمىش بۇ باغرى بەرياندىن تەمەئ.

مەن تەمەئ قىلماق بىلە قىلغاي تەمەئ جانانە كىم،
جان بېرىبمەن ھەم قىلاي ئول يار جاناندىن تەمەئ.

ئەي نىيازى چۇن تەكەللۇم ۋەقتى لەئلىڭدىن چىقار،
قىل لەبىڭگە دارۇ دەب لەئلىنى سۇلتاندىن تەمەئ.

www.uyghurkitap.com

× ×

ئانچە ھىجران ئوقىدىن دەردىگە قويمىش داغ ـ داغ،
كويدۇرۇر جانۇ كوڭۇللەرنى ئوتۇندەك لاغ ـ لاغ.

بەس قۇلاق سالسام كۇتەردىن خەندە ئەيلەر ئول پەرى،
ئانچە شىددەت بىرلە كويگەندىن بولۇر ئول باغ ـ باغ.

كېچەلەر فۇرقەت بىلە ھىجران غەمى ھەم كويدۇرۇر،
ياندۇرۇر جىسمىمنى كويمەكدىن چىراغ ئوزرە چىراغ.

قىل مېنى ساقى لەبالەب مەي بىلە ئاشۇفتە ھال،
كىم ئاياب مېنى، ماڭا كەلگەندە تۇتتۇك چاغ ـ چاغ.

اوتىنى ئېتىب بىر جامە مەي تولدۇر ماڭا بىخۇد بولاي،
بولسا دەرد ھەم دەفئىغە تابغۇم فەراغ ئوزرە فەراغ.

قىلدى فەريادىمنى زايەئ دەردسىز فەريادكىم،
تۇتى بولماس ھەرنىچە فەرياد قىلسا زاغ ـ زاغ.

بۇ نىيازى يارنىڭ كويىغا بارماقدىن مەلۇل،
چۇنكى قىچقىرمىش رەقىبلەر تاڭغا تەكرۇ ساغ ـ ساغ.

× ×

تابمادى كوڭلۇم مېنىڭ ئول جىلۋەگەردىن شادلىغ،
تابتى ھىجراندىن بۇزۇغ كوڭلۇم مېنىڭ ناشادلىغ.

بولماغاي ئازادلىغ جانانىنى كورمەكدىن ماڭا،
دانەئى ھالىن قىلۇر بۇ كوزلەرى سەييادلىغ.

تەگدى غەمزىڭ ئوقلەرى جان بىرلە كوڭلۇم دەردىدىن،
قىلسام ئەفغاندىن يېتەر جىسمىم ئارا بەربادلىغ.

ھىجر تىغىدىن مېنىڭ كوڭلۇمنى قىلمىشدۇر ئەسىر،
بەندەئى ئىشىق ئولمىشىم كوڭلۇم تىلەر ئازارلىغ.

جانىمە دىشۋارلىغ بولمىش كوزۇڭدىن ۋاھكىم،
كوزلەرىڭ قەتلىم ئۈچۈن قىلغاي ماڭا جاللادلىغ.

قىلماغىل ئاۋارە كوڭلۈمنى سەن ئەي سۇلتان ھوسنى،
ھوكمى سۇلتاندىن يېتەر مۇلك ئەھلىغە ئابادلىغ.

ئەي نىيازى قىلغالى ئول سەرۋ قەددىنىڭ ھەسرەتى،
قىلدى ۋاۋەيلا فىراق ئىچرە مېنى فەريادلىغ.

× ×

بىر پەرى گۈلنار گۈل رۇخسارلىغ،
كورگەلى ھىجرىدە تارتتىم زارلىغ.

سۇنبۇلى زۇلفىن كەمەند ئەيلەب ماڭا،
قىلدى كافىر كوزلەرى ئەييارلىغ.

ئىشۋە ئەيلەردىن گاھى كوڭلۇم ئالۇر،
زار ئىلە قىلغاي داغى ئەييارلىغ.

يەتمەسۇن كوڭلۇم خاراب ئەي نازەنىن،
سەن قاشى پەيۋەستەدىن ئازارلىغ.

مەن خاراباتى ئارا قويدۇم قەدەم،
ساقىيا، مەي تۇت ماڭا خۇمارلىغ.

ئاھكىم قىلدى مېنى بېداد ئىشق،
ھەر كېچە بۇ نالەدىن بىدارلىغ.

گەر نىيازىغە ئىسكەندەر شاھ ئىدىن،
بەس دۇرۇر يادىغا يەتسە خارلىغ.

× ×

كوردۇم ئانداغ دىلبىرى گۈلنار گۈل رۇخسارلىغ،
تۇرفەراق بۇدۇر يۈزى ئايدۇر، قەدى رەفتارلىغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زار كوڭلۈمنى قىزىتماق بىرلە ھىجران كويدەرۇر،
تاكى شىددەت بىرلە مەن ھەم تارتادۇرمەن زارلىغ.

غۇنچەدەك باغرىم ئېرۇر قات ـ قات، فىراقى زەخمىدىن،
بولماغاي ئىشىق ئىچرە مۇنداغ زۇلم ئىلە ئازارلىغ.

چۈن كۆڭۈل ھەيرانلىغى ئول سەرۋ نازىم ناز ئىلە،
گاھى ـ گاھى ئەيلەگەي مەن تەلبەگە ئەغيارلىغ.

شامىدىن تا تاڭغا تەكرۇ نالە ھەدسىز ئەيلەسەم،
قىلماغاي ئول يارنى ناز ئۇيقۇسى بىدارلىغ.

مىڭ بەلا جانىمغە يۈزلەندى خۇمارىم زەئفىدىن،
ساقىيا بىر جام مەي بەرگىل ماڭا خۇمارلىغ.

ئەي نىيازى ھىجرىدىن غەم بىرلە بولما دەردناك،
ئىشىق ئارا ۋەسلىن تىلە گەر ئانچە يەتسە خارلىغ.

× ×

غەمدە ھەر كېچە سالمىش كوڭۈلگە ھەيرانلىغ،
نە ئىشىق ئەيدىكى سالۇر كۆلبەم ئىچرە ۋەيرانلىغ.

سەرىغ يۈزۈمنى كورۇب دەردىم ئەيلەدى ئىزھار،
نە دەرد ئەيدىكى قىلۇر كوزلەرىمنى گىريانلىغ.

يۈزۈمنى كورسە كۆلەردىن ئول ئاي خىجالەتدۇر،
كورۇب يۈزۈم نە سارىغ كوزنى ئەشكىدىن قانلىغ.

كوزۈم ئاقاردى، ئاقىب قان كوزۈمدىن ئەي جانان،
جافانى مۇنچە قىلىب يوقمۇدۇر مۇسۇلمانلىغ.

ئەگەرچە ھەرنە سىتەم قىلسا ئىختىيارى بار،
نىيازى بەندەسىدۇركىم، نە قىلسا سۇلتانلىغ.

× ×

قىلدى دەردىدىن مېنى جانانە كەيف،
ھىجرىدە تا بولماسام مەستانە كەيف.

تەلمۇرۇب فەرياد قىلدىم يىغلادىم،
كىم فىراقىدا بولۇب دىۋانە كەيف.

ئۆرتەنىب جان بەرگەاى جانانەدىن،
ئۆرۈلۈب بولدۇم نىچە پەرۋانە كەيف.

خەستە كوڭلۇمنى فىراقى ئۆرتەدى،
مەن بولاي بىخۇد ئىچىب پەيمانە كەيف.

بەزم ئارا بىر جام مەي قىلدى مېنى،
شۇم رەقىبلەر ئالدىدا مەردانە كەيف.

مۇترەبا، چەككىل ناۋا بىخۇد بولاي،
ھىجر ئىلە قىلغاي مېنى ۋەيرانە كەيف.

يار، ھىجرىڭدىن سەرىغ چېھرەمنى كور،
بۇ نىيازى بولمادى شوخانە كەيف.

× ×

تۇتۇب مەي دەمبەدەم ساقى مېنى مەستانە قىلدى كەيف،
جامالى ئەكسىدىن بىخۇدلۇغۇم دىۋانە قىلدى كەيف.

بولۇب مەجنۇن كەبى ئۆزدىن كېتىب فەريادى قىلمىشمەن،
رەقىبۇ دوسيالار ئالدىدا مەردانە قىلدى كەيف.

داۋا دەب دەردىمە جانانەدىن ھەر بادە ئىچكەچ مەي،
ھەمىشە تەسبىھۇ جارى تىلىم جانانە قىلدى كەيف.

مېنى ئەريان كورۇپ بىخۇدلۇغۇم ئەيىب ئەتمەڭ ئەي ساقى،
جەبا دەب ھەر تەرەپ سۇندى ماڭا پەيمانە قىلدى كەيف.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىكىب مۇترىب ناۋا، مەن بى ناۋانى ئەيلەدى بىخۇد،
قىلىب فەريادىدىن جان مۇلكىنى ۋەيرانە قىلدى كەيف.

لەئلىدەك لەبلەرىدىن ئالدى رەڭ مەي لەئلگۇن بولدى،
سارىغ چېھرەمنى گويا رەڭ بېرىب شوخانە قىلدى كەيف.

نىيازى مەست سەرگەردان دىگەي باشىدىن ئورۇلسەم،
جامالى شەمئىغە قىلماق ئۇچۇن پەرۋانە قىلدى كەيف.

× ×

بارچە جامال بىر تەرەف، جانانە بىر تەرەف،
ناز ـ كەرەشمە بىر تەرەف، مەستانە بىر تەرەف.

يۇز مىڭ ئەگەرچە ياقۇت كوب بولسا لەئل ھەم،
تا بولسا ھەم زۇمرەدۇ، دۇردانە بىر تەرەف.

ھەر چەند فىغان قىلسا سەھەر نالە ئەيلەسە،
بولسا ھەزار بۇلبۇل، پەرۋانە بىر تەرەف.

ئىشق بالايۇ شىددەتىدىن ئانچە كىم قىلۇر،
جەۋر ـ جافاسى بىر تەرەف، مەردانە بىر تەرەف.

يەتكەچ ئول ئاي لىبىگە تاپىب لەئەلدىن مىراد،
ساقى شارابى بىر تەرەف، پەيمانە بىر تەرەف.

ئەگەر خانىقادا شەيىخ رىيا بىرلە قىلسا زوھىد،
بىلگىل بۇلارنى بىر تەرەف، مەيخانە بىر تەرەف.

دەفئ خۇمار قىلغالى مەي ئىزدەبان كوڭۇل،
بولدى نىيازى بىر تەرەفۇ، پەرۋانە بىر تەرەف.

× ×

باشىمە تۇشمىش بۇ رەڭ سەۋدايى ئىشق،
قىلماغاي يا رەب مېنى رەسۋايى ئىشق.

يۇزنى مەستانە ھەردەم كورسەتۇر،
قىلغالى كافر مىنى تەرسايى ئىشق.

تا چوكوبمەن ئىشقىنىڭ دەرياسىغا،
يەتكۇرۇب تەھتىگە ئول دەريايى ئىشق.

جان بىلە كوڭلوم تالاشماقدىن قىلۇر،
ئول سەنەم ئالدىدا كوب غەۋغايى ئىشق.

بىر باشىم يۇز مىڭ تومەن سەۋداسىنى،
ئاھكىم، قىلدى نىتەي بىرايى ئىشق.

ۋامىقۇ، فەرھادۇ، مەجنۇنلەر قانى؟
كىم مىنىڭ بىرلە قىلۇر دەئۋايى ئىشق.

تابماغاي ئىستەب جاھانى ئىشق ئارا،
ئەي نىيازى سەن كەبى شەيدايى ئىشق.

× ×

بولدوم نىتەي غەمدە ئول ئاي تۇشكالى يىراق،
ئورتەر ھەمىشە جان دىلىم دەرد ئىلە فىراق.

گاھى يولىغا كوز تىكىبان تەلمۇرۇب كوڭۇل،
يەغلاب ئاقاردى كوز، يولىدا سىزدى بۇ فىراق.

ناگاھ ئىلىندى زۇلفىغە بۇ ناتىۋان كوڭۇل،
قويغاچ كوڭۇلنى قىينادى بۇ قىل بىلە تۇزاق.

غەم ئورتەدى ھەمىشە بۇ جان مۇلكىنى دىسەم،
كوزدىن يىراق، كوڭلوم ئەمەس دەردىدىن يىراق.

يەتكۇر بۇ ئەرز-ھال، كوڭۇل ھالىن ئەي سابا،
يەتسەڭ دىگىل: نىگارىم، سەن قويماغىل يىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كورمەي غەمدە قاقشايدۇر جان ئىلە كوڭۇل،
كورمەك هامان، كويدۇرۇشى كوڭلۇمە سىناق.

گەر تىنمادى فىراقى بىلە تەلپۇنۇب كوڭۇل،
ئورتەن نىيازى، تىنسۇن كوڭۇل، قىلسا ئىشتىياق.

× ×

دىلرەبا، ئىشىق ئىچرە بولغان زەئىف بىمارىمغا باق،
لالىدەك قان باغلاغان بۇ باغرى بەريانىمغا باق.

هىجىر زەئىفدىن نىچە دەردىمنى قىلمان ئاشكار،
مىلك-مىلك ئولسا دەرد هەم بۇ دەرد-پىنهانىمغا باق.

لاغ-لاغ ئورتەر مىنىك كوڭلۇمنى ئەي نازۇك بەدەن،
بولدى، ئىشقىڭ ئوتىدىن بۇ مۇلك ۋەيرانىمغا باق.

زۇلم ئىلە قىلدىڭ نىچە جانىمغە ئەي سۇلتان هوسىن،
لۇتف قىلغىل كىم، مىنىڭ فەريادۇ ئەفغانىمغا باق.

لالەگۇن بولدى بۇ جىسمىم ياش بىلە، ئەي باغرى تاش،
ئەمدى ئورۇلدى سەرىشكىم قان-رۇخسارىمغا باق.

كىمكى ئاشىقدۇر مىنىڭ بىرلە قىلۇر دەئۋايى ئىشىق،
ئىشىق مەيدانىدا جان بەرگۇم بۇ مەيدانىمغا باق.

كىمكى ئاشىقدۇر نىيازىدەك بولۇر ئەريان كەبى،
بولمىسام ئەي نازەنىن ئاۋارە ئەريانىمغا باق.

× ×

نىتەيكى ئاه ئول ئاي قىلدى كوب خىراملىق،
بۇ ۋەجە بىرلە سالۇر كوڭلۇم ئىچرە ۋەيرانلىق.

قىزىل قەبا بىلە كورگەچ قىزاردى گۇل يۇزىدىن،
كوزۇمگە دىلبىرى رەئنا كورۇندى شوخانلىق.

ىدىنكى ئولتۇرۇبان گاهى تىرگۇزۇر هەردەم،
نە قىلسا بەندەسىدۇرمەن، قىلۇرمۇ سۇلتانلىق؟!

تەرىق ئىشقىدا جان بەرمەكىم داۋا بولغاي،
جافانى مۇنچە قىلىب يوقمىدۇر مۇسۇلمانلىق؟!

فىغانىم هەددىدىن ئوتكەچ، — سورا، — دىدىم، — جانان،
بۇ ئاه نالەم ئىشىتمەي قىلۇرمۇ نادانلىق؟

نى هىجىر، دەرد، فىراق ئوتى بىرلە ئورتەردىن،
نە ئىشىق ئىدىكى قىلۇر كوزلەرىمنى گىريانلىق.

بۇ دەردىڭ ئىلە جاننى ئالۇرسەن ئەي قاتىل،
نىيازى جان تالاشۇردىن تىلەرمۇ ئاسانلىق؟!

× ×

..................................................

① ..................................................

بۇ فىراقى ئىشىق دەردىدىن گەهى،
ئاهلەر ئۇرماقدا گىريان بولمىشام.

زۇلف زۇننارىنى سالغاچ بوينۇمە،
ئىشىق كۇفغارىغا خاقان بولمىشام.

ياشىنۇپ گويا سەمەندەردەك گەهى،
ئاتەشى ئىشىق ئىچرە پىنهان بولمىشام.

بى ناۋا دەردىدە بولسام ئاڭلاماس،
مەن فىراقى بىرلە چەندان بولمىشام.

زار-زار يىغلاب گەهى ئەي نازەنىن،
تەلبەلەردەك گەهى خەندان بولمىشام.

يار ۋەسلىدىن نىيازى دەر ئىدى،
جان بىرىب جانانغا قۇربان بولمىشام.

① بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى يوقالغان.

www.uyghurkitap.com

× ×

ناگەھان ئۇچرادى ئول يارنى پىنھان تاپتىم،
هەر نىچە تەلمۇرۇبان قالمادى ئارمان، تاپتىم.

ئۇچرادى بەلكى شەب قەدرى جاھان يارۇتتى،
ھوسنى ئىقلىمى ئارا يوسۇفى كەنئان تاپتىم.

ئاي يۈزى ئوزرە خەت ـ خالىنى كورمەك بىلە،
ئارەزى سەفھەسىدە ئايىتى قۇرئان تاپتىم.

ئورتەنىپ جانۇ دىلىم چىقغالى يەتكەن چاغدا،
بەردى ھەق يەتتى بۇ جان مۈلكىگە مىھمان تاپتىم.

دەردىدىن خەستەئى بىمار ئىدى جانۇ كوڭۇل،
ھەجرىدىن زەئىف ئىدى، دەردىمە دەرمان تاپتىم.

مەڭا مەجنۇن بىلە پەرھادنى ئەيلەگەي تەكلىپ،
ئورتەنىپ ئىشقىدا جان بەرگىلى مەيدان تاپتىم.

جان فىدا قىلسا نىيازى داغى ئەيتۇر كوڭۇل:
توھفەئى يارغا مەن دەرد ئىلە ئەفغان تاپتىم.

× ×

ئىزدەبان ھورۇ پەرى دىلبىرى جانان تاپتىم،
كىم بەرابەر قەددىغە زۇلفى پەرىشان تاپتىم.

قەسدجان ئەيلەدى، كافىر كوزى ناۋەك ئاتتى،
جان تالاشماق بىلە بۇ باغرىمە پەيكان تاپتىم.

تەگدى مىژگان ئوقى باغرىم ئارا بولدى خاتەم،
جان ئالىب، ئورنىدا جان بولدى، يېڭى جان تاپتىم.

ھەرنىچە نالەئى فەرياد ئىشىتكەچ خۇشنۇد،
يارنى شاد قىلىپ، ئۆزۈم گىريان تاپتىم.

دەردىدىن ئاھ نىتەي نالىم ئىشتىكەچ جانان،
ئىشۋەئى ناز بىلە يارنى خەندان تابتىم.

گۇل ئۇزە سۇنبۇل كاكۇلى قەدى چىرمانمىش،
جانىمە ئەينى بالا كافىر نادان تابتىم.

ئەي نىيازى قىلا كور جان كوڭۇل قۇربانلىق،
كىم جامالى ئايىنىڭ ئەيدىنى قۇربان تابتىم.

× ×

ئىشت، ئەي دىلرەبا مەن تەلبەنىڭ دەردى ئىبرۇرمۇ ھەم،
چۇ قويدۇڭ داغلار جانا مىنىڭ كوڭلۇم ئارا خاتەم.

بولۇب مەجنۇن كەبى ئىشىق ئىچرە فۇرقەت بىرلە ئولگۇمدۇر،
مىنىڭدەك بولماغان ھىجىر ئوتىدا يارەب بەنى ئادەم.

تەرىقى ئىشىق ئارا جانانە مۇنداغ ئىلتىفات ئەتمىش،
مەگەر جەۋر جافاسى ھەر كۇنى يۇز مىڭدىن ئىرمەس كەم.

ئىشتكەچ ئويغانۇر ئاھىمنى، قۇمرى بىرلە بۇلبۇللار،
مەگەر فەريادىم ئاڭلاردىن بولۇرلەر بارچەسى مەلزەم.

يازاي دەب نامەئى ھىجرىڭ قەلەم كاغەز ئۇزە قويسام،
يازىلماس بۇ رەقەم كاغەز يۇزى كوزلەردىن ئولغاي نەم.

نىتەي ھىجران تۇنى جانىمغا يۇز تۇرلۇك ئازاب ئەيلەر،
فىراقى ئورتەگەي غەم لەشكىرى بىرلە بولۇب ھەمدەم.

مۇئەممادۇر دىسە قىلغىل نەزەر ھەرف ئىچرە ئەي دانا،
نىيازى نەزمىغە نەززارە قىلماسدىن بولۇب ھەمدەم.

× ×

فىراق ھىجرىدە ئورتەر مىنى دىلئارامىم،
بۇ ۋەج بىرلە يوق ئەرمىش كوڭۇلدە ئارامىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋافانى ئانچه تەمەئ ئەيلەگەچ جافا كوردۇم،
ھەمىشە مۇنچە جافا ئەيلەگەيمۇ جانانىم.

فىراق بىرلە ئولۇكمەن، ۋىسال بولسە تىرىك،
بىلۇرمۇ ئولتۇرۇبان تىرگۇزۇرنى نادانىم؟

ئىتىگنى كورسە يۇرەك تەبرەنىب دەر: ئەي قاتىل،
قويارمەن ئالدىگە باغرىم قىلۇرغە مىھمانىم.

فىراق ئوتىدا نىيازى بىر كەباب ئىمىش گويا،
ئەگەرچە تونمە قىلۇر ھەر تەرەپدە مىھمانىم.

× ×

بەزم تۇزمەكدىن ئول ئايغا مەرھەبا كەلتۇرمىشەم،
بەلكى سوغاقدىن لەبالەب مەرھەبا كەلتۇرمىشەم.

تەشنەلەبدۇر لەئلىگۇن مەيدىن لىبىڭ ئەي نازەنىن،
غۇنچەئى لەئلىگغە مەيدىن مەن داۋا كەلتۇرمىشەم.

ئاھكىم ھەرنىچە تەلمۇردۇم تۇتۇب پەيمانە كىم،
يالبارىب ئەمدى بەرھەق ئول خۇدا كەلتۇرمىشەم.

مەي تۇتاردىن جىلۋەئى جانانە ھەر چەند قىلسا ناز،
لەئلىگە لايىق قەدەھ ئاھەڭرەبا كەلتۇرمىشەم.

بولدى لەئلى بىرلە جانان ئىلكىدە ئالتۇن قەدەھ،
ساقىيا بىلگىل قەدەھغە كىمىيا كەلتۇرمىشەم.

يارنى كورگەچ قىزىل گۇللەر توزۇب بولدى خازان،
دىلرەباغا توھفەئى مىھرگىيا كەلتۇرمىشەم.

لەئلىدىن مەي رەڭ ئېلىب رەڭ بەردى ئاي رۇخسارىغا،
قىلغامەن جانۇ كوڭۇللەرنى فىدا كەلتۇرمىشەم.

قەترە ـ قەترە تەر گۇلابى زاھىر ئولغاچ ياردىن،
ياغلىغىم ئىلكىمدە يەلفۇردىن سابا كەلتۇرمىشەم.

ئاڭلا فەريادىم فىراقىڭ بىرلە ئەي نازۇك بەدەن،
بىناۋالىق دەردىدىن مەن بىر ناۋا كەلتۇرمىشەم.

تۇشتى بىر ئوت ھىجرىدىن جانىمنى ئورتەر لاغ ـ لاغ،
بىر كۇرۇب جانانىنى جانىمغا بالا كەلتۇرمىشەم.

ئەي نىيازى دەر ئىمىش كورگەچ سىنى بىداد ئىشىق،
بىر كوڭۇل ئالماق بىلە يۇزمىڭ بالا كەلتۇرمىشەم.

× ×

مىنى ئەي نازەنىن ئىشقىڭ بىلە دىۋانە قىلمىش سەن،
سالىب كۇلبەمغە ھىجران ئوتىدىن ۋەيرانە قىلمىش سەن.

قىلىب فەريادلار بۇلبۇل كەبى باشىڭدىن ئورۇلسەم،
جامالىڭ شەمئىغە ئورتەب مىنى پەرۋانە قىلمىش سەن.

مىنى ئىلماقدا زۇلفۇڭ دامىغە دىۋانە ئەيلەردىن،
پەرىشان كاكۇلۇڭنى ھەر تەرەب مەستانە قىلمىش سەن.

سەمەندەر بولدى كوڭلۇم ھىجر ئوتىدا ئورتۇنۇب جىسمىم،
نىدىن مۇنچە جافا جانىمغا سەن جانانە قىلمىش سەن.

قانى فەرھاد ئىلە مەجنۇن مىنى بۇ دەردمەندلەردىن،
فىراقىڭ ئىشقىدا جان بەرگەلى مەردانە قىلمىش سەن.

كوزۇم ياشى غەمىڭدىن قانغا ئورۇلدى، بوياب قاندىن —
سەرىغ چىھرەمنى گويا قىپ ـ قىزىل شوخانە قىلمىش سەن.

نىيازى باشىغا بۇ شوئلەئى ھىجران تۇتاشماقدىن،
مىنى بۇ ئىشقىنىڭ مەيدانىدا شاھانە قىلمىش سەن.

× ×

قايرىلىپ جانانە باققان سەنمۇسەن،
جانىمە ئىشىق ئوتى ياققان سەنمۇسەن.
تەگدى مىژگان ئوقلارى ئەي باغرى تاش،

قاشى ياسى بىرلە ئاتقان سەنمۇسەن.
پەردەئى ئەسمەتتە دەر ئەردى سېنى،
ئىشۋەئى ناز بىرلە چىققان سەنمۇسەن.
ئاي يۈزۈڭ كورمەكدە بار ئەردى نىقاب،
كورسەتىب چېھرىڭنى ئاچقان سەنمۇسەن.
بىر قاراب ھالىمغا رەھىم ئەتمەي مېنىڭ،
چىرتىبان قاشىڭنى چاتقان سەنمۇسەن.
جىلۋە ئەيلەردىن گاھى ناز ئەيلەبان،
ياشۇرۇب يۈزنى ئۇياتقان سەنمۇسەن.
شۈكرى، ۋەسلىڭدىن يىقىلدىم، ئولمەدىم،
قورقۇبان كەينىڭگە قاچقان سەنمۇسەن.
ئەي نىيازى بولمايىن غەۋۋاس ئىشىق،
ھىجىر دەرياسىدا ئاققان سەنمۇسەن.

× ×

فىراقىڭ ئىچرە ئەردىم، ناگىھان بەرباد قىلمىش سەن،
غەم ـ ئەندۇھدىن كوڭلۈمنى گويا شاد قىلمىش سەن.

غەم ـ ھىجىر، فىراقىڭ ئىچرە كوڭلۈم ئېردى گويا قۇل،
ئالىب كوڭلۈمنى بۇ غەم ھىجرىدىن ئازاد قىلمىش سەن.

فىراقىڭ دەشتىدە بولغايمۇ مەن يەڭلىغ ئۇشول مەجنۇن،
مېنى دىۋانەئى غەم تاغىدا فەرھاد قىلمىش سەن.

كوڭۈل ھەيران، كوزۈم گىريان، قىلىبسەن جاننى سەرگەردان،
بۇزۇق كۈلبەمنى گويا ھىجىر ئىلە ئاباد قىلمىش سەن.

كوڭۈل ھەرنىچەكىم پەرۋاز قىلماقدىن قۇتۇلماس جان،
ئىكى نەرگەس كوزۈڭنى ئەي پەرى سەيياد قىلمىش سەن.

ئىتىڭغە توئمە باغرىم توھفە ئەيلەر چاغدا بۇ كوڭلۈم،
دەرىغا كويدۈرۈب ئىشىق ئوتىدا بەرباد قىلمىش سەن.

ماڭا ھىجىر ئوتىدىن ھەرنىچە كەلسە ئانچە ئورتەنگۈم،
دەر ئەردىڭ ئەي نىيازى بىر كورۈب فەرياد قىلمىش سەن.

× ×

ئوزۇڭنى كورسۇتۇبان ناز ئىلە خىرامانسەن،
قىلىب يۇزۇڭنى گاھى ياشۇرۇب پۇشايمانسەن.

ئوتەردە جىلۋە قىلىب نازئىلە كورۇندۇڭكىم،
نەخۇد نامايى خىرامان كوزۇمدە جانانسەن.

بالايى ئىشىق ئىرۇر جانغا سالدىڭ ئەي قاتىل،
نە قىلسا بەندىگە لايىق قىلۇرغا سۇلتانسەن.

تالاشتى جان كوڭۇل سەدقىڭ ئولغالى جانان،
بۇ ئىشىق بىرلە بۇزۇغ كۇلبەم ئىچرە مىھمانسەن.

قىغانىم ئوتىدا ئورتەب فەلەكنى قىلغۇمدۇر،
بۇ ئىشىق ئاتەشى بازىن قىلۇرغە خەندانسەن.

جامالىڭ ئەكسى تۇشۇب كوزنى ئەيلەگەچ تىيرە،
كوزۇمدە غايىب، كوڭلۇم ئىچرە پىنھان سەن.

دىمەڭ مۇنچە فىراق ئوتى بىرلە ئورتەنسەم،
نىيازى نازى بىرلە ئورتەنۇرسە، خەندانسەن.

× ×

بولغالى دىۋانەمەن بۇ بائىسى جانانەسەن،
كورگەلى هوسنۇڭنى مەن قىلدىڭ مىنى دىۋانەسەن.

كويدۇرۇب ھىجرىڭ مىنى يۇزمۇنچە ھەركۇن ئەي پەرى،
ئورتەنەي شەمئىڭغە مەن قىلغىل مىنى پەرۋانەسەن.

ئانچە ئەھۋالىم دىمەكدىن ئاڭلاماي ئەي باغرى تاش،
يالبارىب ئالدىڭدا مەن، تۇردۇڭ ئەجەب مەستانەسەن.

بۇبالايى ئىشىق ئارا ھىجرىڭدە كويمەكدىن مىنى،
ئورتەنۇرمەن دەرد ئىلە قىلدىڭ مىنى مەردانەسەن.

www.uyghurkitap.com

يالباربب ئالدىڭدا جان بەرگەي نىيازى ئەمدى قىل،
تا بولاي دىۋانەمەن تۇتغىل ماڭا پەيمانەسەن.

× ×

كورگەچ ئەھۋالىم دىدى جانانە: — سەن،
مۇنچە دەرد بىرلە نىچۇك دىۋانەسەن؟

ۋايكىم ئەي نازەنىن سەن خۇد نەما،
بائىسى دىۋانەگە مەستانەسەن.

قاشلارىڭ مىھراب، كافىر كوزلەرىڭ،
لەبلەرىڭ لەئلۇ، ئۈزۈڭ دۇردانەسەن.

شەمئى رۇخسارىڭدا ھەردەم ئورتەبان،
قىلدىڭ ئوت ئىچرە مىنى پەرۋانەسەن.

جان بىرۇر ھالەتدە تۇت، بىخۇد بولاي،
كىم لەبالەب تولدۇرۇب پەيمانەسەن.

قىلدىڭ ئەي بىچارەسەن دەئۋايى ئىشىق،
ئىشىق مەيدانىغا كىر، رىزانەسەن.

ئەي نىيازى ئىشقىدىن قىلسا سوئال،
بەر جاۋابى، ھىجرىدىن مەردانەسەن.

× ×

ئەي جاھان ئەللامەسى نەزم ئەھلىنىڭ گۇمراھى مەن،
غەم بىلە مەن ئاشنايۇ دەردنىڭ ھەمراھى مەن.

ھىجرىدىن قىلدى مىنى دىۋانە جانان ئوزگىچە،
ھەرنىچە قىلسا ستەم جانانە، بى پەرۋاھى مەن.

كىم دۇرۇر مەن تەلبەئى دىۋانە يەكلىغ ئىشىق ئارا،
ئىشقىنىڭ دىۋانەسى بۇ دەردنىڭ دىلخاھى مەن.

گەرچە فەريادىم - فىغانىم ئاڭلاماقدىن ئەندەلىب،
گاھى بۇلبۇللار فىغان ئېچرە سەھەردە، گاھى مەن.

تەبرەنۇر بولدى يۇرەك جانانە چىقتى تۇيمادىڭ،
ئەي نىيازى ئانچە دەر ئەردىڭ ئۇل ئاي ئاگاھى مەن.

× ×

گۇل ئاچىلمىش باغ ئارا ئەي گۇلئۇزارىم قايداسەن؟
كورمەي ئاچىلمىش مېنىڭ كوڭلۇم نىگارىم قايداسەن؟

ھەرنىچە ئاچىلدى گۇل كوڭلۇڭ ئاچاردىن ئەي پەرى،
بىر كورۇب ئاچىلمىغان ئەبر باھارىم قايداسەن؟

ئاچىلىب گۇللەر نازاكەت باغ ئارا بولمىش باھار،
بىر قەدەم كەلتۇرمەيمىن نازۇك نىھالىم قايداسەن؟

ئىشتىياق ئەيلەب قىلۇر گۇل پارە - پارە سىنەسىن،
ئۇزمەدى جانانە دەب، ئەي نەۋ جۇۋانىم قايداسەن؟

كىم سابا يەتتى سەھەر كىرگەيمىكىن جانانە دەب،
كىر خىرامان تەبرەنىپ، كوزى خۇمارىم قايداسەن؟

گۇل خىجالەتتە ئېرۇر كورسە سېنى بۇلبۇل مېنى،
مەن كورۇب فەرياد ئېتەي شىرىن زەبانىم قايداسەن؟

ئەي نىيازى تابمادىڭ ئىزدەپ جاھاندا يارنى،
باقماغان بىر گۇل ئارا قالدى گۇمانىم قايداسەن؟

× ×

ئەي كوڭۇل يارنىڭ ۋافاسى قالدىمۇ؟
قىلماغان جانغا جافاسى قالدىمۇ؟

ئاتماغان سىنەمگە ئۇل پەيۋەستە قاش،
مىژگان ئوقى، قاشى ياسى قالدىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



پارە بولغان كۆكسۈمە پەيكانىدىن،
قىلماغان يارنىڭ داۋاسى قالدىمۇ؟

ئۆرتەنىپ ھىجرىدە كۆل بولماق بىلە،
جانۇ كوڭلۈمنىڭ سافاسى قالدىمۇ؟

جان فىدا قىلدىڭ دەرئەردىڭ ئەي كوڭۈل،
بولماغان جانان فىداسى قالدىمۇ؟

يار كويىدا قەلەندەر بولغالى،
مەندىن ئۆزگە بىناۋاسى قالدىمۇ؟

يار ھىجرىدە نىيازى ئۆرتەنىپ،
تارتمىغان ئەمدى جافاسى قالدىمۇ؟

× ×

جاھاندا دىلبىرى رەئنا سىنىڭدەك يار بولغايمۇ؟
جامالىڭ شەمئىغە پەرۋانە مەندەك زار بولغايمۇ؟
بولۇپ ئاۋارەئى بىخانۇمان بىچارە مەن يەڭلىغ،
فىراقىڭ دەشتىدە مەندەك خارابى خار بولغايمۇ؟
بىراۋكىم ئىشقىدا ھىجرى بىلە ھەرنىچە ئۆرتەنسە،
مىنىڭدەك ئۆرتۈنۈپ ھىجرىدە يوقۇ - بار بولغايمۇ؟
ھارام ئەيلەب كوزۈمگە ئۇيقۇنى جانانە يادىدىن،
مىنىڭدەك تەلبەئى ئالەمدە شەب بىدار بولغايمۇ؟
ۋەلى ئويغانمادى فەريادىمە ناز ئۇيقۇسىدىنكىم،
فىغانۇ نالەلەر قىلسام سەھەر بىدار بولغايمۇ؟
فىغان، ئاھ، ۋاۋەيلا دىمەكدە قۇمرى، بۇلبۇللار،
ھارام ئەيلەب كوزىگە ئۇيقۇدىن بىزار بولغايمۇ؟
ۋۇجۇدۇم ئۆرتەبان ئىشق ئوتىدىن قۇتقاردىڭ ئەي جانان،
رەقىب رۇسىياھ كورمەككە كەم دىدار بولغايمۇ؟
ناۋا ئەيلەردە ھىجران شىددىتىدىن بىناۋالارغا،
ئىشەرمەن قاتمۇ - قات جان رىشتەسىن تار بولغايمۇ؟
نىدىن ئولمەي فىراقىڭ بىرلە بولدى زەئفىران چيھرەم،
نىيازى يىغلاسا قان ياشىدىن گۇلنار بولغايمۇ؟

× ×

كويىدا سايه كورگەچ بۇ يۇرەك جانانه بولغايمۇ،
كورۇب شەمئى جامالنى بۇ جان پەرۋانه بولغايمۇ؟

هەمىشه تەلمۇرۇپ يوللارغا گويا تەلبەلەر يەڭلىغ،
مېنىڭدەك تەلبەغە ئالەم ئارا دىۋانه بولغايمۇ؟

باشىم بىرۇ، غەمىڭ مىڭ بولدى نەيلەي ئەي دىلئارامىم،
غەمىڭ بىرله مېنىڭدەك سەرگىران ۋەيرانه بولغايمۇ؟

ئەگەرچه دەشت سەهرا ئىزدىگەن فەرهاد ئىله مەجنۇن،
فىراقىڭ دەشتىدە مەن تەلبەدەك ئەريانه بولغايمۇ؟

جۇنۇنى دەفئىغه بولدى كوڭۇل مەيىنىڭ گىرىفتارى،
نىيازى ياستانۇر پەرۋانىدەك مەيخانه بولغايمۇ؟

× ×

هىجرىدىن جانىمغه جانان ئۇزگەچه،
ئوت سالىپ بولدى خىرامان ئۇزگەچه.

زۇلفىنى ناگاه پەرىشان ئەيلەدى،
قىلغالى كوڭلۇمنى هەيران ئۇزگەچه.

جىلۋه ئەيلەردىن گاهى نازۇك بېلى،
تولغانۇر زۇلفى پەرىشان ئۇزگەچه.

ئاه، ۋاۋەيلا دىمەكدىن ئىشىق ئارا،
ئاسرادىم دەردىنى پىنهان ئۇزگەچه.

هەرنىچه قىلدىم فىراقى دەردىدىن،
ئاڭلاتىب فەريادۇ ئەفغان ئۇزگەچه.

ۋايكىم، دەردۇ فىراقى، ئىشقىدىن،
كويدۇرۇر جانىمنى چەندان ئۇزگەچه.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەي نىيازى نالە ھەدسىز ئەيلەسەڭ،
ئۇل پەرى قىلغايمۇ خەندان ئۆزگەچە.

× ×

ناگىھان كوردۇم ئەجەب جانانە بولدۇم ئۆزگەچە،
بىر كورۇب شەيدا كەبى دىۋانە بولدۇم ئۆزگەچە.

تا كوزۇم تۈشكەچ جامالىڭ شەمئىنى يارۇتمادىڭ،
ئورتەنىپ ئىشىق ئوتىغا پەرۋانە بولدۇم ئۆزگەچە.

ۋەكى بولدۇم ئىشىق ئارا دىۋانەلەردەك ۋايىكىم،
مەست لايەئقىل كەبى مەستانە بولدۇم ئۆزگەچە.

جانۇ كوڭلۇم بىرلە جىسمىمنى ئوتۇندەك ئورتەدىڭ،
كىم سالىب ھىجرىڭدىن ئوت، كويدۇم نىگارىم ئۆزگەچە.

ۋايىكىم، جانانەنىڭ دەرد، فىراقى، ئىشقىدىن،
بولغالى ئەريان كەبى دىۋانە بولدۇم ئۆزگەچە.

كور مىنى مەيداندا جەۋلان ئەيلەب ئەي نازۇك بەدەن،
قان ياشىمدىن رەڭ ئالىب شوخانە بولدۇم ئۆزگەچە.

ھىجر تىغىدىن نىيازى بولسا يۈزمىڭ پارە قىل،
تا شەھىد ئىشىق ئۇلاي مەردانە بولدۇم ئۆزگەچە.

× ×

سالدى بىر ئوت ھىجرىدىن جانىمغا جانان ئۆزگەچە،
چىرماغان قەددىنى كاكۇل بىرلە نادان ئۆزگەچە.

ئورتەدى جانۇ دىلىم، بەلكى جاھاننى ئورتەگەي،
گەھى ـ گەھ زۇلفىن ئەتىب قىلغاندا خەندان ئۆزگەچە.

گەھى فەرياد ئەيلەبان گاھى كۆلەردىن يىغلاسام،
كىم تەبەسسۇمدىن كۆلۈب كەلگەي خىرامان ئۆزگەچە.

بۇلبۇلى سەرگەشتەدەك فەرياد قىلسام قىلما ئەيىب،
دەرد ئىلە قىلغۇم نىچە فەرياد ئەفغان ئۆزگەچە.

ئىشق سىرىن ئاشكارە قىلدىك ئەي نازۇك بەدەن،
ئاسرادىم دەردىڭنى بۇ كوڭلۇمدە پىنھان ئۆزگەچە.

ئىشق دەردىيۇ فىراق ئەندۇھى بىرلە تارتقاسەن —
ئەي نىيازى يارنىڭ دەردىنى چەندان ئۆزگەچە.

× ×

كوزۇم ناگاھ تۇشۇب پەيۋەستە قاشقە،
ئەسىر ئولدى كوڭۇل بىر باغرى تاشقە.
جافا جانانەدىن جانىمغا كوبدۇر،
فىراقى بىر سارىدۇر، دەردى باشقە.
قاتار مىژگانلەرى ناگاھ تۇزۇب سەپ،
مىنى جانان غەمى ئالدى قاباشقە.
ئەگەرچە قايرىلىب قىلسا تەرەھھۇم،
خۇدايى جانىم ئالسۇن بىر قاراشقە.
بىرۇر ئەرمىش دىبان ھوسن زاكاتى،
كوڭۇل جان بىرلە قالمىش ئالدىراشقە.
كورۇب دىۋانە دەردىڭ بىرلە مەجنۇن،
رەقىب رۇسياھ ئالدى سوراشقە.
مىنى دىۋانەئى ئەر يان كورەردىن،
جاھان ئەھلى ئارا تۇشتۇم تالاشقە.
تاماشا قىلغاي ئول بىرەھىم، بىدەرد،
نىيازى جان فىدا قىلسە قوياشقە.

× ×

كوزۇم چىقسۇن ئول ئايدىن ئۆزگە كوز سالسام يەنالارغە،
فىدايى جانىم ئالسۇن كوز ئۇچى بىرلە قەرالارغە.

رەقىب تىغىنى ھەردەم مىنىڭ باشىمغە ياغدۇرسا،
نىگارا قىستۇراي گۇل ھەر تەرەب بولغان يارالارغە.

گىرىفتارۇ، ئەسىرۇ دەردمەند ئەيلەب مىنى يارەب،
فىغانكىم ئاھ، ۋاۋەيلا دىمەكدىن بىۋەفالارغە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغۇرمەن ئارزۇ، ۋەسلىغە يەتمەكلىك ئەمەس مۇمكىن،
قېلىپ ھەسرەتدە كوڭلۇم ئورتەنۇردىن بۇ جەفالارغە.

نىيازى ئانچە دەردىڭدىن قىلغۇر فەرياد، ۋاۋەيلا،
ساڭا جانا راۋامۇ جەۋر قىلماق ئاشنالارغە؟

× ×

نىدىن ئورتەنمەيىن كوردۇم نىگارىمنى راۋاق ئىچرە،
ئاچىلمىش ئالدىدا گۇل رەڭ ـ بەرەڭ ئالتۇن تاباق ئىچرە.

تەكۇللۇم بىرلە ئاچتى غۇنچەيۇ لەئلىنى تەبەرەندى،
كورۇب ناگاھ جامالىنى قالىبدۇرمەن فىراق ئىچرە.

لەئلىدەك لەبلەرى بەلكى جامالىغا بارابەر يوق،
ئەگەر نەققاشى تەربە ئەيلەردا چىن، شام، ئىراق ئىچرە.

لىبىگە غۇنچە، سۇنبۇل ساچلارىغا بولسا ئوخشارمۇ،
بۇ رەڭ پەيۋەستە ئەبرۇيى قاچان بولغاي فىراق ئىچرە.

تاپىلماس سەن كەبى جانانە ھەرچەندە ئىزتىراب ئەتسە،
ئەگەرچە دەشت قىفچاق بىرلە قەۋمىيۇ ساياق ئىچرە.

تەرەھھۇم بىرلە ئالدىڭ ئەۋۋەلى كوڭلۇمنى ئەي قاتىل،
كوزۇم ھەم قالماسۇن بۇ تەلمۇرۇردىن ئىشتىياق ئىچرە.

كى سەندىن ئوزگەگە بەلكى نىيازى سالماسۇن كوز دەب،
قارا خالىڭنى مەردۇم ئەيلەدىم جانا قاراق ئىچرە.

× ×

تىگىبدۇ ناۋەك مىژگان ماڭا قاش ئاتقۇنچە،
فىراقى ئورتەدى جانىم مېنى تاڭ ئاتقۇنچە.

ئەگەرچە جاننى تىلەرسەن ئالۇرغە ئەي دىلبەر،
يىتىبدۇر چىقغالى جانىم ئوزدىن ياراتقۇنچە.

قىلغۇرسە ھەرنىچە ئەفغان ماڭا سەۋدايى كوز،
ھەمىشە يولىغا تەلمۈر مېنى قاراتقۇنچە.

يۈرەك باغرىنى قىلاي پارە-پارە جىسمىم ئىچرە،
كى ھىجر فىراقى ئوتىنى تاراتقۇنچە.

مېنى كى ئولتۇرە دەردى ئەي سابا يەتكۈر،
نىيازى جان تالاشۇر يارى بىر سۇراتقۇنچە.

× ×

يازاي بىر نامەئى ئول سەرۋ قەددى نەۋ باھارىمغە،
ئوزىنى كورسۇتۇب ئوتلارنى سالغان خەستە جانىمغە.

ئەمەس نازۇك بىلىدىن زۇلۇف تارى، غۇنچە ئاغزىدىن،
يىلاندەك چىرماشىبدۇر كاكولى ئول گۇل ئۇزارىمغە.

سېنىڭ يادىڭدا ھەردەم قان يۇتاردىن قانمادى كوڭلۇم،
ئومىدىم بار ئىدى لەئلۇ لىبىڭدىن بىر قانارىمغە.

ساڭا ئەي نازەنىن مىڭ نالە قىلسام قىلمادى تەئسىر،
چاقىندەك ئورتەنۇر تۇشسە فەلەك ئوتلۇغ فىغانىمغە.

رەقىبلەر بىرلە كەلسە ھەرنىچە ئەغيارىدىن ھەردەم،
باشىمغا مىڭ قىلىچ كەلسە گۇمان ئەتمە يانارىمغە.

ھەمىشە جىلۋە بىرلە جان ئالۇرغە ئىختىيارىڭ بار،
مېنىڭ كوڭلۇم ئالۇردىن بارمادىڭ بىر ئىختىيارىمغە.

نىيازى ھالىنى سورغايمۇ بىر جانانە جان بەرسەم،
دىبان قويدۇم قەلەم، كاغەز ئۇزە يەتكەيمۇ ھالىمغە.

× ×

فىراقىڭ لەھزە-لەھزە شىددىتىدىن قىلدى ئاۋارە،
نە بولغاي بىر كورۇب ھالىمغا جانان قىلسا نەززارە.

نىدىن ئولغاي فىراقى بىرلە ئورتەندى دىلۇ جانىم،
بۇلۇب مەجنۇن كەبى دىۋانەدەك ھىجرىدە بىچارە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئول ئايكىم ئىشقىدا جان بەرمەكىمگە قىلمىسا باۋەر،
قىلاي سىنەمنى ھىجران تىغىدىن ئالدىدا مىڭ پارە.

خىرام ئەتكەچ نىگارىم يوللارى گەرد ۋۇبار ئولسا،
ياساي سۇ ئەشكىدىن كوزنى قىلىپ ھەر دەمكى بىردارە.

نىيازى بەرمەدى جان دەب نىگارىم كورمە خار ئانداغ،
فىدا قىلدى ساڭا بۇ ناتىۋان جانىنى ھەر بارە.

× ×

پەرى كورۇندى كوزۇمگە قىزىل قەباسى بىلە،
كى گاھى سارغارادۇر كوڭلۇم چىھرەم ئەدئاسى بىلە.

نىتەيكى سەيد قىلىپ كوڭلۇمۇ ئالدى ئول قاتىل،
ئوتەردە جىلۋە قىلىب كاكول ئەژدىھاسى بىلە.

كوزىگە تەلمەرەدۇر يالبارىب كوڭۇل ھەردەم،
كى مىژگان ئوقىنى ئاتماقتا قاش ياسى بىلە.

يۇرەكنى ھەرنىچە پەيكانى ئەيلەگەچ پارە،
بۇ دەرد بىرلە جانىم چىقاردى ياراسى بىلە.

داۋايى دەردىم ئۇچۇن ئانچەكىم جافا قىلمىش،
نە داغلار قويۇبان ئىشقىنىڭ داۋاسى بىلە.

كوڭۇل ئالۇردا مەسىھا دىسەم ئىمىش قاتىل،
نەدىنكى قالمادى جانىم بۇ رەڭ جەفاسى بىلە.

فىغانكى ئاھ نە ئەيلەي رەقىبلەر ئويغاندى،
نىيازى ۋەسىل بولۇر چاغدا ئاشناسى بىلە.

× ×

بىر پەرى جانانغا بولدۇم مۇبتەلا،
دەردىدىن ئەفغانغا بولدۇم مۇبتەلا.

زۇلفىدۇر سۇنبۇل، قەدى نازۇك نىھال،
بىر كورۇپ چەۋگانغا بولدۇم مۇبتەلا.

قاشلەرى پەيۋەستەدۇر ئەينى ھىلال،
ئول كوزى چولفانغا بولدۇم مۇبتەلا.

غۇنچەئى لەئلىنى كورگەچ ناگىھان،
ئول پەرى خەندانغا بولدۇم مۇبتەلا.

بىر كورۇب بەندەئى ئىشىق ئولمىسام،
مەن نىدىن سۇلتانغا بولدۇم مۇبتەلا.

بىر كورۇب مەن ئول پەرى رۇخسارىنى،
ئافەتى دورغانغا بولدۇم مۇبتەلا.

ئەي نىيازى ئىشىق دەردىدىن دىمە،
بىر كىچىك نادانغا بولدۇم مۇبتەلا.

× ×

ناگىھان كورگەچ مىنى بىر جىلۋەدە كويدۇردىكىم①،
ئافەتى جاندۇر ئەجەب نادانغا بولدۇم مۇبتەلا.

يۈزى گۈلدۇر، ساچى سۇنبۇل، قەددىدۇر نازۇك نىھال،
ئاھكىم ئول لەبلەرى مارجانغا بولدۇم مۇبتەلا.

قايسى تىل بىرلە دىيىن ۋەسفىڭنى ئەي نازۇك بەدەن،
قاشى مىھراب، كوزلەرى چولفانغا بولدۇم مۇبتەلا.

جىلۋە ئەيلەردىن تەبەسسۇم بىرلە ئاچتى غۇنچە لەب،
قەھقە بىرلە ئول لىبى خەندانغا بولدۇم مۇبتەلا.

ئەي كوڭۇل پىنھان مىنىڭ دەردىمنى قىلدىڭ ئاشكار،
ۋايكىم بۇ دەرد ئىلە ئەفغانغا بولدۇم مۇبتەلا.

① غەزەلنىڭ ئالدىنقى بىر بېيىتى كاتىپ تەرىپىدىن چۈشۈرۈپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

ئەي نىيازى سەن كىمۇ، بۇ ھىجىر ئىلە جانانە كىم؟
مەن گەدايىكىم ئىدىن سۇلتانغا بولدۇم مۇبتەلا.

× ×

بىر كورۇپ بولدۇم نىتەي قاشى قاراغە مۇبتەلا،
دىلبىرى پەيۋەستە قاش، كوزى قاراغە مۇبتەلا.

ئافەتى جاندۇر ئەجەب جانانە كوردۇم ئوزگەچە،
بولماغاي ھىچكىم مىنىڭدەك بۇ بالاغە مۇبتەلا.

بىر كوزۇم تۇشكەچ جامالى شەمئىغە پەرۋانەدەك،
ئورتەنىپ بولغايمۇ مەن يەڭلىغ بالاغە مۇبتەلا.

كوڭلۇم ئالغاندا دىدىم قىلغاي ۋاپا جانانەكىم،
ۋاھكى بولمىشمەن نىتەي بىر بىۋاپاغا مۇبتەلا.

بىر ۋاپاكىم ھەرنىچە كوز تۇتتۇم، ئاندىن كورمەدىم،
بولغالى جاتۇ كوڭۇل بۇ دىلرەباغا مۇبتەلا.

ئاھكىم، كافىر كوزى قاش ياسىدىن ناۋەك بىلە،
ئاتتى گەر پەيكانەدىن بولدۇم يارغە مۇبتەلا.

ئەي نىيازى يار ئەگەر گەر ئالسا جانىڭ غەم يىمە،
جان بىرۇر ھالەتدە سەن بول جان فەناغە مۇبتەلا.

× ×

كوردۇم، ئەجەب بىر ئافەتى جان قىلدى مۇبتەلا،
كويىدى كوڭۇل ھەمىشە بۇ جان بولدى مۇبتەلا.

بۇلبۇل كەبى فىراقىڭ بىلە نالە ئەيلەبان،
دەردىڭ بىلە ھەمىشە فىغان قىلدى مۇبتەلا.

گەر تۇيماسۇن رەقىب بۇ كوزۇم ئەشكىنى دىبان،
تا يىغلابان بۇ ئەشكىنى قان قىلدى مۇبتەلا.

شاد ئول، ئول ئاي فىراقى بىرلە ئەي كوڭۇل،
سەندىن بولەك بىراۋنى قاچان قىلدى مۇبتەلا.

ئەمدى نىيازى كوز قانىدىن قانىمادى كوڭۇل،
فەرياد ئىتىب بۇ سىرنى نىھان قىلدى مۇبتەلا.

× ×

بىر سەنەم كوردۇم ئەجەب شوخانە، بولدۇم مۇبتەلا،
بارمىدۇر ئىشىق ئىچرە بۇ ھىجران بالاسىدەك بالا.

قىلغالى ھىجىر فىراقى دەشتىدە مەجنۇن مىنى،
كوزلەرىڭ جادۇ مىكىر قىلدى مىنى مىكىر ھىلا.

ئەي كوڭۇل ئەمدى سەنەم كويىغا باردىڭ، يانمادىڭ،
دۇد ئاھىمدىن تاقالمىش باشىمە ئوتتىن جالا.

بارگاھى زەر، قۇمۇ ۋەيرانە كوڭلۇمدۇر ئاق ئوي،
يايلاغىم بولدى مىنىڭ تايخۇن تالاسىدەك تالا.

كافىر ئىشىق ئولمىشىم دەرسەن نىيازى كورمەيىن،
ئول جالا قىلمىش، باشىڭدا ئىشىق ئوتى قىلمىش جالا.

× ×

جانانە ئاچ جامال جان فىدا قىلاي،
دەردۇ غەمىڭنى كوڭلۇم ئاشنا قىلاي.

گەر توكسەلەر كورەردە يومۇب ئەشكىنى كوزۇم،
ھەم قاقشاتىب بۇ كوز يۇزىنى مەن قارا قىلاي.

گەھى بولۇب بۇلبۇل فەرۋانە ئورتەنىب،
تاقالماسۇن بۇ ئىشىق تەرىقىن مەن ئادا قىلاي.

كويدۇم دىسە يۇرەك بىلە باغرىمنى ئورتەيىن،
تىرناب سىنەمنى پارە قىلىب مەن يارا قىلاي.

www.uyghurkitap.com

يادىڭدىن ئۆزگە بولسا كوڭۈل مۈلكىنى بۇزۇپ،
جانۇ كوڭۈلنى بىر ـ بىردىن مەن جۇدا قىلاي.

تا بولمىشىم سەمەندەر ئوتۇڭ ئورتەگەچ مېنى،
ئورتەپ ھەمىشە جىسمى ئوتۇڭدىن بىنا قىلاي.

بولدى خاراب ھىجرىڭ ئىلە ئورتەنىپ كوڭۈل،
سەن سەن فانا، نىيازىغا كىمنى فانا قىلاي؟!

× ×

ئەي نازەنىن فىراقىڭ ئىلە ئاشىنا بولاي،
مەن، تەلبەئى بۇ ھىجرىڭ ئىلە بى داۋا بولاي.

تابماسۇن غەمىڭ بۇ كوڭۈل مۈلكىدىن يىراق،
غەم بىرلە ھەم غەمىڭدە يۈلۈپ بى ناۋا بولاي.

دەرمەن فىراقىڭ ئوتى بىلە جاننى ئورتەيىن،
بۇ ئوت بىلە سەمەندەر ئولۇپ ھەم ناۋا بولاي.

كوڭلۈم ئەمەستۇر خالى مېنىڭ فۇرقەتى بىلە،
تا قالمىشىم بۇ فۇرقەت ئىلە مەن ئادا بولاي.

ئەمدى دىدى بۇ دەردىڭە بۇ ناتىۋان كوڭۈل:
تا ئولگىچە بۇ دەردىڭ ئۈچۈنكىم داۋا بولاي.

تا ئىشتىياقىڭ ئولسا كوڭۈل جان بىلە دىگەي:
ھەردەم بۇزۇپ بۇ سەبر يولىنى گادا بولاي.

دەرسەن نىيازى بارچەنى بۇ ئىشقىدىن دىمەي،
ئەمدى دىگىلكى ئىشقىدا جاندىن جۇدا بولاي.

× ×

باغ ئارا كوردۇم سەنەمنى باش ئۇراي،
نىچە فۇرقەتدىن باشىمگە تاش ئۇراي.

تاشلابان بىر ئالما بەر ئەي نازەنىن،
كورمەسۇن پىنھان رەقىبدىن ياشۇراي.

قىلماساڭ باۋەر مېنىڭ دەردىمنى يار،
كور فىغانۇ ناله ھەددىن ئاشۇراي.

ئانچە ئەفغان ئەيلەيىن ئەي دىلرەبا،
كوزلەرىم ياشى ئىتەكدىن تاشۇراي.

سورمادىڭ ھالىمنى سەن ئەي مۇغبەچچە،
مەن نەدىن دەردىمنى ئاندىن ياشۇراي؟!

ياد قىل مەشرەب سەن ئاھىڭ بىلە،
ھافىزا، لىبىڭنى شەكەردەك شوراي.

دەر نىيازى شۇم رەقىبلەر رۇسىيا،
كورمەسۇن جان ئىچرە جانان ياشۇراي.

× ×

نەقاتىل ئەردى ئول جانانە زۇلفىنى كەمەند ئەتتى،
بولۇب سەييادى زۇلفى دامىغا كوڭلۇمنى بەند ئەتتى.

كوڭۇل شەھبازىغا زۇلف ئىچرە ناگاھ دار خال ئەيلەب،
مەگەر شىرىن لىبىدە جان ئالۇرغە دانە قەند ئەتتى.

ھەمىشە ئەي كوڭۇل جان بىلە قىلغىل سەجدەئى مەقسۇد،
قىلىب مېھراب ئول پەيۋەستە قاشىنى بەلەند ئەتتى.

چىقىب جان كەتتى كوڭلۇم، ۋەھكى قالمىش تەلمۇرۇب بۇ كوز،
توكۇب قان رەشكدىن گويا سىنەمدە ياسمەند ئەتتى.

فىراقى بىرسارى ئورتەر مېنى بى دەردلەر دەردى،
مېنى بىگانە زۇلمى يار ھىجرى دەردمەند ئەتتى.

فىغانۇ نالەئى فەريادىم ئاڭلاردىن مەلۇم ئېرمەس،
بولۇب بۇلبۇل كەبى قىلغان فىغانىمغا پىسەند ئەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

فىراقىڭ دەشتىدە مەجنۇن كەبى فەرياد يەڭلىغ زار،
نىيازى دەشت سەھرا بەلكى تاغ ئىچرە ۋەتەن ئەتتى.

× ×

مۇھەببەت ئەھلى كور بۇلبۇل چىمەندە گۇلئۇزار ئولغاي،
مەگەر فەرياد ئېتەر ئاشۇفتەنىڭ باغرىدا خار ئولغاي.

جامالى يارغە دائىم مېنى پەرۋانە قىل يارەب،
مېنىڭ ئاشۇفتە كوڭلۇم ئىچرە دەردى بار-بار ئولغاي.

باھارى پەسلىدۇر، بۇلبۇل فىغانىدىن باھار ئولماس،
ھەمىشە كوزلەرىمدە ئول قۇياشىم نەۋ باھار ئولغاي.

بولۇب مەنسۇردەك ئىشق ئىچرە بولماقدىن شەھىد ئىشق،
تىلەرمەن تار زۇلفۇڭ بوينۇمە جانانەۋار ئولغاي.

ئەگەرچە سەڭ، خار ھەرتەرەب باشىمە ياغدۇرسا،
مەگەر ئورتەردە دائىم بۇ تىلىمدا يار-يار ئولغاي.

تىلەرجان ۋەھمىدىن فەرياد ئىلە ھەر بارە قەتلىمغە،
ئوزى رەئنا، قەدى زىبا سېنىڭدەك شەھسۇۋار ئولغاي.

ماتائ ھەرچەند زىبايۇ نەفسۇ زەرگار ئولسا،
نىيازى بولدى ئەريان، ئالدىدا نە ئىتبار ئولغاي؟!

× ×

ناگىھان كوردۇم خىرامان بىر پەرى جانانەنى،
ساچلارى سۇنبۇل، قاشى كوزلەرى مەستانەنى.

غىبغىبى بىرلە زەنەخدانىن دىمەكدىن لال مەن،
يۇزلەرى ئايۇ، لىبى غۇنچە، تىشى دۇردانەنى.

خەفھەئى گۇلدۇر قەدى، نازۇك ئىلكى ئەبرەشىم،
زۇلفى تارىدىن ئېرۇر نازۇك بېلى رىزانەنى.

كىم لىباسى ئەرغىۋانى بىرلە ئول سىمەن بەدەن،
ئىشق بىرلە ناگىهان كوردۇم ئەجەب شۇخانەنى.

ئىشقىدا مەجنۇن كەبى دىۋانە بولدۇم ئوزگەچە،
قىلماغىل يارەب نىيازىدەك يەنە دىۋانەنى.

× ×

سۇبهىدەم جەۋلان قىلىب تا شام جانان كەلمەدى،
ئاهلار ئۇردۇم فىراقى بىرلە چەندان كەلمەدى.

سەيلىگاهى باغ ئارا بارماق بىلە ئول باغرى تاش،
كىم پەرىشان قىستۇرۇب گۇللەرنى خەندان كەلمەدى.

نالە ئەيلەردىن كوڭۇل يەتمەس كوزۇمدىن ئەشكىنى،
كوڭلۇم ئالماقدىن ئۇشول بىرەهم نادان كەلمەدى.

ئاه، ۋاۋەيلا فىراقى بىرلە ئورتەندى كوڭۇل،
تەلمۇرۇب يوللارغا ئول سەرۋ خىرامان كەلمەدى.

كىچە كەلگۇمدۇر دىبان كوب ۋەئدە قىلمىش ئەردى يار،
قىلغالى جانان مېنىڭ كوڭلۇمنى هەيران كەلمەدى.

تا فىراقى ۋەسلىدىن جان بەرگۇچە ئەي ئەهلى دەرد،
يارنى ياد ئەيلەبان يادىمغا ئىمان كەلمەدى.

ئەي نىيازى ئول لىبى خەندان ئەنادىن دۇر سىنى،
دىدى بولغايمۇ ئىكىن ئول باغرى بەريان كەلمەدى.

× ×

بىر نامەئى فىراقىڭ ئىلە ئىپتىدا قىلاي،
جانىم ئىشىت، بۇ نام بىلە ئەرز ئادا قىلاي.

يازغۇم بۇ جان بىرلە كوڭۇل دەرد سوزىنى،
كىرفىك قەلەم، مەردۇمى كوزدىن سىياه قىلاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھىجر غەمى، فىراق ئەلەمى، ئىشىق دەردىنى،
ئەيلەب نىگارىم ئالدىدا بىر ـ بىر قاتا قىلاي.

كوب ۋەئدىلەر بىرۇردە ماڭا ئانچە كىم دىدىڭ:
كوڭلۇم ئالىب، بۇ ئىشىق ئوتىغا مەن داۋا قىلاي.

قىلدى جافاۋۇ جەۋر رەقىب، چىقمىدى جانىم،
كورسەم رەقىبنى جان بارىچە ئوغا قىلاي.

قىلغۇم فەلەككە ئورلەتىبان ئاھ دەردىنى،
شام، ساباھ فىراقى بىلە ئاھ ـ ۋاھ قىلاي.

شاد ئەيلەگىل نىيازنى ئەي پادىشا ھوسن،
كىم ئالدىدا كوڭۇلنى بۇزۇب بىناۋا قىلاي.

× ×

تەلمۇرۇپ تۇرغۇنچە ناگاھ ئاچتى گۇل رۇخسارنى،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە قىلماقغا مىنىڭدەك زارنى.
تەرك جان ئەتتىم سىنى كافىر كورۇب ئەي نازەنىن،
كورگەلى كوڭلۇم مىنىڭ ئول كاكولى زۇننارنى.
لاغ ـ لاغ ئورتەر فىراقىڭ جاننى ئەي جانانە كور،
ھىجىر تىغىدىن بىرەي بۇ سىنەئى ئەفكارنى.
قايىسى تىل بىرلە سىنەمنى قىلدى جانانىم دىيىن،
پارە قىلماقدىن سالۇر بۇ خەنجەرى ئازارنى.
ئارزۇمدۇر قويغالى تابسام ئاياغ ئاستىغا باش،
سۇرمە ئەيلەردىن كوزۇمگە ئول كەف گۇلنارنى.
ۋەسىل ئولۇر چاغدا قىلۇرغە مىنى ئاشۇفتە ھال،
قىلغىل ئەي يارەب جۇدا جانانەدىن ئەغيارنى.
بولدى بىسمىل ئەيلەگەن گويا كەبۇتەردەك كوڭۇل،
ئىشۋە ئەيلەردىن گەھى كورگەچ ئىنىڭ رەفتارنى.
ئىمدى ئەي جانان مىنىڭ سىرىمنى فاش ئەتكەي فىراق،
ئاشكارا قىلغۇسى پىنھان كوڭۇل ئەسرارنى.
قىلغىل ئەي جانان كوڭۇلنى ئاسرادى ئەي مۇغبەچچە،
كىم فىدا قىلماقغا گەر تابسا نىيازى يارنى.

× ×

ئاهكم ئورتەر ئىدى ھىجران مىنى،
قىلغالى غەم دەردىدە ھەيران مىنى.

ھىجر فىراقى بىلە ئورتەب كوڭۆل،
ئاتەشى ئىشق ئەيلەبان بەريان مىنى.

قىلدى بۆ ھىجر ئىچرە ئۆشول دەردمەند،
ئاھ، نىتەي كوزلەرى گىريان مىنى.

قەتلى قىلۆردىن داغى ئاسرار ئىمىش،
زۆلم سىتەم قىلغالى جانان مىنى.

ئاھكى، ئەريان قىلىب ئەرمىش كوڭۆل،
ئەيلەگۆسى جان بىلە ۋەيران مىنى.

يار فىراقىم بىلە مەجنۆن دىمەي،
قىلغۆسى ئەريان داغى نادان مىنى.

كور، بۆ نىيازنى ئەجەب ئورتەدى،
قاشى، كوزى، لەبلەرى چەندان مىنى.

× ×

نە كوردۆم بەلەند قەسرەئى خوش نەماي،
نەزاكەت ھەمە ھە تەرەب خوش ھاۋاي.

تاماشا ئۆچۆن تەلمۆرۆب كوزلەرىم،
بىناگاھ چىقىب تۆردى بىر تولۆن ئاي.

كوزى ئەيىىن جاللاد، مارجان لىبى،
لەتافەت ئانىڭ قەددىدۆر ھاي ـ ھاي!

خىرامان تۆرۆب خەندە ئەيلەب گەھى،
دىدىم تانى كورمەك بىلە: ئاھ ـ ۋاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنى ئۇرتەدى ئانچە فۇرقەت بىلە،
قىلىب ئىشقىنى جان بىلە جابەجاي.

فىدا ئەيلەكىم جاننى جاناندىن،
نىتەي جاننى جاناندىن ئەيلەي جۇداي.

نىيازى، نىگارىڭ خىيال ئەيلەدى،
قىلۇر قەتل، ئەمدى نە دەب يالباراي؟!

× ×

قىلدى نىتەي فىراقى بىلەن مۇبتەلا مېنى،
قىلمىش گەداۋۇ ھەسرىتىدىن بى ناۋا مېنى.

دەردىم تولا بۇ ھىجىر بىلە ھالىم ئۇزگەچە،
بىر سورمادى بۇ دەردى بىلە ئاشنا مېنى.

قىلدى فىراقى بىلە بۇ جاندىن مېنى جۇدا،
غەمدىن نىتەيكى قىلمىدى ھەرگىز جۇدا مېنى.

تا بولمىشىم ئۇل ئاينى كورۇب ھالىم ئۇزگەچە،
بۇ غەم يولىدا ئۇزگىچە قىلدى گادا مېنى.

ھەسرەت بىلە سەھەردە يۇرۇب نالە ئەيلەسەم،
بۇلبۇل بىلە ھەمىشە دىگەي ھەم ناۋا مېنى.

يەتكۇر بۇ ھال ئەرز دىلىمنى نىگارىمە،
يادىڭ بىلە ھەمىشە دىگەيسەن سابا، مېنى.

فەرياد ئىتەي نىيازى، ئىشىت ھەر تەرەب خەتىب،
ھەر نە دىگەيمۇ قۇرقۇتۇبان ئالدىدا مېنى.

× ×

قىلدى بىراۋ ئىشقىدا ھەيران مېنى،
ئۇرتەگۇسى ھىجرىدە جانان مېنى.

جىلۋەدە ناگاھ كورۇنۇب دىلرەبا،
ئىشۋە بىرلە ئۇرتەدى چەندان مېنى.

ئانچە فىراقى بىلە ئۇرتەب كوڭۇل،
قىلدى بۇ ھىجران ئوتى بەريان مېنى.

گەر جافايۇ جانىمە قىلماق ئۇچۇن،
قىلدى بۇ رەڭ دەرد ئىلە ھىجران مېنى.

ھىجر فىراقى بىلە مەجنۇن بولاي،
گاھ كورۇب قىلغالى خەندان مېنى.

ئىشقىدا دىۋانە بولۇبدۇر كوڭۇل،
ئاھ، نىتەي قىلغۇسى ئەريان مېنى.

گەر فىغان قىلسا نىيازى دىگەي نىتەي،
بولدى① مىكر بۇلبۇل نالان مېنى.

× ×

ناگاھ كورۇندى چىقمادى مەستانە قىز قەنى؟
قىلدى مېنى فىراقىدا دىۋانە، قىز قەنى؟

قاشى ھىلال، كوزى قارا، لەبلەرى لەئل،
چىقمىش ئىدى سەدەفدىن، دۇردانە قىز قەنى؟

ناگاھ چىقىب كەرەشمە بىلە قاچتى ئۇزگەچە،
چىقماس كوزۇم تېلىندىيۇ، شۇخانە قىز قەنى؟

كوردۇم لىباسى ئەينى سارىغ، چېھرەسى قىزىل،
گەر ياشۇرۇب لەئل كەبى شوخانە قىز قەنى؟

ھەر چەند كوڭۇل ئىزدەدى، جانانە چىقمادى،
كورگەي نىيازى، دىلبىرى شاھانە قىز قەنى؟

① بۇ مىسرا كىتاپنى تۇپلىگۇچى تەرىپىدىن ئۇزگەرتىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

× ×

ئەي ئەھل دەرد مەخفى سىرىمنى ئايان قىلاي،
بولما مەلۇل ئەرز دىلىمنى بايان قىلاي.

ياد ئەيلابان فىراق ئەلىمى ئىشق دەردىمنى،
بىر ـ بىرقىلىب بۇ دەردنى مەن ئەرز فىغان قىلاي.

دەردىم تولا، چىقاردا جانىم بولماسۇن رەقىب،
جان مۇلكىنى فىراقى بىلە تەۋامان قىلاي.

كوبدۇر خاتا سوزۇمدە، كورۇب قىلماغىل جىدەل،
تىرىكمەن ئوزۇم، زەررە ئوتۇم بار نىھان قىلاي.

كەلگەچ كوڭۇلگە ھەرنە دىدىم ئاڭلاماي لۇغەت،
دىدىم: ئۇزۇن، قىسقا سوزۇمنى راۋان قىلاي.

مەندىن دىمەس بۇ سوزنى قىلۇر ئىشقدىن گۇمان،
بۇ ئۇزرە ئىلە سوزۇمنى ئىشت، بى گۇمان قىلاي.

خوش تەبئلەر بۇ نەزدم سوزۇم قىلسەلار قوبۇل،
بۇ ناتىۋان نىيازىنى دەرھەم زەبان قىلاي.

× ×

بىر كۇنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام،
ھەزرەتى ئادەمغە يەتكۇردى پايام.

بەردى خۇدايىڭ ساڭا بىر نىئمەتى،
تۇرفە ئەجەب نىئمەتۇ پۇر لەززەتى.

بۇغداي ئەردى ئاتى ئۇشۇل دانەنىڭ،
ھىچ ۋۇجۇدى يوق ئىبنىڭكى يانەنىڭ.

ھەزرەتى ئادەم تارىب ئول دانەنى،
توشقارىب ئالدى ھەمەئى خانەنى.

تابىشدىن تىنچ ئەيدى ئافتاب،
ھەر بىرىگە رەڭ بىرىب ئول ماھتاب.

جۇملە سەتارە بىربىان سۇ ئاڭا،
باد بىرىب ھەر ساريدىن بۇي ئاڭا.

چاھار ئانا سىر قىلىبان پەرۋەرش،
جۇملە مۇئاشۇ نىچە تۇرلۇك يىمىش.

شاد كورۇب ئوزلەرىنى بەر كامال،
ھەر بىرىسىگە ئىيتىب ھەسب ھال.

جەمئ بولۇب بارچە قىلىب ئىتتىفاق،
مەشۋەرەت ئەيلەب بارى قىلدى ۋەفاق.

نىئمەت ئارا شىر بىرەنج شاھ ئىدى،
بارچەنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ ئىدى.

قەليە بىرەنج شاھغە ئەردى ھەرەم،
نىئمەت ئارا بارچەسىدىن مۇھتەرەم.

پەدنە ئىدى شىر بىرەنج تۇققانى،
توئمە لەتافەت ئاڭا يۇققانى.

شىللە جىگەر كۇشەئى پەيۋەندە ئىدى،
شاھغە فەرزەندە جىگەر بەندە ئىدى.

بەتتە ـ يىقىن شاھغە ئەردى ۋەزىر،
ئەقىل فاراسەتدە ئەيدى بى نەزىر.

ناخۇدۇ، زەردەك ئىدى شاھغە نەدەم،
خىزمىتىدە روز شەب ئەردى قەدەم.

چوچ بىرە مىرزا باكاۋۇل ئەردىلەر،
ماھى مىرزا ھەم ياساۋۇل ئەردىلەر.

مانتۇ ئىدى نىئمەت ئاراچۇن نەقەب،
توئمەلەر قاشىدا كىم با نەسەب.

www.uyghurkitap.com

چوب بىلە ئۇگرەنى ئىشقاۋۇل قىلىب،
زەردىكۇ، ناخۇدنى قاراۋۇل قىلىب.

بارچەسىدىن يۇقارى ھالۋا ئىدى،
ئوزگەسى تۇرك ئېردى، بۇ موللا ئىدى.

بىرنى رىشالە كىچە ئابىرلارى،
بار ئىدى بىر نىچە ئاكا بىرلارى.

قازى رىشالە كىچەدا ......،
ھادسە ئاخـۇند ئىدى مۇفتى مۇھىب.

سەنبۇسا ئىشىك ئاغا بولۇب ياندا،
تۇردى كېلىب جۇملەئى بۇ سەف خاندا.

شورپا بىرەنج ئەردى شەھەر دوغاسى،
جۇملەئى نئمەتلار ئارا يورغاسى.

قاتلىما ئولتۇردى خەلافەت بىلە،
قات ـ قاتىدا توئمە لەتافات بىلە.

جۇملەئى نئمەت ئارا جەمئ ئولتۇرۇب،
ئەيشى ـ فاراغەت بىلە سوھبەت قۇرۇب.

ئولتۇرۇب ئەردى ھەمە بىر تور خۇد،
كەلدى قاچىب زەردەكۇ، مىھتەر نۇخۇد.

دىدى: ياغى يەتتى جانىڭ جايلاغىل،
بارچە ياراغىڭنى قىلىب سايلاغىل.

يەتتى كىكىردەك چىرىگى بۇ زامان،
زىر - زەبەر ئەيلەر، ۋە بەرمەس ئامان.

جۇملەسى فىكىر ئەيلەدى نىتمەك كېرەك،
ھەر بىرىمىز بىر سارى كەتمەك كېرەك.

شىر بىرەنج بىلە كىڭاش قىلدىلەر،
بارچە تائام لەشكىرىنى يىغدىلەر.

شەهری قازان قەلئەسی مەهكەمدۇرۇر،
كىرسا ئاڭا بىرلەگە نە غەمدۇرۇر.

كىردی هەمە شەهری قازانغە باری،
پەر بولۇبان ئىچكاريىۋ، تاشقاری.

شەهری شەكىم ئىچرە ئىدی نەفسی شاه،
هىلە بىرلە مىكر ئەيدی خەيل سپاه.

هەر ئىشدە نەفسگە شەيتان ۋەزىر،
كابۇ ـ كاسافەتتە ئىدی بی نەزىر.

نەفسگە شەيتان قىلىسا مەشۋەرەت،
ئوتنی چاغاۋۇلغا قىلىب مەسلىهەت.

بولدی قازان قەلئەسی ساری راۋان،
يەتتی قازان شەهرىغە ئوت پەهلىۋان.

قەلئەنی ئوت ئانچە قايىل ئەيلەدی،
ئالغالی هەم بىسيار جىدەل ئەيلەدی.

جۇملە تائام لەشكەری يىتىب ئۇزۇب جان،
بارچە قىلىب سوز ئىلە ئاهۇ، فىغان.

نەفسە چۇمۇچ مىرزانی لايىق كورۇب،
ئەلچىلىك ئەيلەرگە يارالىق كورۇب.

دىدی: چۇمۇچ مىرزاسی پاتراق بارىڭ،
ياخشی ـ يامان بارچەسنی ئاختارىڭ.

بولدی چۇمۇچ شەهری قازانغا راۋان،
شەهەر ئىلىدىن چىقىب ناغرۇ، فىغان.

شەهەر ئەهلی بارچە كىلىب ئەردی تەڭ،
زەهرەسی يوق هىچ قىلماقۇ جەڭ.

بىلدی چۇمۇچ بارچەسنىڭ هالىنی،
بارۇ، يوقۇ جۇملەنىڭ ئەهۋالىنی.

www.uyghurkitap.com

چىقتى چۈمۈچ شەھرى قازاندىن قاچىپ،
نەفسە تۈرۈپ ئەردى چۈ ئاغزىن ئاچىپ.

دىدى: چۈمۈچ جۈملە سەراسەر سوزىن،
ئاغزىنى ئاچتى داغى يۈمدى كوزىن.

نەفسە، چۈمۈچدىن ئىشتىب بۇ خەبەر،
جۈملە كىكىردەك چىرىگى بەردى جەر.

كەلدى كىكىردەك چىرىگى سەف تۈزۈب،
ئۈزنى تائام لەشكەرىگە كورگۈزۈب.

چىقتى تائام لەشكەرى غەيرەت بىلە،
شەھرى قازاندىن داغى ھەيبەت بىلە.

بارچەلارى تۈردى چىقىب جابەجا،
ھەر بىرىدە ئۈزگەچە بار ئەددىئا.

شير بىرەنج بارچەسىدىن يۇقارى،
بەتتە بىلە قەليە بىرەنج بىر سىرى.

شورپا بىرەنج ھەم ئەيدى تابەئ ئاڭا،
ھىچنىمەدىن يوق ئىدى مانىئ ئاڭا.

پەدنە دىگەن شاھغە تۇقان ئىدى،
ئۈزگەچە بىر شەئن ئىلە يۇقان ئىدى.

چىقتى رىشالە داغى زىننەت قىلىب،
ئۈزگەچە بىر شەئن ئىلە شەۋكەت قىلىب.

چىقتى تەمەننا بىلە پالودە بەگ،
باشىدىن ياغ شەھرى ئىلە ئالۇدە بەگ.

چىقتى چۈچۈكلۈك بىلە......،
ئاستىدا نان ئەردى باشىدا ياغى.

چارىيە بۇ خەلق ئارا ئاخۇند بولۇب،
ۋەھمەدىن ئانىڭ جىگەرى خۇن بولۇب.

چىقتى قۇيۇب باشى ئۇزە تاقىنى،
ئەگىنگە كەيدى داغى ئۇلپاقىنى.

چىقتى بۇ دۇنيادە دىگان پەھلىۋان،
يۇزىنى چەلفەك بىلە ئەيلەب نىھان.

زەردەك ئەيدى: نەيزەئى قىنىكەن ئۇمۇد؟
باشىدا سارىغ ئەلىمى ئەردى دۇد.

چامغۇر ئىدى ياز ھەققەت بولۇب،
مىرزا ئۇزگاچە زىننەت بولۇب.

چىقتى ئانىڭ كەينىچە كۇف قافلە،
چۇچ بىرە بەگ باشىدا قالفاق بىلە.

باشقا كۇتەرىب يەنە بۇ ئاق ئەلەم،
قالفاقىنى قىرلادى ئەيلەب قەلەم.

چوفكە خەبەر يەتتى ئۇشۇلدەمدە فات،
كەيدى قۇياقىنى ھەمۇل قاتمۇ ـ قات.

شەبە ياساب گوشىنى فىيازنى سەر،
تۇردى كىلىب ئوترادا چۇن شير نەر.

ماھىچە دۇرغا چىقىبان شەھرىدىن،
نەيزەلەرىن سودرەب ئالىب قەھرىدىن.

بۇغرا باھادىر كىرىبان بۇغراسى،
مەئلۇم ئەمەستۇر ئۇزۇنۇ توغراسى.

شورپا باھادىر ئىشتىب ئالدىراب،
كەيدى ساۋۇت ھەلقەلەردىن پالدىراب.

ئۇشبۇ تەرىق ئوزىگە خۇرسەند بولۇب،
تۇردى قەدەھ ئىچرە كىرىب بەند ئولۇب.

ئۇگرە شاقاۋۇلغا يىتىب كوب ئەلەم،
ئول كوتەرىب باشىغە ياشىل ئەلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

چوگره سىڭا ناننى قىلىب كەڭره،
ئەيلەدى ئۇزىگە تەبەقنى توره.

چىقتى قازان قەلئەسىدىن بىر تۇمان،
كىمگە دىسەم، ئۇفكە دىگەن پەھلىۋان.

گەھى ئىسىلىب چۇمۇب، ئۇزدىن بارىب،
گەھى قاۋارىب، قىزارىب، سارغايىب.

چىقتى ئانىڭ كەينىچە ھافىز لولى،
ناغراچى، دۇمباقچى جەمەئ لولى.

باشىدا سارىغ ئەلەمىن ئالدۇرۇب،
نەيۇ، ناغرايۇ، دوبۇلۇ چالدۇرۇب.

ئۇشبۇ زامانغا خەبەر بەردىلەر،
زاغ ئەل ئارا قۇفچى باشى ئەردىلەر.

جۇملەئى مىلتىقچىلارغا باش ئىدى،
شورپا بىلە زاغ ياخشى قېرىنداش ئىدى.

زاغ قىلىب ئۇزىنى تەبەق ئىچرە بەند،
مىلتىقنى فاختە بىلە قىلدى بەند.

گىردە چىقىب باشىغە سال ئەيلەدى،
كۇنجۇد ئىلە يۇزىگە خال ئەيلەدى.

كوزلەردىن ئەشكىنى ئەيلەپ راۋان،
نەئرە چىكىب ئۇفكە دىگەن فەھلىۋان.

دىدى: جەپاتىغە خەبەر يەتكۇزۇڭ،
تىز بارىڭ دوت شەھەر يەتكۇزۇڭ.

يەتتى جەپاتىغە خەبەر بۇ زەمان،
يىغلادى كوب ئەيلەدى سوزۇ ـ فىغان.

يوقتۇر ياراغىم، نە قىلاي مەن ئورۇق،
ئادەم ئىدىم تەبئۇ تەڭ ھەم قۇرۇق.

ۋەھىم ئىلە كەلدى جەفات خۇند ئۇزە،
كەلدى، ئولتۇردى چىقىب خۇند ئۇزە.

خۇند ئۇزەسىدە جەپاتى ۋەھىم ئىتىب،
كاكچى جەفاتىنى كورۇب رەھىم ئىتىب.

كاكچى جەپاتىغە دىدى: ياش ئىدۇك،
تار شىكىم ئىچرە قىرىنداش ئىدۇك.

غەم يىمەگىل ئىلگەرىگە مەن تۇراي،
كەلسە ياغى ھەر نىمە بولسام بولاي.

كاكچە چىقىب تۇردى جەپاتى ئۇزە،
توختاتىبان ئىككى قاناتى ئۇزە.

بار ئىدى ئانداز ھىچ ئاتلىق پىقىر،
ئەل كوزىدە ھورمەتى كەم بىر ھىقىر.

بارچەسىدىن ئوزىنى كەم چاغلاغان،
بىلىگە ھىممەت كەمەرىن باغلاغان.

بىرى توقۇز تونلۇق ئەيدى ئاڭا ئات،
كوب ئىدى دۇنياسى ئانىڭ قاتمۇ-قات.

خەلق ئارا يوق ئەردى ئاڭا ئىتىبار،
بار ئىدى دۇنياسى ئانىڭ بىشۇمار.

چىقتى بۇ ھەم ئەسكى جەفاتى بىلە،
گاھ قىرىچە گەھى ھەم يانى بىلە.

چىقتى بۇ ھەم نىچە بەغلۇ يالاڭاچ،
باشى كوجە، سىرماقۇ، يومدان، ئۇماچ.

سەفنى تۇزۇب تۇردى فەرىقۇ-فەرىق،
ھەر بىرى ئوز ئورنىدا بىر ھەر تەرىق.

چىقتى تائام لەشكەرى پىرى جوۋان،
سالدى چۇ مەيدان ئوزە دەستۇرخان.

www.uyghurkitap.com

جۇملە كىكىردەك چىرىگى بىر تەرەپ،
ھەر بىرى ئۇز تەرزى بىلە تۈزدى سەپ.

كەلدى جوفراش بولۇب باد سەر،
ئەيلەدى سەققالىق ئاگا جۇملە ئەبر.

جەڭ، نەقارە، دۇبولۇ چالدۇرۇب،
چوڭ ـ كىچىك بارچىغە غەلۋە سالدۇرۇب.

شىير بىرەنج ئەلگە قىلىب يارلىغ،
يوقمۇ بىزنىڭ ئالدىدا مەدەتكارلىغ.

بەندە ئىسە ھەر كىشى ئازاد ئېتەي،
لەئل ـ جەۋاھىر بېرىبان شاد ئېتەي.

بولسا رەئىيەت ئېنى دەرخان قىلاي،
بەگ قىلىبان مەن ئېنى دەرخان قىلاي.

بەردىسە خەلئەت، قۇچاق ئەتلەس بېرەي،
ئويگە زىننەت ئاغاچا، خاتۇن بېرەي.

نىچە مەنزىل تەھى مەراھىل قىلىب،
نىچە مەھەل مەئدەدە مەنزىل قىلىب.

ئاندىن ئۇتۇب شەھرى شەكىم سارىغە،
شەھرى شەكىم بەلكى ئەدەم سارىغە.

جۇملە بارۇر ئەردى ئاچالماي كوزى،
نە كېچە مەئلۇم ئىدى نە كۈندۇزى.

چۈنكى شەكىم قەلئەسىنى يەتتىلەر،
بارچەنى زىندانغا مەھكۇم ئەتتىلەر.

قالدى ھەمە نەفسە ئىلكىدە تائام،
تابەئ ئولۇب بارچەلەرى خاس ئام.

مۇترىب كوب سوزلەمەكلىك خوب ئەمەس،
تەركى سوزۇڭ ئەيلەرا مەرغۇب ئەمەس.

خەتمە قىلىب مۇختەسەر ئەيلەب كالام،
قەتئى سوزۇك سوزلەمەگىل ۋەسسالام.

ساقى ماڭا ۋەئدەئى گۇلفام تۇت،
تەشنەلىكىم دەفئىغە بىر جام تۇت.

× ×

كوز ئاچۇرمەنكى بۇ نە غەۋغادۇر،
مۇۋەلەر ئىچرە كوب تەمەننادۇر.

ئىشتىڭلار ھىكايە ئەي ياران،
مۇۋەلەر ۋەسفىنى قىلاي ئايان.

باغ ئارا ناگىھان نەزەر قىلدىم،
ماجراسىن كورۇب ھەزەر قىلدىم.

قىلادۇرلەر ئوزىنى تەئرىفات،
ئوزىدىن ئوزگە مۇۋەلەرنى ئۇيات.

مۇۋەلەر بىر-بىرى بىلە ئۇرۇشۇب،
جەڭ مەيدانىنى ئەجەب قۇرۇشۇب.

ئوزىنى تۇرفە تەئرىفات ئېتەدۇر،
ئوزىدىن ئوزگەسىنى سۇندۇرادۇر.

ھەر مۇۋە ئوزىنى قىلىب ئەئلەم،
قىلادۇر ئوزگەنى ئوزىدىن كەم.

ھەمە مۇۋە يىغىلدى شول سائەت،
گەر ئۇرۇشماقغا ئەيلەدى سۇرئەت.

ئەۋۋەل ئەيدىكى ئۈجمە: ئەفزەلى مەن،
نە ئۈچۈنكىم بارىدىن ئەۋۋەلى مەن.

مەن پىشارمەن باھار ۋاقتىدا،
ھەممە ئەل يەرلەر ناھار ۋاقتىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەندۇرمەن مۇۋەلەر ئارار ئەئلا،
كىشى يوقتۇر مېنى يىمەس ئەسلا.

ھەمە ئەھل جاھان ھەم شاھلار،
تويغۇچە يىگەلى مېنى خاھلار.

گەرچە ئىلماس كوزىگە خۇدبىنلار،
مېنى يەب يىلغا يەتتى مىسكىنلار.

كېلىبان ھەر كۈنى زەئىف غېرىب،
يەر مېنىڭ يەرگە تۆشكەنىمنى تېرىب.

كىردىم ئەلنىڭ كى جان ئاراسىغە،
يوقسە يەر ئىدى غىزاسىغە.

ئېشى يوقلار مېنى غىزا قىلدى،
ھەمەسى ئاياغىمغا يىقىلدى.

سەيلانىم كەڭرىدۇر سۇلايماندەك،
جانئۇ-جانئۇارلار يەيدۇ مېھماندەك.

ئۆزىگە مۇۋە مېنىڭچە كەڭرى ئەمەس،
ئۆزگە مۇۋەدەك ئەل مېنى قويماس.

شاخىم ئۆزرە چىقىب ھەمە خۇبان،
ئىرغاتۇرلار، توكولۇشۇب مارجان.

يافراغىم فەزلىنى قىلاي زاھىر،
بەردى قۇرۇتغە ئايۇب سابىر.

ئەي مېنى موللالار سۇيۇب جامە —
كاغەز ئىتىب بۇتۇرلەر دالنامە.

ھەم خۇدايۇ ھەمدە ئاندە رەسۇل،
قىلدى ئاندا قاراركى نەزۇل.

بولسا ھەر مۇۋەدە بۇ ئەفزەلى كەرەم،
بارى تەمەننا بولغۇسى ئەزەم.

مۇەلەر ئىچرە مەندۇرمەن ئەفزۇن،
ئەيىب ئىتۇر ئەل سوزۇمنى قىلسام ئۇزۇن.

ئۇشبۇ سورداكى يەتتى زەر دالۇ،
ئىشتىلدى بۇ سوز قۇلاقىغا ئاغۇ.

ئۇرۇك ئەيدىكى ئۇجمەگە ئول ھەيىن،
يالغان يوق بۇ سوز ئارادا چىن.

ئوزۇڭ ئوخشايسەن قافقارا قۇلغا،
سىنى ئالماس كىشى ساتسا پۇلغا.

سىنى مىھمانغا ھىچ كىشى قويماس،
قويسا مىھمان كوزىگە ھەم ئىلماس.

خۇش كورىنۇرسەن قارنى ئاچغانغا،
سىنى قىلمايدۇرلار خۇرۇش نانغا.

ئۇرۇك ئەيتۇر يەنەكى: ئەي ئۇجمە،
تولا ھەدىن زىيادە لاف ئۇرمە.

سىنى ئەي ئۇجمە ئەل ئۇلاغ ئاتى يەر،
مەن بەھەم بولماسام زورۇر سىنى يەر.

يىسە ھەم يەر سىنى غەرىبۇ-گادا،
بولادۇر تۇشكەنىڭ ئىشەككە غىزا.

يەردەكىڭنى باسىپ ئاياغى بىلە،
قاقادۇرلار باشىڭ تاياغى بىلە،

بەئزى ئەل يىلدىزىڭنى كولاب ئالىب،
كاغەز ئەيلەر سىنى چىلاپ ساستىب.

توكەدۇرلەر ھەمەڭنى قۇچقاچلار،
كى زەرۇرەتدە يەر سىنى ئاچلار.

ھەمەدىن ئىلگرى بولۇرسەن خازان،
بىر زامان يوقتۇر سەندە ھەرگىز ئامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كى ئۆرۈك ئۆجمەنى ئۇيان ئەتتى،
چۈن سوز بىرلە بەلكى مات ئەتتى.

ئۆرۈك ئەمدى بۇ سوزلەرنى تاشلادى،
ئوزىنىڭ ياخشى ۋەسفىدىن باشلادى.

دىدى: مەندۇرمەن ئاشىقى خۇبان،
ئول سەبەبدىن بولۇپمەن سەرگەردان.

شاھ خۇبانغا مەندۇرمەن ئاشىق،
ئول سەبەبدىن مېنىڭ يۈزۈم سارىغ.

ئەھل ئىشىق ئىچرە مەندۇرمەن ئەفزۇن،
ماڭا شاگىرد ۋامىقۇ-مەجنۇن.

مەندۇرمەن مۇەلەر ئىچىدە فەرىد،
ئىشىقدىن كوبدۇر ئىچىمدە دەرد.

دىدىلەر: دەرتسىز مىسلى كېسەك،
ئىشىق يوق بولسا ھەركىشىدۇر ئىشەك.

ھەر زامانىكە بولسا غورە ئۆرۈك،
بولادۇر يىگەلى جۇۋانلار يۈرۈك.

چىقادۇر چاقسالار ئىچىمدىن مېغىز،
مېغىز يەگلىغ جاھاندا يوقتۇر نىغىز.

قىلاي ئەمدى بۇ سوزۇمنى قىسقا تامام،
سوزنى قىلغان دەر ئاز كارى ئاۋام.

بۇ ئۆرۈكلەر ھىكايەتىن ئىشتىب،
يۈگۈرۈب كەلدىلەر ئالمالار يېتىب.

ئالما ئاچىغلاشىب ئۆرۈك بىلە،
ماجرا ئەيلەدى ئەجەب تۇرفە.

ئالما ئەيدىكى: ئەي ئۆرۈك مېھنەت،
سارغارىبسەن تولا چىكىب زەخمەت.

ئەي ئۇرۇكلەر بولۇب سلەر ئاغرىق،
بولسا ھەم ئاغرىقلىك ئەجەب قاتتىق.

ئاغرىقلىك شەدىدە جولۇب سەن،
ئەمدى ھالىك بۇ بولسا ئولۇبسەن.

سەن كەبى يوق جاھاندا شەرمەندە،
زەررە ئەقىل، ھۇش يوق سەندە.

كى بولۇبسەن زەئىف بىچارە،
ساقايالماي ئولۇبسەن ئاۋارە.

بەشرەڭ ھەم ئىرىغ كەبى سارىغ،
بەئزى مەغىزى ھەم ئاغۇدەك ئاچىغ.

قىلادۇر پايلاماي سارىغ بەدرەڭ،
چاغىنى چاغلاماي مىنىڭ بىلە جەڭ.

ئالما بىر نىچە ماجرانى سالىب،
بولدى ئاخىر ئۇرۇكلەرگە غالىب.

ئالما ئەيدىكى: مەندۇرمەن مەھبۇب،
بارمۇ ئەسلى چىمەندە مەندىن خۇب؟

بارچە مەندۇرمەن مىۋەنىڭ شاھى،
زۇمۇرەت ئاسمانىنىڭ ماھى.

باغ ئارا مەندۇرمەن شاھى خۇبان،
بىر يۇزۇم سۇرۇغ، بىرسى ماھتابان.

ھەر كىشى كورسە ئالمانى ناگاھ،
مەن ئالاي ئالما، دەب ئۇرارلار ئاھ.

ئالما تۇرسە ھەم ئالور قويماس،
تىشى قاماغۇنچە يىسە ھەم تويماس.

بىرەر خۇم كورسەڭىز گۇل خەندان،
ئارزۇلۇقدۇر ماڭا بۇ ئەھل جاھان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


كىمدە دەرد دۇنيادا مېنى يىمەگەن،
كورسەم ھەر يەردە بىرماگا دىمەگەن.

ئارزۇ ئەلگە مەن مەن چەندان،
تۇتادۇر بىر ـ بىرىگە قىزۇ، جۇۋان.

بىر يۈزۈم ئاق، بىر يۈزۈم گۈلگۈن،
خەلق ئالەم ئېرۇر ماگا مەجنۇن.

ئاشىق ئۇلسا بىر ـ بىرىگە دۇچار،
ئۇل زامان يەلداپ بىر ـ بىرىگە تۇتار.

يوقتۇر مېنىڭدەك ئەل ئىچرە ھورمەتلىك،
مېۋەلەرنىڭ ئىچىدە ئىززەتلىك.

ئالمانىڭ بۇ ھىكايەتى شولدەم،
يەتتى شافتالۇنىڭ قۇلاقىغا ھەم.

ئىشىتىب چۇن تۇرالماي پايلاب،
كەلدى بىر جەڭ قىلغالى ئوزىدىن شمايلاب.

دىدى شافتالۇ: ئەي ئاچىغ ئالما،
سەن كەبى يەردە كوب ياتۇر چالما.

ئالما دەب بىر ئاتىڭ ئۇزۇڭ بىلە،
سېنى كىم ئالسۇن بۇ سوزۇڭ بىلە.

كافىرى سەن قىزىل جىلا تاقىان،
ياتېكىب ئوق ئاقىب ئاندىن قان.

بولدى ھەددىن زىيادە ئۇشبۇ سوزۇڭ،
ئەمدى كوب سوزلەمە قىزاردى يۈزۈڭ.

فىسە بولدۇڭ ئەي چىرايى ئالا،
يىرتادۇر قۇرساقىڭنى قوي كالا.

سېنى پىشماسىدىن ئىلگەرى قۇرۇت يەر،
يىسە ھەم تازە پىشقانىڭنى يەر.

سىنى ھەر كىم يىسە ساۋۇقى ئاشار،
قۇرساق ئاغرىتىپ، بولۇر بىمار.

ئۇزۇڭنى ئۇتكەرمە ئەي يۇزى ئالالا،
يىسە ھەم يەر سىنى كىچىك بالالا.

مەن تۇرۇب ئالمانى يىگەن كىمدۇر،
مەن بەھەم بولماسام سىنى يەيدۇر.

قىلدى شافتالۇ ئۇرۇشنى ئەدەم،
ئۇزىنىڭ تەئرىفىغە قويدى قەدەم.

دىدى شافتالۇ: مەندۇرمەن ئەلا،
لەززەتىمنىڭ ھىساۋى يوق ئەسلا.

مەندۇرمەن مىۋەلەردە ئىززەتلىك،
يىگەلى ھەم لەزىز لەززەتلىك.

يىسە ھەركىم بۇ ھورمىتىم بىلە،
پەر بولۇر ئاغزى شەربىتىم بىلە.

مىنى يەر، بولسا كىمنىڭ ئىمكانى،
لەززەتىمنىڭ ئەسلى يوق سانى.

مىنى كورسە يىمەي قارارى يوق،
بولسا تاھەم ئەگەر قۇرساقى توق.

قۇدرەتى بولسا ھەركىشى مىنى يەر،
ياخشى ۋەسفىم ئوقۇيدۇر زىر-زەبەر.

سويۇنۇر ھەر كىشى مىنى يەردە،
بىر يىسە ياد ئىتەر تۇمەن يەردە.

ياخشىلار يىسە مىنى تۇشىدە،
تۇتادۇر ئەرتەسى قوپۇب روزە.

قىلدى شافتالۇ بۇ ئۇرۇشنى ئادا،
ئاخىر بولدى ئالمالارغا ئىزا.

www.uyghurkitap.com

چۇن ياڭاق بۇ ھىكايەنى ئىشىتىب،
يۇگۇرۇب كەلدى شول زەمان يىتىشىب.

كى ياڭاق ئاچچىغى بىلە شول زەمان،
قىلدى شافتالۇ بىلە كوب مەيدان.

ياڭاق ئەيدىكى: ئەي يۇزى تۇكلۇك،
كى سوزۇڭ شۇبۇ بولسا سوزلەمە، شۇك.

يىسە ھەر كىشى بەش ئالتە شافتالۇ،
ئەزم بولماس ئاڭا بولۇر ئاغۇ.

ئىت يىمەي ياتاسەن ساسىب باغدا،
پىشاسەن تۇرفە بى مەھەل چاغدا.

ساتسەلەر چارسىكىڭنى بىر پۇل ئالۇر،
ئۇنى ھەم ئالسا تۇل خاتۇنلەر ئالۇر.

خار ئۇچۇن ئەل يىمەي يارۇرلە قاق،
يىمەي ھەر گادامۇ بەرى ئاتار، فاق!

ھەر كىشى يىسە بىر تويار قاقنى،
ئاغراتۇر مەئدە بىرلە قۇرساقنى.

گەر چىلاب ئىچسە قاقنى ھەم كوبرەك،
ئولاشۇر شول زامان ئاڭا تىترەك.

يىسە ھەركىشى بەش ئالتەچە چۇن قاق،
قۇرساقى ئىسلىب بولۇر دۇمباق.

كىم ئەگەر يىسە ھەم تولا قاقنى،
ئاغراتۇر شول زامان كى قۇرساقنى.

ئەرتەسكى قوپۇب تاۋۇش ئىشىتىك،
چالغاي ئولكىم ناغرايۇ۔ دۇمباقنى.

ئەي ئولۇك سەن كەبى يوقتۇر ئالەمدە،
سەن كەبى بى ھايا ۋە شەرمەندە.

تۇك باسىدۇر يۈزۈڭنى ئەي هايۋان،
سەن كەبى يوق جاهاندا ئەسكى تاۋان.

ئۈنۈتۈب بەئزىسى يانچۇقتا سالار،
ئىزىلىب، يەنچىلىب بەرىن بۆلغايلار.

ماجرانى تۇگەتتى ئەمدى ياڭاق،
ئۆزىنىڭ تەئرىفىگە قويدى تاماق.

ياڭاق ئەيدىكى: مەندۇرمەن دىلدار،
قىزۇ ئوغلان هەمە مىنى ئوينار.

توهفە ئەيلەر مىنى يىراق يەرگە،
غەم يىمەسمەنكىم ئۆرسەلەر يەرگە.

مىنى ئويناب هەمە دىلۇ ناشاد،
غەم-ئەندىشەدىن بولۇر ئازاد.

سورسا هەر كىم مىنىڭ ئاتىمنى ياڭاق،
خالىساڭ مىغزىنى تاش بىرلە چاق.

مىغزى شىرىن مىنىڭ ئىچىمدە جىق،
بارمۇ ئالەمدە مەن كەبى تاتلىق.

هەر كىشىنىڭ ياراسى قىلسا ئەلەم،
ياقار ئەيلەب ياڭاق بىلە مەرهەم.

ياڭاق ئەمدى سوزىنى ئادا قىلدى،
تەئرىفاتىنى ئىنتىها قىلدى.

ئىشىتىب بۇ هىكايەلەرنى ئانار،
قىزارىب بولدى يۈزى چۈن گۈلزار.

تىترىكىبدۇر هىچ هالى قالمادى،
ئەقلى-هۇشى چىقىب بولالمادى.

كىلىبان هۇشىغا ئۈشول سائەت،
ماجرا قىلغالى قىلىب سۈرئەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئانار ئەيدىكى: ئەي پاراڭچى ياڭاق،
ياخشى ۋەسفىڭنى ئېيتايىن ماڭا باق.

نە سەبەبدىن ئۆزۈڭنى ياد ئېتەسەن،
ئۆزگەنى بۇ سۇفەتدە ياد ئېتەسەن!؟

يالاڭداب سېنىڭ تېرەڭنى سويۇب،
ئالادۇر كۈنگە سالىبان قۇرۇتۇب.

سەن ياڭاقدىن ئەگەر تاغار تولسا،
يېتەدۇر بىر ئۇشۇقچە تاش بولسا.

چاقادۇر ھەر كىشى سېنى جاق - جاق،
ئايرىلۇرسەن بىر ئۇرسالار ۋاق - ۋاق.

ماجرانى تامام قىلدى ئانار،
ئۆزىنى تەئرىف ئەيلەدى بىسيار.

ئانار ئەيدىكى: مەندۇرمەن دىلخاھ،
كورسە ھەر كىم مېنى ئالۇرلەر ئاھ.

باغ ئارا مەندۇرمەن شاھى خۇبان،
مېنى كورگەن كىشى قالۇر ھەيران.

رەخلارىمدۇر يەڭى ئاچىلغان گۇل،
كورسە ئالەم ئەھلى بولۇر بۇلبۇل.

نازەنىن مەندۇرمەن چىمەن ئىچىدە،
سورۇتۇم شاھلارنىڭ ئالدىدە.

قۇدرەتى بولسا ھەر كىشى ساقلاب،
مېنى يەرلەر سەھەر قوپۇب، ئاقلاب.

قىلادۇر پەش كىشى مېنى خانغە،
قويادۇر تاختىغا تىزىب شاڭغە.

باردۇر ھەركىمدە قۇدرەتۇ - دانىش،
مېنى ساقلاب خۇراك قىلۇر ياز - قىش.

مەندۇرمەن مىۋەلەردە ئىززەتلىك،
يىگەلى ھەم لەزىز، لەززەتلىك.

ئىشىتىب بۇ ھىكايەلەرنى چىلان،
يۇگۇرۇب كەلدى يىلدىراب شۇل زەمان.

چىلان ئەيدىكى: ئەي ئانار تەلبە،
بىزگە مۇنچە ئۇزۇڭنى ئۇتكۇرمە.

قىزارىبدۇر يۇزۇڭ كى ھەم بويۇڭ،
ئاغرىقلىڭ شەددىدا يادا جولدۇڭ.

قىلادۇر ھەركىشى سېنى پارە،
پارە قىلۇر بولسا ئاۋارە.

سەن ئۇزۇڭنى بىلەمسەن ئەي نادان،
بەشرەڭنى قانىڭ بىلە بوياغان.

ئەي تىرەسى قېلىن، ئانار نارى بار،
ئاچىغلىڭ كەلسە قۇرساقىڭنى ياراي.

چىلان ئەمدى ئۇرۇشنى تاشلادى،
ئۇزىنىڭ تەئرىفىنى باشلادى.

چىلان ئەيدىكى: مەندۇرمەن كىمياب،
ھەمە ئاغرىق دارۇسىغا ئەسباب.

يىغادۇر ھەر كىشى مېنى دارا دەب،
ئاغرىقدىن سەھەت تاپۇر مېنى يەب.

مېنى ھەركىم يىغىب يىسە قىشۇ ياز،
ساۋۇقى ئاشسا مەن قىلۇرمەن ئاز.

مەندۇرمەن مىۋەلەردە ئىززەتلىك،
يىگەلى ھەم لەزىز، لەززەتلىك.

ئىشىتىب چۇن بەھى چىلان سوزىنى،
ئالىب ئۇردى دەرەختىدىن ئوزىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىھى كەلدى ئۇشول زەمان يۇگۇرۇب،
كى چىلاننىڭ يۇزىگە بىر تۇكۇرۇب.

دىدى: ئەي بى ھايايۇ، شەرمەندە،
بىزگە جەڭ قىلغالى نە ھەد سەندە؟

شۇم يىتىمدەك قىلىب ساڭا نىمە سوز؟
ئۇزگەلەرگە سوزلەگەندە سوزلەمە سوز.

نە ھەققىڭ بىلە بىزگە جەڭ قىلاسەن؟
مىۋەلەرگە ئۇزۇڭنى تەڭ قىلاسەن؟

بىھى قىلدى تامام بو سوزىنى،
تەئرىف ئەتمەككە قويدى ئۇزىنى،

بىھى ئەيدىكى: مەندۇرمەن جانان،
باغ ئارا مەندۇرمەن شاھى خۇبان.

مەندۇرمەن مىۋەلەردىن ھورمەتلىك،
يىگەلى ھەم لەزىز، لەززەتلىك.

ساقلاب ھەر كىشى تاپار ئىززەت،
يىسە ئاغرىق كىشى تاپار سەھەت.

مەندۇرمەن بارچە مىۋەدىن ئەئلەم،
ياخشى ۋەسفىمنى داغى قىلدىم كەم.

ئىشتىب نەشىبىتمۇ بۇ غەلبەنى،
يۇگۇرۇب كەلدى ئۇرغالى ھەمەنى.

مەندۇرمەن مىۋەلەر ئارا جانان،
بىھى بىلەن ئىكاۋلەن بىر تۇققان.

سوزىنى قىلدى نەشىبىت ئاخىر،
چۇن جىنەستە تۇرۇب ئىكەن ھازىر.

بۇ ھىكايەتنى شول زەمان ئىشتىب،
ماجرا ئەيلەدى جىنەستە كىلىب.

كى جىنەستە ئەيدى: ئەي نادان،
بۇ دىگەن سوزلەرىڭنىڭ بارى يالغان.

نەشبىت دەپ ئۇزۇڭدىن ئاتىلىڭ خۇب،
لەززىتىڭ مىسلى تىررە، يادىڭ كوب.

تولا ھەددىن زىيادە لاف ئۇرمە،
يان يولۇڭغا تاياق يىگۇڭ تۇرمە.

ماجرانى تامام ئادا قىلدى،
تەئرىفاتىنى ئىنتىها قىلدى.

كى جىنەستە ئەيدى: مەندۇرمەن،
مىۋەلەر ئىچرە مىسلى دۇررى ئەدەن.

ھەر يىپردىم مىسلى لەئل يا مارجان،
مىنى كورگەن كىشى قالۇر ھەيران.

دەر مىنى كورسە ھەر كىشى گەۋھەر،
بىرۇرمەن ئىلكىگە بولسا جەۋھەر.

ئۇشبۇ يەردە جىنەستەنىڭ سۇخەنى،
ئۇزىنىڭ تۇيغانىدا تۇگەدى.

بۇ ئۇرۇشدىن قاغۇنغە يەتتى خەبەر،
ئاتلانىب چىقتى ماجراسىغا سەھەر.

ئىشتىب بۇ جىنەستەنىڭ سوزىنى،
پارە ـ پارە قىلىب قاغۇن ئۇزىنى.

قاغۇن ئەيدىكى: ئەي جىنەستەئى شۇم،
شۇملۇغۇڭ ئالەم ئەھلىغە مەلۇم.

ئەي هارامزادە، بىهايايۇ، ئاتاسىز،
مىنى يوق دەب نە فوقنى يەب ياتاسىز؟

ماڭا باق، ئەي جىنەستە شۇم ئەقرەب،
ھەركىم ئاغرىق بولۇر سىنى تولا يەب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەي پاراڭچى جىنەستەئى يۇمۇلاق،
ساڭا ئوخشە ئېغىلدا كوپ قۇمۇلاق.

قاغۇن ئەيدىكى: مەندۇرمەن نىئمەت،
مېنى ھەركىم يىسە تاپار لەززەت.

بىر ئېتىمدۇر قاراقاش ئەركانى،
لەززەتىمنىڭ ئەسلى يوق سانى.

ئىككەسى ئاق ناۋات، كوك ناۋات،
يېسىڭىز مىسلى شەككەرۇ ناۋات.

بىر سىفاتىمدۇر لوبلايى دىگەن،
ياش كىشىلەر چۇرۇكنى يەيلى دىگەن.

بىر ئاتىمدۇر مېنىڭ بىشەك شىرىن،
لەززەتىمدۇر ئالەم ئەھلىغە تەئىن.

بىر سىفاتىمدۇر تورلۇغ جاغدا،
جاغدادەك مىۋە بارمۇدۇر باغدا؟

خەلقىنىڭ ياخشىسى مېنى تارىغان،
پىشقانىم يەيدۇ تىشى يوق قېرىغان.

تارسا ھەركىشى بولۇر فازىل،
تاڭلا جەننەتكە بولغۇسى داخىل

چۇنكى تاربۇز بىر بۇرادىرىمىز،
قانادۇر سۇسالىق ئانى يىسەڭىز.

بەئزىنى تىلسەڭىز چىقار گۇلنار،
گوشتىدىن شەربىتى ئانىڭ بىسيار.

سۇساغاندا يىسە نە راھەتدۇر،
شەربەتىن ئىچسەڭىز ھالاۋەتدۇر.

كەلتۇر ئالدىڭ پارە قىل بىرنى،
چىقار ئاندىن قازاندا بىر شىرنى.

ھەركىشى شىرنە بىلە ھالۋا قىلۇر،
تاتلاغىدىن يىسە تىلى يارىلۇر.

قاغۇن ئەيدىكى: مەندۇرمەن مەھبۇب،
قاچان ئىپىتىب كىتەي سىفاتىم كوب.

بۇ قاغۇننىڭ سوزىنى ئۇزۇم ئاڭلاب،
كەلدى جەڭ قىلغالى چىرىك باشلاب.

ئۇزۇم ئەيدىكى: ئەي قاغۇن ئەفيۇن،
نە ئۇچۇن مۇنچە ئەيلەدىڭ ئەفسۇن.

ماڭا باق ئەي قاغۇن دىگان قالتاق،
سىنى يىسە بولۇر ئاغىز شالتاق.

ئەي قاغۇن سوزلەمەيسىز يىغلابسەن،
جويلۇگەندىن تىلىڭنى چاينابسەن.

بەزى ئەل مۇش بىلە باشىڭ يارادۇر،
كوتەرىب بەزى ئەل يەرگە ئۇرادۇر.

يوقتۇ سەندەك جاھاندا بى چارە،
يارسا قارنىڭ بولۇرسە ئاۋارە.

تارقىراب ئوينى پەر قىلۇر سۇيۇك،
بۇلغار ئوينى شافاق بىرلە ئۇرۇغۇڭ.

باردۇر مەشھۇر بۇ سوز خالايىق ئارا،
چۇن تاتىغىسىز قاغۇن ئۇرۇغى تولا.

خاكى ھايۋان ئىرۇر سىنى يانجىب،
يىسە ھەركىم قىچاق بىلە سانجىب.

ئىلگەرى پىشقانىڭنى ئىشىت يەيدۇر،
بۇ سىفاتىڭنى خەلق بىلمەيدۇر.

ئول تىرەڭنى سويۇب قىلۇرلەر قاق،
قۇرساقىڭنى يارۇر بورى، تۇرفاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پىشقانى تۇرمادى سافاغىدا،
خەمگى قالدى مالنىڭ ئاياغىدا.

ئەمدى مۇندا تامام بولدى ئۇرۇش،
ئۈزۈم ئوز تەئرىفىگە قىلدى يۇرۇش.

ئۈزۈم ئەيدىكى: مەندەدۇر لەززەت،
يىسە ھەركىم مېنى قىلۇر ئىشرەت.

مەندۇرمەن مۇەلەر ئارا زاتلىغ،
خوشمۇ ئوبدان دىمەككە ھەمە تاتلىغ.

بىر ئاتىم ساھىبە، بىرى كىشمىش،
ياخشىلار يەر مېنى يىغىب ياز- قىش.

...... خوب مىنى يەيدۇر،
يىسە يەر ئەردى نان بىلە ئەنگۈر.

ئاق ئۈزۈم، بىر ئاتىم مۇناقىدۇر،
مىڭ دىنار چارىكىم باھاسىدۇر.

مەندۇرمەن نازەنىن چىمەن ئىچىدە،
بارمۇ باغ ئىچرە مەن كەبى مۇە.

شىرنە مەندىن بولۇبدۇر فەيدا،
شىرنە ھالۋاسىغا ھەمە شەيدا.

قىلدى ئاشلارنى سىركە بىرلە لەزىز،
ئىچسە ھەر كىم بىھىشتدا ئەزىز.

ئىشتىب بۇ ھىكايەنى شول زەمان،
خورما ھەم كەلدى قىلغالى مەيدان.

خورما ئەيدىكى: ئەي ئۈزۈم شۈك بول،
ئەسلا تەگمەس خوجاڭ تۇرۇب ساڭا يول.

نە شەقىلىك بىلە بىزگە سوزلەيسەن؟
مۇەلەرگە ئۈزۈڭنى تەك قىلاسەن؟

بىر سىفاتىنىڭ ئۇرۇغى يوق چۇنجى،
مىسلى بى دەست پايە بىرمۇنچى.

كۇمەدۇر قىش باشىڭنى تۇفراقغە،
ئاسادۇر گەردىنىڭنى ياز شاخغە.

قىلادۇر سەن ئۇزۇم بىلە چاغىر،
چاغىر ئىچكەن كىشى بولۇر كافىر.

ئەمدى مۇندا تامام بولدى فۇسۇنى،
بولدى خورمايۇ جۇملەدىن ئەفزۇنى.

خورما ئەيدىكى: شاھ مەندۇرمەن،
ھەمەسىگە فانا مەندۇرمەن.

سورسا ئەسلىم بىھىشت باغىدىن،
ھورمەتىم ئەنبىيايۇ زەمانىدىن.

مەندۇرمەن مىۋەلەر ئارا ناياب،
شاھلار ھەم مېنى يېگەي ئىلغاب.

بارمۇ ھەر كىمدە مەندەكى ھورمەت،
يېسە ئاغرىق كىشى تاپار سەھەت.

ئاخىر خورمانىڭ سوزى ئۆتتى،
ھەمە مىۋە بۇ سوزگە چىن پۇتتى.

بولدى خورما ھەمەسىگە سۇلتان،
ئۇزگەسى بولدى تۇتقۇچى فەرمان.

شاھلىق تەخت ئۇزرە ئولتۇردى،
سوزىگە كىرمەگەننى ئولتۇردى.

شاھ خورما ئۇزۇمنى قىلدى ۋەزىر،
مەسلىھەت بىلە نەشىبىتنى ئەمىر.

ھوكمى سۇلتان بىلە بىھى ئىشىك ئاغا،
بولدى شافتالۇيۇ جۇملەگە دورغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالماغا تەگدى مەنسىبى قازى،
بولدى شول ۋەقتىدا ئانار مۇفتى.

تەگدى قاغۇنغا مەنسەبى مىراب،
ئەيلەدى جۇملە تەشنانى سىراب.

قىلدى ئىش ئۇستىدە چىلاننى باكاۋۇل،
قويدى دەرگاھىدا ياڭاقنى ياساۋۇل.

يەنە قىلدى ئۈرۈكنى قازناقچى،
ئۈژمە ھەم بولدى شاھغە باقچى.

بەردى جىنەستەگە شاڭ بىگىلىك،
تەگدى ئەينالۇغا دىۋان بىگىلىك.

قىلدى بۇ يەردە ماجرانى تامام،
ھەمەسى تاپتى غەلبەدىن ئارام.

نىيازى بۇ ھىكايەت بى ناۋا قىلدى،
مىۋەلەر ۋەسفىنى ئادا قىلدى.

## لۇغەت

### ئا

ئالۇدە — ئارلىشىپ كېتىش

### ب

باغرى بەريان — باغرى ئۆرتىلىش
بەرقەدى — خۇش قامەت
بىغەت — بىغايەت
بىكەس — يالغۇزلۇق
باكاۋۇل — زىياپەتتە تاماق توشۇغۇچى
بادىسەر — قاتتىق شامال

پ

| | |
|---|---|
| پەيام | سالام |
| پەيۋەستە قاش | قوشۇما قاش |
| پەردە ئى ئەسمەت | هايا (نومۇس) پەردىسى |
| پەدنە | پىننە |
| پالۇدە | پولو |

ت

| | |
|---|---|
| تەجەللى | نۇر، شولا |
| تاب | هارارەت، يالقۇن |
| تەرىقى ئىشقى | ئىشىق (مۇهەببەت) يولى |
| تەهى | سالام، ئىززەت |
| تاۋان | چىداشلىق، بەرداشلىق |

د

| | |
|---|---|
| دەفئ | خالاس بولۇش، قۇتۇلۇش |
| دىلرەبا | دىلنى تارتقۇچى |
| دۇبۇل | دۇبۇلغا |

ئە

| | |
|---|---|
| ئەبر باهار | باهار يامغۇرى |
| ئەددىئاسى | مەقسىدى، مۇددىئاسى |
| ئەقرەب | چايان |
| ئەلتاف | ئىلتىپات، هىممەت |

ج

| | |
|---|---|
| جامە ۋەهدەت | يىگانىلىك قەدەهى |
| جۇزبە هالەت | ئۇزىگە تارتىش |
| جەلا | چاچ پوپۇگى |

چ

| | |
|---|---|
| چاهار ئاناسىر | 4 ئۇنسۇر (ئوت، سۇ، شامال، تۇپراق) |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | |
|---|---|
| چوچ بىرە | چوچۇرە |
| چاغاۋۇل (شاغاۋۇل) | ۋالى |
| چارىيە | تاماقنىڭ نامى |

## خ

| | |
|---|---|
| خۇد نەما | بىخۇت |
| خارسىيەت | خارلىق |
| خەلافەت | خەلپىلىك |
| خۇبان | چىرايلىق، گۈزەل، خوپ |

## ھ

| | |
|---|---|
| ھاۋايى كۈۋە | بەت ھەۋەس |
| ھەمزەبان | مۇڭداش، تىلى بىر، ئاھاڭداش |

## س

| | |
|---|---|
| سىرشىك | كوز ياش |
| سىيل ئەشك | كوز ياش كەلكۈنى |
| سەد بەرگ | سانسىزلىغان يوپۇرماق |
| ساھىبە | ئۈزۈمنىڭ بىر خىلى، سايۋا |
| سىراب | توقچىلىق |

## ش

| | |
|---|---|
| شەب قەدرى | شىۋ قەدرى |
| شىر بىرەنج | شويلا (گۈرۈچ تامىغى) |
| شورپا بىرەنج | شوۋا گۈرۈچ |
| شىر نەر | ئەركەك شىر |

## ر

| | |
|---|---|
| رابات | قونالغۇ، ئۆتەڭ، دەڭ |

## ز

| | |
|---|---|
| زەر دالۇ | ئۆرۈك |

ۋ

| | |
|---|---|
| ۋەجھە | ۋەجى، سەۋەپ |

ف

| | |
|---|---|
| فەرد | يالغۇز، يەككە |
| فوسۇنى | ھىلە ـ نەيرەڭى، جادۇسى |

ق

| | |
|---|---|
| قاسىد | خەۋەرچى |
| قەلىيە بىرەنج | گۈرۈچ قوتۇرمىچى |

ك

| | |
|---|---|
| كەرەشمە | خوش قىلىق |
| كافۇر | ئاق رەڭلىك خۇشبۇي كىرىستال |
| كىمىيا | خىمىيە (ئالتۇن ـ كۈمۈش مەنىسىدە) |

ئى

| | |
|---|---|
| ئىپتىدا | باشلىماق، باشلاش |
| ئىشقاۋۇل | قورۇقچى |
| ئىنتىھا | ئاخىرلىشىش، تۈگەش |

يى

| | |
|---|---|
| ياستانىش | تەييارلىنىش، تەمشىلىش |
| ياسىمەند | ياسىمەن، گۈل ئىسمى |

غ

| | |
|---|---|
| غەلتان | شار، يۇمۇلاق (ئۇنچە ـ مارجان شارچىلىرى) |
| غىبغىبى | ئىككى جاۋغىيى |

## گ

| | |
|---|---|
| گۈلنار | ئوت گۈلى، ئانار گۈلى |
| گۈلفام | قىزىل مەي |

## ل

| | |
|---|---|
| لەئلگۈن | ياقۇت رەڭلىك |
| لالە گۈل | لالە رەڭلىك، قىزىل |
| لايەئقل | ئەقلىنى يوقىتىپ قويۇش |

## م

| | |
|---|---|
| مەگەر | ئەگەر |
| مەردۇم | كوز قارىچۇق |
| مەجازى | يالغان، جا |
| مۇباھ | ھەم پەزىلەت ھەم ئەخلاقسىزلىق سانالمايدىغان ئادەتتىكى ئىشلار |
| مەرھەم | شىپا |

## ن

| | |
|---|---|
| نەسۇد | نىمە پايدا، نە كېرەك |
| نەۋئى | قېتىم، نوۋەت |
| نەۋمىد | نا ئۇمىت، ئۇمىتسىز |
| نەشئى | ھوزۇر، پەيز |
| ناخۇد | نوقۇت |
| نىغز | تاتلىق، لەززەتلىك |



# بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر



نەشرگە تەييارلىغۇچى:

**توختى ئابىخان**

رىۋايەتچىلەر ھىكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىر زامانلاردا بەھرام ئىسىملىك بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پۇقرالارغا شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىكەنكى، ئۇنىڭدىن ھەممە كىشى خوشال ئىكەن.

بەھرام ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئاقىل دانىشمەنلەرنى تەربىيلەپ ئەلنىڭ ئىشلىرىنى شۇلارغا تاپشۇرۇپتۇ. غەزنە ئىشلىرىنى ئىچىپ غېرىپ-مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشالىقى بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپتۇ. مەملىكەت ئاۋات، پۇقرا باياشات بولۇپتۇ. بەھرامنىڭ بۈيۈك نامى پۈتۈن ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، بەھرامنىڭ مەلىكە دىلئارام دىگەن بىر ئايالى بار ئىكەن. مەلىكە دىلئارام شەمشەرۋازلىق، كەمەندىۋازلىق ۋە نەغمە-ناۋازلىقتا تەڭداشسىز ئىكەن. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن بىللە شىكار قىلىدىكەن. ئۇلارغا دۇچكەلگەن ھەر قانداق نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ئۇلار ئۇنى يا ئوق، يا كەمەندە بىلەن چوقۇم قولغا كەلتۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار شىكارغا چىقىپ، دەشتى باياۋاندا يۈرگىنىدە، ئالدىغا ئىككى كىيىك ئۇچراپتۇ. بۇ كىيىكلەرنىڭ بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى ئىكەن.

— ھەزرەتلىرىگە ئىلتىماسىم، — دەپتۇ دىلئارام ئېرىگە قاراپ، — ئاۋۇ كىيىكلەرگە

www.uyghurkitap.com



ئۇق ئاتسلا، شەرت شۇكى، مەن دىگەن نەتىجە يۈز بەرسۇن.

— مەسىلەن، قانداق نەتىجە؟ — دەپ سوراپتۇ بەھرام.

— ئاتقان ئوقلىرى تەككەندىن كېيىن، — دەپتۇ دىلئارام چۈشەندۈرۈپ، — ئەركەك كېيىك چىشى، چىشى كېيىك ئەركەك بولۇپ قالسۇن.

— بولدۇ! — دەپتۇ بەھرام ئىشەنچلىك ھالدا.

بەھرام بىرىنچى ئوقنى ئەركەك كېيىككە ئاتقان ئىكەن، ئوق كېيىكنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى ئۇچۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ-دە، ئىككىلا كېيىك چىشى كېيىكتەك بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئوقنى ئاتقان ئىكەن، بۇ ئىككى ئوق چىشى كېيىكنىڭ بېشىغا خۇددى مۈڭگۈزدەكلا قادىلىپ قاپتۇ-دە، چىشى كېيىك ئەركەك كېيىكتەك كورۈنۈپتۇ. بۇ ھالدىن مەغرۇرلانغان بەھرام كۆلۈمسىرەپ، سوئال نەزىرى بىلەن مەلىكىگە قاراپ سوراپتۇ:

— قانداق؟

— دۇنيادا بۇنداق مەرگەنلەر تولا، — دەپتۇ دىلئارام يېڭىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — بەلكىم سىلىدىنمۇ ئۈستۈن ماھارەت ئىگىلىرى بولۇشى مومكىن. ھەزرەتلىرىنىڭ مەغرۇرلىنىشى بىھاجەت.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ بەھرامنىڭ يۈرىگىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنلاپتۇ. غەزەپتىن چىرايى تاتىرىپ، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى بەزگەكتەك تىترەپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مەندىن ئوبدىنىنى تېپىۋال! — دەپتۇ ئۇ غەزەپ بىلەن ۋە مەلىكىنى ئاتتىن ئۈزۈپ ئېلىپ يەرگە ئۇرۇۋېتىپتۇ ۋە ئاتنى چاپتۇرغان پېتى ئارقىسىغىمۇ قارىماي باياۋاندىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، دىلئارام ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئويلىماي قىلغان سوزىگە پۇشايمان قىپتۇ. لېكىن "كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن" دىگەندەك، پۇشايمان پايدا بەرمەپتۇ. دىلئارام ھەسرەت-نادامەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەر تەرەپكە قاراپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆز سايىسىدىن بولەك ھەمرا يوق ئىكەن. ئاخىر ئۇ يىراقتا كورۈنگەن تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا-ماڭا پۇتلىرى قاپىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇ، چىشىنى چىشلەپ، ئازاپنى ئىچىگە يۇتۇپ مېڭىۋېرىپتۇ.

نەزمە:

كوڭلۇمگە داغ چۈشتى شۇبۇ قەدەمدە،
ئۆتەرمەن نەچچە ئاي دەردۇ-ئەلەمدە؟!
نەچچە يىل بىر ساڭا خىزمەت قىلدىم مەن،
ئاھ، ئەمدى مەن كىمدىن پانا تىلەيمەن؟

دىلئارام يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، كوپ مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ. ئاقىۋەت يىراقتىن بىر يېشىللىقنى كورۈپتۇ. ئۇ گويا شىپا تاپقان بىتاپتەك جانلىنىپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، شۇ ياققا قاراپ مېڭىپتۇ. كورۈنگەن يېشىللىق بىر دىخاننىڭ ئېكىنزارلىغى ئىكەن. بۇ دىخان

كوپنى كورگەن، كوپنى بىلىدىغان، دانىشمەن، هونەر سەنئەتتىمۇ قولى گۈل كىشى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ چىقىپ ئىسسىق ـ سوغاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بىۋاپا دۇنيادىن بىزار بولۇپ، ئىستىقامەتنى ئىختىيار قىلىپ، باياۋاندا تېرىقچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئىكەن.

دىخان دەشتۇ ـ باياۋاندىن چىقىپ كەلگەن ساهىپجامال، پەرى سۈپەت دىلئارامنى كورۈپ، هەيران بولۇپ سوراپتۇ:

—ئەي نازىنىن قايسى باغنىڭ گۈلى، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قايسى پەرىشتە، قايسى پەرىزاتنىڭ نەسلى بولىسىز؟ بۇ دەشتۇ ـ باياۋاندا نىمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟

مەلىكە دىلئارام بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر بىر بايان قىلىپ، ئاخىرىدا:

— ئەمدى ئۆزلىرىگە ئوغۇل هەم قىز بولغىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

— مەن سىزنى قىزىم دىسەم، نامراتلىق ۋە پەقىرلىگىمنى ئەيىپكە بۇيرۇمىغايسىز، — دەپتۇ دىخان.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ دىلئارام دىخانغا، — سىز ئاددىلا دىخان بولماستىن، كوپنى كورگەن، كوپنى بىلىدىغان دانىشمەندەك قىلىسىز. مېنى قىزىم دىسىڭىز، يۈزمىڭ مەرتىۋە خوشال بولىمەن. چۈنكى مەن بىر غېرىپ ـ مۇساپىرمەن. سىزدىن ئوبدانراق ئاتىنى قەيەردىن تاپىمەن؟

دىخان كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە دىلئارامنى ئويىگە باشلاپتۇ. مەلىكە ئويگە كىرىپلا چاقـ قانلىق بىلەن خۇددى خىزمەتكاردەكلا ئىشقا كىرىشىپتۇ. قۇلغىدىكى ئىككى دانە هالقىنى ئېلىپ دىخان ئاتىسىغا سۇنۇپتۇ. دىخان ئۇستا جاۋاهىرشۇناس ئىكەن. ئۇ ياقۇت كوزلۈك هالقىنى كورۈپ، ياقۇتنىڭ ئىنتايىن قىممەت باهالىق ياقۇت ئىكەنلىگىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكىـ نىڭ سوزى بويىچە ئۇنى سېتىپ، دىلئارامغا لايىق ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاتا ـ بالا بولۇپ كوڭۈللۈك تۇرمۇش ئوتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سوزنى بەهرامدىن ئاڭلاڭ:

غەزنۇنگە پايلىماي خوتۇنى دىلئارامنى ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئېتىۋېتىپ ئوردىغا قايتىپ كەلگەن بەهرام ئالدىراقسانىلىق قىلغىنىغا ناهايىتى كوپ پۇشايمان قىلىپ، كوپ قېتىم دىلئارامنى تاشلاپ كەلگەن يەرگە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. لېكىن بارغانلاردىن مەلىكە توغرىلىق هېچبىر خەۋەر ئالالماپتۇ. دىلئارامنىڭ هىجران پىراقى بەهرامنى كېچە ـ كۈندۈز ئازاپلاپتۇ. ئۇ هەسرەت ۋە پۇشايمان ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، پادىشالىغىنى تاشلاپ، دەرۋىش بولۇپ كەتكىلى تاس قاپتۇ.

ئەلقىسسە، مەلىكە دىلئارام دىخان ئاتىسىنىڭ ئويىدە ياخشى تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئولتۇرسا ـ قوپسا كوڭۈل رىشتى باغلانغان ئېرىنى ئويلايدىكەن. ئۆزىنىڭ ئالدىراڭغۇـ لۇق قىلغىنىغا كوپ پۇشايمان قىلىدىكەن. بەهرامنىڭ ئىشقى پىراقىدا ئۇنىڭ باغرى كويۇپ، رەڭگى ـ رۇخسارى كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ كېتىپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ بىر كۈنى دىخانغا ئۇ، — هەركۈنى پادىشا بىلەن شىكارغا چىقاتتىم. بۈگۈن كوڭلۈم سەل خامۇش تۇرىدۇ. رۇخسەت بەرسىڭىز شىكارغا چىقىپ كەلسەم.

www.uyghurkitap.com

دىخان دىلئاراغا رۇخسەت بېرىپتۇ. دىلئارام خوشال بولۇپ، تەييارلىغىنى پۈتتۈرۈپ، شىكارغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇ سەيلە قىلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ شۇنداق شىكار قىلىپتۇكى، كىيىك-جەرەنلەرنى، ئارقار-بۇغىلارنى گاھى ئوق، گاھى كەمەندە بىلەن ئوۋلاپتۇ. ساز چېلىپ، ئاشىقانە ناخشا توۋلاپ، شۇنداق ناۋا قىپتۇكى، بۇنى ئاڭلىغان ھايۋانلار بىھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ... دىلئارامنىڭ داڭقى خەلقى-ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

ھەممە يەرگە: "دەشتۇ-باياۋاندا تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىر دىخاننىڭ بىر قىزى بارمىش، ئۇ قىز شۇنداق شىكار قىلارمىشكى، ئۆلۈك كىيىكلەرنى تىرىلدۈرەرمىش، تىرىكلىرىنى بىھۇش قىلىپ يىقىتارمىش..." دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ. بۇ خەۋەر شاھ بەھرامنىڭ قۇلىغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى بۇ قىزنى زىيارەت قىلىشنى خالاپ، ۋەزىر-ۋۇزرالىرىنى باشلاپ، ئىسىل ئاتلارغا مىنىپ، يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار دىخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ كۆرۈپتۇكى، ھېلىقى داڭدار قىز — دىلئارام ئىكەن.

— ئەي قىز، — دەپتۇ بەھرام، — نەغمە-ناۋا بىلەن جانۋ-جانىۋارلارنى ئالداپ بىھۇش قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاشنى ئەقىل-پاراسەت، ماھارەت دەپ بىلىپ، تەھسىن-ئاپىرىن ئېيتىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. چۈنكى دۇنيادا مۇنداق ئىشلار كۆپ، ھەتتا سەندىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان شىكارچى، چەۋەنداز خوتۇن-قىزلارمۇ بولۇشى مۇمكىن.

— ئەي پادىشا بەھرام، — دەپتۇ قىز، — سەن دىلئارامنىڭ سۆزىگە سەۋرى قىلماي ئۇنىڭغا ھېساپسىز زۇلۇم قىلدىڭ...

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەھرام چىداپ تۇرالماپتۇ. ئۆز پۇشايمىنىنى سۆزلەپ، خىجىللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. دىلئارامۇ ئۆز خىجىللىقىنى ئىزھار قىپتۇ. بىر-بىرىدىن ئەپۇ سوراپ، ھوزۇرخالىق ئېيتىپتۇ. بەھرام دىخاننىڭ دىلئارامغا سەممىي ئاتىدارچىلىق قىلغانلىقىغا كۆپتىن-كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېساپسىز نەرسىلەرنى ھەدىيە قىپتۇ ۋە دىلئارامنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئەلقىسسە، بەھرام دىلئارامنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىن، ئەيشى-ئىشرەت ۋە ئويۇن تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ، مەملىكەت خىزمىتىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۇ شىكارغا شۇنداق بېرىلىپ كېتىپتۇكى، ئوردىغا ئايدا بىرەر قېتىم قايتىپ كېلىدىكەن. بۇ ھالدىن ئەل-جامائەت، دانىشمەن ئوردا كاتتىلىرى ناھايىتى بىئارام بولۇپتۇ. لېكىن پادىشانى بۇ ئىشلاردىن توسۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇڭا مەملىكەت كۈنسېرى خاراپ بولۇشقا باشلاپتۇ.

پادىشا بەھرامنىڭ نىھمان ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بولۇپ، ناھايىتى سەزگۈر، دانا كىشى ئىكەن. ئۇ بەھرام بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئامراق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشا بۇ ۋەزىرنىڭ ھەرقانداق مەسلىھىتى بولسا قوبۇل قىلىپ شۇ بويىچە ئىش قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئوردا كاتتىلىرى نىھماننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي نىھمان، — دەپتۇ ئۇلار ھال ئېيتىپ، — مەملىكەت ھالاكەت گىرداۋىغا كېلىپ قالدى. سەن پادىشاغا بىر مەسلىھەت بەرگىن، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىپ يولىنى تاپسۇن. سەلتەنەت تەختىدە مۇقىم ئولتۇرۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا سالسۇن.

ۋەزىر نىھمان ئۇلارغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپتۇ.

— ئەي دوستلار، — دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدىكى پىلانىنى ئىزھار قىلىپ، — مەن پادىشا

بەھرام بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىمەن. سىلەر يەتتە نەپەر نەققاش كەلتۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھۈنەردە كامالىغا يەتكەن، يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ كورۇنۇشىنى نەقش قىلالايدىغان بولسۇن، قالغان ئىشنى ئۆزەمگە قويۇڭلار.

ئۇردا كاتتىلىرى ۋەزىر نىھماننىڭ سوزىگە بىنائەن ئالەمگە مەشھۇر يەتتە نەپەر نەققاشنى تېپىپ كەپتۇ. ۋەزىر نىھمان ئۇلارغا يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ كورۇنۇشى چۈشۈرۈلگەن يەتتە مەنزەر بىنا قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ئۇستىلار خۇش ھاۋالىق بىر يەرنى تاللاپ يەتتە مەنزەر ياساپتۇ. ھەر بىر مەنزەرنىڭ ئۇستىنى گۇمبەز شەكلىلىك چىقىرىپ، ھەر بىر مەنزەرگە بىر قەۋەت ئاسماننىڭ ئوز ئەينىنى نەقىشلەپتۇ. بىرىنچى مەنزەرنى مۇشكىدىن، ئىككىنچى مەنزەرنى زەپىرەندىن، ئۇچىنچى مەنزەرنى رەيھاندىن، توتىنچى مەنزەرنى بىنەپشىدىن، بەشىنچى مەنزەرنى نارجىندىن، ئالتىنچى مەنزەرنى لاجۇەردىن، يەتتىنچى مەنزەرنى كاپۇردىن ياساپتۇ. بۇ مەنزەرلەر شۇنداق گۇزەل ۋە سەلتەنەتلىك ئىكەنكى، ھاياتلىقتا ھېچ كىشى كورمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بولغاي...

ۋەزىر نىھمان يەتتە مەنزەر پۇتكەندىن كېيىن يەتتە ئىقلىم پادىشالىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بىردىن يەتتە نەپەر زىبا قىز ئەكەلدۇرۇپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن مەنزەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ھەر بىر قىز چۈشكەن مەنزەر قانداق رەڭدە بولسا، ئۇ قىزغىمۇ شۇنداق رەڭلىك كىيىم كىيدۇرۇپتۇ.

—ئەي پادىشاھى ئالەم،—دەپتۇ خەۋەرچىلەر بەھرامغا،—ۋەزىرىڭىز نىھمان يەتتە مەنزەر بىنا قىلدى. ئۇنداق ئىمارەت دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق يېرىدە يوقتۇر.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، پادىشا بەھرامنىڭ مەنزەرلەرنى زىيارەت قىلىش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ.

## مەلىكە ھىندۇنىڭ ھېكايىسى

ئەلقىسسە، بىر شەنبە كۇنى پادىشا بەھرام مەنزەرۇ مۇشكىگە كەپتۇ. مەلىكە ھىندۇ بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. پادىشا مەلىكىنى كورۇپ ئۇنىڭ گۇزەل ھوسنىگە، شىرىن سوزىگە شەيدا بولۇپتۇ. ئاندىن كوڭۇللۇك بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. ساقىلار ئالتۇن-كۇمۇشتىن ياسالغان جاملارغا لەئىلرەڭ شاراپنى لىقمۇ-لىق تولدۇرۇپ ئارقىمۇ-ئارقا سۇنۇپتۇ. خۇش ئاۋاز سازەندىلەر بۇلبۇلدەك ناۋا ئەيلەپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ كەچ بولۇپتۇ.

نەزمە:

دىدى بەھرام: ئەي پەرى پەيكەر،
چىشلىرىدە ئۇنچە لەۋلىرىڭ شەكەر.
غۇنچىدەك ئاغزىڭ ئاچ، ھېكايەت قىل،
ئوتكەن كۇندىن ماڭا رىۋايەت قىل.

www.uyghurkitap.com



قىلدى تازىم ئاي يۈزلۈك زىبا،
دېدى: ئەي ئۇلۇغ پادىشا.
جاھانباز شەھرىيار ئولغىل،
تەخت ـ بەخت ئۈزرە تاجدار بولغىل.
..........................................

مەلىكىنى سوز لىباسىنى پەرۋاز قىلدۇرۇپ، مۇنداق ھىكايە باشلىدىلەر:
ئۆتكەن زاماندا شەرانىدىپ شەھرىدە بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ دانىشمەن، پەيلاسوپ بولۇپ، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە ھەممە يەر ئۇنىڭ پەرمانىدا ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى پادىشا چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ:
— چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولغايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئوغۇل، — ۋۇجۇدۇمدا قۇۋۋەت بولسىلا، ھەزرەتلىرى باسقان يولغا قەدەم قويغايمەن. ئۆزلىرى بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىپ ئاخىر سەلتەنەت تەختىگە چىققايمەن.
پادىشا ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، تەھسىن ئېيتىپتۇ ۋە خۇداغا شۈكرى قىپتۇ. لېكىن زاھىرەن خەشمناك بولۇپ، "مېنىڭ كوزۇمدىن يىراق بول" دەپ ئوغلىنى چىقىرىشقا بۇيرۇپتۇ.
ئاندىن ئىككىنچى ئوغلىنى چاقىرىپتۇ. سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆتكەن ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ. بۇ زېرەك ئوغۇل ئەقىل بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ:
— ئەي ئۇلۇغۋار ئاتا، — دەپتۇ ئۇ، — ھەرنە بۇيرۇساڭ بېلىمنى چىڭ باغلىدىم، لېكىن سېنىڭ ئالدىڭدا تاج ھەققىدە ئېغىز ئېچىش پادىشالىقنى قوبۇل قىلىش ئەدەپسىزلىكتۇر. سەن تەختىڭدە ئامان ـ ئېسەن ئولتۇرغىنىڭدا، تەختىڭگە قەدەم قويۇشقا ھەددىمىز يوق، ئەمما ئۆز ۋاقتى كەلگەندە قوبۇل قىلغايمىز.
پادىشا بۇ ئوغلىدىنمۇ خوشال بولۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭغىمۇ زاھىرەن خەشمناك بولۇپ، قايتىشقا بۇيرۇپتۇ.
ئاندىن كەنجى ئوغلىنى چاقىرىپتۇ، ئۇمۇ ئاكىلىرىدەك جاۋاپ بېرىپتۇ. پادىشا ئۇنىمۇ قايتۇرۇپتۇ.
پادىشا پەرزەنتلىرىدىن خۇشنۇد بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتىپتۇ. ئەمما ئۇلارنى مۇساپىر قىلىش ئارقىلىق ئەل ـ ۋەتەن قەدرىنى بىلدۇرـ مەكچى، مېھنەت ئوتىدا پىشۇرماقچى بوپتۇ.
شاھزادىلەر يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. گاھى ئاۋات يەرلەرنى، گاھى باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلارغا يولدا بىر زەڭگى ئۇچراپتۇ ـ دە:
— ئەي يىگىتلەر، توگە كوردۇڭلەرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— توگىنىڭ بىر كوزى قارىغۇمىدى؟ — دەپتۇ شاھزادىلەرنىڭ بىرى.
— بىر چىشى سۇنۇقمىدى؟ — دەپتۇ يەنە بىرسى.
— بىر پۇتى ئاقساقمىدى؟ — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ بەلگىلەر راست ئىكەن. توگىچى "توگىنى ھەقىقەتەن مۇشۇلار كورۇپتۇ"، دەپ كوڭلىدىن ئوتكۇزۇپتۇ.

توگىچى شاھزادىلەر كورسەتكەن يول بىلەن توگىنى ئىزلەپ كېتىپتۇ. شاھزادىلەرمۇ يولغا راۋان بولۇپ، خېلى يول يۇرۇپ بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. يول بويىدا بىر تۇپ چوڭ دەرەخ بار ئىكەن. شاھزادىلەر دەرەخنىڭ تۇۋىگە يېقىن بېرىپتۇ. دەرەخنىڭ تۇۋىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، ھېلىقى توگىچى بىرنەچچە چاقىرىم يول يۇرۇپتۇ. لېكىن توگىسىنى تاپالماپتۇ-دە، ئالدىراپ كەينىگە قايتىپتۇ. كېلىپ قارىسا يىگىتلەر ئۇخلاۋاتقۇدەك، توگىچى يىگىتلەرنى ئويغىتىپتۇ.

— ئەي يىگىتلەر، توگە قېنى؟ — دەپتۇ ئۇ ۋاقىراپ، — دەرھال توگىنى تېپىڭلار.

چوڭ شاھزادە سوراپتۇ:

— توگىنىڭ بىر يېنىدا ياغ، يەنە بىر يېنىدا ھەسەل بارمىدى؟

— ئۇستىدە خوتۇن كىشى بارمىدى؟ — دەپ قوشۇمچە قىپتۇ ئىككىنچى شاھزادە.

— ئۇ خوتۇن كىشى ئېغىر ئاياقمىدى؟ بىر كالتە قۇيرۇق ئىتىمۇ بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇچىنچى شاھزادە.

— شۇنداق، — دەپتۇ توگىچى تەستىقلاپ، — مېنىڭ توگەمنىڭ دەل ئوزى شۇ!

بىز ئۇ توگىنى كورمىدۇق، — دەپتۇ شاھزادىلەر.

توگىچى "توگىنى بۇ ئۇچى يوقاتقان ئوخشايدۇ" — دەپ گۇمانلىنىپ، يىگىتلەرنى پادىشا ئالدىغا سورەپتۇ. يىگىتلەرمۇ بېرىپتۇ. پادىشا توگىچىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يىگىتلەرگە قاراپ:

— توگىنى بېرىۋېتىڭلار! — دەپتۇ.

— بىز مۇساپىر، — دەپتۇ شاھزادىلەر، — بىر يىلدىن بېرى ئالەمنى ئايلىنىپ يۇرۇپتىمىز. بۇ شەھەرگە تېخى يېقىندا كەلدۇق. كېتىۋاتساق بۇ زەڭگى ئۇچرىدى. بىزدىن توگىنى سورىدى. بىزنىڭ توگىنى كورگىنىمىز يوق.

— سىلەر ئېيتقان بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىكەن. توگىنى كورمەي تۇرۇپ، ئۇنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەپتۇ پادىشا.

— يولنىڭ ئىككى تەرىپى بۇك دەرەخزارلىق ئىكەن، ئەمما توگە يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ غازىڭىنى يەپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ توگىنى بىر كوزى قارىغۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلىدۇق، — دەپتۇ بىرىنچى شاھزادە.

— بىر پۇتۇنى سورەپ مېڭىپتۇ. ئاقساق ئىكەنلىگىنى شۇنىڭدىن بىلدۇق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— شاخنىڭ بەزىلىرى يېيىلىپ، بەزىلىرى قاپتۇ. چىشىنىڭ سۇنۇقلۇغىنى شۇنىڭدىن بىلدۇق، — دەپتۇ ئۇچىنچىسى.

— ئۇستىدىكى يۇكنى قانداق بىلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— توگە ماڭغان يولنىڭ بىر تەرىپىگە، — دەپتۇ چوڭ يىگىت جاۋاپ بېرىپ، — چۇمۇلە، ئىككىنچى تەرىپىگە كۇمۇتا ئولىشىپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىر تەرىپىدە ياغ، يەنە بىر تەرد-

www.uyghurkitap.com



پىدە ھەسەل بارلىقىنى پەملىدۇق.

— توگە چوكىنىپتۇ. شۇ يەردە مەزلۇم كىشىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. شۇنىڭدىن توگىگە مىنگەن ئايال كىشى ئىكەن دەپ بىلدۇق، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ئۇ خوتۇن توگىدىن چۈشۈپ شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئورنىدىن يەرنى تايىنىپ قوپۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئايالنىڭ ئېغىر ئاياق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، ئىتنىڭ ئىزى ۋە قۇيرۇقنىڭ يەرگە تولۇق تەگمىگىنىگە قاراپ، ئىتنىڭمۇ بارلىقىنى، لېكىن كالتا قۇيرۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، — دەپتۇ.

پادىشا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ پاراسەت - ئىدرىكىغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. ئۇلارغا كۆپ مال - دۇنيا ئىنئام قىپتۇ ۋە ھەرەمگە يېقىن يەردىن ھوجرا تەيىنلەپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشا شاھزادىلەر بىلەن سوھبەتلىشىپ، كۆڭۈل ئاچقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىپ، خىزمەتچىسىدىن شاھزادىلەرگە، بىر جام شاراپ، بىر تەخسە كاۋاپ، بىر لىگەن توقاچ چىقىرىپتۇ. ئۆزى ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزىنى تىڭشاپتۇ. ئۇلار مەينى ئىچىپ ناننى، كاۋاپنى يەپتۇ. شاھزادىلەرنىڭ بىرى دەپتۇ:

— بۇ شاراپنىڭ تېلىنى ئادەم قېنىدا سۇغارغان ئىكەن.

— بۇ قوي ئىتنى ئەمگەن ئىكەن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— پادىشانىڭ ئاتىسى ناۋاي بولسا كېرەك، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

پادىشا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال باغۋەننى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— بۇ شاراپنىڭ ئۈزۈمىنى قەيەردىن ئالغان؟

— خاتىرجەم بولسىلا پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ باغۋەن، — بۇ شاراپنى ئۆزىمىز ئوستۇرگەن تالنىڭ ئۈزۈمىدە چىقارغان، كۆڭۈللىرىگە باشقا خىياللار كەلمىسۇن.

— قورۇق گېپىڭنى قوي! — دەپتۇ پادىشا، قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ، — راستىنى ئېيت. ئەگەر يالغانغا يول قويساڭ كاللاڭدىن ئايرىلىسەن. بۇ شاراپنى چىقارغان ئۈزۈمنى نىمىدە سۇغارغان؟!

— پادىشاھى ئالەم، سەۋرى قىلغايلا، — دەپتۇ باغۋەن دىر - دىر تىترەپ، — سوئال - لىرىنى ئەمدى چۈشەندىم. بىر كۈنى بىر ئوغرى ئۈزۈم ئوغۇرلىغىلى كىرگەن ئىكەن، تۇتۇ - شۇپ قىلىپ قۇلاق تۈۋىگە بىر ئۇرسام تىن تارتمايلا جان بەردى. ھېچ كىمگە بىلدۈر - مەي تالنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەن ئىدىم ...

پادىشا باغۋەننى چىقىرىۋېتىپ، قويچىنى چاقىرىپتۇ.

— راستىنى ئېيت، — دەپتۇ پادىشا غەزەپ بىلەن، — بۇ قېتىم ئولتۇرۇلگەن قوينى نىمىگە ئېمىتكەن؟

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قويچى، — ئەقىللىرىگە بارىكاللا، بۇ قوينى ئانىسى ئولۇپ قالغاچقا ئىتنى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ئىدىم.

پادىشا قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي ئانا، راستىنى ئېيت، مېنىڭ ئاتام كىم؟

— جېنىم بالام، — دەپتۇ ئانا ھەيران بولۇپ، — بېشىم ئاقارغاندا مۇنداق سوئالنى سورىغىنىڭ نىمىسى؟ غەرىزىڭ نىمە؟ ئاتاڭ پادىشا ئىدى.

— ئەي ئانا، — دەپتۇ پادىشا، — مېنى ئالدىماي راستىنى ئېيتقىن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن!

ئوغلىنىڭ قەھرىدىن قورققان ئانا، نائىلاج ئەسلى ئەھۋالىنى ئىزھار قىلىپتۇ:

— ئوغلۇم، ئېيتسام ئېيتاي، سەۋرى قىلىپ تىڭشىغىن. ئۆزەڭ مەجبۇرلىدىڭ، ئاجىز ئاناڭدا نىمە ئىلاج؟ — دەپ سوز باشلاپتۇ ئانا، — ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى، كوكتاتلار ئەمدى باش كوتىرىۋاتقان چاغ، ئاتاڭ شىكارغا كەتتى. ئۇ چاغدا شۇنداق چوكان ئىدىمكى، لاتاپەت بابىدا كامالەتكە يەتكەن ئىدىم. هوسنى-جامالىمنىڭ زىبالىغى كۈن-دۈزنى خىجىل قىلاتتى. بىر كۈنى راۋاقتا ئولتۇراتتىم، گويا مەس تاۋۇستەك جىلۋە قىلىپ ئۆزەمنى توختىتالمايتتىم. بىر ناۋاي يىگىت تەۋەڭدە نان كوتىرىپ ئوتۇپ قالدى. ئۇمۇ تازا كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. بىر كورۇپلا يۈرىگىم ئۇنىڭغا مايىل بولدى. ناۋاي يىگىتمۇ سەزدى بولغاي، يەر ئاستىدىن يېقىملىق كۈلۈپ قويدى. ئاخىرى سوزلىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا ئۇزاقتىن بېرى ئاشىق ئىكەن. پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلدۇق. سەن شۇ چاغدا تورەلگەن بولغايسەن.

پادىشا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ ناننى ئۆزى ياققان ئىكەن. ئاخىر پادىشا يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەي دانا يىگىتلەر، — دەپتۇ پادىشا، — هەر سوزكى سىلەردىن ئاڭلىدىم. سۇرۇشتۇرسەم هەممىسى راست بولۇپ چىقتى، بۇنى سىلەر قانداق بىلدىڭلار؟

— شاراپ دىگەن شاتلىق هاسىل قىلاتتى. سىز كىرگۈزگەن مەي غەم پەيدا قىلدى، — دەپتۇ يىگىتلەرنىڭ بىرىنچىسى، — شۇ سەۋەپتىن بۇ شاراپنى ياسىغان ئۈزۈمنىڭ تېلىنى ئادەم قېنىدا سۇغارغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئىككىنچى يىگىت ئېيتىپتۇ:

— كاۋاپنى يەپلا كوڭلۈمدە بىر تۈرلۈك تەشۋىش پەيدا بولۇپ، ئاغزىمدىن شالى ياندى. كاۋاپتىن ئىتنىڭ پۇرىغى كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قوينىڭ ئىتنى ئەمگەنلىگىنى پەملىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، چېھرىلىرىگە قارىدىم. هېچبىر تاجىدارلىق نىشانىسىنى كورمىدىم. سوزلىرىدە ناندىن باشقا هىكايىنى ئاڭلىمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە نان شۇنداق ئوخشىغان، شۇڭا بۇ پادىشا ناۋاينىڭ بالىسى بولسا كېرەك، دەپ هوكۈم قىلدىم، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ پادىشا هەيران قاپتۇ.

— ئەي يىگىتلەر، — دەپتۇ پادىشا، — بىگۇنا باش كەسمەك ئادىللىق ئەمەس. بۇ سىرلىرىمىزدىن سىلەرنىڭ خەۋەر تېپىشىڭلار بى ئەدەپلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىڭلارنى كەسمەكچى ئىدىم. ئەمما، ئەقىل-پاراسىتىڭلار، زىرەكلىكىڭلارنىڭ هەققى هورمىتىدىن قېنىڭلاردىن كەچتىم.

پادىشا يىگىتلەرنىڭ دانالىغىغا تەھسىن ئېيتىپ، يۈز دىناردىن پۇل بېرىپ، ئۆز دىيارىغا ئوزىتىپ قويۇپتۇ. شاھزادىلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئۆز يۇرتىغا كەپتۇ. ئاتىسى پەرزەنتلىرى بىلەن ساق-سالامەت، خوشال-خورام كورۇشۇپتۇ ۋە هەر ئوغلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر شەھەرگە پادىشا قىپتۇ...

ئەلقىسسە، مەلىكە ھىندۇ ھېكايىسىنى تاماملاپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شاھ بەھراممۇ مەسلىكتە شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

## مەلىكە نەمرۇزنىڭ ھېكايىسى

ئەلقىسسە، يەكشەنبە كۈنى ئىكەن. شاھ بەھرام ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، مەنزەرۇ زەپىرانغا قەدەم قويۇپتۇ. مەلىكە نەمروز گۈلدەك ئېچىلىپ، كۈندەك نۇرلىنىپ شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە پادىشانى ئىززەت-ئىكرام بىلەن مەنزەرۇ زەپىرانغا باشلاپ كىرىپتۇ. لەئىلرەڭ شاراپلارنى ئالتۇن جاملارغا لىپمۇ-لىپ تولدۇرۇپ ئىچىشىپتۇ. سازەندىلەر سازلىرىنى سايرىتىپتۇ، رەنا قىزلار مەس تاۋۇستەك جىلۋە قىلىپ ئۇسسۇل ئويىنىشىپتۇ. ناخشا، سازلارنىڭ ساداسى گۈمبەزنى تىترىتىپتۇ. ئاخىر تۈن ئالەمگە قانات يېيىپتۇ. مەي تەسىرىدىن مەجلىس ئەھلىنىڭ ئەقلى-ھوشى قېچىپتۇ. ئۇيقۇ لەشكىرى كۆزلەرگە ھۇجۇم قىپتۇ.

ئەلقىسسە، بەھرامنىڭ كۆزلىرى مەي ۋە ئۇيقۇ مەسلىكى بىلەن خۇمارلىشىپتۇ.

نەزمە:

دېدى بەھرام: ئەي پەرى پەيكەر،
چىشلىرىڭ ئۈنچە، لەۋلىرىڭ شېكەر.
غۇنچىدەك ئاغزىڭنى ئاچ، ھېكايەت قىل،
ئۆتكەن كۈندىن ماڭا رىۋايەت قىل.

مەلىكە ھېكايە باشلاپتۇ:

شەھرى خۇراساندا ھەسەن ئىسىملىك بىر زەرگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ماھارىتى تامام ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇستا ھەسەن ھەممە ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، يۈز پاتمان مىستا بىر پىل ياساپتۇ. توت پۇتى بىكىتىلگىنى ھامان پىل ھەركەتكە كېلىپ ھەر تەرەپكە مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ خالايىق ھەيران قاپتۇ. ئۇستا ھەسەن پىلنى پادىشاغا ھەدىيە قىپتۇ. پىلنى كۆرۈپ پادىشامۇ ھەيران قاپتۇ.

— بارىكاللا ئۇستا ھەسەن،— دەپتۇ پادىشا ھەۋەسى قوزغىلىپ،— بۇ ئىشىڭمۇ يارايدۇ. ئەمدى ئالتۇندا بىر پىل ياسىغىن.

پادىشا ئۇستا ھەسەنگە غەزنىدىن مىڭ پاتمان قىزىل ئالتۇن ئالدۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇستا ھەسەن ئالتۇننى ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپ، بىر ئايدا ئالتۇن پىلنى پۈتتۈرۈپتۇ. بۇ ئالتۇن پىل گۈزەل ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن.

پادىشا ئالتۇن پىلنى كۆرۈپ، خوشال بولغىنىدىن ئۇستا ھەسەننىڭ ھەققىگە مىڭ

پاتمان ئالتۇن بېرىپتۇ. پادىشا بۇ پىلغا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىدىكەن.

ئەلقىسسە، ئۇستا ھەسەننىڭ ماھارىتى ۋە شوھرىتىنى كورگەن باشقا زەرگەرلەر ھەسەت قىلىپ، بىر يەرگە يىغىلىپتۇ. پىنھاندا مەسلىھەت قىلىپ، سۇيىقەست پىلانلىشىپتۇ. ئۇلار: "بۇ پىل مىڭ پاتمان كەلمەيدۇ، ھالبۇكى، پىلنى جىڭلاشقا بولمايدۇ. بىز پادىشاغا، ھەسەننى ئوغرى دەپ چاقساق، ئۇنىڭ ھاياتى شۇنىڭ بىلەن تامام بولغۇسى" دىيىشىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ناھايىتى مەككار زەرگەر ئىكەن. ئۇ:

— بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلاي، — دەپتۇ. بۇ سوز باشقىلارغا ماقۇل كەپتۇ. مەككار ئويىگە قايتىپ، خوتۇنىغا:

— سەن ئاياللار ياخشى كورىدىغان نەرسىلەرنى سوغا ئېلىپ بېرىپ، زەرگەر ھەسەننىڭ خوتۇنى بىلەن دوست بولغىن ۋە مەلۇم كۇنلەردىن كېيىن پىلنىڭ ۋەزنىنى سورىغىن، — دەپتۇ.

بۇ خوتۇن ئېرى ئېيتقاندەك ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنىغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئويىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ۋە ئويىگە بېرىپ ئوز ئېرى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇستا ھەسەننى ماختاپ، سوغا ھەدىيە قىلىپ يۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن:

— ئەي دوستۇم، ئاڭلىسام ئېرىڭ پادىشاغا پىل ياساپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن شوھرىتى تامامى ئالەمگە تارقاپتۇ. مەن بۇ "پىلنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىكتۇ، ئۇنى قانداق ئولچىگىلى بولار" دەپ ھەيران قالدىم، — دەپتۇ ھەسەننىڭ ئايالىغا.

— ۋاي دوستۇم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسەننىڭ خوتۇنى، — مەن ئۇ پىلنىڭ ئېغىرلىقىنىمۇ، ھەم ئۇنى قانداق ئولچەشنىمۇ بىلمەيمەن. ئېرىم ئوزىلا بىلىدۇ، مەن سوراپ ئاندىن ساڭا جاۋابىنى بېرەي.

كەچتە ئۇستا ھەسەن دۇكاندىن كەپتۇ. ئويدە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ خوتۇنى بىلەن پاراڭغا چۇشۇپتۇ. ئايال دوستىغا بەرگەن ئەھدىسىنى ئويلاپ، ئېرىدىن پىلنىڭ ئېغىرلىقىنى سوراپتۇ.

— ئەي مەزلۇم، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن، — بۇنداق سوزنى ئېغىزىڭدىنمۇ چىقارما، مۇنداق سوئالنى مەندىنمۇ سورىما، بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىش ئوزىمىزنى ئولتۇرگەنگە تەڭ.

— مەن ئەھدى قىلاي، — دەپتۇ خوتۇن دوستىنىڭ ئالدىدا ئوسال بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ، — ھەرگىزمۇ ئاشكارا قىلمايمەن. مېنىڭمۇ ئوزەمگە لايىق ئەقلىم بار. ھەرگىزمۇ باشقىلارغا دىمەيمەن!...

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەسەن، ئايال قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقتىن، — ۋەدەڭدە چىڭ تۇرغىن. ئەھدەڭدە تۇرمىساڭ قازناققا سولىنىپ ئوز گوشىنى ئوزى يىگۇچىلەردىن بولۇپ قالىسەن. مەن دىگەن سىرنى باشقىلارغا ھەرگىز ئېيتمىغىن، پىل تارازىغا پاتمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى كېمىگە سالسا بولىدۇ. كېمە سۇغا قانچىلىك چوكسە شۇ جايغا بەلگە قىلىۋېلىپ، كېمىنى سۇغا شۇنچىلىك چوكتۇرەلىگىدەك ئالتۇننى سالسا، ئاندىن شۇ ئالتۇننى تارازىدا تارتسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەتىسى مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى يەنە كەپتۇ ۋە سوراپتۇ:
— ھەي ئاداش، ھېلىقى ئىشنى سورىدىڭمۇ؟
— سورىدىم، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى، — لېكىن، باشقا كىشىلەرگە ئېيتماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدى. شۇڭا ئاغزىمدىن چىقىرىشتىن قورقىمەن.
— ھەي ئاداش، — دەپتۇ مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى ھەلەگەرلىك بىلەن، — مەن باشقا ئادەم ئەمەس، بىز قىيامەتلىك ئاداش. مەن سېنى ئىچ بىلسەم، سەن شۇنداقمىدىڭ؟ ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ئۆز كوڭلۇمدە سېنى تېخى ئالەمگە تەڭ قىلماي يۈرۈپتىمەن.
مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى ماي تارتىپ، قېيىدىغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى تەڭ قىسىلىقتا قاپتۇ ۋە:
— ئۇنداق بولسا مەن ئېيتاي، لېكىن مېنىڭ ھەققى دوستۇم بولساڭ، ئاغزىڭدىن چىقارمىغىن.
— ۋاي خاتىرجەم بول ئاداش، — دەپتۇ مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى، — مەن ئۇنداق ئاغزى بوش ئاياللاردىن ئەمەس. "سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن قىلىچ، مېنىڭ بوينۇمنى كەسسۇن"، دەيدىغان مەرت ئايالمەن.
ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئېرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ. مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىۋاپتۇ. ئۇيىگە قىن - قىنىغا پاتماي قايتىپ كەپتۇ - دە، ئاڭلىغانلىرىنىڭ بىرىنمۇ قويماي ئېرىنىڭ قۇلىغىغا قۇيۇپتۇ.
ئەتىسى مەككار زەرگەر پادىشانىڭ ئالدىغا چېپىپ بېرىپتۇ ۋە پىلنى كورۇپتۇ. پادىشا ماختىنىپ:
— ھاياتىڭدا مۇنداق ھۈنەرنى كورگەنمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مۇنداق ھۈنەرنى ھېچكىم قىلالماس، لېكىن ئۇستا ھەسەن ئىنساپسىزلىق قىپتۇ، — دەپتۇ مەككار زەرگەر.
— قانداق دەيسەن؟
— سىز مىڭ پاتمان قىزىل ئالتۇن بەرگەن ئىكەنسىز. لېكىن بۇ پىل ھەرگىزمۇ مىڭ پاتمان كەلمەيدۇ.
— بۇنى ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا. مەككار زەرگەر كېمىگە سېلىپ ئۆلچەش مەسلىھەتىنى بېرىپتۇ.
پادىشا شۇنداق قىپتۇ. پىلنىڭ ئېغىرلىغى ھەقىقەتەن مىڭ پاتمان كەلمەپتۇ. پادىشا "دەرھال ئۇستا ھەسەننى تۇتۇپ، مال دۇنياسىنى تالان - تاراج قىلىڭلار، ئۆزىنى ئولتۇرۇڭلار!" — دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

نەزمە:

ئۆزگىگە سىرىڭنى ئېيتمىغىن زىنھار،
شۇندىلا بىر ئۆمۈر بولمايسەن خار - زار.
سىرىنى كىمكى تۇتمىسا پىنھان،
ئاقىۋەت بىر كۈنى بولۇر باغرى قان.

ئەلقىسە، لېكىن پادىشا، ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئۇستا ھەسەننى ئۆلتۈرمەي، قاتتىق جازالاپتۇ. پادىشانىڭ قاتتىق جازاسى مۇنداق ئىكەن: شەھەردىن بىر نەچچە كۈنلۈك يىراق يەردە ناھايىتى ئېگىز بىر مۇنار بار ئىكەن. پادىشا ئېغىر گۇنا قىلغانلارنى شۇ مۇنارغا چىقىرىپ قاماپ قويىدىكەن. ئۇ كىشى شۇ يەردە ئاچلىق، ئۇسسىزلىق دەردىدە ھالاك بولىدىكەن. ئۇستا ھەسەننىمۇ شۇنداق قىپتۇ. مال-دۇنيالىرىنى غەزنىگە ئاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئېرىنى كورگىلى بېرىپتۇ. ئۇستا ھەسەن خوتۇنىنى كورۇپ قاتتىق ئاۋازدا قىچقىرىپتۇ. خوتۇنىمۇ ھەسرەتلىك ياشلىرىنى راۋان قىلىپ پۇشايمىنىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي ئۇستا، ھالىڭ قانداق؟ دانا، زىرەك ئىدىڭ، بۇ بالادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوقمۇ؟

— ئەي كەم ئەقىل خوتۇن،— دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ،— بۇ بالاغا سەن سەۋەپ بولدۇڭ، ئۆلۈشتىن باشقىغا چارە يوق!

ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى يىغلاپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغانلىقىنى داتلاپ كوز ياشلىرىنى ئېقىتىپتۇ.

— ئەي كەم ئەقىل خوتۇن،— دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ۋاقىراپ،— سەن قىلدىن ئىنچىكە ۋە ناھايىتى پىششىق يىپ ئېلىپ كەلگىن، يەنە ھەسەلمۇ ئالغاچ كەل.

ئايال شۇنداق قىپتۇ. ئۇستا ھەسەن ھەربىر تال يىپنىڭ ئۇچىغا ھەسەلدىن تەككۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. مۇنارنىڭ ئۈستىدە چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن، ئۇلار سەپ تۈزۈپ ئۈزۈلمەي توۋەندىن ئۈزۈق توشۇيدىكەن. ئۇستا ھەسەن يىپنىڭ ھەسەل سۈركەلگەن ئۇچىنى چۈمۈلىلەرنىڭ يولىغا توغرىلاپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. چۈمۈلىلەر ئۇنى چىشلەپ يۇقۇرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بارلىق يىپنى خوجا ھەسەنگە يەتكۈزۈپتۇ. بۇ يىپلارنى بىر قىلسا بىر نەچچە ئادەمنى باغلاپ كوتەرسىمۇ ئۈزۈلمىگىدەك ئىكەن. ئۇستا ھەسەن ئۇنى ئېشىپ تانا قىپتۇ.

— ئەي خوتۇن،— دەپتۇ ئۇستا ھەسەن، تانىنىڭ بىر ئۇچىنى پەسكە تاشلاپ،— بۇ تانىنى بېلىڭگە باغلىغىن. سېنى بەكمۇ سېغىندىم. بۇنىڭ ئۈستىدە قانغىچە ئوينىۋېلىپ ئاندىن بىللە چوشۇپ كېتىمىز

ئەخمەق خوتۇن تانىنى بېلىگە باغلاپ، چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇستا ھەسەن خوتۇننى مۇنار ئۈستىگە تارتىۋاپتۇ. ئەخمەق خوتۇن ئوزىنى ئۈستىنىڭ باغرىغا تاشلاپتۇ. ئۇستا ھەسەن:

— خوتۇن، مەن پەسكە چۈشۈپ ئولۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي. سەن تانىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇر. مەن تانىنى بېلىمگە باغلاپ پەسكە چۈشەي،— دەپتۇ.

ئۇستا ھەسەن پەسكە چۈشۈپتۇ ۋە بىر كۈچەپ تانىنى تارتىۋاپتۇ-دە:

— ئەي ئەقىلسىز،— دەپ ۋاقىراپتۇ خوتۇنىغا،— بۇ ئىشقا ئوزەڭ سەۋەپ بولغان. ئوزەڭ تاپقان بالانى ئوزەڭگە تاپشۇردۇم.

نەزمە:

ھەركىم قىلسا ئوزگىگە،
قارا سۈرتەر يۈزىگە.

www.uyghurkitap.com



كىم ئاسمانغا تۇكۇرسە،
يېنىپ چۇشەر يۈزىگە.

ئۇستا ھەسەن شەھەرگە قاراپ راۋان بولۇپتۇ.

— ئەي ھەسەن،— دەپ تووۋلاپتۇ خوتۇن مۇنار ئۇستىدە يىغلاپ تۇرۇپ،— سەن بىۋاپا، مەن مەزلۇم بىچارىگە مۇنداق قىلغىنىڭ نىمىسى؟

— ئەي ئەقىلسىز گالۋاڭ، — دەپتۇ ئۇستا ھەسەن ئارقىسىغا قاراپ،— كىمكى ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسا، بىۋاپالىق شۇنىڭغا مەنسۇپتۇر. بۇ بالانى ئۆزەڭ تاپقان، ئۆزەڭگە تەئەللۇق نەرسىنى ئۆزەڭگە قايتۇردۇم. سەندەك بىۋاپا ئەقىلسىز گالۋاڭنىڭ ھايات قالغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشىراق.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ئوتۇنغا كېتىۋاتقان بىر توپ ئوتۇنچى مۇنار ئۇستىدە يىغلاپ تۇرغان خوتۇننى كورۇپتۇ ۋە بۇ خوتۇندىن سوراپتۇ:

— ئەي مەزلۇم، مۇنار ئۇستىگە ئۇستا ھەسەننى چىقىرىپ قويغان ئىدى. سەن قانداق قىلىپ چىقىۋالدىڭ؟ ئۇستا ھەسەن قېنى؟

ئۇستا ھەسەننىڭ خوتۇنى ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ، ياش توكۇپ يىغلاپتۇ. ئوتۇنچىلار ھەيران بوپتۇ ۋە بېرىپ پادىشاغا مەلۇم قىپتۇ. پادىشا ھەسەننىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ۋە دانا ئىكەنلىگىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۇرۇم قىلغانلىغىنى جاكالاپتۇ. ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن ئۇستا ھەسەننى چاقىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇستا ھەسەن مەككار، ھەسەتخور زەرگەرلەرنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، خوتۇننىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ، ئۇلارغا خىزمەت قىلغانلىغىنى، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ، خوتۇننى مۇنار ئۇستىگە چىقىرىپ قويغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. پادىشا ۋە مەجلىس ئەھلى ئۇستا ھەسەننىڭ پاراستىگە ئاپىرىن دېيىشىپتۇ.

مەلىكە نەمرۇز ئوز ھېكايىسىنى تاماملاپتۇ. پادىشانىڭ كوزى ئويقۇغا ئەسىر بوپتۇ.

## يېشىل كىيىملىك مەلىكىنىڭ ھېكايىسى

ئەلقىسسە، دۇشەنبە كۈنى، نۇرلۇق قۇياش زۇلمەت دەرىزىسىدىن باش چىقىرىپ، زېمىننى مۇنەۋۋەر قىلىپتۇ. شاھ بەھرام مەنزەرۇ رەيھاننى كورگىلى كېلىپ يېشىل كىيىملىك مەلىكە بىلەن مەجلىس قۇرۇپتۇ. مەي ئىچىپ سەرخۇش بوپتۇ.

نەزمە:

دىدى بەھرام: ئەي پەرى پەيكەر،
چىشلىرىڭ ئۇنچە، لەۋلىرىڭ شېكەر.
غۇنچەدەك ئاغزىڭ ئاچ، ھېكايەت قىل،
ئوتكەن كۈندىن ماڭا رىۋايەت قىل.

ئەلقىسسە، پادىشانىڭ تەلۋىگە ئاساسەن مەلىكە ھىكايىگە ئېغىز ئېچىپتۇ:

ھىندىستاندا خەلقپەرۋەر، ئادالەتلىك، مېھماندوست بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەر ياقتىن كېلىدىغان مېھمانلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالى بىر مېھمانخانا ياسىتىپتۇ. كەلگەن مېھمانلارنى ئاشۇ يەرگە باشلاپ مېھمان قىلىپ، باشقا جايلارنىڭ ئابۇ-ھاۋاسىنى، ئاجايىپ-غارايىپ يېڭىلىقلىرىنى سورايدىكەن. يېڭى ھۈنەر-سەنئەت بولسا ئىجتىھات بىلەن ئۈگىنىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يەرگە بىر دانىشمەن مېھمان بولۇپ كەپتۇ. پادىشا ئۇنى مېھمانخانىغا چۈشۈرۈپتۇ. ھەر خىل لەززەتلىك غىزا قىلدۇرۇپ كۈتۈپتۇ. ئادەت بويىچە كورۈپ ئۆتكەن ئۆزگە شەھەر ۋىلايەتلەردىكى يېڭىلىقلارنى سوراپتۇ. مېھمان كوپ نەرسىلەرنى سوزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي دانىشمەن، سەن ھەرخىل ھىكايەتنى قىلسەن، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلمەن. ئەمما ئولۇككە جان كىرگۈزەلمەيمەن، ئولۇككە جان كىرگۈزۈشنى ئاللاتائالا ئادەمنىڭ قولىغا بەرمەپتۇ، — دەپتۇ پادىشا.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ مېھمان كىشى تەبەسسۇم قىپتۇ.

—كۆلۈشىڭىزنىڭ سەۋەبى نىمە؟—دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— ئولۇكنى تىرىلدۈرۈشنى ھەق تائالا ئادەمنىڭ قولىغا بەرگەن، — دەپتۇ مېھمان.

— ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ماڭا كورسەت، — دەپتۇ پادىشا.

مېھمان دەرھال بىر چۈمۈننى تۇتۇۋېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ جېنىنى چۈمۈنگە بېرىپتۇ. ئۆزى شۇ ھامان ئولۇپتۇ. ئولۇك چۈمۈن بولسا شۇ ھامانلا تىرىلىپ ئۇچۇپ، ئۆينىڭ ئىچىنى نەچچە ئايلىنىپ كېلىپ مېھمانغا قونۇپتۇ. مېھمان چۈمۈنغا بەرگەن جېنىنى قايتۇرۋاپتۇ ۋە شۇ ئانلا تىرىلىپ ئورنىدىن قوپۇپ، كولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. چۈمۈن ئولۇپتۇ. پادىشا بۇ كارامەتنى كورۈپ ھەيران قاپتۇ.

— ئەي ئەزىز مېھمان، — دەپتۇ پادىشا ئىلتىجا قىلىپ، — بۇ كارامەت ھۈنەر ئىكەن. ماڭا ئۈگىتىپ قويغىن. ماڭا يادىگار بولۇپ قالسۇن.

مېھمان ھۈنىرىنى پادىشاغا ئۈگىتىپ قويۇپتۇ ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ شەھەردىن كەتمەكچى بولۇپتۇ. پادىشا كوپ سوغا ئىنئام بىلەن ئوزىتىپ قويۇپتۇ.

ئاي-يىللار ئوتۇپتۇ. پادىشا: "مەن بۇ نادىر ھۈنەرنى بىلمەن. مۇبادا ماڭا ئەجەل كېلىپ ئولۇپ كېتىپ قالسام، بۇ ھۈنەر زايا بولىدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟" دەپ ئويلاپتۇ. پادىشانىڭ ناھايىتى كوڭلى يېقىن داستۇر ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى خىلۋەتكە چاقىرىپتۇ-دە:

— ئەي داستۇر،—دەپتۇ پادىشا سىرىنى ئايان قىلىپ، — مەن بىر ئاجايىپ ھۈنەر بىلىمەن، ساڭا ئۈگىتىپ قوياي.

— ئالىيلىرىغا تومەنمىڭ رەھمەت! — دەپتۇ ۋەزىر خۇرسەن بولۇپ، پادىشا "روھ يوتكەش" ھۈنىرىنى ئۈگىتىپتۇ.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادىشا داستۇر بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلارغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ. ئۇلار كېيىكنى بىللە قوغلاپتۇ. كېيىكنى ئولتۇرۇپتۇ، ۋەزىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر مەككارلىق بىلەن، — جانابلىرى ماڭا روھنى ئالماشتۇرۇشنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەتتىلە، لېكىن چۈشەنچەم دىگەندەك بولمىدى. ھەزرەتلىرىگە مالال كەلمىسە، بۇ كېيىككە روھلىرىنى ئۆتكۈزۈپ باقسىلا، بۇ مەن ئۈچۈن بىر دەرس بولۇپ قالغاي.

— ماتۇل، كورۇپ تۇر، — دەپتۇ پادىشا ماختىنىپ، — كوڭلۇڭدە گۇمان قالمىسۇن.

پادىشا ئوز روھىنى كېيىككە ئوتكۈزۈپتۇ. ۋەزىر ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، دەرھال ئوز روھىنى پادىشانىڭ بەدىنىگە كىرگۈزۈۋاپتۇ. پادىشا كېيىك بولۇپ، باياۋانغا چىپىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر پادىشا بولۇپ، ئوردىغا يېنىپ كەپتۇ. پادىشانىڭ خوتۇنى بىلەن خالىغىنىچە ئەيشى-ئىشارەت قىپتۇ.

سابىق پادىشانىڭ بىر خوتۇنى بار ئىكەن، ھەممە خوتۇنلىرىدىن ساھىپجامال، ئاقىل ۋە دانا ئىكەن. پادىشا ئۇنى، ھەممە خوتۇنلىرىدىن ياخشى كورىدىكەن.

ۋەزىر بۇ خوتۇننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ۋە ئۇ نازىنىنغا قول ئۇزىتىپتۇ. ئاقىل خوتۇن بۇ كىشىنىڭ خۇي-پەيلىنىڭ پادىشانىڭ خۇي پەيلىدىن ئوزگىچىلىكىنى پەملەپ، ئوزىنى قاچۇرۇپتۇ. بىر قولىغا زەھەر بىر قولىغا خەنجەر ئاپتۇ.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ ئۇ، — ماڭا قىرىق كۇنلۇك مۇھلەت بەرگىن، دەخلى قىلمىغىن، سېنىڭ خۇلقى-مىجەزىڭ پادىشاغا ئوخشىمايدۇ. يا خەنجەر بىلەن سېنى ئولتۇرىمەن، يا زەھەر بىلەن ئوزەمنى ئولتۇرىمەن، — دەپتۇ پادىشانىڭ ئايىلى. پادىشا ئىلاجىسىز سەۋرى قىپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سوزنى كېيىكتىن ئاڭلاڭ:

پادىشا كېيىك بولۇپ باياۋاندا يۇرۇپتۇ. بىسيار نادامەت قىپتۇ. ئەمما پايدا بەرمەپتۇ. ئاخىرى بىر يېشىللىققا چىقىپتۇ. قارىسا بىر ئولۇك تۇتى ياتقۇدەك. "ھوشۇمنىڭ بارىدا روھىمنى تۇتىنىڭ بەدىنىگە ئالاي" دەپ ئويلاپتۇ. تۇتىنىڭ روھسىز جەسىدىگە ئوز روھىنى ئوتكۈزۈپتۇ. تۇتى تىرىلىپ ئۇچۇپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ. ئۇچۇپ بىر گۇرۇھ تۇتىلار قېشىغا بېرىپتۇ. تۇتىلارنىڭ ئارىسىدا بىر دەم ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ تۇتىلار يېڭى كەلگەن تۇتىنىڭ ئەقىل پاراستىنى بىلىپ ئوزلىرىگە سەردار قىلىۋاپتۇ. پادىشا تۇتى باشقا تۇتىلارغا ھەرخىل تەدبىر-چارىلەرنى ئۆگىتىپتۇ.

بىر كۇنى تۇتىلار بىر دەرەخنىڭ شاخلىرىدا ئولتۇرغان ئىكەن، بىر سەيياد كېلىپ تور قۇرۇپتۇ. تۇتىلار تورغا چۈشۇپ قاپتۇ. ھەرقايسىسى قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپ ئالدىرىشىپتۇ.

— ئەي تۇتىلار، — دەپتۇ پادىشا تۇتى، — مۇنداق قىلىش بىلەن تۇتقۇناۇقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئەقىل-پاراسەت بىلەن تەدبىر قىلىش لازىم.

— سەن بىزنىڭ سەردارىمىز، بىزگە بىر تەدبىر ئۆگەتكىن، — دەپتۇ باشقا تۇتىلار.

— ئاۋال ھەممىڭلار ئولۇك بولۇپ يېتىڭلار، — دەپتۇ پادىشا تۇتى. — ئاندىن كېيىنكى ئىشنى ماڭا قويۇۋېتىڭلار.

تۇتىلار شۇنداق قىپتۇ. سەيياد كېلىپ قارىسا تۇتىلارنىڭ ھەممىسى ئولۇپ قالغان، ئۇ ئۇمىتسىزلىنىپ دەرھال تۇتىلارنى توردىن ئېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ. تۇتىلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەمما پادىشا تۇتى ئۇچماپتۇ. سەيياد خوشال بولۇپ تۇتۇۋاپتۇ.

— ئەي سەيياد، — دەپتۇ پادشا تۇتى، — تۇتىلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن مالال بولمىغىن. مەن ھەممىسىدىن ئاقىل، ئوبدان تۇتى. ھەممە ئىشلاردىن سېنى خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرىمەن، مېنى شەھەرگە ئېلىپ بارغىن، ئالغۇچىلار بولسا باھايىمنى مىڭ دىنار دىگىن. ئۇنىڭدىن كەمگە بەرمىگىن.

سەيياد بۇ تۇتىنىڭ سوزىگە ھەيران قاپتۇ ۋە خوشال بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. بىر يەردە قويغان ئىكەن، تۇتى ئوتكەن-كەچكەنلەردىن ھىكايە سوزلەشكە باشلاپتۇ. كىشلەر ھەيران بولۇپ يىغىلىپتۇ ۋە سەيياددىن تۇتىنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سەيياد "مىڭ دىنار" دەپتۇ. شۇ ئەسنادا ھىلىقى ۋەزىردىن مۆھلەت تىلەپ سەيلىگە چىققان مەلىكە يېتىپ كەپتۇ. يىغىلغانلارنى كورۇپ، يىغىلىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. خالايىقلار ئىچىدىن بىرسى سوزلەۋاتقان تۇتىنى كورسىتىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۇرۇپتۇ.

— باھاسى قانچە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— مىڭ دىنار.

مەلىكە مىڭ دىنار بېرىپ تۇتىنى سېتىۋاپتۇ ۋە ئاپىرىپ قېشىدا قويۇپتۇ. تۇتى ھەر تەرەپتىن ھىكايە-داستان سوزلەيدىكەن.

بەس، بىر كۈنى مەلىكە خىلۋەتتە ئولتۇرغان ئىكەن، تۇتى سوراپتۇ:

— ئەي مەلىكە، مېنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن، — دەپتۇ مەلىكە، — سەن بىر شاتۇتى.

— قېنى تونۇغىنىڭ؟ — دەپ يىغلاپتۇ تۇتى، — بىلگىنكى، مەن بۇرۇنقى پادىشا مەن. سېنىڭ ئېرىڭمەن.

مەلىكە بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ.

— ئەي پادشا، بۇ قانداق ئەھۋال؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

تۇتى ئوتكەن ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ سوزلەپتۇ. مەلىكە ھەيران قاپتۇ.

— ئەي پادشا، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇ ۋەزىر تولىمۇ ھىلىگەر، — دەپتۇ تۇتى، — سەنمۇ ماھىرلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، مۇلايىم تازىم قىلىپ، ئۇزەڭنى مايىل قىلىپ كورسەتكىن. "سەن روھ كوچۇ-رۇش ھۇنىرىڭنى بىر كورسىتىپ باققىن" — دىگىن. قالغان ئىشنى ئۇزەم بىر تەرەپ قىلىمەن.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى ۋەزىر مەلىكە قېشىغا كىرىپتۇ. مەلىكە خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئالدىغا بېرىپ قارشى ئاپتۇ ۋە ھورمەت، ئېھتىرام بىلدۇرۇپتۇ. بىردەم ئۇياق-بۇياقنىڭ سوزلىرىنى قىلىپ ۋەزىرنىڭ كوڭلىنى كوتىرىپتۇ.

— ئەي شاھ، — دەپتۇ مەلىكە ۋەزىرگە، — سېنىڭ بىر كارامەت ھۇنىرىڭ بار ئىدى، ئەگەر شۇ ھۇنەرنى ماڭا كورسەتسەڭ ئەركىمنى ساڭا تاپشۇرىمەن. نىمە دىسەڭ ماقۇل دەيمەن، ئەگەر ئۇ ھۇنەرنى ئايان قىلالمىساڭ ماڭا يېقىن كەلمە.

— سەن قانداقتۇر گۇماندا بولۇۋاتىسەن جېنىم، — دەپتۇ ۋەزىر، پوچىلىق قىلىپ، — سەن دىگەن ھۇنەر — روھ كوچۇرۇش ھۇنىرى، ئۇنى ساڭا ئەلۋەتتە كورسىتىپ بېرىمەن. بىر توخۇ پەيدا قىلغىن.

مەلىكە خىزمەتچىلەرگە بۇيرۇغان ئىكەن، توخۇ ئېلىپ كەپتۇ. توخۇنى ئولتۇرۇپتۇ.

ۋەزىر توخۇنىڭ بەدىنىگە ئۆز روھىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ھۇشيار تۇرغان شاھ تۇتى ئۆز روھىنى ئەسلىدىكى ئۆز تېنىگە ئۆتكۈزۈپتۇ-دە، توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، كويدۇرۇپ كۆلىنى كوككە سورۇۋېتىپتۇ.

نەزمە:

بەدنيەتنى ھىچ ۋاقىتتا دوست ئەتمىگىل،
ئاڭا سەن ئىلىم-ھۇنەر ئۆگەتمىگىل.

ئەلقىسسە، پادىشا ئۆز ھۇنىرىنى قارا نىيەت ۋەزىرگە ئۆگەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئاچچىق ساۋاق ئاپتۇ. مەلىكىنىڭ ۋاپادارلىغىنى بىلىپ باشقا خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىپ پادىشالىق تەختىدە قارار تېپىپتۇ...

يېشىل كىيىملىك مەلىكە ھىكايىسىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ. شاھ بەھرام پاراغەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپتۇ.

## سەرۋ ئازادنىڭ ھىكايىسى

ئەلقىسسە، سەيشەنبە كۈنى شاھ بەھرام مەنزەرۇ بىنەپشىگە راۋان بوپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان رۇم پادىشاسىنىڭ قىزى سەرۋ ئازاد پادىشانىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. بەھرام بۇ گۈزەل مەلىكىگە تويماي-تويماي قاراپتۇ. ئۇلار مەجلىس قۇرۇپ شاراپخورلۇق قىلىشىپتۇ. ئالتۇن پىيالىلەرگە لىپمۇ-لىپ مەي تولدۇرۇپ ناز-كەرەشمىلەر بىلەن سۇنۇلۇپتۇ. سۇبھىدىن تا شامغىچە سەرۋ ئازاد بىلەن بەھرام مەي تۇتۇشۇپتۇ. بەھرام مەي كەيپى بىلەن مەسخۇش بولۇپ، مەلىكىدىن ھىكايە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

نەزمە:

دىدى بەھرام: ھەي پەرى پەيكەر،
چىشلىرىڭ ئۈنچە، لەۋلىرىڭ شېكەر.
غۇنچىدەك ئاغزىڭنى ئاچ ھىكايەت قىل،
ئۆتكەن ئەلدىن ماڭا رىۋايەت قىل.

ئەلقىسسە، سەرۋ ئازاد ھىكايە باشلاپتۇ:

رۇم شەھرىدە بىر سودىگەر بولۇپ، مال-دۇنياسىنىڭ ھەددى-ھېساۋى يوق ئىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ھۇشيار، زىرەك، دانا ئىكەن، ھەر قاچان بۇ ئالەمدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى كورۇشكە ھەۋەس قىلىدىكەن. زامانىنىڭ يېڭى نەرسىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ تۇرىدىكەن.

بۇ سودىگەر بىر مېھمانخانا بىنا قىپتۇ. بۇ مېھمانخانىنىڭ تاملىرىغا ئالتۇن-كۈمۈش يالىتىپ، رەڭمۇ-رەڭ زىننەت بېرىپتۇ. ئۇ، ھەرقايسى شەھەردىن مۇساپىرلار كەلسە، مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئوبدان كۈتىدىكەن ۋە زامانىنىڭ يېڭىلىقلىرىنى، ئاجايىپ-غارايىپلىرىنى سورايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مۇساپىر كەپتۇ. بۇ مېھمان جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغىقىنى كوپ كورگەن كىشى ئىكەن. سودىگەر مەزكۇر مېھماننى ئوبدان مېھمان قىپتۇ. ئۇنىڭغا تۈرلۈك سوئاللارنى بېرىپتۇ.

— مەن ئۆزلىرىگە ئاجايىپ بىر ھېكايە سوزلەپ بېرەي، — دەپتۇ مۇساپىر، — بىر شەھەر بار. خەلقى ئىنتايىن گۈزەل، ئەمما ئۇ خەلقنىڭ نىسبى سوزلەيدۇ، نىسبى سوزلىمەيدۇ. بۇلارنىڭ خامۇشلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوزلەيدىغانلاردىن سورىدىم، ئۇلار ماڭا: "بۇ يەردە ھوكۇمالار ئىلمىي تىلسىم بىلەن بىنا قىلىنغان بىر سەرراپ بار. كىمدە-كىم ئۇ سەرراپقا كىرسە بىر يىلدا چىقىدۇ. ئەمما ئۇلار خامۇش بولۇپ چىقىدۇ. كېچە-كۈندۈز بىھۇش يۈرىدۇ......" دېيىشتى.

ئەلقىسسە، سودىگەرنىڭ ئوغلى بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپتۇ-دە، شۇ سەرراپنى كۆرۈشنى ھەۋەس قىپتۇ. ئاتا-ئانىسى ھەرقانچە توساپ نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماپتۇ. ئاخىر نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش ۋە خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ھېلىقى مۇساپىرنىمۇ ھەمرا قىلىۋاپتۇ. ئۇلار شەھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ، بىر يىلدا ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. سودىگەرنىڭ ئوغلى سەرراپقا كىرمەكچى بولۇپ، ھەمرالىرىغا:

— مېنى بىر يىل ساقلاڭلار، تىرىك چىقسام خوپ، ئەگەر تىرىك چىقمىسام بۇ مال، كېنىزەكلىرىمنى سالامەت ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ ۋە ھەمرالىرى بىلەن خوشلىشىپ سەرراپقا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە، سودىگەرنىڭ ئوغلى سەرراپقا كىرىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغان ئىكەن، بىر گۈمبەز كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىچىدە ھېسابسىز ھوجرا بار ئىكەن. بۇ ھوجرىلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ ئىكەن. بۇنى كورگەن يىگىت ھەيران بولۇپتۇ ۋە قورقۇپتۇ. بەدىنىنى تىترەك بېسىپتۇ. كىرگىنىگە يۈز مىڭ پۇشايمان قىپتۇ. ئەمما ھېچ پايدىسى بولماپتۇ.

ئاندىن بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كىرسە يەنە يۈز مىڭ ئىشىك تۇرغۇدەك. ئۇ بىر ھەپتە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بىلەن ئۆزىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ نالە-زارلىق ئىچىدە يىغلاپ يۈرۈپتۇ. ئاقىۋەت يەنە بىر ئىشىك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرسە، بىر چاھار باغ نامايەن بوپتۇ. بۇ باغدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئاسمانغا بوي سوزغان بولۇپ، شاخ-شاختا ھەر خىل شېرىن مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن. تەرەپ-تەرەپتە ھەر خىل گۈللەر ئېچىلغان، ئېرىقلىرىدا سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان ئىكەن.

بىر كېچىسى بۇ يىگىت ھەر خىل مېۋىلەردىن يەپتۇ ۋە ھەر تەرەپنى سەيلە-تاماشا قىپتۇ. بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپتۇ. بىر ساراي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭدا مىڭ ھوجرا، ھەر ھوجرىنىڭ ئالدىدا بىردىن شاھانە سۇپا بار ئىكەن. يىگىت بۇ يەرلەرنىمۇ ئايلىنىپ تاماشا قىپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. يىگىت پەرىشان بولۇپ، سارايىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا

www.uyghurkitap.com



ئولتۇرۇپتۇ. چاھار باغ تەرەپتىن بىر قۇياش مەسەللىك رەنا ئىككى يۈز ساھىپجامال قىزلار بىلەن پەيدا بولۇپتۇ ۋە سارايغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ رەنا ئالتۇن تەختتە، قىزلار تەخت ئەتراپىدا سەپ تۈزۈپ ئولتۇرۇپتۇ. رەنا بىر قىزغا قاراپ:

— بۇ يەردە بىر غېرىپ ئادەم يېتىپتۇ. ئېلىپ كەلگىن دەپتۇ.

ھېلىقى قىز يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەلىكىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەلىكە مۇساپىرغا ئابۇتائام بېرىشنى، ئۇنىڭمۇ ئولتۇرۇشقا قاتنىشىشىنى بۇيرۇپتۇ. بۇ سوزنى ئاڭلىغان يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا ھاياجان يامراپتۇ. ئۇ دەرھال مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە، — غېرىپ مۇساپىر ئوخشايسەن، كەل تەختتە ئولتۇرغىن.

مەلىكە يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تەختكە ئېلىپ چىقىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە پىيالە مەينى بىللە ئىچىپتۇ. يىگىت مەس بولۇپتۇ، مەلىكىگە كوڭلى چۈشۈپ قول سوزۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ مەلىكە خىجىل بولۇپ، — بۇ كېنىزەكلەر مېنىڭ ھەمرالىرىم، ئۇلار ئالدىدا نومۇس قىلمەن. بۇلارنىڭ قايسىنى خالساڭ تاللاپ ئىشرەت قىل. ھازىر ماڭا قول ئۇزاتما. پۇرسىتىنى كەلتۈرۈپ مېنىڭ بىلەنمۇ ئىشرەت قىلىسەن.

مەلىكە بىر قىزغا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قىز چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرۇپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىپتۇ ۋە قولىدىن تۇتۇپ بىر پىنھان ھوجرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئىشرەت قىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ قارىسا كۆن چىقىپتۇ. ئەمما نازىنىن-رەنالارنىڭ ھېچقايسىسى كورۈنمەپتۇ. ھەر تەرەپكە قاراپتۇ. نە قىز، نە ئىز يوق، يىگىت ھەيران بوپتۇ.

يەنە كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇلۇق قانات يېيىپتۇ. رەنالار يەنە پەيدا بولۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر ھەپتە ئوتۇپتۇ. يىگىت سەككىزىنچى كۈنى مەلىكە بىلەن ئىشرەت قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، مېنىڭ بەدىنىمنى كورمىگىن، — دەپتۇ مەلىكە. يىگىت ئۇخلاپ ئويغىنىپ، مەلىكىنىڭ بەدىنىگە قاراپ سالغان ئىكەن، مەلىكە بىر كاچات ساپتۇ. يىگىت بىھوش بوپتۇ. يەنە ھوشىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بىر باياۋاندا تۇرغۇدەك. بۇ باياۋاننىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ جېنى چىقىشلى ئاز قاپتۇ. پەريات پىغانلار قىپتۇ. ھېچ چارە تاپالماپتۇ. ئاخىر بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە، چولمۇ-چول، باياۋانمۇ-باياۋان ئاچ ھەم ئۇسسىز يۈرۈپتۇ. ئاقىۋەت بىر كەنتكە چىقىپتۇ ۋە بىر موماينىڭ ئويىگە كەپتۇ. ئۇ موماي يىگىتتىن ھال-ئەھۋال سوراپ تائام بېرىپتۇ. يىگىت كورگەنلىرىنى ۋە بېشىدىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ موماي، — ماڭا بىرقانچە كۈن خىزمەت قىلغىن. بىر ساھىپجامال قىزىم بار، ساڭا بېرەي.

موماي قىزىنى كورسىتىپتۇ. يىگىت بىر قاراشتىلا قىزغا شەيدا بولۇپتۇ. ئاخىر موماي قىزنى بېرىپتۇ-يۇ، ئەمما بولەك ئويى بەرمەپتۇ. ئۇ يىگىت ھەرقاچان ۋىسال تەقەززاسىدا ئوتۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز مەسلىھەت كۆرسىتىپ، — مېنى پىنھان بىر يەرگە ئېلىپ بار، شۇ يەردە ئۆز ئارزۇيىمىزچە ئەيش - ئىشرەت قىلايلى!

يىگىت شۇ نىيەتتە مومايغا:

— ئەي ئانا، قىزىڭغا رۇخسەت قىلغىن. ئىككىمىز بۇ ئەتراپتا سەيلە - تاماشا قىلىپ كەلسەك، — دەپتۇ.

موماي قىزىغا چىدىماي يىغلاپتۇ. ئاخىر ئامالسىز رۇخسەت قىپتۇ.

قىز خۇشال بولۇپتۇ ۋە يىگىتكە بويرۇپتۇ.

— ئىشەكنى تۇتۇپ، ئۇزۇقلارنى يۈكلىگىن. ئىشەكنىڭ قۇيرۇقىنى ھەرگىز تۇتمىغىن.

يىگىت ئىشەكنى ئېلىپ كېلىپ تۇقۇم سېلىپتۇ. قوشقىنىنى سالغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن قۇيرۇقىنى تۇتۇپ سېلىپتۇ. ئىشەك بىرنى تېپىپتۇ. يىگىتنىڭ كۆزىگە بارچە ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. يىگىت بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقان يىگىت ئۆزىنى بىر تاغ ئۈستىدە كۆرۈپتۇ. قارىسا موماي، قىز، ئىشەكنىڭ ھېچ بىرى يوقمىش.

ئەلقىسسە، تاغ ئۈستىدە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىكەن. يىگىت نالە - زارە قىلىپ ئۆلۈمدىن باشقىغا چارە تاپالماپتۇ. بىر ياققا قارىسا بىر يېشىل بوستان كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يەرگە بارسا بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك.

— ئەي سەرگەردان يىگىت قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي، — بۇيەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

يىگىت بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي ھېلىقى موماي ئۇچرىغان يەرنىڭ پەرىلەر ماكانى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇلارغا تەۋە مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھاياتلىقتىن نېسىۋەڭ بار ئىكەن، — دەپتۇ بوۋاي، — خۇدا ساڭا رەھمە قىپتۇ. شۇڭا سالامەت قاپسەن. جان تېنىڭدە بولسىلا گىيا ۋە مېۋىگە قانائەت قىلالىساڭ، ئاخىر سەنمۇ مېنىڭدەك قېرىيسەن. ئەگەر ھەر ياقلارغا بېرىشنى ھەۋەس قىلساڭ، ئادەمخور قۇشلار سېنى پارە - پارە قىلىدۇ.

يىگىت بوۋاينىڭ قېشىدا بىر نەچچە مەزگىل تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى يىراقلارغا بېرىپ تاماشا قىپتۇ. بىر چاغدا بىر ئادەمخور قۇش كېلىپ ئۇنىڭغا چاڭگال سېپتۇ - دە، ئۇنى كۆتىرىپ ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ. تاغلاردىن ئېشىپ بىر غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قونۇپتۇ. يەنە بىر قۇش بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ يېتىپ كەپتۇ ۋە ئىككى قۇش يىگىتنى تالىشىپ سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. يىگىت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆزىنى غارنىڭ ئىچىگە ئاپتۇ. ئىچكىرىلەپ بىر ھەپتە قېچىپتۇ. ئاخىر بىر زىرائەتلىك ۋە مېۋىزارلىققا چىقىپتۇ.

ئەلقىسسە، يىگىت بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپتۇ. قارىسا، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا كىشىلەر سەپ - سەپ بولۇپ يولغا تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. يىگىت يېتىپ بارغان ھامان ئۇلار ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ، شاھانە كىيىم - كېچەك، بېشىغا سەلتەنەت تاجىنى كىيدۈرۈپ، دۇلدۇلغا مىندۈرۈپ، ۋەزىر - ئەمرالارنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر خىلۋەت خانىغا باشلاپ كەپتۇ. ھەممىسى يىگىتكە ئېگىلىپ، قول باغلاپ، تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. يىگىت ھەيران بوپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ئۇلاردىن بىرسى، — بۇ شەھەرنىڭ رەسمىي قائىدىسىدە، پادىشا ئۆلگەندە ھەممەيلەن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ يولغا قارايدۇ. يىراقتىن قانداق كىشى يېتىپ كەلسە، ئۇنى ئۆزلىرىگە شەرتسىزلا مۇناسىپ پادىشا ھىساپلايدۇ. پادىشاھىمىز ئۇ ئالەمگە كەتكەنلىكتىن، يولغا كوز تىكىپ تۇرغان ئىدۇق. ھەق دەرگاھىدا پادىشالىق ساڭا نېسىپ بولغان ئىكەن. بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ پادىشاھىمىز سەن. ئۇ-زەڭگە ھەر قاچان ئادالەتنى يار قىلىپ، پۇخرالارنىڭ ھال-دەردىگە يەتكەيسەن...

يىگىت خوشال بوپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. باشقىلار تارقاپ كېتىپتۇ. مەر-ھۇم پادىشانىڭ ھەرەم خانىسىدىن بىر ۋەكىل كېلىپ، تازىم قىلىپ ئەدەپ بىلەن تۇرۇپتۇ.

— نىمە ئادەم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— مەن مەرھۇم پادىشانىڭ ساراي ۋەكىلى ئىدىم. ئۇ پادىشانىڭ يەنە بىر ھەرەمى بار. سىىنى ئۇ ھەرەمگە باشلاپ بارىمەن، — دەپتۇ ھىلقى كىشى.

يىگىت بۇ كىشىگە ئەگىشىپ بىر قەلئەگە كەپتۇ. ئىسىل كىيىنىپ قولىدا بىر جۈپ قىزىلگۈل تۇتقان بىر نازىنىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە قولىدىكى گۈلنى يىگىتكە تۇ-تۇپتۇ. يىگىتنى بىر خىلۋەت سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ. ھامامغا باشلاپ كىرىپ، مىشك ۋە گۇلاپ بىلەن پاكىزە يۇيۇپتۇ. ئاخىرىدا ئويۇن-تاماشاغا تۇتۇش قىپتۇ.

ئەتىسى ساراي ۋەكىلى كېلىپ، يىگىتنى يەنە بىر ھەرەمگە باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ھە-رەمدىنمۇ گۇل تۇتقان بىر قىز چىقىپ يىگىتنى كۈتۈۋاپتۇ. ھامامغا باشلاپ كىرىپ، يۇ-يۇندۇرۇپ، ئالى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. شاراپ ئىچىپ مەسخۇش بولغاندىن كېيىن ئەيش-ئىشرەت قىلىشقا كىرىشىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئالتە كۈن ئۆتۈپتۇ. نۆۋەت يەتتىنچى ھە-رەمگە كەلگەندە، ساراي ۋەكىلى:

— ئەي يىگىت، ئالتە ھەرەمگە كىرىپ ئىشرەت قىلدىڭ. يەتتىنچى ھەرەمدىن ھەزەر قىلغىن، ئىلگىرىكى پادىشالار بۇ ھەرەمگە كىرگەندە كوك لىباس كىيەتتى، — دەپتۇ.

يىگىت بۇنىڭ سەۋۋىنى سورىماپتۇ. سارايغا نازىنىن قىشىغا كىرىپتۇ. بۇ يىگىتكىمۇ كوك كىيىم كىيگۈزۈشۈپتۇ. شۇ زامان يىگىت ئۆزىنى سارايىنىڭ تېشىدا كورۇپتۇ. يىگىت بىر يىلغىچە بەزى راھەت كورۇپ، بەزى مۇشەققەت تارتىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىغا ساق-سا-لامەت يېتىپ كېلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە، سەرۋ ئازاد ئەپسانىلىرىنى تۈگىتىپ، بەھرام بىلەن توشەك ئارام گاھىدا قارار تېپىپتۇ.

## مەجلىس ئارانىڭ ھىكايىسى

ئەلقىسسە، چارشەنبە كۈنى قۇياش زۇلمەت دەرىزىسىدىن باش چىقىرىپ ئالەم روشەن بوپتۇ. بەھرام مەنزەرۇ نارىنجگە راۋان بوپتۇ. كەيلان شاھنىڭ قىزى خۇرشىد چېھرە نارىنجى كىيىملىرىنى كىيىپ، مىڭ تۇرلۇك ناز-كىرەشمە بىلەن بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ.

شاھ بەھرام كورۇپتىكى، بۇ مەلىكە تولىمۇ گۈزەل ئىكەن. بوستان چاچلىرى يەلپۈ-

نۇپ هەر تەرەپكە چېچىلىپ تۇرىدىكەن. هەر قانداق كىشىنى زىبالىق ئەپسۇنى بىلەن دىۋانە قىلىدىكەن. چىشلىرى ئۈنچىدەك، ئاغزى غۇنچىدەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان شېرىن سوزلەر دىللارغا هوزۇر بېغىشلاپ مەس قىلىدىكەن.

بۇ زىبانى كورۇپ بەهرامنىڭ ئەقلى بۇزۇلۇپتۇ. خاس خىزمەتچىلىرى كېلىپ، تەخت ئالدىدا سوهبەت هازىرلىغىنى قىپتۇ. ساقىلار پىيالىلەرنى شاراپ بىلەن تولدۇرۇپ، ئۇزىتىشقا باشلاپتۇ. خۇش ئاۋاز سازەندە-ناخشىچىلار بۇلبۇلدەك ناۋا قىلىشىپتۇ. بۇ مەجلىس كەيپىياتىنى باغى ئەرەمنىڭ هور-پەرىلىرى كورسە، هەسەت قىلىپ هەسرەت چىشلىرىدا بارماقلىرىنى چىشلىگەن بولاتتى. شاراپ بىلەن كوڭۇللىرى ئېچىلىپ مەس خۇش بولغان مەجلىس ئەهلى ئوز مەنزىللىرىگە قايتىپتۇ. بەهرام بىلەن خۇرشىد چېهرە پاراغەت تۇشىگى ئۈستىدە دولەت تەكىيىسىگە يولىنىپتۇ.

ئەلقىسسە، خۇرشىد چېهرە مەجلەس ئارا ئىسسىملىك كېنىزىگىنى چاقىرىپتۇ. بەهرەم ئۇنىڭغا قىزىق بىر هىكايە سوزلەپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. مەجلەس ئارا ئوزىنى تۇزەپ ئولتۇرۇپ هىكايىسىنى باشلاپتۇ.

بۇرۇنقى زاماندا، شام شەهرىدە بىر پادىشا ئوتكەن ئىكەن. دۇنيا-دەپىنىلىرى بىهساپ بولۇپ، هېچ نەرسىدىن ئېهتىياجى يوق ئىكەن. ئۇ خەيرى-ساخاۋەتتە هاتەمدىن قالمايدىكەن. ئەمما بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. پەرزەنت ئارزۇسىدا ئولىمالارغا ئالتۇن-كۈمۈش، قوي، توگە ئىنئام قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ. ئوزىمۇ ياشلىرىنى باهار يامغۇرىدەك راۋان قىلىپ، خۇدايى تائالاغا مۇناجات قىپتۇ. ئاللاتائالا ئۇنىڭ تىلىگىنى ئىجابەت قىلىپ بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ چېهرىدىن دولەت ۋە شىجائەتنىڭ كۈندەك نۇرلىنىپ تۇرىدىكەن. پادىشا ئوغلىغا روشەن راي دەپ ئات قويۇپتۇ.

ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ. تامام ئىلىمدىن بەهرى ئېلىپ ئەقىل كوزى ئېچىلىپتۇ. ئوغۇل 14 ياشقا كىرىپتۇ. سىپاگەرچىلىكتىن تەلىم ئاپتۇ. چەۋەندازلىق، شەمشەرۋازلىق قاتارلىق هۈنەرلەردە كامالەتكە يېتىپتۇ.

روشەن راي بىر كۈنى يىراقتىن كېلىۋېتىپ توقايلىقتا تۇرغان بىر كىشىنى كورۇپتۇ. بېرىپ ئىزلەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. ئۈچ كۈنگىچە ئىزلەپتۇ. هېلىقى ئادەم يىراقتىن كورۇنىدىكەن، يېقىن بارسا يوق بولۇپ كېتىدىكەن. روشەن راي هەمراھلىرىغا بۇ كىشىنى قانداق قىلىپ بولسۇن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. غۇلاملار هەرياقنى ئىزلەپ يۈرۈپ، هېلىقى كىشىنى تېپىپ كەپتۇ. روشەن راي كورۇپتىكى، ئۇ چېچى تىزىغا چۈشكەن گۈزەل يېگىت ئىكەن.

نەزمە:

دىدى شاهزادە: ئەي پەقىر غېرىپ،
نە ئۈچۈن يۈرسەن چوللەرنى كېزىپ.
ئادەمدىن نېمىشقا قاچىسەن يىراق،
ئويۇڭ ۋە بالاڭدىن ئايرىلدىڭ قانداق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىلىگىڭ بولسا گەر قىلغايسەن ئىزھار،
بولاي مەن ساڭا چىن غەمگۇزار ۋە يار.

— ئەي پادىشا يىگىت، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھىلىقى مۇساپىر يىگىت، — شۇنچە ئامال قىلىپمۇ سىلەردىن ئۇزەمنى قاچۇرالماي ئەسىر بولدۇم. كىشىلەردىن قىچىشىمنىڭ سەۋەۋى بار:
— ئەي يىگىت، سەن سىرىڭنى ھەممىنى ياراتقۇچى خۇدانىڭ ھەققىدە ماڭا ئېيتقىن، — دەپتۇ شاھزادە روشەن راي.
ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى روشەن راي بولۇپ، پادىشا ئىكەن. ئۇ ئىلاجىسىزلىقتا سوز باشلاپتۇ:
— ئەي روشەن راي، يەمەن دەرياسىدا بىر تاغ بار، تاغنىڭ بېشىدا بىر كولچەك بار، كولچەكنىڭ لېۋىدە بىر تاش بار، ئۇ تاشقا خەت پۇتۇلگەن. ھەرقانداق مۇرادىڭ بولسا شۇ يەردە ھاسىل بولىدۇسى …
ئۇ شۇنداق دەپتۇ-دە، مەجنۇندەك زار-زار يىغلاپ باشلىرىغا توپا چېچىپ باياۋانغا يۇگۇرۇپ كېتىپتۇ. روشەن راي ھەيران بولۇپتۇ ۋە شۇ ھەيرانلىق ھەسرىتى بىلەن شىكاردىن قايتىپتۇ. گەپ-سوزدىن، يېمەك-ئىچمەكتىن قاپتۇ.
خىزمەتكارلار شاھزادىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشا ۋەزىرلىرىنى ئوغلىنىڭ ئالدىغا ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرلەر كېلىپ خامۇش ئولتۇرغان روشەن راينى كورۇشۇپتۇ.
— ئەي شاھزادە نىمە ئۇچۇن مالالسىز؟ — دېيىشىپتۇ ۋەزىرلەر، — بۇ ھالىڭىزنى پادىشا ئاڭلاپ بىئارام بولدى، بىزنى "ئوغلۇمنىڭ سىردىنى بىلىپ كېلىڭلار، قانداق مۇرادى بولسا ھەل قىلىپ بېرىمەن" دەپ ئەۋەتتى.
— كوڭلۇمدە بىر ھەۋەس بار، — دەپتۇ شازادە، — شۇنىڭ سەۋەۋىدىن مالال بولدۇم.
ئۇ شىكارغا چىققاندا يۈز بەرگەن ۋەقەنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ سەرگۇزەشتىنى پادىشاغا يەتكۇزۇپتۇ.
ئەھۋالدىن خەۋەرلەنگەن پادىشا دەرھال مەجلىس چاقىرىپ، روشەن رايغا كىشى ئەۋەتىپتۇ. روشەن راي كېلىپ بىر چەتتە خامۇش ئولتۇرۇپتۇ.
— ئەي يۈرەك پارەم، — دەپتۇ پادىشا يىغلاپ، — نىمە بولدۇڭ؟ سەندىكى قانداق دەرت؟ ھەرقانداق ۋەقە بولغان بولسا خۇدانىڭ ھەققى-ھورمىتى ئۇچۇن ماڭا بايان قىلغىن. قولۇمدىن كەلسىلا بىر ئامال قىلغايمەن.
روشەن راي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سوزگە ئېغىز ئېچىپتۇ:
— ئەي ئاتا، ئومرۇڭ ئۇزۇن، دولىتىڭ زىيادە بولسۇن، قۇدرىتىڭ كامال تاپسۇن. يەمەن دەرياسىنىڭ بويىدا سەيلە قىلىشنى ھەۋەس قىلىپ قالدىم. ئۇ يەرگە بارماي كوڭلۇم ئىمىن تاپمايدۇ. بۇ ھەقتە قىلىنغان ھەرقانداق نەسىھەت خۇددى قۇيۇننىڭ پۇتىنى باغلايمەن دېگەندەك، بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ، خالاس.
پادىشا نائىلاج رۇخسەت بېرىپتۇ. بىھىساپ لەشكەر تەييارلاپ ئوغلىنى يەتتە كۇنلۇك يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئاللاتائالاغا تاپشۇرۇپ، ماتەمدار كىشىدەك يىغلاپ كەينىگە يېنىپتۇ.

روشەن راي كېچە-كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ ئاقىۋەت يەمەن دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە كېمە راسلاپ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە دەرياغا كىرىپتۇ. دەريادا بىر نەچچە كۈن يۈرۈپتۇ. ئالەمنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق بېسىپ، قاتتىق بوران چىقىپتۇ. كېمىلەر ئۆرۈلۈپ سانسىز لەشكەرلەر هالاك بولۇپ كېتىپتۇ. روشەن راي بىلەن مۇدەببەر دېگەن بىر خىزمەتچىسى ئامان قاپتۇ. روشەن راي بىر ئامال قىلىپ بىر تاختىغا ئولتۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىشقا قەدەم قويغىنىغا پۇشايمان قىپتۇ. تۆۋە قىلىپ يىغلاپ خۇداغا مۇناجات قىپتۇ. تاختاينى شامال ئىتتىرىپ دەريا لېۋىگە چىقىرىپتۇ. ئۇ گاهى هۇشيار، گاهى بىهۇش بولۇپ، دەريا لېۋىدە تۇرۇپتۇ. گاهى باياۋانلارنى كېزىپتۇ، خەتمە ئوقۇپ غېرىپلار روهىغا بېغىشلاپتۇ. شۇ هالەتتە ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە بىر تاغ كۆرۈنۈپتۇ. روشەن راي نۇرغۇن مېهنەت ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپتۇ.

ئەلقىسسە: روشەن راي تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. دېگەندەك ئۇ يەردە بىر كۆلچەك، كۆلچەكنىڭ لېۋىدە خەت پۈتۈلگەن بىر تاش بار ئىكەن. تاشقا:

"هەركىم بۇ كۆلچەككە چۆمۈپ چىقىپ راست سۆزلىسە سالامەت بولار، ئەگەر يالغان ئېيتسا قارنى يېرىلىپ ئۆلەر، يالغان سۆزلەشكە، غەيۋەت قىلىشقا بولمايدۇ" دېگەن خەت پۈتۈلگەن ئىكەن.

مۇدەببەر يالغانچى ۋە غەيۋەتخور ئىكەن. ئۇلار يالغان ئېيتماسلىققا ئەهدى قىلىشىپتۇ.

روشەن راي كۆلچەككە چۆمۈپ چىقىپ قارىسا كۆل بويىدا بىر بوۋاي ئولتۇرغۇدەك. روشەن راي سالام قىپتۇ. بوۋاي جاۋاپ سالام بېرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي يىگىت، بۇ باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟

روشەن راي سەرگۈزەشتىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي شاهزادە، — دەپتۇ بوۋاي، — بۇ سىردىن ۋاقىپ بولمىساڭ، بۇ يولغا قەدەم ئالمىساڭ ياخشى بولاتتى، ئەمدى پايدىسى يوق.

بوۋاي بىر مۇنچە نەسىهەتلەرنى قىپتۇ ۋە تاپىلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئىنشائاللا، ئۆز دىيارىڭغا بالادىن قۇتۇلۇپ بارارسەن. سەن بۇ يەردىن چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر توپ كىشىلەرگە قوشۇلىسەن، خەير-خوش!...

روشەن راي بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. دېگەندەك ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر توپ كىشىلەر ئۇچراپتۇ. ئۇلار شاهزادىنى كۆرۈپ هەيران بوپتۇ، شاهزادىگە تويغۇدەك تاماق بېرىپتۇ. ئۇلار "قاراقچىلارنىڭ خەۋەرچىسىمىكىن" دەپ گۇمانلىنىپتۇ. شاهزادىگە كىيىم-كېچەك بېرىپتۇ. شاهزادە نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ-يالىڭاچ يۈرگەن ۋە ئۇخلىمىغان ئىكەن. شۇڭا يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ. هېلىقى كىشىلەر شاهزادىنى ئويغاتماي بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىپتۇ.

سۈبهى سۈزۈلگەندە شاهزادە ئويغىنىپ قارىسا قېشىدا هېچ ئادەم يوق، پەقەت ئازراق يېمەكلىك تۇرغۇدەك. روشەن راي هەيران بولۇپ، پايانسىز باياۋاندا يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، كېتىپ بارسا بىر تەرەپتە ئوت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يولنى ئۆزگەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىپ، ئوت كورۇنگەن ياققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوت بار يەرگە بارسا ئىككى زەنگى ئولتۇرغۇدەك، شاھزادە ئۇلارغا سالام قىپتۇ.

— ئەي يىگىت، يالغۇز كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ زەنگىلەر.

— ھەئە يالغۇزمەن، — دەپتۇ روشەن راي.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئىككى زەنگى روشەن راينى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا ئاخىر ئىككىلىسى ھالاك بوپتۇ. روشەن راي بۇ زەنگىلەردىن قۇتۇلغىنىغا خۇرسەن بولۇپ، خۇداغا شۈكرى قىلىپ، ئۇ يەردىن دەرھال قېچىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭغا ئىككى چىشى دىۋە ئۇچراپتۇ. دىۋىلەرنىڭ سەت ھەم ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى كورگەن شاھزادە قورقۇنچلۇقتا ھوشىدىن كېتىپتۇ. دىۋىلەرمۇ ئۇنى تالىشىپتۇ.

— بۇ مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— ياق، بۇ مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

دىۋىلەر پۈتۈشەلمەي ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا ھالسىزلىنىپ ئىككىلىسى ئولۇپتۇ.

شاھزادە ھوشىغا كېلىپ دىۋىلەرنىڭ ئولۇگىنى كورۇپ، خوشال بولۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئىككى شىر پەيدا بولۇپ، شاھزادىگە خىرىس قىپتۇ. شاھزادە ئوزىنى چەتكە ئاپتۇ. شىرلار ھېلىقى ئولۇكلەرنى يىگىلى تۇرۇپتۇ. شاھزادە ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە، شاھزادە يۈرە ـ يۈرە تاپانلىرى قاپىرىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى بىر ئورمانلىققا يېتىپتۇ. ئۇ يەردە غاردەك ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ بىر ئەجدىھا تۇرغۇدەك. ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت پارچىسى ئورمانزارلىقنى پۈتۈنلەي كويدۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىر ئەجدىھا ئوزىمۇ ئوتتا كويۇپ ھالاك بوپتۇ. شاھزادە بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلغىنىغا شۈكرى ئېيتىپ، ھارغىنىغا قارىماي كېچە ـ كۈندۈز سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە شاھزادىگە خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلىنىپتۇ. خوشال بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خوراز ئاۋازى چىققان تەرەپكە مېڭىپتۇ، تاڭ ئېتىپتۇ. شاھزادىگە بىر شەھەر كورۇنۇپتۇ. شەھەرنىڭ سېپىللىرى ۋە دەرۋازىلىرى كۈمۈشتىن ئىكەن، شاھزادە نەزمە ئوقۇپ شەھەرگە قەدەم قويۇپتۇ.

شاھزادە شەھەرگە كىرىپلا بىر قىزنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ، قىز:

— ھەرقانداق مۇساپىر بۇ يەرگە كەلسە غەمدىن قۇتۇلىدۇ، — دەپتۇ ۋە يىگىتنى باشلاپ مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

— ھەرقانداق مۇساپىر بۇ شەھەرگە كەلسە، — دەپتۇ ئۇ قىز كېتىۋېتىپ، — مەن ئۇنى مەلىكىگە تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

قىز شاھزادىنى بىر سارايغا باشلاپ كىرىپ، خۇش پۇراق سۇدا يۇيۇندۇرۇپ، ئۇستىگە شاھانە كىيىملەرنى، بېشىغا تاج كىيدۇرۇپتۇ. ئاندىن بىر باققا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ شۇنداق باغ ئىكەنكى، ھەر تەرەپتە ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ، تۇرلۇك خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىكەن. ئاستى ئالتۇندىن، گىيالىرى زەپىرەندىن بولۇپ، سۇلىرى

سۇتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق ئىكەن. تاشلىرى ئۈنچە ـ مارجاندىن ئىكەن.
باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار ئىكەن. قىز يىگىتنى شۇ ياققا باشلاپتۇ. راۋاقتا مەلىكە ئولتۇرغان ئىكەن. روشەنراي مەلىكىگە سالام قىپتۇ. مەلىكە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شاھزادىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن خىزمەتكارلىرى ھەر خىل لەززەتلىك تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. تاماقتىن كېيىن مەلىكە سوراپتۇ:
ـــ ئەي يىگىت قەيەردىن كەلدىڭىز؟ كىمنىڭ نەسلى بولىسىز؟
ـــ شام پادىشاسىنىڭ ئوغلى ئىدىم، ـــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ روشەنراي ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.
مەلىكە مەجلىس ھازىرلىغىنى قىپتۇ. مەجلىسكە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياش قىزلار ئىكەن. بىرمۇ مويسىپىت يوق ئىكەن.
مەرىكىدە نازۇ ـ نېمەتلەر دىگەندىن ئارتۇقچە بولۇپتۇ. شاراپلارغا تولدۇرۇلغان پىيالىلەر ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە مەي كەيپىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قىزلار تەرەپكە مايىل بولۇپ قاپتۇ.
ئەلقىسسە، مەلىكە شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى پەملەپتۇ.
ـــ ئەي يىگىت، ـــ دەپتۇ ئۇ روشەن رايغا قاراپ، ـــ قايسى قىزنى خالىساڭ شۇنىڭ بىلەن قانغىچە كۆڭۈل ئاچقىن.
مەلىكە بىر قىزغا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ قىز كېلىپ شاھزادىنى ئۆز ھوجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. شاھزادە ئۇ يەردە تاڭ ئاتقىچە كۆڭۈل ئېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىلىنمەيلا ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ.
بىر كۈنى مەي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ شاھزادىنىڭ كۆڭلى مەلىكىنى تارتىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ ئارزۇدا مەلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنى سېزىپ:
ـــ ئەي يىگىت، نىمە ئۈچۈن ئالدىراڭغۇلۇق قىلىسەن؟ سەۋرى قىل، سەۋرى خوشاللىقنىڭ ئاچقۇچى. ئاخىرقى ھساپتا مەنمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇرمەن، ـــ دەپتۇ.
لېكىن شاھزادە مەلىكىنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي بىتاقەت بولۇپ، تىلىگىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.
ـــ ئۇنداق بولسا، ـــ دەپتۇ مەلىكە شەرت قويۇپ، ـــ كۆلگە چۈشۈپ پاكىز يۇيۇنغىن.
ـــ شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىپ كۆلگە چۈشۈپتۇ ـ دە چۆمۈپتۇ. كېيىن سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ كۆزىنى ئاچسا، ئۆزى يالغۇز تۇرغۇدەك، ئۇ ھوشىدىن كېتىپتۇ.
ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مۇدەببەردىن ئاڭلاڭ: شاھزادە كۆلدىن چىقىپ ھوشىغا كەلگىچە مۇدەببەر ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپتۇ. كېمىدە ئولگەنلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى يىغىۋېلىشقا كىرىشىپتۇ. دەريا سەيلىسىگە چىققان يەمەن پادىشاسى ئۇنى كۆرۈپ سوراپتۇ:
ـــ نىمە ئادەم سەن؟
ـــ مەن شام پادىشاسىنىڭ ئوغلى ئىدىم، ـــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مۇدەببەر، ـــ دەريا سەيلىسىگە چىققان ئىدىم. ئەسكەرلىرىم دەرياغا غەرق بولدى. ئۆزەم بىر قۇلۇم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالدىم. ئۇ قۇلۇم ئارقامدىن كېلىدۇ...

ئۇ شۇنداق دېيىشىگىلا قوسىغى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ. يەمەن پادىشاسى بۇ ئىشقا ھەيران بوپتۇ.

روشەن راي ھۇشىغا كېلىپ قارىسا مۇدەببەر يوق، ئۇ ئالدىراپ دەرياغا چۈشكەن ئىكەن، دەريا سەيلىسىگە چىققان يەمەن پادىشاسى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قارىسا مۇدەببەر ئۇ يەردە ئۆلۈك ياتقۇدەك.

يەمەن پادىشاسى روشەن راينىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. شاھزادە بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاياق سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— تاغ بېشىدا كولچەك بار ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ، — ئۇنىڭ لېۋىدە بىر تاش بار ئىكەن، ئۇ تاشقا، بۇ كولچەككە چۈمۈپ چىقىپ يالغان گەپ قىلغۇچىنىڭ قوسىغى يېرىلىپ ئۆلىدىغانلىقى، راستچىل ئادەمنىڭ بۇ كولچەككە چۈشسە مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى ھەققىدە خەت يېزىلغان ئىكەن. مۇدەببەر بۇ كولچەككە چومۇپ چىقىپ، يالغان سۆزلىمەسلىككە ئەھدى قىلغان، ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۆلۈپتۇ.

— ئەي شاھزادە، — دەپتۇ يەمەن پادىشاسى، — بىزنىڭ ئوردىغا بېرىڭ، بىر قىزىم بار، سىزگە نىكاھلاپ قوياي.

شاھزادە پادىشا بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشا چوڭ توي قىلىپ قىزىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە خانىسىغا كىرىپ قارىسا، بۇ قىز ھېلىقى مەلىكىنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇلار تونۇشۇپتۇ ۋە دىل ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپتۇ. كېچە - كۈندۈز ئاشىق - مەشۇقلاردەك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى روشەن راي ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ پادىشادىن رۇخسەت سوراپتۇ. پادىشا كۈيوغلىنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپ، قىزىنى ۋە يەنە بىرقانچە كىشىلەرنى قوشۇپ ئۇزىتىپتۇ.

روشەن راي قېيناتىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بىرنەچچە كۈندە شامغا يېتىپ بېرىپ ئاتا - ئانىسى بىلەن جەم بوپتۇ.

مەجلىس ئارا ھېكايىسىنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈپتۇ. شاھ بەھرام بىلەن مەلىكە خۇرشىد راھەت - پاراغەت تەكىيىسىگە باش قويۇپ ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇپتۇ.

## مۇساپىرنىڭ ھېكايىسى

ئەلقىسسە، كۈن ئالەمنى ئۆز نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىپتۇ. بەھرام قىزىل كىيىم كېيىپ مەنزەرۇ گۈلنارغا قەدەم قويۇپتۇ. ئالتىنچى ئىقلىم پادىشاھىنىڭ قىزى گۈلچەبىن بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئىززەت ئىكراملار بىلەن گۈمبىزى گۈلنارغا باشلاپ كىرىپتۇ.

بەھرام مەلىكىنىڭ ھەمرالىقىدا گۈمبىزى گۈلنارغا كىرىپ، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ، ياقۇت پىيالىدە مەيخورلۇققا تۇتۇش قىپتۇ. مەسخۇش بولۇپ ئالتىنچى ئىقلىم تەرىپىدىن كەلگەن مۇساپىرنى چاقىرتىپ ئەپسانە ئېيتىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپ ھىكايىسىنى باشلاپتۇ مۇساپىر، — ئۆتكەن زاماندا جۇنە دىگەن بىر پادىشا بولغان ئىكەن. غەزنىسى بىھىساپ بولۇپ، ئادالەت بىلەن ئىش كورۇش، خەير-ئىھسان ئۇنىڭ ئادەتتىكى ھۇنىرى ئىكەن. ھەر كىشى زەرە چاغلىق توھپە ئېلىپ كەلسە، كوپ نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىدىكەن. ھەرقانداق ھاجەتمەن ئۇنىڭ دەرگاھىدىن نائۇمىت قايتمايدىكەن.

بىر كۇنى بىر مۇھتاج كىشى پادىشاغا بىر سىۋەت ئامۇت ئېلىپ كەپتۇ.

— بىردەم توختاپ تۇرسۇن، — دەپتۇ پادىشا، — مەن ھىلى ئۇنىڭغا كوپ ئىھسانلار قىلغايمەن.

پادىشا شۇنداق دەپتۇ-يۇ، لېكىن ھاجەتمەننى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش ئۇچ كۇندىن كېيىن ئېسىگە كەپتۇ-دە، ئۇ كىشىنى چاقىرىشنى، تەلەپ قىلغىنىنى بېرىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇ كىشىنى پادىشانىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

— ئەي مۇھتاج كىشى، نىمە تىلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

بىر ھەرە بىلەن بىر كەكە تىلەيمەن، — دەپتۇ مۇھتاج كىشى.

پادىشا بۇنىڭ سەۋەۋىنى سوراپتۇ.

— قەيەردە ئامۇت دەرىخى بولسا كەكە بىلەن شاخلىرىنى كەسكەيمەن، — دەپتۇ مۇھتاج كىشى، — ھەرىدەپ تېنىمنى نابۇت قىلغايمەن.

پادىشا مۇھتاج كىشىنىڭ غەرىزىنى چۇشىنىپتۇ ۋە غەزنىگىچە بۇيرۇپتۇ:

— بۇ كىشىنى غەزنىگە باشلاپ كىرگىن. ئالتۇن، جاۋاھىراتلاردىن كوتىرەلىشىچە ئالسۇن.

غەزنىچى مۇھتاج كىشىنى غەزنىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ نەرسە-كېرەكلەردىن خالىغىنىچە ئاپتۇ ۋە يەنە پادىشا ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشا كورۇپ:

— ئاز ئاپتۇ، يەنە ئالسۇن، — دەپتۇ. غەزنىچى يەنە غەزنىگە باشلاپ كىرىپتۇ، مۇھتاج كىشى كوڭلى خالىغانچە ئاپتۇ.

يەنە بىر كۇنى پادىشا سوقا-سوھبەتتە ئولتۇرسا، بىر مۇساپىر بىر ئەينەكنى ھەدىيە قىلىپ كەپتۇ. بۇ ئەينەكنىڭ مۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەن: ھەر كىمنىڭ يۇزىگە تۇتسا ئەگەر راست سوزلىسە يۇزى ئاق كورۇنىدىكەن؛ يالغان سوزلىسە يۇزى قارا كورۇنىدىكەن.

پادىشا خىزمەتچىلىرىنى چاقىرتىپ ئەينەكنى سىناپ كورگەن ئىكەن، ئەينەكنىڭ خاسىيىتى تولۇق نامايەن بوپتۇ. پادىشا مۇساپىرغا كوپ ئىنئام-ئىھسانلارنى بېرىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— ئەي مۇساپىر، سەن ھەممە شەھەرنى ئارىلاپ تاماشا قىلىپسەن ئەلۋەتتە، ياخشى-يامانىنى سىناپ كورگەنسەن. جاھان يۇزىدە مەندەك سېخى پادىشانى كوردۇڭمۇ ۋە ياكى ئاڭلىدىڭمۇ؟

بۇ سوئالنى ئاڭلىغان مۇساپىر ناھايىتى غەمكىن ۋە مالال بولۇپتۇ. "كوردۇم" دىسە پادىشانىڭ كوڭلىگە ياقمايدۇ، "كورمىدىم" دىسە يالغانچى بولىدۇ. مۇساپىر ئۇزاق ئويلاپتۇ، ئاندىن كېيىن:

— سىزدەك ساخاۋەتلىك پادىشانى كورگىنىم يوق، دەپتۇ.

پادىشا ھىلىقى ئەينەكنى مۇساپىرنىڭ يۇزىگە تۇتقان ئىكەن، يۇزى قارا كورۇنۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇساپىر خىجىل بولغىنىدىن يەرگە قارىۋاپتۇ.

— ئەي مۇساپىر، — دەپ سوراپتۇ پادىشا، — بۇ خىجىللىق ساڭا قەيەردىن كەلدى؟ راستىنى ئېيتقىن.

— ئەي پادىشا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مۇساپىر، — سىزدىنمۇ ساخاۋەتلىك كىشىنى كورگەن ئىدىم.

پادىشا ئەينەكنى مۇساپىرنىڭ يۈزىگە تۇتۇپتۇ. يۈزى ئاق كورۈنۈپتۇ.

— سەن كورگەن قانداق ساخاۋەتلىك كىشى ئىكەن؟ بايان قىل، — دەپتۇ پادىشا.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ھىندىستاندا بىر شەھەر بار. بۇ شەھەردە مۇھتاجلىق يوق. ئاشۇ شەھەردە مەسئۇت دىگەن بىر ياش يىگىت بار، ئۇنىڭ ھوسنى كامالىغا يەتكەن. مال-مۈلكى ھەددىدىن زىيادە، ئەقىل-پاراسەتتە يىگانە. ئۇ ناھايىتى سېخى بولۇپ، دائىم مەجلىسلەر قىلىپ سوھبەت قۇرىدىكەن. ئۇ سوھبەت قىلغاندا خالايىق بېشىدىن گۈل چاچىدىكەن. ھەركىم ئۇنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالىدىكەن.

پادىشا ئۇ ياشنى زىيارەت قىلىپ، ئوز كوزى بىلەن كورۈپ، مېھمان بولۇپ كەتمەكچى بوپتۇ ۋە ھەممە خىزمەتچىلىرىنى ئازات قىپتۇ.

پادىشانىڭ بىر ئېتى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرئىتىگە ئۇچار قۇشلارمۇ يېتەلمەيدىكەن. پادىشا ئېتىغا مىنىپ، ھەپتىلىك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ھىلىقى شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا باغدا مىۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، تەرەپ-تەرەپتىن خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇرغان. باغنىڭ گۈزەللىكى ھىلىقى مۇساپىر تەرىپلىگەندىن نەچچە ھەسسە زىيادە ئىكەن.

پادىشا جۇنە مەسئۇتنىڭ ئويىنى ئىزلەپ تېپىپتۇ ۋە ئېتىدىن چۈشۈپ ئوردىدەك ھەيۋەتلىك قەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان خىزمەتكارلارغا سالام بېرىپتۇ. خىزمەتچىلەر پادىشانى بىر مۇساپىر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

مەسئۇتنىڭ قەسىرىنىڭ يېنىدا بىر ھامام بولۇپ، ئۇ يەرگە جۇڭگو تاۋارلىرى بىلەن رۇم ئەتلەسلىرى ۋە پەرەڭ مەخمەللىرىدە ياسالغان توشەكلەر قەۋەت-قەۋەت سېلىنغان ئىكەن. پادىشا تەكلىپ بىلەن ھامامغا كىرىپ، يۇيۇنۇپتۇ. پادىشا كورۈپتىكى، ھامامدا تاش ئورنىغا ئالتۇن ئىشلىتىلگەن ئىكەن. ھالقىلىرى كۈمۈشتىن، اوڭگىلىرى مۇشكى-ئەنبەردىن، يىپلىرى تىللادىن ئىكەن. پەردازاتقا ئوخشاش نازىنىنلار خىزمەت قىلىدىكەن.

پادىشا يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن تەكلىپ بىلەن مەسئۇتنىڭ سارىيىغا چىقىپتۇ. نازىنىن قىزلار ئالتۇن پىيالىلەرگە كۆلرەڭ شاراپنى تولدۇرۇپ قۇيۇپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن سۇنۇپ تۇرۇپتۇ. مەجلىس ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا قىزىل كىيىم كىيىشكەن ئىكەن.

قايتا-قايتا سۇنۇلغان شاراپ مەجلىس ئەھلىنى مەسخۇش قىپتۇ. مەي كەيپى بىلەن جانلانغان پادىشا ئىختىيارسىز ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئەي مەسئۇت، مەن جاھان شەھەرلىرىنى سەيلە قىلدىم. سەندەك ئاقىل، مەرت، سېخى كىشىنى كورمىدىم، بۇنداق دولەت ساڭا قەيەردىن كەلدى؟

— بۇ دولەت پەرۋەردىگارنىڭ ئاتاسىدۇر، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەسئۇت، — بىزنىڭ ناھايىتى ئادىل، خەلقپەرۋەر بىر پادىشاھىمىز بار. ئۇنىڭ ئادالەت ۋە مېھرى-شەپقىتى

ھەممەيلەننى خاتىرجەم، بەختلىك قىلدى. قەيەردە ئادالەت نۇرى پارلىسا، كىشىلەر باي، بە-ھاجەت، بەختىيار بولىدىكەن.

مەسئۇتنىڭ بۇ سوزىدىن پادىشا ناھايىتى خوشال بوپتۇ.

مەسئۇتنىڭ بىر نەچچە سودىگەرلىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىر سودىگەر ئېلىپ بارغان مال - مۈلۈكىنى سېتىپ، بىرگە ئون پايدا كورگەن ئىدى. مەسئۇت شۇ پايدىنىڭ ھەممىسىنى پادىشاغا بېرىپتۇ.

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە يەنە بەزمە قىلىنىپتۇ. پادىشانىڭ ئۈستىدىن ئاق قاچىلاردا ئال-تۇن چېچىلىپتۇ. خوشاللىقتىن بارلىق مەجلىس ئەھلى گۈلدەك ئېچىلىپتۇ.

مەسئۇت بىر ياقىقا قاراپ ئىشارەت قىلغان ئىكەن، بىر گۈلئۈزار نازىنىن قولىدا ئالتۇن جام تۇتقان ھالدا چىقىپ تازىم قىلىپ، قولىدىكى شاراپنى پادىشاغا سۇنۇپتۇ. ئۇ جامنى ئې-لىپ شاراپنى ئېچىپتۇ.

— ئەي مېھمان، — دەپتۇ مەسئۇت، — بۇ جامنى مەجلىس ئەھلىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۇتۇپ ھەرقانچە ئىچكەن بىلەن جامدىكى مەي تۈگىمەيدۇ. مەجلىس ئەھلىنىڭ سول تەرىپىگە تۇتۇپ ئىككىلا كىشى ئىچسە تۈگەپ قالىدۇ. بۇنى ھوكۇمالار ئالىمي ھىكمەت بىلەن ياسىغان.

— ئۇنداق بولسا مەن بىر سىناپ كورەي، — دەپتۇ پادىشا. ئۇ لىپمۇ - لىق شاراپ تولدۇرۇلغان جامنى قولىغا ئاپتۇ. ئەھۋال خۇددى مەسئۇتنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ.

پادىشا خېلى ئۇزۇن كۈنلەر مېھمان بوپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى:

— ئەي مەسئۇت، — دەپتۇ پادىشا، — مېھماندارچىلىق ھەر قانچە بولسا، شۇنچىلىك بولار، مەن سېنى ئومۇرۋايەت ئۇنۇتمايمەن، ئەمدى ماڭا رۇخسەت بەرسەڭ.

مەسئۇت يەنە بىرقانچە مەزگىل مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن پادىشا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ، قايتىشقا ئىجازەت ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. مەسئۇت پادى-شاغا ھەدىيە قىلىنغان نەرسىلەرنى ئات، توگىلەرگە يۈكلەپ ئارقىسىدىن يولغا ساپتۇ.

ئەلقىسسە، مەسئۇت ياشايدىغان شەھەرنىڭ بىر پادىشاسى بار بولۇپ، ئۇ زالىملىقتا مەشھۇر ئىكەن. پادىشا جۇنە مەسئۇتنىڭكىدە مېھمان بولۇش جەريانىدا بۇ پادىشانىڭ زالىملىغىنى كورگەن، ھەم دادىخالارنىڭ شىكايەتلىرىنى كوپ ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇ ئوز دىيارىغا يېنىپ كېلىپلا ھىلىقى شەھەرگە مەسئۇتنى پادىشا قىلىپ بەلگىلەپ، ھىلىقى زالىم پادىشانى پادىشالىقتىن قالدۇرۇپتۇ.

زالىم پادىشا بەختىنىڭ قولدىن كەتكەنلىگىنى ئويلاپ، بىر سىرداش ۋەزىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەتتە مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ۋەزىر يول كورسىتىپ، — بۇنىڭغا مەسئۇت سەۋەپ بولدى. بىر ھىلە بىلەن مەسئۇتنى يوقاتقايمىز، بۇ شەھەر بالدۇرقىدەكلا سېنىڭ ئالقىنىڭدا بولغاي.

— مەسئۇتنى قانداق يوقىتىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بۇنىڭ چارىسى ئۇنچىلا قىيىن ئەمەس، — دەپتۇ ۋەزىر ئىشەنچلىك سوزلەپ، — سىز مەسئۇتنى ئوز ئويىڭىزگە تەكلىپ قىلىپ چاقىرتىسىز. دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ مېھمان قىلىپ بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىسىز، قالغان ئىشنى ئوزەم يەتكۈزىمەن.

www.uyghurkitap.com



ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن زالىم پادىشا مەسئۇتنى مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ. ئىنتايىن ئالى بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ. كېچىسى مەي ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەسئۇتنىڭ خىزمەتكارلىرى مەي ئىچىۋېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. مەسئۇتمۇ مەس بولۇپ يىقىلىپتۇ. ۋەزىر مەسئۇتنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، كوتىرىپ ئېلىپ بېرىپ بىر قۇدۇققا تاشلاپتۇ.

ئەتىسى مەسئۇتنىڭ ئۇرۇق - تۇقىان، يېقىنلىرى ئۇنى ئىزلەپ تاپالماي ياقىلىرىنى يىرتىپ زار - زار يىغلاپتۇ. زالىم پادىشا، ھېچنەرسىنى بىلمىگەن بولۇۋاپتۇ. بەلكى ھەممىدىن بەكرەك غەمكىن قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. مەسئۇتنى بىر ئىلاج قىلىپ تېزرەك تېپىشقا ئالدىرىغاندەك قىپتۇ. ئاخىر مەسئۇتنىڭ ئۇرۇق - تۇقىان، دوستلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى تەسەللى بېرىپ قايتۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، يەنە بىر كېچىسى مەسئۇت ھۇشىغا كەپتۇ ۋە كوزىگە ھەممە ئالەم قاپقاراڭغۇ كورۇنۇپتۇ. ئۇ ھەسرەت چېكىپتۇ. مەسئۇت جېنىدىن ئۇمىت ئۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سوزنى ۋەزىرنىڭ قىزىدىن ئاڭلايلى:

ۋەزىرنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ھوسنى - جامالدا مەملىكەت بويىچە ساھىپجامال بولۇپ، مەسئۇتقا غايىبانە كويۇپ يۈرگەن ئىكەن. لېكىن بۇ سىرنى ھېچكىشىگە ئېيتالمىغان ئىكەن.

مەسئۇت تاشلانغان قۇدۇق ۋەزىرنىڭ بېغىدا بولۇپ، ئۇ ئاشىق قىز بىر گۇناكارنىڭ قۇدۇققا تاشلانغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن. ۋەزىرنىڭ قىزى دادىسىنىڭ پادىشا ئالدىغا كەتكەن ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، گۇناكارنى قويۇۋېتىش ئۈچۈن كەپتۇ. قارىسا قاراۋۇل مەسلىكتە ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. قىز قۇدۇق ئاغزىنى ئېچىپ گۇناكارنى تارتىۋاپتۇ.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.

— مەسئۇتمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىگىت.

بۇ گۇناكارنىڭ مەسئۇت بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن قىز ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ. ئىشىق ئوتى لاۋۇلداپ، بىھۇش بولۇپ يىقىلغىلى تاس قاپتۇ.

ئۇ دادىسىنىڭ ناھايىتى رەھىمسىز، زالىملىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا دەرھال ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئوزىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئىككى يېقىن كېنىزىكىنى چاقىرىپ، مەسئۇتنى كوتىرىپ خاس ئويىگە ئېلىپ كەپتۇ.

ۋەزىر پادىشا بىلەن قىلغان مەسلىھەتكە ئاساسەن، مەسئۇتنى ئولتۈرمەك بولۇپ قۇدۇق بېشىغا كەپتۇ. قارىسا مەسئۇت يوق، قاراۋۇللار ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇ بۇ خەۋەرنى دەرھاللا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا بىلەن ۋەزىر مەسئۇتنى بىرنەچچە كۈن ئىزلىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

ئەلقىسسە، ۋەزىرنىڭ ئاشىق قىزى مەسئۇتنى بىرنەچچە كۈن ئوبدان داۋالاپتۇ. مەسئۇت سەللىمازا بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ كېچىسى قېچىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشانىڭ ئادەملىرى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاكى دەريا بويىغا قەدەر قوغلاپ بېرىپتۇ. لېكىن قارىسىمۇ كورەلمەپتۇ.

ئۇلار ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چېپىپ، دەريادىن ئوتۇپ، يەنە ئون كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ پادىشا جۇنەنىڭ ئوردىسى ئورۇنلاشقان مەشھۇر چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەس-

ئۆت پادىشانىڭ چار بېغىغا كىرىپ خىزمەتچىلەر قاتارىدا ئىشلەشكە باشلاپتۇ.

ئەلقىسسە، مەسئۇتنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىق خەۋىرى پادىشا جۇنەگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كوپ ھەسرەت چېكىپ يىغلاپتۇ.

مەسئۇتنىڭ ئوز ئەھۋالىنى پادىشاغا دىگۇسى كەپتۇ. لېكىن خىجىل بولۇپ دىيەلمەي، قولىنى چىشلەپتۇ. "ئەگەر ئوزەم بېرىپ ھال ئېيتسام، ئوتكەندە قىلغان مېھماندارلىغىم ھىساۋىغا بىر نەرسە تاما قىلغان بولىمەن" دەپ ئويلاپتۇ. مەسئۇتنىڭ جۇنەگە ئىنئام قىلغان بىرنەچچە خىزمەتچىلىرى چار باغ دەرۋازىلىرىدا تۇرىدىكەن. ئۇلار مەسئۇتنى كورۇپ قاپتۇ ۋە مەسئۇتنىڭ ئايىغىغا ئوزىنى تاشلاپ يىغلاپتۇ. تاشقىرىغا سالقىنداشقا چىققان پادىشا بۇلارنىڭ ئاھۇ-نالىسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ كېلىپ مەسئۇتنى كورۇپ، ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، ھۇشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. پادىشا مەسئۇتقا ئوزىنى تاشلاپتۇ. ھەر ئىككىلەنىڭ ياشلىرى سەلدەك ئېقىپتۇ.

پادىشا مەسئۇتنى ھاماماغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيدۇرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزىنىمۇ ئەكەلدۇرۇپ، ھېلىلە كىيىملەرنى كىيدۇرۇپتۇ. زىياپەتلەر بېرىپتۇ، ئۇلار بەزمە تۈزۈپ، سوزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشا مەسئۇتنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى سوراپتۇ. مەسئۇت بولغان ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سوزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشا قايتا نامە تارقىتىپ مەسئۇتنى پادىشا قىلىپ، ھېلىقى زالىم پادىشا ۋە ۋەزىرنى ئەكەلدۇرۇپ ئولۇمگە ھوكۇم قىپتۇ...

ئەلقىسسە، ئالتىنچى ئىقلىم تەرەپتىن كەلگەن مۇساپىر ھېكايىسىنى تاماملاپ، بەھرام ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادىدىن بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بەھرام.

— مەسئۇتنىڭ نەسلىدىن بولىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مۇساپىر.

## ئاق مەنزەردىكى ھېكايە

ئەلقىسسە، بەھرام يەتتىنچى كۇنى تامامەن ئاق كىيىملەرنى كىيىپ ئاق مەنزەرگە قەدەم قويۇپتۇ. بۇ مەنزەردە يەتتىنچى ئىقلىم پادىشاسىنىڭ قىزى بار ئىكەن. ئۇلار ئاق رەڭلىك بىساتلاردا ئولتۇرۇپ شاراپ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. بەھرەم يەتتىنچى ئىقلىم تەرىپىدىن كەلگەن مۇساپىرنى ھېكايە سوزلەشكە تەكلىپ قىپتۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ ئۇ، — باغدات شەھرىدە بىر پادىشا بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى دانا، پاراسەتلىك ئىكەن.

بىر كۇنى پادىشا ۋەزىرنىڭ قىزىنى كورۇپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئاندىن ۋەزىرنى چاقىرىپ دەپتۇ:

— ئەي ۋەزىر، ئاڭلىسام بويىغا يەتكەن بىر قىزىڭ بار ئىكەن. ئۇنى ماڭا بەرگىن.

— بەرمەمدىغان، قىزىمنى ئوزلىرىگە بەرمەي كىمگە بېرىمەن؟ — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەمما ئوزلىرىگە ئەرزىم شۇكى، قىزىمنى ئوزەمدەك بىر نامراتقا بەرسەم مۇناسىپراق بولار.

www.uyghurkitap.com

مىنىڭ ئىتىگىم ئۇزلىرىنىڭ قولىغا يەتمەس، مۇبادا قىزىم ئۇزلىرىنىڭ خىزمىتىگە يارىماي قالسا ئەر ئالماس، يەنى قىزىم باشقا كىشىگە تېگەلمەس.

پادىشا بۇ سوزنى ئاڭلاپ خاموش بوپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ پادىشا، — بۇ دۇنيادا غەمسىز كىشى بارمىدۇ؟

— بۇ دۇنيادا غەمسىز كىشى يوقتۇر، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەگەر غەمسىز كىشىنى تاپسام سېنى ئۆلتۈرسەم مەيلىمۇ؟ — دەپتۇ پادىشا.

— مەيلى، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاغا، — غەمسىز كىشىنى تاپسىلا مېنى ئۆلتۈرسىلە.

ئۇلار گۇۋا-شاھىتلار ئالدىدا ئەھدە قىپتۇ. پادىشا سودىگەرچىلىك جابدۇقلىرىنى راسلاپ، مال-مۈلۈكلىرىنى توگە-خېچىرلارغا يۈكلەپ، ئۈچ ئايلىق سەپەر ئىختىيار قىلىپ، ۋەزىرنى ئوز ئورنىدا قويۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، شۇنچە ئىزلەپ سوراپمۇ غەمسىز كىشىنى ئۇچرىتالماپتۇ.

پادىشا كۈنلەرنىڭ بىردە چىن ماچىنغا كەپتۇ. قارىسا چىن پادىشاسىدا غەم-ئالا-مەتلىرى زاھىر بولماپتۇ. پادىشا "ئەمدى غەمسىز كىشىنى تاپتىم بولغاي" دەپ ئويلاپتۇ. نۇرغۇن سوغا-سالام بىلەن خاقاننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۇ يەردە بولۇپ-تۇ. ئۇلارنىڭ ئاشنالىقلىرى كۈنسېرى زىيادىلىشىپ ئارىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلىپتۇ.

بىر كۈنى باغدات پادىشاسى سوراپتۇ:

— ئەي خاقان، مەن باغدات پادىشاسى بولىمەن. مەن بىر ۋەزىرىم بىلەن ئەھدە قىلغان. جاھاندىن غەمسىز كىشىنى تاپسام، ۋەزىرنى ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم. ئۇمۇ رازى بولدى، شۇ سەۋەپتىن غەمسىز كىشىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنى ئورنۇمدا پادىشالىققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سودىگەر قىياپىتىدە سەپەرگە چىققان ئىدىم. مانا ئۈچ يىل بوپتۇ. شەھەرمۇ-شەھەر، يېزى-مۇ-يېزا كېزىپ غەمسىز كىشىنى تاپالمىدىم. سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولدۇم. سىزنى غەمسىز كۆرۈپ ئۈمىدىم جانلاندى، ئەمدى مۇرادىمغا يەتكەيمەن.

چىن خاقانى بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئاھ تارتىپ يىغلىۋېتىپتۇ.

— ئەي باغدات پادىشاھى، — دەپتۇ ئۇ، — بىلگەنكى، دۇنيادىن ھەرگىزمۇ غەمسىز كىشىنى تاپالمايسەن. مەندىمۇ غەم يېتەرلىك بار. غەمدىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئامالى بولمىغاچقا، ئۆزەمنى خوشال تۇتىمەن.

— سىزنىڭ غېمىڭىز قانداق غەم؟ — دەپ سوراپتۇ باغدات پادىشاسى.

ئورنىڭدىن قوپقىل، — دەپتۇ خاقانى چىن. ئۇ باغدات پادىشاسىنى بىر سارايغا باش-لاپ كىرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر پەردە تارتىغلىق تۇرغۇدەك. خاقان پەردىنى كوتىرىپتۇ، باغدات پادىشاسى قارىغۇدەك بولسا قىياپىتى ئىنتايىن سەت، شوم چىراي بىر زەنگى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ رەڭگى-روھىنىڭ سەتلىگىدىن كىشى تىكىلىپ قارىيالمايدىكەن. ئۇنىڭ قەددى گو-يا مۇناردەك ئېگىز، قوللىرى چىناردەك ئۇزۇن، ئاغزى غاردەك، بېشى گومبەزدەك ئىكەن. بويىندا غوللە زەنجىر، قولىدا كويىزا، پۇتىدا ئىشكەل، ئەمما يېنىدا بىر گۈزەل نازىنىن بار ئىكەن. ئۇ گۈزەل بولسا زەنگىگە يالۋۇراتتى، زەنگى بولسا چىرايىمۇ ئاچماي قوپاللىق قىلاتتى. ھەتتا نازىنىنىڭ زىبا يۈزىگە قاتتىق ۋە يوغان قوللىرى بىلەن ئۇراتتى. شۇنداق-

تىمۇ مەلىكە گويا زەنگىدىن ئايرىلسا ھاياتىدىن جۇدا بولىدىغاندەك، تېخىمۇ بەكرەك يىپلىنىپ-يالۋۇرۇپ، ناز قىلىپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشاتتى.

— ئەي باغدات پادىشاسى، كوردۇڭمۇ؟ — دەپتۇ خاقانى چىن.

— ئەي خاقان بۇ قانداق ۋەقە؟ — دەپ سوراپتۇ باغدات پادىشاسى ھەيران بولۇپ.

— بۇ قىز، — دەپتۇ خاقان سوزلەپ، — ھامماەمنىڭ قىزى ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ماڭا ئاشىق، مەن ئۇنىڭغا مەشۇق ئىدىم. مەن ئۇنى ئالىدىغان بولۇپ ئەلچى كىرگۇزدۇم. ئۇنىڭ ئاتىسى قىزنىڭ ھەققىي ئۇچۇن يۇز مىڭ قىزىل ئالتۇن تەلەپ قىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاجىز كەلدىم. بۇ قىزنىڭ ماڭا مەيلى بار ئىدى. شۇڭا:

— ئەي يىگىت، — دىدى ئۇ ماڭا، — ھەر كۇنى كېچىسى ساراي كەينىگە كەلگىن. ھەر قېتىمدا مىڭ قىزىل ئالتۇن قاچىلانغان بىر ھەميان بېرەي، ئۇنى يىغىۋەرگىن. ئاتام تەلەپ قىلغان مىقدارغا يەتكەندە مېنى ئالغىن. مەن مۇرادىمغا يېتىپ بەختلىك بولۇۋالاي.

بۇ سوزگە خوشال بولدۇم. ھەر ئاخشىمى ساراي كەينىگە بېرىپ ساقلىدىم. ئەل جىمىققاندا بىر ھەميان ئالتۇن ئېلىپ چىقىپ بەردى. بىر كۇنى كوينەكچان بارغان ئىدىم، ھەر ئېھتىمالغا قارشى خەنجىرىمنى ئېلىۋالغان ئىدىم. قىزنى ساقلاپ كۇتە-كۇتە، خىيال ئىلكىدە خەنجەرنى زەكىرىم ئۇستىدە تۇتۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. قىز بىر ھەميان ئالتۇننى تاشلاپتۇ. ھەميان خەنجەرگە تېگىپ، خەنجەر زەكىرىمنى كېسىۋەتتى. مەن كوپ داۋالىنىپ ساقايدىم. لېكىنى ئايال كىشىنىڭ تەلۋىنى رازى قىلغۇچىلىكىم يوقالغان ئىدى. قىز بۇ ئىشنى ئاڭلاپ مەندىن ئالاھىدە ھال سورىدى. مەن راستىنى ئېيتتىم.

— يالغان ئېيتىسەن، — دىدى قىز سوزۇمگە ئىشەنمەي، — بۇ سوزۇڭگە ھەرگىزمۇ ئىشەنگىم كەلمەيدۇ.

— ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەرگىزمۇ يالغىنى يوق، — دىدىم مەن چۇشەندۇرۇپ، — بۇ بالا ماڭا يەتتى، خۇدايىم باشقا بەندىسىگە بەرمىسۇن.

قىز سوزلۇرۇمگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي نامەرت! پادىشالىقنى تاشلاپ، بۇ شەھەردىن چىقىپ كەت. ئەمدى ھىچ مەقسەت ھەل بولمايدۇ، — دىدى.

ئۇ شۇنداق دەپ يۇز ئورۇدى. قانچە يالۋۇرساممۇ ئۇنىماي، ماڭا قوپاللىق قىلدى...

ئەي نازىنىن، — دىدىم ئاخىر، — مېنى خەلق ئارىسىدا رەسۋا قىلما. مەخپىيەتلىكىمنى ساقلىساڭ پادىشالىق، پۇتۇن مال-مۇلۇك سېنىڭ بولسۇن. ھەرنە قىلساڭ قىل. مەن ساڭا چاكار بولاي.

— ئەي ئەقىلسىز، — دىدى ئۇ ۋاقىراپ، — سەندىن مۇرادىم ھاسىل بولمىسا، پادىشالىق، مال-مۇلۇكنى نىمە قىلىمەن؟!

— ئۇنداق بولسا لەشكىرىم ئىچىدىن بىرىنى تاللىغىن، ئەمما سىرىم سىرتقا چىقمىسۇن، ئۇ سوزۇمگە ماقۇل بولدى ۋە چوڭ-كىچىك ئەرلەرنىڭ بىر-بىرلەپ ئالدىدىن ئوتۇشنى، شۇلاردىن بىرسىنى تاللىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىلاجىسىز قوبۇل قىلدىم.

بۇ قىز بۇ يەردە ئولتۇردى، تامام خەلق جەم بولدى. بارلىق يىگىتلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئوتتى. ئۇ ئاخىرىدا ھىلىقى زەنگىنى تاللىدى. نەچچە يىلدىن بىرى شۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىللە تۇردۇ...

— مانا مۇشۇنداق دەرت-ئەلەم كۆڭلۈم ئاسمىنىدا ماكان تۇتقان، — دەپتۇ خاقان كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، بۇنىڭدىن ئارتۇق غەممۇ بولامدۇ!؟

— ئەي خاقان، — دەپتۇ باغدات پادىشاسى، — مەن دۇنيانى كېزىپ يۈرۈپ نۇرغۇن غەملەرنى كۆردۈم. لېكىن مۇنداق غەمنى كۆرمىگەن ئىدىم.

ئەلقىسسە، ئۇ خاقان بىلەن خوشلىشىپ باغداتقا يېنىپ كەپتۇ ۋە ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ ئۇ، — ئەمدى قىزىڭنى ماڭا بەرگىن، بولمىسا ساڭا زىيان سالىمەن.

ۋەزىر قورقۇپ قىزنى بېرىپتۇ.

پادىشا غەزىنىگە كىرىپ بىر ساندۇق ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلۇپ سېلىپ مۆھۈرنى بېسىپ پېچەتلەپ مەلىكىگە بېرىپتۇ.

— ئەي مەلىكە دەپتۇ ئۇ، — مەن ئۇن ئىككى يىللىق شىكارغا بارىمەن. مەن قايتىپ كەلمىگىچە ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچمىغىن، بۇ پېچەتنى بۇزمىغىن. لېكىن ئىچىنى ئالتۇنغا تولدۇرغىن، مېنىڭ پۇشتىمىدىن ئۇن ئىككى ياشلىق بىر ئوغۇل پەيدا قىلىپ قويغىن. مەن سەپەردىن كەلگەندە، ئۇ پەرزەنت ئاشقانە غەزەل ئوقۇپ كېلىپ قۇچىقىمدا ئولتۇرغاي ۋە "دادا" دەپ مېھرىۋانلىق قىلغاي. بۇ ئاتنى ئۆزەم مىنىپ كېتىمەن. يەنە بىر ئات پەيدا قىلدۇرغىن، ئۇ ئات مەن تونىيالمىغۇدەك بولسۇن. ئەگەر بۇ شەرتلەرنى بىجا كەلتۈرمىسەڭ يېلتىزىڭنى قۇرۇتقايمەن.

ئەلقىسسە، ۋەزىرنىڭ قىزى بۇ ۋەھىمىدىن قورقۇپ، بىر كۈنى ئاتىسىنى چاقىرىپ ھەممە ئەھۋالنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ.

— ئەي ئاتا، — دەپتۇ ئۇ، — مەن بىر ئىش قىلايكى، تا قىيامەتكىچە دەپتەرگە پۈتۈلگەي. ماڭا قىرىق قىز پەيدا قىلىپ بەرگىن. ھەممىسى ئۇن توت ياشلىق بولسۇن. كېچە-كۈندۈز مەندىن جۇدا بولمىسۇن.

ۋەزىر قىزىنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلاپ بېرىپتۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى نىقاپ تارتىپتۇ. قىز ئۆزىگە شاھزادە بەدەخشان دەپ ئات قويۇپتۇ. ئۇلار قوراللىنىپ ئاتلارغا مىنىپ پادىشانىڭ كەينىدىن راۋان بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادىشا شىكار قىلىۋاتقاندا، سۈتتەك ئاق بىر كىيىك سەكرەپ ئۆتۈپتۇ. پادىشا: "بۇ كىيىك كىمنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە، شۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن" دەپتۇ. كىيىك پادىشانىڭ بېشىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

پادىشا كىيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. كىيىك قاچا-قاچا مەلىكە چۈشكەن يەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە شىكار قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. كىيىك مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. مەلىكە كىيىكنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ ئاتقان ئىكەن، كىيىك يىقىلىپتۇ. مەلىكە ئېتىدىن چۈشۈپ كىيىكنى بوغۇزلاپ، غانجۇغىلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، پادىشا يېتىپ كەپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، بىر كىشى قىلغان ئۆۋنى يەنە بىر كىشى ئالسا بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ.

مەلىكە پادىشاغا تازىم قىلىپ ناز قىپتۇ. پادىشانىڭ كۆكرەك ساندۇغىغا ئىشىق ئوتى

كېلىپ تېگىپتۇ. مەلىكە كېيىكنى غانجۇغىسىغا باغلاپ، پادىشانىڭ قېشىدىن غايىپ بوپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن پادىشا بىر خىزمەتكارىدىن سوراپتۇ:

— بۇ شاھزادە قايسى ۋىلايەتتىن؟

— بۇ شاھزادە بەدەخشانلىق، — دەپتۇ خىزمەتچى تونۇشتۇرۇپ، — بۇ شاھزادە ئاتىسىدىن يامانلاپ كەلگەن ئىكەن، بەلكى ئۆزلىرىگە دوست بولغاي.

بۇ سوزنى ئاڭلاپ پادىشا خوشال بوپتۇ.

— ئۇنداق بولسا تېزرەك ئاشىنا قىلغىل، — دەپتۇ پادىشا ئالدىراپ، — مەن سېنى رازى قىلغايمەن.

مەلىكىنىڭ خىزمەتكارى كېلىپ مەلىكىگە خەۋەر قىپتۇ. مەلىكە خوشال بوپتۇ. مەلىكە مىنگەن ئات ناھايىتى ياخشى ئات ئىكەن. ئۇنى پادىشاغا ئىنئام قىپتۇ. پادىشا مەلىكىگە ئىززەت-ئىكراملار قىلىپ ئالتۇن دۇر جاۋاھىراتلار ھەدىيە قىپتۇ. ئۇلار شاراپ ئىچىپ ئولتۇرۇشقاندا، پادىشا شاخمات ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ. مەلىكە "ئالدى بىلەن باغلىشايلى، ئاندىن ئوينايلى" دەپتۇ. پادىشا قوشۇلۇپتۇ، مەلىكە شاخماتقا ناھايىتى ئۇستا ئىكەن.

— قانداق باغلىشىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— قولىڭىزدىكى ئۈزۈكلەردىن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەلىكە.

پادىشا ماقۇل بوپتۇ، ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. شاھزادە ئۈزۈكنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئوزى چۈشكەن جايغا قايتىپتۇ. بۇ ئۈزۈك ئەسلى پادىشانىڭ موھۈرى ئىكەن. مەلىكە سازدۇقنى ئېچىپ، ئىچىگە ئالتۇن تولدۇرۇپتۇ. يەنە قولۇپ سېلىپ موھۈرنى بېسىپتۇ-دە، ئۈزۈكنى پادىشاغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ.

مەلىكە ئەتىسى يەنە شاخمات ئويناپ پادىشانىڭ ئېتىنى ئۇتۇۋاپتۇ. ئاتنى ئېلىپ كېلىپ بىر بايتالغا قويۇپتۇ. يەنە بىر كۈنى يەنە شاخمات ئويناپتۇ. بۇ نۆۋەت شاھزادە بىر زىبا كېنىزىگىنى تىكىپتۇ. بۇ قېتىم قەستەن ئۇتتۇرۇپتۇ. پادىشا ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ. شاھزادە پادىشانى تەكلىپ قىلىپ قايتىپتۇ ۋە ھىلىقى ئۇتۇۋالغان ئېتىنى ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. پادىشا شاھزادىنىڭ ئاتنى ئەۋەتكىنىگە ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ.

مەلىكە ئوزىنى دو تىككەن كېنىزەكتەك ياساپ، قىزلارغا: "مېنى پادىشا ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار"، — دەپتۇ. كېنىزەك قىزلار شۇنداق قىپتۇ. پادىشانىڭ مۇرادى ھاسىل بولۇپ، ئۈچ كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقماي، مەلىكىنىڭ قېشىدا تۇرۇپتۇ.

كېنىزەك قىزلار ئېيتىپتۇ:

— شاھزادە رۇخسەت تىلەيدۇ، ئوز شەھرىگە ئاتىسىنىڭ قېشىغا بارماقچى.

— شاھزادە بىزدىن خاپا بولۇپ قايتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا، — نېمە ئۈچۈن قايتىدىكەن؟

— سىزدىن رەنجىپتۇ، — دەپتۇ قىزلار، چۈنكى ئۇ سىزنى ئىككى قېتىم ئۇتۇپتۇ، لېكىن ئۈزۈك بىلەن ئاتنى ياندۇرۇپ بېرىپتۇ. سىز ئۇنى بىر قېتىم ئۇتۇپسىز، لېكىن ئۇتقاننى قايتۇرماپسىز.

— كېنىزەكنى زورلۇق بىلەن ئالمىدىم، — دەپتۇ پادىشا، — شاخمات ئويناپ ئۇتۇۋالدىم، يامانلىسا، يامانلىسۇن.

www.uyghurkitap.com

پادىشا خىزمەتچى قىزلارنىڭ سوزىنى مەلىكىگە دەپتۇ.

— قىزلار سىنى تىلەۋاتىدۇ، قانداق قىلىسەن؟

— سىز پادىشادۇرسىز، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن بەندىنىڭ نىمە ئىختىيارىم بولسۇن؟

پادىشا مەلىكىگە ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ شاراپ ئىچىپ مەسخۇش بولۇپتۇ. مەلىكە ساقى بولۇشنى سوراپتۇ. پادىشا رۇخسەت قىپتۇ. مەلىكە ساقى بولۇپ، پادىشاغا ناز كىرەشمىلەر بىلەن شاراپ تۇتۇۋېرىپتۇ. پادىشا ئېغىر مەس بوپتۇ ۋە مەلىكىگە چاخچاق قىلىپ قوپاللىق بىلەن ئېسىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئەي پادىشا، — دەپتۇ مەلىكە جىددى قىياپەتتە، — ماڭا قالايمىقان چاخچاق قىلىپ، سەت قىلىقلاردا بولما، ئوزەڭنى تۇتۇۋال، بولمىسا يۇزۇڭگە كاچات يەيسەن!

— ئەي نازىنىن، — دەپتۇ پادىشا يۇزىنى تەڭلەپ، — يۇزۇمگە خالىغىنىڭچە ئۇرغىن.

مەلىكە شۇنداق ئۇرۇپتىكى، پادىشا يىقىلىپ يەر قۇچاقلاپتۇ. مەلىكە مەس ھالدا ئۇچقاندەك مېڭىپ يېنىپ كەپتۇ ۋە ئەرچە ياسىنىپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشا مەسلىكتىن قۇتۇلۇپتۇ، قارىسا كېنىزەك يوق تۇرغۇدەك، ھەيران بولۇپ ئۇيان-بۇيانغا قاراپتۇ. پادىشا خىزمەتچىلىرىگە كېنىزەكنى ئىزلەشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار كېنىزەكنى ئىزلەپ ھىچقەيەردىن تاپالماپتۇ. پادىشا بۇ يوقىتىشتىن ناھايىتى مالال بولۇپ، يەنە شىكارغا بەل باغلاپتۇ.

ئەلقىسسە، مەلىكە شەھەرگە يېنىپ كەپتۇ. قوسىغىدا پادىشادىن ھامىلە پەيدا بولۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۇن، توققۇز سائەتتىن كېيىن ئايدەك بىر شاھزادىنى تۇغۇپتۇ. ئۇ يەتتە ياشقا كىرىپتۇ، مەكتەپكە بېرىپتۇ، ئون ياشقا كىرىپتۇ، خەت-ساۋادى چىقىپتۇ. مەلىكىنىڭ بايتال ئېتىمۇ تۇغۇپتۇ، ئۇ ئايغىر پادىشانىڭ ئارغىمىقىدىن يۇز ھەسسە ياخشى ئىكەن. مەلىكە دادىسى بىلەن ناھايىتى خوشال بولۇشۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئون ئىككى يىل ئوتۇپتۇ. پادىشا شىكاردىن يېنىپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

— ئەي قىز، — دەپتۇ پادىشا مەلىكىگە، — قېنى شەرتلەرنى ئورۇنلىدىڭمۇ؟

مەلىكە دەرھال ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشا كورۇپتىكى، موھۇر بۇزۇلماپتۇ، ئەمما ئىچىگە ئالتۇن تولدۇرۇلۇپتۇ.

مەلىكە خىزمەتچىلىرىگە پادىشا مىنىپ كەلگەن ئارغىماقىنىڭ ئىگىرىنى ياش ئارغىماققا توقۇپ، ياساپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشا تاشقىرىغا چىقىپ باغلاغلىق ياش ئارغىماقنى ئوز ئېتىم دەپ ئويلاپتۇ ۋە "ئارغىماق قېنى" دەپ سوراپتۇ. مەلىكە "مانا مۇشۇ" دەپ توقۇغلۇق ئارغىماقنى كورسىتىپتۇ.

— ئەي مەلىكە، — دەپتۇ پادىشا كۇلۇپ، مەسخىرە قىلىپ، — بېشىڭ ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ بۇ مەن مىنىپ كەلگەن ئات ئەمەسمۇ؟

مەلىكە خىزمەتچىلىرىگە پادىشا مىنىپ كەلگەن ئاتنى كەلتۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشانىڭ ئېتى كەلتۇرۇلۇپتۇ. ئىككى ئاتنى كورگەن كىشىلەر ھەيران قاپتۇ. چۇنكى بۇ ئاتلار بىر-بىرىگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن.

— قايىل بولدۇم، — دەپتۇ پادىشا، — ئاتىڭمۇ تېپىپسەن، پەرزەنتنى قانداق قىلىسەن؟

پادىشانىڭ سوزى تۈگىشى بىلەنلا ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل سالام بېرىپ كىرىپ كەپتۇ. قولىدا كىتاپ تۇتقان هالدا ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ كېلىپ، پادىشانىڭ قۇچىغىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشانى "قەدىرلىك ئاتام" دەپ مېهرىۋانلىق قىپتۇ.

پادىشا بۇ گودەكنىڭ سوز ـ هەركەتلىرىدىن غەزەپلىنىپتۇ.

ــ كىمنىڭ ئوغلى سەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ پادىشا، ــ مەن سېنىڭ ئاتاڭ ئەمەس.

ــ ئەي ئاتا، ــ دەپتۇ ئوغۇل كۈلۈپ ـ ئەكىلەپ، ــ ئۇنداق دىمە، مەن سېنىڭ پەرزەنتىڭدۇرمەن.

ــ مەن ئاناڭ بىلەن توي قىلغان بىلەن بىر ئويگە كىرمەيلا شىكارغا كەتكەن، قانداقچىسگە سەن مېنىڭ بالام بولىسەن؟ ــ دەپتۇ پادىشا غەزىۋى ئورلەپ، ــ سەن بۇزۇق ئاناڭنىڭ سوزىگە ئىشىنىپ هارامزەدىلىك قىلما!

مەلىكە بۇ سوزنى ئاڭلاپ بىتاقەت بوپتۇ.

ــ ئەي پادىشا، ــ دەپتۇ مەلىكە، ــ ئوزەڭنى ئورۇنسىز ئۈپراتما. بۇ ئوغۇل شەكسىز سېنىڭ پەرزەنتىڭ. بۇنىڭ نىشانى هەم بار.

ــ نىشانىسى قايسى؟ ــ دەپتۇ پادىشا.

ــ بۇندىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن شىكاردا بىر شاهزادە ئۇتتۇۋالغان كېنىزەك ۋە ئۇ كېنىزەك ئۇرغان كاچات يادىڭدىمۇ؟ ــ دەپتۇ مەلىكە.

ــ بار، ــ دەپتۇ پادىشا.

ــ ئاشۇ كاچات ئۇرغان دەل مەن ئىدىم، ــ دەپتۇ مەلىكە هەممە ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلىتىپ، ــ بۇ ئوغۇل شۇ چاغدا بويۇمدا قالغان.

پادىشا بۇ سوزنى ئاڭلاپ، بۇ ئوغۇلنىڭ راستىنلا ئوز پۇشتىدىن بولغان يۈرەك پارىسى ئىكەنلىگىنى بىلىپتۇ. مەلىكىنىڭ پەم ـ پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، ۋەزىرنىڭ گۇناهىدىن ئوتۇپتۇ ۋە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

يەتتىنچى ئىقلىمدىن كەلگەن مۇساپىر هىكايىسىنى شۇ يەردە تاماملاپتۇ.

## بەهرامنىڭ شىكار قىلىشى

ئەلقىسسە، بەهرام شاه مەلىكە دىلئارام بىلەن كېچە ـ كۈندۈز مەي ئىچىشىپ ئەيش ـ ئىشرەتتە ئوتۇپتۇ. بەزىلىرى شىكارغا چىقىپ هەرخىل هايۋانلارنى ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىدىكەن.

بىر كۈنى دىلئارامنىڭ هەمرالىغىدا بىهىساپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ قاتارىدا كەمەندەۋاز ۋە چەۋەندازلارنىڭ هەممىسى بار ئىكەن. ئۇلار بىر يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان كىيىكلەر بار ئىكەن.

پادىشا بەهرام: "هەر كىم بولسا ئوز ئورنىدا ئاگاه تۇرسۇن، بۇ كىيىكلەر كىمنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتسە قاچقان هايۋان ئورنىغا شۇ كىشىنىڭ قېنى ئاقىۇزۇلىدۇ" ــ دەپ ئەمىر قىپتۇ.

لەشكەرلەر بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قورقۇپ كىيىكلەرنى قورشاپ تۇرۇپتۇ. پادىشا باشلىق هەر كىم ئوز خالىغانچە نىشانلاپ ئوق ئېتىپتۇ. يەر يۈزى كىيىكلەر قېنىدىن لالە

رەڭ ئاپتۇ، ئۇلار كېيىكلەرنى ئولتۇرۇپ، قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، غەپلەت شارابىدىن مەس بولغان ئىكەن. بىردىنلا هاۋا گۈلدۈرلەپ قاتتىق چاقماق چېقىلىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئەتراپ شۇنداق قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇكى، كىشى كىشىنى كورۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. هەركىم ئوز ئەهۋالى بىلەن قاپتۇ. ئۇلار جان ۋەھىمىدە ناله قىلىپ يىغلاپ، هەر ياققا ئات چاپتۇرۇپتۇ. لېكىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ.

شاه بەهرامىمۇ ئوز قايغۇسى بىلەن ئاۋاره ئىكەن. دىلئارامىمۇ هاياتلىق تەمەسى قىلىپ هەر ياققا تەلمۈرىدىكەن، بىراق هېچ ياقتىن ئۇلارغا هاياتلىق پۇرىقى، قۇتۇلۇش شەپىسى كەلمەپتۇ.

ئاخىر بوران چىقىپ قەدەم يوتكەشكىمۇ ئامال بولماپتۇ. ئاققان قان، گۈرۈلدىگەن بوران، كوتىرىلگەن تۇپراق كىشىلەرگە ئەجەل سىگنالىنى ئاڭلىتىپ ۋەھىمە سالپتۇ. ئۇلار ئەجەل لەشكىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماپتۇ.

نەزمە:

كورۇڭلار، جاهان ئىشىدۇر بۇ رەڭ،
قىلغىل شاهلار بىلەن گادايىنى تەڭ.
بى ۋاپا جاهاندىن ۋاپا ئىزلىمە،
سۇدىكى كولچەكتىن پاقا ئىزلىمە.
جاهان ۋاپاسىز، مەككاردۇر هامان،
ئۇنىڭ مەككارلىغى هەممىدىن يامان.
هەر كىشى هاياتلىق يولىنى بىلسۇن،
مەنىلىك ئومۇردىن شاتلىنىپ كۈلسۇن!...

# مەلىكە زىبا چېھرە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **توختى ئابىخان**

ئۆتكەن زاماندا، يېقىن تامانىدا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىيتى ئازادە مېھرى ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ لەشكىرى ئەدەتسىز، غەزنىسى ھىساپسىز ۋە شوھرىتى ئالەمگە پۇر كەتكەن ئىكەن. سىپاگەرچىلىكتە، قىلىچۋازلىق، ئوق ئېتىش، نەيزىۋازلىق، ئات چېپىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن. بۇ پادىشالىقتا، "سەرۋى ئابات" دىگەن بىر باغ "خەيرى ئابات" دىگەن بىر ئىمارەت بار ئىكەن. بىر كۈنى ئوردا ئەھلى خەيرى ئاباتتا ئەركانە دولەت ۋە ئەھيانە سەلتەنەتلەر بىلەن ئالى بەزمە قۇرۇپ ئولتۇرۇشقانىدا، دولەت خادىملىرى ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاغا مۇنداق دەپتۇ:

— شاھا - جاھانغا پاناسەن. ئومۇر ئىقبالىڭ پارلاق بولغاي. بۇ باغۇ - بوستانغا، بولۇپمۇ ئۇشبۇ خەيرى ئاباتقا بىر دانىشمەن، ھوسۇن - لاتاپەتتە يىگانە مەلىكە دەۋران بولسا ياخشى بولاتتى.

بۇلارنىڭ تەشەببۇسلىرى ئازادە مېھرىگە ماقۇل كەپتۇ.

ئۇلار كېڭىشىپ بۇ ياخشى ئىشقا قەدەم قويۇپتۇ. ھەر تەرەپتىن، ھەرقايسى مەملىكەت - لەردىن سۈرۈشتە قىلىشىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، ئاخىر بىر كۈنى "جەمشىت ئەۋلادىدىن بولغان زىبا چېھرە دىگەن بىر گۈزەل مەلىكە بار ئىكەن، ئادەم نەسلى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر كېلىدىغان گۈزەل بولمىغاي" دىگەن خەۋەر كەپتۇ.

ئازادە مېھرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاشۇ قىزغا ئىختىيارسىز غايىۋانە ئىشتىياق باغلاپ، كوپ ھەدىيە - سوغىلار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بېرىپ كورۇپتۇكى، زىبا چېھرەنىڭ گۈزەللىگى خەۋەرچىلەرنىڭ ئېيتقىنىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىكەن. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەلچىلەرنىڭ تەلىۋىنى نائىلاج قوبۇل قىپتۇ. چۈنكى، زىبا چېھرىنى ئوز رازىلىغى بىلەن بەرمىسە، زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېتىشنى بىلىدىكەن.

ئەلچىلەر خۇرسەن بولغان ھالدا قايتىپ كېلىپ، پادىشاغا قۇتلۇق خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشا ئوز دائىرىسىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ باشپانالىرىنى ھازىر قىلىپ، ئۇشبۇ ئىشنى ئۇلارغا ئىزھار ئەيلەپ، توي تەرەددۇتىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. كاتتا توي - مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاخىر پادىشا ئازادە مېھرى ياخشى سائەتتە زىبا چېھرىنى ئوز نىكايىغا ئاپتۇ. ئۇ، سەرۋى ئابات ۋە خەيرى ئاباتنى مەلىكە زىبا چېھرىگە تەقدىم قىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە ۋاخ خوشال - خوراملىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

پادىشا ھە دىسە ئىشكارغا چىقىپ سەھرا سەيلىسى قىلىدىكەن. كېچىلىرى سەرۋى ئاباتقا بېرىپ، خەيرى ئابات ئىچىدە مەلىكە زىبا چېھرە بىلەن سوھبەت قۇرىدىكەن. شۇنداق

www.uyghurkitap.com



ئەيشى ـ ئىشرەتلەر بىلەن خىلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. پادىشا ئازادە مېھرى پەلەك گەردىشىنىڭ ئايلىنىشىدىن، ئالەم خەلقىنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر قاپتۇ. بىر كۈنى پادىشا خەيرى ئاباتنا مەلىكە زىبا چېھرە بىلەن بەزمە ئەيلەپ ئولتۇرغاندا، ئاسماندا بىر توپ غازلار پەيدا بوپتۇ، پادىشا مەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، غازلارغا قارىتىپ ئوق ـ ياسىدىن ئۈچ تال ئوق ئۈزۈپتۇ. ئەجىلى يەتكەن ئۈچ غاز ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە چۈشۈپتۇ. شاھنىڭ مەغرۇرلىنىشى تېخىمۇ ئورلەپتۇ. خىزمەتچىلەر غازلارنى ئېلىپ، پەيلىرىنى يۇلۇپ تازىلاپ، تۈرلۈك دورا ـ دەرمانلار بىلەن كاۋاپ قىلىپ، ئۈچ ئاق لىگەنگە سېلىپ شاھ ئازادە مېھرىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. داستىخان ئەھلى غاز كاۋىۋىنى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. پادىشا تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ، تېرە ـ سىگە پاتماي قاپتۇ.

— ئى مەلىكەم، — دەپتو پادىشا زىبا چېھرىگە، — بۇ ئابروي ساڭا كۇپايە، ئەگەر بىرەر كاسىپقا تەككەن بولساڭ، ساڭا مۇنچە دولەت بولمىغان بولاتتى.

پادىشانىڭ سوزى مەلىكە زىبا چېھرىگە ياقماپتۇ.

— ھەركىمنىڭ ئويىدە قەلبى پاك ئايال بولسا، — دەپتۇ مەلىكە پادىشاغا، — ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ بەركىتىدىن ئول خانىدا ئوقىنىڭ بىرى 9 غا تەگسە ئەجەپ ئەمەس. بىراۋنىڭ نەپسىدە، يەنە بىراۋنىڭ قەدىمىدە ياكى قولىدا شاراپەت كوپتۇر.

بۇنى ئاڭلاپ شاھ ئازادە مېھرىنىڭ كوزلىرى پاقراپ كېتىپتۇ.

— ئى ئۇزۇن چاچلىق ئىنسان، — دەپتۇ پادىشا، — بۇ سوزلىرىڭدىن مەلۇم بولدىكى، سېنىڭ قەدىمىڭنىڭ بەركىتىدىن مېنىڭ ئۈچ ئوقۇم ئۈچ غازغا تەككەن بولغاي، ئەگەر بۇ ئىش سېنىڭ سەۋۋىڭدىن ماڭا يەتكەن بولسا، بولدى، مەن بۇ دولەتتىن بىزار، ئەمدى سېنى نىكايىمدىن چىقاردىم.

پادىشا خوتۇننى تالاق قىلغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلىرىگە:

— بۇ بەدەپنى قوغلاپ چىقىرىڭلار، نەگە بارسا شۇ يەرگە بارسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مەلىكە زىبا چېھرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىگە پەردىسىنى تارتىپ، سىرتقا قەدەم قويۇپتۇ ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ئى پادىشا، سەندىن جۇدا بولسام ئولمەسمەن، ئاللاتائالا يەنە نىكا ۋە رىسقى رەۋزى كارامەت قىلغاي. يادىڭدا بولسۇنكى، ئىككى پۇلغا ئالماس ئوتۇنچىنىڭ نىكايىغا كىرسەممۇ، ئاللاتائالانىڭ شاپائىتىدىن ئۇنى سەندىنمۇ ئالى مەرتىۋىلىك، سەلتەنەتلىك پادىشا قىلغايمەن، — دەپتۇ.

مەلىكە خەيرى ئابات دەرۋازىسىدىن چىقىپ تەۋەككۇلنى خۇدانىڭ ئىنايىتىگە باغلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇزىنى پاك، پىنھان ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ھېچيەردىن كورمىگەن ئىكەن. ئاخىر دىلىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ ئالغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. خەيرى ئاباتتىن چىققان بىر يول سەھرا تەرەپكە بارىدىكەن. ئۇ شۇ يولغا چۈشۈپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر ئەر كىشى ئۇچراپتۇ. مەلىكە قارىسا، ئوزى ئېيتقان كەمبەغەلدىنمۇ بەتتەر بىر كىشى ئىكەن. قولىدا بىر ئەسكى ئوغاق، توققۇز يەردە ئۇلغى بار بىر ئاغامچىدىن باشقا دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى كورۇنمەپتۇ. مەلىكە باشتىن ـ ئاياق قاراپ: "بەلكىم بۇ ۋىلايەتتە بۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشى بولمىسا كېرەك..." دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ ئادەم ھەقىقەتەن ئوتۇنچىلىقتىن باشقا ھۈنىرى يوق ناھايىتى نامرات كىشى ئىكەن. ھەر كۈنلۈگى جاڭگالغا بېرىپ، دۈمبىسىدە ئوتۇن يۈدۈپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلغا ئۇن ئالىدىكەن، ئۇننى قۇرۇق سۇغا سېلىپ ئېلىشتۇرۇپ يەيدىكەن، پەقەت ياغ-گوش ئىشلەتمەيدىكەن. ئۇنىڭ بىر خوتۇنى ۋە ئىككى بالىسى بار ئىكەن.

مەلىكە زىبا چېھرە خۇدادىن ھىممەت تىلەپ ئوتۇنچى كىشىگە ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ. دىلىدا خۇدايىتائالاغا ئىلتىجا قىلىپ "ئى مەھمۇدى بەرھەق، مەن ئاجىز، ئاسى بەندەڭنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغايسەن" دەپتۇ.

ئوتۇنچى جاۋاپ سالامدىن كېيىن مەلىكىنىڭ باش-ئايىغىغا بىر قارىۋاپتۇ-دە، كوڭلىدە "بۇ پەرىزات باغى ئىرەمدىن ياكى گۈزەل بوستاندىن چىققان بولغاي، ھىچ ئادەم نەسلىگە ئوخشىمايدۇ" دەپ ھەيران قاپتۇ. كوزىنى ئۇۋۇلاپ — يوغان ئېچىپ يەنە قاراپتۇ.

— ئەي كىشى، — دەپتۇ مەلىكە، — ئېتىڭىز نىمە؟ قايسى شەھەردىن بولسىز؟ مەھەللىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە؟

ئوتۇنچى ئوڭايسىزلىنىپ جاۋاپ بەردى:

— ئى يىگانە دەۋران، — دەپتۇ ئوتۇنچى ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، — مېنىڭ ئېتىم — ئوتۇنچى سىيىت. بۇ ۋىلايەتتە يەتتە ياشتىن، يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى مېنى بىلىدۇ. بىزنىڭ مەھەللىنى "نامراتلار مەھەللىسى" دەيدۇ. مېنىڭ بىر خوتۇنۇم، ئىككى ئوغلۇم بار، بىر ئوغلۇمنىڭ ئېتى مىجىت، يەنە بىرسىنىڭ ئېتى ھىمىت.

— ئەي كىشى، — دەپتۇ مەلىكە يېقىملىق ئاھاڭدا، — مەن ئوزەمنى سىزگە بېغىشلىدىم. تېزلىك بىلەن ئوتۇنغا بېرىپ، ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ، پۇلغا ئۇن ئېلىپ ئويىگە بېرىڭ. باللىرىم ئاچ قالغاندۇر.

مەلىكە شەھەر تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ. شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ئىزلەپ-سوراپ نامراتلار مەھەللىسىنى، ئوتۇنچى سىيىتنىڭ ئويىنى تېپىپتۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ھەيران بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ ۋە "ئەجىبا، بۇ گۈزەل مەلىكە ئوتۇنچى سىيىتنىڭ ئويىنى پالاكەت ئوتىدا كويدۈرۈپ بەربات قىلمىغاي" دەپ ئويلىشىپ، بىر خارابى كەپىنى كورسىتىپ قويۇپتۇ. مەلىكە بېرىپ قارىسا، سىيىتنىڭ ئويى باشقىلار سۈرەتلىگەندىنمۇ بەتتەررەك بولۇپ، نە ئىشىگى، نە تېمىنىڭ تايىنى يوق ئىكەن. مەلىكە بۇ توت تامنىڭ ئىچىگە نەزەر ساپتۇ. يەر يۈزى ئوتتۇز-قىرىق يىلدىن بېرى سۈپۈرگە دىدارىنى كورمىگەندەك، ھەر خىل ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرگە تولۇپ كەتكەن ئىكەن. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېرىق بولۇپ، سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن. مەلىكە قارىسا سۇنىڭ بويىدا بىر ئايال ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى خۇددى قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەن ئىكەن. مەلىكە: "ئېھتىمال بۇ سىيىتنىڭ جۈپتى بولسا كېرەك" دەپ گۇمان قىپتۇ ۋە ئۇ خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ، قۇچاقلاپ كورۇشۇپ، مۇلايىملىق بىلەن چىرايلىق سوزلەرنى قىپتۇ. رومىلىنى ئېلىپ بىر يەردە قويۇپتۇ. كوينىگىنىڭ پېشىنى تۈرۈپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپتۇ، ئاۋال "بىسمىللا" دەپ خەست-ئەخلەتلەرنى يىغىپتۇ. سۇ چېچىپ ئوي ئىچىنى سۈپۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئوچاق بېشى، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپتۇ.

ئاندىن كېيىن سۇ ئىسسىتىپ ھېلىقى ئايالنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، ئوز تاغىقى بىلەن

www.uyghurkitap.com

چاچلىرىنى تاراپ چىرايلىق ئۆيەپ قويۇپتۇ. كىيىملىرىنىڭ يىرتىقلىرىنى ياماپتۇ.

— ئوغلۇم مىجىت بىلەن ھىمىت نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ زىبا چىھىرە ئايالدىن.

شۇ چاغدا تاشقىرىدىن ئىككى ئوغۇل يىغلاپ كىرىپتۇ.

— ئانا، قوسىقىمىز ئىچىپ كەتتى! .....

مەلىكە بۇلارنىڭ مىجىت بىلەن ھىمىت ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى ئوغۇللىرىم، سەۋرى قىلىڭلار، ئاتاڭلار كېلىدىغان ۋاقىت بولدى، — دەپ باللارنىڭ ياشلىرىنى سۇرتۇپ، يۈز ـ كوزلىرىنى يۇيۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پاكىز تازىلاپ، زوقلىنىپ پىشانىسىگە سويۇپ قويۇپتۇ.

× ×

ئەمدى ئىككى كەلىمە سوزنى ئوتۇنچى سىيىتتىن ئاڭلاڭ:

سىيىت مەلىكىدىن ئايرىلىپ ئوز ـ ئوزىگە: "ئى ئوتۇنچى، بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشتى. گادايلىقنىڭ ئۈستىگە بۇ جادۇگەرگە يولۇقتۇڭ، ئەمدى ئۇنىڭ دامىغا بەنت بولمىساڭ ياخشى بولاتتى. بۇ سىرنى ئاڭلىغانلار سېنى مەسخىرە قىلار، بەلكىم ئوتۇنچىلىقتىنمۇ قۇرۇق قالارسەن ....." دەپتۇ. ئۇ ئاۋالقى ئادىتى بويىچە ئوتۇننى بازارغا ئېلىپ كېلىپ سېتىپتۇ. ئۇن ـ پۇن ئېلىپ ئويىگە كەلگىچە كەچ بوپتۇ. ئۇ، ئويىگە كېلىپ ھويلا ـ ئارامنىڭ، ئوي ـ ئىچىنىڭ پاكىزلىقىنى، خوتۇنىنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ كۆزدەك پاقىراپ تۇرغان رەڭگى ـ روھىنى كورۇپ: "ۋادىرىخا، بۇ نىمە ئىش بولادى. ئادىشىپ قالدىممۇ نىمە؟ بۇ ئوزى نىمە كارامەت؟!" دەپتۇ. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. شۇ چاغدا مەلىكە:

— ئى سىيىت، نىمە بولدىڭىز، بۇ ئوز ئويىڭىز، — دەپتۇ ۋە ئىككى ئوغۇلغا بۇيرۇپتۇ، — ئاتاڭلار ھېرىپ كەلدى، يۈگۈرۈڭلار، بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار.

ھىمىت ۋە مىجىت ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: "ھارماڭ ئاتىجان" دەپ پېشىدىن تارتىپتۇ. سىيىت ھەيران بولۇپ قەدىمىنى ئىچكىرىگە ئاپتۇ. مەلىكە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئۇننى ئاپتۇ ۋە رومىلى بىلەن سىيىتنىڭ يۈزىنى سۇرتۇپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئوينىڭ تورىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قازاندا سۇ قايناپ تۇرغان ئىكەن. "بىسمىللا" دەپ ئۇننىڭ يېرىمىنى چېلىپ ئوماچ پىشۇرۇپتۇ، ھەر بىرىگە بىر ـ ئىككى تاۋاقتىن ئوماچ بەرسىمۇ، ئاشنىڭ يېرىمى ئېشىپ قاپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ كېچىنى ئۇلار پاراغەت بىلەن، مەلىكە ئىبادەت بىلەن ئوتكۈزۈپتۇ. سەھەر بولغاندا زىبا چېھرە ئېشىپ قالغان ئوماچنى ئىسسىتىپ ئۇلارغا يەنە ئىككى تاۋاقتىن بېرىپتۇ. سىيىت سەھراغا مېڭىپتۇ. يەنە ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئۇن ئېلىپ كەپتۇ. زىبا چېھرە ئۇننىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قىلىپ، بىر قازان ئوماچ پىشۇرۇپ ئۇلارنى ئوبدان تويغۇزۇپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئوتۇپتۇ.

مەلىكە سىيىتقا:

— بۈگۈن ئۇن ئالماڭ. پۇلنىڭ يېرىمىغا گوش، يېرىمىغا ياغ ئېلىپ كېلىڭ، چۈنكى، ئۇنىمىز خېلى بار، — دەپتۇ.

سىيت گوش، ياغ ئېلىپ كەپتۇ. بۇگۈنكى ئۇماچ ياغلىق، گوشلۇك بولۇپتۇ. ئەتىسى مەلىكە:

— بۇگۈن گۈرۈچ، سەۋزە، پىياز كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ. سىيت ئادىتى بويىچە ئوتۇننى سېتىپ پۇلىغا گۈرۈچ، سەۋزە، ياغ ۋە پىياز ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە ئوخشىتىپ بىر قازان پولو ئېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە مۇددەت ئۆتۈپتۇ. گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، گۆشلەرمۇ يىغىلىپ قاپتۇ. زىبا چېھرە ھەر كۈنى باشقا - باشقا تاماق ئېتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە سىيتقا:

— بۇگۈن ئوتۇن ساتقان پۇلىغا كۆزىڭىزگە نىمە كۆرۈنسە شۇنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. سىيت شۇ كۈنى ئوتۇننى ئېلىپ كېلىپ سېتىپتۇ. پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئۇيان - بۇيان قاراپتۇ. ئۇ بىر ئادەم تۇتۇپ تۇرغان ئاجايىپلا بىر قۇشنى كۆرۈپتۇ.

— ئى بۇرادەر، بۇ قۇشۇقنى قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سىيت.

— ئىككى تەڭگە بېرىڭ، — دەپتۇ ئۇ ئادەم. سىيت ئىككى تەڭگە بېرىپ قۇشنى سېتىۋاپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە قۇشنى قولىغا ئېلىپ باش - كۆزىنى سىلاپ بوقۇچلانغان ئاياق - قاناتلىرىنى يېشىپ قويۇپ بېرىپتۇ. سىيت يەنە ئادەتتىكىچە ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

ئەلقىسسە، بۇ ھەپتە ناتىق دىگەن خاسيەتلىك قۇش بولۇپ، ئاق كۆڭۈل ئادەمنى تاپسا يەتتە تىلدا سۆزلىيەلەيدىكەن ۋە خاسىيىتىنى كۆرسىتىدىكەن، قارا نىيەت ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالسا سۆزلىمەيدىكەن. ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنىمۇ بىلدۈرمەيدىكەن. ئۇ ھەر ھەپتىدە بىر تۇخۇم تۇغىدىكەن، ئۇ تۇخۇم دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان گوھەرگە ئوخشايدىكەن. خۇدايىتائالا ئۆز پەزلى كەرىمى بىلەن سەۋەپ قىلىپ ھەپتە ناتىقنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپتۇ.

ئەلقىسسە، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، مەلىكىنىڭ ئىلكىگە بىرقانچە گوھەر يىغىلىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە سىيتقا:

— بۇگۈن سەھراغا بارماڭ، بازارغا بارسىز دەپتۇ.

— خوپ، بولىدۇ، — دەپتۇ سىيت.

مەلىكە گۆھەرلەرنى بىر ئاق رومالغا چىگىپ سىيتقا بېرىپتۇ ۋە تاپىلاپتۇ:

— سارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ تۇتۇپ تۇرۇڭ. ھەركىم باھاسىنى سورىسا، "ئىنساپ بىلەن نىمە بەرسىڭىز مەيلى" دەڭ. مۇنىڭدىن باشقا سۆزنى قىلماڭ. ئاللاتائالانىڭ كەرىمى قانداق بولسا، شۇنداق بولغاي.

سىيت سارايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ رومالنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ: "ئاۋۇ دىۋانىنى كۆردۈڭلارمۇ، ئىككى تۇخۇمنى ساراي ئىشىكىدە ساتماقچى ئىمىش" دەپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئەلقىسسە، سىيت ساراي ئىشىكىدە بىر سائەت تۇرۇپتۇ. بۇ شەھەرگە يەنە بىر شەھەردىن ئۇلۇغ كارۋان كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى ئۆز سودىسى بىلەن ئاۋارە ئىكەن. بىر چوڭ باي مۇشۇ سارايدا تۇرىدىكەن. ھەممە مال - ماتالىرىنى تېگىپ سېتىش ئۈچۈن بازارغا چىقماقچى بولۇپتۇ. چىقىۋېتىپ تۇخۇم تۇتۇپ تۇرغان سىيتنى كۆرۈپتۇ. باي ھەيران بولغىنىدىن يېقىن كېلىپ قارىسا بۇ ئادەتتىكى تۇخۇم ئەمەس، بەلكى گوھەر ئىكەن. ئۇ سىيتتىن سوراپتۇ:

www.uyghurkitap.com



— ئى بۇرادەر، بۇ تۇخۇملىرىڭىزنىڭ باھاسى قانچە؟

— ئىنساپ بىلەن نىمە بەرسىڭىز شۇنى ئالىمەن، — دەپتۇ سىيىت.

باينىڭ يۈرىگى يېرىلغۇدەك بولۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا سىيىتنى ھوجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يەنە توخۇمنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سىيىت ئاۋالقىدەكلا جاۋاپ بېرىپتۇ. ھېلىقى باي سىيىتقا باشتىن - ئاياق يېڭى ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، بىر يورغا ئاتقا مىندۈرۈپ، ئىككى ساندۇقنى بېرىپتۇ.

— مېنىڭ تاپقان - تەرگىنىم مۇشۇ ئىككى ساندۇقتا، — دەپتۇ ۋە غولاملىرىغا قاراپتۇ، — ئى غولاملار، بۇ كىشى ئەمدى سىزلەرنىڭ خوجاڭلاردۇر. سىلەرنى مەن بۇ كىشىگە بەردىم. مۇندىن كېيىن مۇشۇ كىشىنىڭ پەرماندا بولۇڭلار.

ئۇ يەنە سىيىتقا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— قولۇمدا بار نەرسىلەرنى سىزگە بەردىم، رازى بولغايسىز.

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، باشقا سودىگەرلەرنىڭ ئىشقا ئارىلىشىپ سودىنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئاتقا مىنىپ كوزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

ئەلقىسسە، سىيىت غولاملار ۋە ماللارنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ساندۇقلارنى ئېچىپ دەپنە - دۇنيانى كورسىتىپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى كورگەن مەلىكە خۇداغا كوپ قېتىملاپ شۈكرى قىپتۇ. غولاملارغا جاي تەييارلاپ بېرىپتۇ.

زىبا چېھرە ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن سىيىتنىڭ قولىغا مۇشتەك بىر ئالتۇننى بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي سىيىت، بازارغا بېرىڭ، غولاملارمۇ بىللە بارسۇن، ئوبدان ئوي جابدۇغى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

سىيىت غولاملارنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا بېرىپ، مەلىكە بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاپتۇ، غولاملىرىغا كوتەرتىپ ئويىگە كەپتۇ. ئۇلار ئويىنى پاكىز تازىلاپ، چىرايلىق زىننەتلەپتۇ.

— ئەي سىيىت، — دەپتۇ مەلىكە، — ئەمدى نىكا قىلدۇرۇپ توي قىلايلى.

ئەلقىسسە، ئۇلار مەسلىھەتكە ئاساسەن تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، خوشال - خورام توي قىپتۇ. مەھەللىنىڭ ئادەملىرىگە كىيىم - كېچەكلەرنى ئىنئام قىپتۇ. كىشىلەر مۇبارەكلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ، سىيىت مەلىكىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئېھسانى زىيادە، داستىخىنى داۋاملىق ئوچۇق بولۇپ، شوھرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ.

ئەلقىسسە، سىيىت مەلىكىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىمارەت ياساشقا تەرەددۇت قىپتۇ ۋە جىمى ئىمارەت ئەسۋاپلىرىنى تەييارلاپتۇ. ئۇستا ياغاچچى، تامچىلارنى چاقىرىپ زىيايەت بېرىپ، تون - سىرىپاي كىيدۈرۈپتۇ. مەلىكە ئۇلارغا:

— ئەي ئۇستىلار، مېنىڭ ئىمارىتىمنىڭ ئىشى تامام بولماي تۇرۇپ باشقا ئىشلارغا تۇتۇش قىلمىغايسىلەر، قانچىلىك پۇل، ماتېريال، ئۇسكۈنە ۋە خىزمەتكار لازىم بولسا، خەت ئارقىلىق ماڭا مەلۇم قىلغايسىلەر، ئىمارەتنىڭ تامام دەرىزىلىرىنى كېچىسى ئوزەم سالىمەن، — دەپتۇ.

ئەلقىسسە، يۈزگە يېقىن ئۇستا ۋە ئۇنىڭغا لايىق قورۇلۇشچىلار ئوزئارا پۈتۈشۈپ

ئىشقا كىرىشىپتۇ. ھەر كېچىسى مەلىكە قۇرۇلۇشىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ قويۇپتۇ. ئۇستىلار شۇنىڭغا ئەمەل قىپتۇ. ئۇستىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا لايىق خىلمۇ-خىل تائاملارنى تەييار قىلىدىكەن. يوقلاپ كەلگەن ئادەملەر قۇرۇق قايتمايدىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىمارەتلەر پۈتۈپتۇ. كىشىلەر كورۇشۇپتۇكى، بۇ يەردە يېڭىدىن "سەرۋى ئابات" ۋە "خەيرى ئابات" پەيدا بولۇپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكە سىيىتقا:

— ئەمدى ئوغۇللارنى ئۆيلەشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا مەسلىھەت كورستىڭ، — دەپتۇ سىيىت.

مەلىكە دەرھال يېقىن-يىراقلارغا خەتلەر يېزىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئەپكەلدۇرۇپتۇ. ئۇستا ماشىنىچىلارنى يىغىپ كىيىم تىكىشكە بۇيرۇپتۇ. توي تەييارلىقىنىڭ ئەسلا كېمى قالماپتۇ. ئون جايدا ناۋايخانا، ئون جايدا ئاشخانا قۇرۇلۇپتۇ ۋە لازىملىق ئادەملەرنى يېتەرلىك بەلگىلەپتۇ. بەلگىلەنگەنلەر ئوز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ.

— ئەمدى ئىشلار ئوز ئىزىغا چۈشتى، — دەپتۇ مەلىكە سىيىتقا، — ئەتە سەھەردە تۇرۇپ پادىشا ئازادە مېھرىدىن پاتىھە ئېلىپ كېلىڭ، ئاندىن توينى باشلايلى.

تاڭ ئېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ھوكمى بىلەن غولاملار پادىشاغا لايىق داستىخان تەييارلىغان ئىكەن. مەلىكە سىيىتنى ئىسىل كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇپ بىر ياخشى ئاتقا مىندۇرۇپتۇ. ئىككى غولامنى ئاتنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەمرا بولۇپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ.

— "پادىشاغا كورۇنۇش قىلغاندىن كېيىن بۇ مەكتۇپنى تۇتۇڭ. پادىشادىن شۇ مەكتۇپ مەزمۇندا ئىنايەت ئېلىڭ، موھۇرنى بېسىپ بەرگەي، ئېلىپ كەلگەيسىز" — دەپتۇ مەلىكە سىيىتقا.

ئەلقىسسە، "سىيىت پادىشانىڭ ئالدىغا بارىدىكەن" دىگەن خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە تارا پتۇ. ئادەملەر گۇزەرلەردە تۇرۇپ سىيىتقا سالام قىلىشىپتۇ، ياخشىلىق تىلەپتۇ.

پادىشا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئوردا خادىملىرىنى سىيىتنىڭ ئالدىغا چىقارتىپتۇ. ئۇلار سىيىتنى ھورمەت-ئىكرام بىلەن ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. سىيىت پادىشا دۇئاسىدىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن سوغاتلىرىنى پادىشانىڭ نەزىرىدىن ئوتكۇزۇپتۇ. مەلىكىنىڭ مەكتۇبىنى ئىككى قوللاپ ھورمەت-ئىكرام بىلەن تۇتۇپتۇ. شاھ نامىنى ئېلىپ كاتىپقا بېرىپتۇ. خەت سىيىتنىڭ تىلىدىن مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: "ئى پادىشاھى ئالەم، ئومۇر-ئىقباللىرى ئۇزۇن، بەخت-دولەتلىرى ھەددىدىن زىيادە بولغاي، سوزىمىز شۇكى، كەمىنىلىرىنىڭ تويىغا ئىجازەت، پاتىھە ۋە ئىنايەتنامە بەرگەيلا. تاكى قىرىق كۈنگىچە ۋىلايەت خەلقى ئەتىگەندىن كەچكىچە تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى سىيىتبايىنىڭ دولەتخانىسىدىن ھەقسىز ئالغاي. ئەگەر ھەر كىمنىڭ ئۆيىدىن تۈتۈن چىقسا پادىشا گۇناھكار بولغاي."

پادىشا ئازادە مېھرى:

— سىيىتبايىنىڭ مەكتۇبىدىكى مەزمۇندىن بىر نامە پۈتۈپ جارى ئەيلەڭلا، — دەپتۇ. نامە پۈتۈلۈپتۇ، شاھ موھۇرنى بېسىپ بۇيرۇق قىپتۇ:

— شەھەرگە جارچى سېلىڭلار، تاكى قىرىق كۈنگىچە ھېچكىم تاماق ئۈچۈن تۈتۈن

www.uyghurkitap.com



چىقارمىغاي. سىيىتباينىڭ تويى تۈگىگىچە تائام ۋە باشقا لازىمەتلەرنى سىيىتباينىڭ ئىلكىدىن ئالغاي.

سىيىت باي ئۆز قەسرىگە قايتىپتۇ. ھەر قايسى ئىشلارغا مەسئۇل بولغانلار ئۆز ئىشىغا ئىگە بوپتۇ. توي باشلىنىپتۇ، قىرىق كۈنگىچە ھېچ ئادەم بولەك يەردىن تائام يېمەپتۇ. سىيىتباي قىرىق كۈندىن كېيىن شەھەر خەلقىنىڭ چوڭ-كىچىك ھەممىسىگە بىر يۈرۈش كىيىم يەتكۈزۈپتۇ.

— بۈگۈن يەنە بېرىپ پادىشانى تەكلىپ قىلىڭ، — دەپتۇ مەلىكە تويىدىن كېيىن سىيىت باينى خىلۋەتكە چاقىرىپ، — بۇنىڭ سەۋەبىنى مەندىن سورىماڭ.

سىيىتباي ئۇنى چىقارماپتۇ. ئۇ، سوغا-سالام ئېلىپ شاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىپتۇ. ئۇ، دۇئا ۋە سانادىن كېيىن:

— شاھ، ئەتە تامام ئەمەلدار ۋە لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە پېقىرنىڭكىگىمۇ ئىلتىپات قىلسىلا. تازىلىق قىلغۇچى، ئات باققۇچىلارمۇ قالمىسۇن. ئۈچ كۈنگىچە كەمىنىلىرى خىزمەتتە بولغاي، — دەپتۇ.

سىيىتباي پادىشانىڭ رازىلىغىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. مەلىكە غۇلاملارنى پادىشاغا لايىق تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن، شۇ كۈنى خىزمەتچى خادىملار پۇختا تەييارلىق قىپتۇ. ئەتىسى ئەسكەرلەر سەپ-سەپ بولۇپ كەپتۇ. ھەربىر ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلار ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلەنگەن جايغا ئورۇنلىشىپتۇ.

كۈن چۈش بولغاندا پادىشا ئازادە مېھرىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، بىر ئالى قەسرىگە چۈشۈپتۇ. ئۈچ كۈنگىچە شۇنداق كاتتا زىياپەتلەر بولۇپتۇكى، ھەممەيلەن ئاپىرىن دەپتۇ. توتىنچى كۈنى ئەسكەرلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئىسىل كىيىملەر تەقدىم قىلىنىپتۇ. كاتتىلارغا بىردىن ئات جابدۇپ قامچىسىمۇ قوشۇپ بېرىلىپتۇ. ئۇ كۈنى خاسلار بىلەن پادىشا قاپتۇ. يەنە ئاجايىپ ئالى زىياپەت باشلىنىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا سىيىتباي مەلىكىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن پادىشانى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشا ئىچكىرىگە كىرىپ كۆرۈپتۇكى، بۇ يەرگە سەۋرى ئابات كوچۇپ كەپتۇ. سىيىتباي پادىشانى يەنە بىر قەسرىگە باشلاپ كىرىپتۇ. قىزلار جۈپ-جۈپ بولۇپ نەغمە-ناۋا قىلىپ، ناز-كەرەشمە بىلەن ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇ. خەيرى ئاباتتا نىمە بولسا بۇ يەردىمۇ شۇ نەرسە تەق ئىكەن. پادىشا ئۆزىنى خەيرى ئاباتتا ئولتۇرغاندەك ھىس قىپتۇ، خۇشبۇي ھىدلاردىن مەس بوپتۇ. شۇ چاغدا ئىككى كېنىزەك كىرىپ پادىشاغا سالام بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەلىكە زىبا چېھرىمۇ ئول كۈنكى كىيىملىرى ۋە ھەركەتلىرى بىلەن كىرىپ، پادىشاغا ئۈچ قېتىم تازىم بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

پادىشا بىر كۆرۈپلا مەلىكە زىبا چېھرىنى تونۇپتۇ.

— ئى پادىشا، — دەپتۇ مەلىكە زىبا چېھرە، — كۆردۈڭمۇ، بىر پۇلغا ئەرزىمەس ئوتۇنچى پەقىرنىڭ مۇبارەك قەدىمى ۋە بەركىتىدىن شاھىنشاھقا ئوخشاش دۆلەتمەن بولدى.

پادىشا ھوشىدىن كېتىپتۇ، كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئۆز ماكانىغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇ بىر ھەپتە بىتاپ بولۇپ كىشىلەرگە كۆرۈنمەپتۇ، ئاخىر بىر كۈنى پادىشا ھەممىنى چاقىرىپ: "دىلىمغا ھەج قىلىش ئارزۇسى چۈشتى، سىلەر يارامىلىق بىر ئادەمنى مېنىڭ ئورنۇمغا ئولتۇرغۇزۇڭلار" — دەپتۇ. خالايىق پادىشانىڭ بۇ پىكرىگە ئۇنىماپتۇ. پادىشامۇ

ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، تەخت ـ تاجنى باشقا بىرسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاخىر خالايىق ئىلاجسىزلىقتىن:

— ئى پادىشاھى ئالەم، ئۆزىڭىز رازى بولۇپ بىرەيلەننى ئورنىڭىزغا قويۇڭ، — دەپتۇ. لېكىن پادىشا ئىختىيارنى خەلققە تاپشۇرۇپتۇ.

خالايىقنىڭ رايى سېيىتباينى قارار تېپىپتۇ. بۇنىڭغا پادىشامۇ قوشۇلۇپتۇ. خالا ـ يىقتىن رازىلىق ئالغان پادىشا سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئوردا خىزمىتىنى سېيىتبايغا تاپشۇرۇپ، شۇ ھەج قىلىش نىيىتىدىن يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەلقىسسە، ئەسكەرلەر ۋە شەھەر خەلقىنىڭ كاتتىلىرى بىر ئاق توگىنى ياساپ، پىيادە بولۇپ، سېيىتباينىڭ دولەتخانىسىغا كېلىپ، ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىپتۇ. سېيىتباي مەلىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خالايىقنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە:

— "بۇ كاتتىلارنىڭ ئارزۇسى بولسا شۇنداق بولسۇن" — دەپتۇ ۋە مۇبارەكلەپتۇ. خالايىق سېيىتباينىڭ بېشىغا پادىشالىق تاجىنى كەيدۈرۈپ، ئاق توگىگە مىندۈرۈپ، ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، غەزنىلەرنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ كورسىتىپتۇ. سېيىتباي ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل خاتىرجەم بولۇپ، خوشاللىققا چومۇپتۇ. مەلىكە بىلەن سېيىت ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ھايات كوچۇرۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**بۇلاق**
(ئومۇمى 10 - سان)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىغى: 18.75، قىستۇرما ۋارىغى: 1
1983 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·764
تىراژى: 1 — 10,300
باھاسى: 1.00 يۈەن

**源　泉**（总第10期）（维吾尔文）

维吾尔古典文学和民间文学丛刊

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787×1092毫米16开本18.75印张1插页

1983年4月第1版　1983年9月第1次印刷

印数：1——10,300

统一书号：M10098·764　　定价：1.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جەنۇبى شىنجاڭ كورۇنۇشلىرىدىن

www.uyghurkitap.com



书号：M10098·764
定价：　　　1.00元



جەنۇبى شىنجاڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن

www.uyghurkitap.com



书号：M10098・764
定价： 1.00元